بسم الله الرّحمٰن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٨

من سورة السبأ إلى سورة الجاسية

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىه، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئىشلىنىغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

8

سەبەئ سۈرىسىدىن جاسىيە سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئىشلەنگەن.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


**مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن**

محمد يوسف محمد تورسون



سەككىزىنچى توم | **المجلد الثامن**

بىرىنچى نەشرى | **الطبعة الأولى**

*2024م / 1446هـ*

*ISBN:978–625–00–1246–8*

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇررازاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

**بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.**

# مۇندەرىجە

سەبەئ سۈرىسى ........ 009

ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقى ۋە ئۇنى ئىنكار
قىلغۇچىلارغا رەددىيە ........ 009
داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ
قىسسىسى ........ 017
سەبەئ قىسسىسى ........ 022
مۇشرىكلارغا رەددىيە ........ 027
مۇشرىكلارنىڭ مەۋقەسى ........ 034
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي ........ 037
كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەزى ئەھۋالى ........ 042

فاتىر سۈرىسى ........ 053

جازا ۋە مۇكاپات پرىنسىپى ........ 057
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە قايتا تىرىلىشكە دالالەت
قىلىدىغان ئالامەتلەر ........ 064
ۋەز-نەسىھەت ۋە تەلىماتلار ........ 069
ئاللاھ تائالادىن ئەڭ قورقىدىغانلار ئالىملاردۇر ........ 075
«قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنگۈچىلەر ۋە ئىنكار قىلغۇچىلار ........ 079
مۇشرىكلارغا رەددىيە ........ 084
مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى ........ 087

ياسىين سۈرىسى ........ 093

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋقەسى ........ 094
شەھەر ئەھلىنىڭ قىسسىسى ........ 100

## 23-پارە

كاپىر قەۋمنىڭ ئاقىۋىتى ........ 107
ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىدىن بەزى ئۆرنەكلەر ........ 108
كاپىرلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى ........ 114
جەننەت ئەھلى ۋە دوزاخ ئەھلى ........ 120
ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرى ........ 124
قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
شائىر ئەمەسلىكى ........ 127
تىرىلىش دەلىللىرى ........ 131

ساففات سۈرىسى ........ 136

ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ
راستلىقى ........ 136
مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ........ 143
ئىخلاسمەنلەر جەننەتتە ........ 148
دوزاخ زالىملارنىڭ تۇرار جايىدۇر ........ 152
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 156
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 159
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربانلىق قىسسىسى ........ 165
مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى ........ 171
ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 173
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 175
يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 177
مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە مۇنازىرە ........ 180
ئىرادىنى كۈچەيتىش ........ 187

ساد سۈرىسى ........ 192

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 203
مۇكاپات ۋە جازانىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 209
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 212

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 217
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نەسلى ........ 221
دوزاخ ئەھلىنىڭ خۇسۇمەتلىرى ........ 225
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنىڭ دەلىللىرىدىن ........ 229
ئادەمنىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ........ 231

زۇمەر سۈرىسى ........ 237

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرەت كامالىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ........ 242
مۇئمىن بىلەن كاپىر ........ 245
تەقۋالىق، ئىخلاس ۋە گۇناھتىن قېچىش ........ 248
بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىتى ........ 254
ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە قەلبنىڭ ئېچىلىشى ........ 255
«قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار ........ 260

## 24-پارە

ئەڭ زالىم كىم ۋە ئەڭ راستچىل كىم؟ ........ 263
مۇشرىكلار بىلەن مۇنازىرە ........ 267
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى ........ 269
ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى ........ 276
گۈزەل ۋەز-نەسىھەت ........ 280
ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ ........ 285
خالايىقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ........ 290

غافىر سۈرىسى ........ 298

قۇرئان توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇچىلار ........ 298
قىيامەتنىڭ ئەھۋالى ........ 305
كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ........ 310
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ........ 315
مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغان ئادەمنىڭ قىسسىسى ........ 319

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىنى ئەسلىتىش ........................ 323
پىرئەۋننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشى ................ 324
مۇئمىن ئادەمنىڭ قەۋمىگە قىلغان نەسىھەتى ........................ 326
كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى ........................ 330
ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تارتىشىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى 336
ئاللاھنى قويۇپ، قانداقمۇ باشقىسىغا ئىبادەت قىلىمىز؟ ............ 344
جېدەلخورلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ................................................ 347
ئاللاھ تائالانىڭ بىر قىسىم ئىنئاملىرى ........................................ 353
ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تالاش-تارتىش
قىلغۇچىلارغا تەھدىت ........................................................... 355

فۇسسىلەت سۈرىسى ........................................................... 360

«قۇرئان كەرىم» ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى مەۋقەسى ...... 360
ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە خالىغانلىرىنى قىلغۇچىدۇر ........ 365
مۇشرىكلارنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدەك ھالاك بولۇشتىن
ئاگاھ-لاندۇرۇش ............................................................. 369
كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ........................ 375
كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى .................................................... 379
رەببىمىز ئاللاھ دەپ راۋۇرۇس تۇرغانلار ........................................ 382
دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى ........................ 386
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى ........................ 390
ئىمانسىزلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ................................................ 392
«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ................................ 395

25-پارە

قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ... 399
ئىنسان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ..................................................... 402
«قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر ............................ 406

شۇرا سۈرىسى ..................................................................... 411

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىدۇر ..... 412
ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى ..... 416
ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى ۋە غايىسى ..... 421
ئەمەل قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ..... 430
ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ ۋە قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى ..... 438
مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى، مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارنىڭ جازاسى ..... 445
ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا قايتىدۇ ..... 451
ۋەھيىنىڭ تۈرلىرى ..... 455

## زۇخرۇف سۈرىسى ..... 461

«قۇرئان كەرىم» ۋە قۇرەيشلەر ..... 461
ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بەزى نېمەتلىرى ..... 466
مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئەقىدىسىگە رەددىيە ..... 469
پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ..... 475
ئىرادىنى كۈچەيتىش ..... 482
مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسىدىن ئىبرەت ..... 486
بەزى تۆھمەتلەرگە رەددىيە ..... 490
قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ..... 495
ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى بالىسى يوق ..... 501

## دۇخان سۈرىسى ..... 507

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى ..... 507
پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار يوقمۇ؟ ..... 513
ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ..... 519
تەقۋادارلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ..... 524

## جاسىيە سۈرىسى ..... 528

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ..... 528
ھەربىر يالغانچى گۇناھكارنىڭ ھالىغا ۋاي! ..... 532
ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى ..... 535

ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ............... 538
كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى جازاسى ...................................... 544
ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر ................................ 551

# سەبەئ سۈرىسى

سەبەئ سۈرىسى 6-ئايىتى مەدىنىدە، قالغان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان، 54 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىسپاتلاش، مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ باتىل ئەقىدىلىرى ئۈستىدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋە بەزى ئىبرەتلىك قىسسىلەرنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىنسانلارنىڭ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ياكى ناشۈكۈرلۈك قىلىشىغا قاراپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بەزى ئۈرنەكلىرىنى كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 15-ئايىتى يەنى ﴿لَقَدۡ كَانَ لِسَبَإٖ فِي مَسۡكَنِهِمۡ ءَايَةٞۖ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٖ وَشِمَالٖۖ كُلُواْ مِن رِّزۡقِ رَبِّكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لَهُۥۚ بَلۡدَةٞ طَيِّبَةٞ وَرَبٌّ غَفُورٞ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿لِسَبَإٖ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «سەبەئ» يەمەندە ئۆتكەن بىر قەۋمنىڭ ئىسمىدۇر. سەبەئ قەۋمى يەمەندە ئاۋات شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا كۆپ ئىنئاملارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئىنئاملارغا شۈكۈر قىلمىغانلىقى، پەيغەمبەرگە قارشى چىققانلىقى ۋە كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتىنى «سەيلۇل ئەرىم» دەپ ئاتالغان مەشھۇر كەلكۈن ئاپىتى بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن.

### ◄ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 125- بەت.

ٱلْحَمْدُ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١﴾ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِى ٱلْأَرْضِ
وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا ۚ وَهُوَ ٱلرَّحِيمُ
ٱلْغَفُورُ ﴿٢﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَا تَأْتِينَا ٱلسَّاعَةُ ۖ قُلْ بَلَىٰ وَرَبِّى
لَتَأْتِيَنَّكُمْ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ ۖ لَا يَعْزُبُ عَنْهُ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَلَا فِى ٱلْأَرْضِ وَلَآ أَصْغَرُ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكْبَرُ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ
﴿٣﴾ لِّيَجْزِىَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ
وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴿٤﴾ وَٱلَّذِينَ سَعَوْ فِىٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ
عَذَابٌ مِّن رِّجْزٍ أَلِيمٌ ﴿٥﴾ وَيَرَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ
إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ هُوَ ٱلْحَقَّ وَيَهْدِىٓ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ ﴿٦﴾
وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ
كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِى خَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿٧﴾ أَفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَم بِهِۦ
جِنَّةٌۢ ۗ بَلِ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ فِى ٱلْعَذَابِ وَٱلضَّلَٰلِ ٱلْبَعِيدِ
﴿٨﴾ أَفَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَىٰ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ ۚ
إِن نَّشَأْ نَخْسِفْ بِهِمُ ٱلْأَرْضَ أَوْ نُسْقِطْ عَلَيْهِمْ كِسَفًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۚ
إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ ﴿٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاخىرەتتىمۇ ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

2ـ ئاللاھ زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

**3ـ(ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان) كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، غەيبنى بىلگۈچى رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە بولسۇن ۋە زەرردىنمۇ كىچىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق نەرسە بولسۇن، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر، روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنمىگەن ھېچنەرسە يوقتۇر».**

**4ـ(ھەممە نەرسىنىڭ مۇنداق خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.**

**5ـبىزنىڭ ئازابىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى گۇمان قىلىپ، ئايەتلىرىمىزگە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانلارغا ئەڭ يىرگىنىشلىك ۋە دەردلىك ئازاب بار.**

**6ـئىلىم بېرىلگەنلەر ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (قۇرئان) نىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇتلەق غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.**

**7ـكاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) «سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن يارىتىلىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟**

**8ـئۇ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدىمۇ؟ ياكى ئېلىشىپ قالدىمۇ؟» دەيدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك ئەمەس، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئازابقا ۋە چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا مەھكۇمدۇر.**

**9ـئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىنغا قاراپ باقمىدىمۇ؟ ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (تەۋبە قىلىپ) ئاللاھقا قايتقۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار.**

## ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»دە ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ بىلەن باشلانغان سۈرىلەر بەش سۈرە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان. ئۇلارنىڭ ئىككىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەنئام ۋە كەھف سۈرىلىرى، ئىككىسى كېيىنكى يېرىمىدىكى سەبەئ ۋە فاتىر سۈرىلىرى، يەنە بىرى

فاتىھە سۈرىسىدۇر. فاتىھە سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەنئام سۈرىسىدە: ﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ وَٱلنُّورَ﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇلۇقلارنى ۋە يورۇقلۇقنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر!﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش نېمىتىگە ئىشارەت قىلىنغان. كەھف سۈرىسىدە: ﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبْدِهِ ٱلْكِتَٰبَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُۥ عِوَجَا﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ بەندىسى (مۇھەممەد)كە ھەرقانداق ئەيىبتىن خالىي، ئەڭ توغرا كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدى﴾[2] دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىككىلا ئالەملىك بەختلىك ھاياتنىڭ دەستۇرى بولغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغانلىق نېمىتىگە ئىشارەت قىلىنغان. ئەمما بىز توختىلىۋاتقان بۇ سۈرىدە: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىپ ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىپ تۇرىدىغانلىق نېمىتىگە ئىشارەت قىلىنغان. فاتىر سۈرىسىنىڭ باشلىنىشىدا بولسا، ﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ جَاعِلِ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُو۟لِىٓ أَجْنِحَةٍ مَّثْنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَ﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. فاتىھە سۈرىسى بولسا يارىتىلىش ۋە تىرىلدۈرۈش ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىدۇر.

ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنىڭ سانچىلىك، نېمەتلىرىنىڭ ۋە پەزل-كەرەمىنىڭ ھېسابىچىلىك ھەمدۇساناغا، سانسىز مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا تامامەن ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارچە سۈپەتلىرى ۋە جىمى ئىشلىرى ئەڭ مۇكەممەلدۇر. ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتىمۇ ھەمدۇساناغا، ئەڭ گۈزەل مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا لايىقتۇر. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىنى ۋە رەھىم -شەپقىتىنى كۆرگەن چاغدا، ھەممە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ، ھەتتا دوزاخقا كىرگەنلەرمۇ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 1ـ ئايەت.
[2] كەھف سۈرىسى: 1ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىگە قايىل بولىدۇ، دوزاختا پەقەت ئۇزلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك كىرگەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلمىغانلىقىنى بىلگىنىدە ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭغىلا ئائىتتۇر. ئاخىر قايتىدىغان جاي يەنە ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

ئى ئىنسانلار! ھەممىڭلار چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى يارىتىش، ئىگىدار-چىلىق قىلىش ۋە ئىدارە قىلىش جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭدۇر، چۈنكى، ئۇ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ ھەممىگە نېمەت بەرگۈچى، ھەممىنى رىزىقلاندۇر-غۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى زاتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ مۇكەممەل ھەمدۇساناغا، ئەڭ ئېسىل مەدھىيە ۋە ماختاشلارغا تامامەن ھەقلىقتۇر. ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ تۇپراقنىڭ ئاستىدىكىلەرنىڭمۇ ھەممىسىنى بىلىدۇ، ھەتتا يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن ئۇرۇقنى ۋە سۇ، مەدەن، خەزىنە، كان قاتارلىقلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ، يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، زېمىندىن چىقىدىغان ئۆسۈملۈك، مېۋە، دەل-دەرەخ، مەدەن، قىممەتلىك تاش، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۈلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئېنىق بىلىدۇ. ئاسماندىن چۈشىدىغان پەرىشتە، بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چۈشىدىغان يامغۇر، قار، مۆلدۈر قاتارلىقلارنى ۋە تەبىئەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان شامال، بوران، چاقماق قاتارلىقلارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا، يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى، تەلەپ ۋە دۇئالارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان زات بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشتىكى كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرگۈچى، ئەمەل-ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى گەرچە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ھەممىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيتتى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى، ئەمەللەردىن ھېساب بېرىشنى، جەننەت ۋە دوزاخنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇلار: «قىيامەت بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىگە مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇغان: «ئى كاپىرلار! ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر

ئىنكار قىلغان قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، رەببىم ئاشكارا-يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئالەملەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاسمان ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىدىن ۋە كۆزىتىشىدىن تاشقىرى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر».

﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر، مەيلى زەررىدىنمۇ كىچىك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭ روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنمىگىنى يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلمىي مۆجىزىسىگە ئىشارەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى چاغلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بۇ «قۇرئان كەرىم» زەررىدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. 21-ئەسىرنىڭ تەبىئىي پەن ئالىملىرى زەررىدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئاللاھ تائالا: ﴿سَنُرِيهِمۡ ءَايَٰتِنَا فِي ٱلۡأٓفَاقِ وَفِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّۗ أَوَلَمۡ يَكۡفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾[1] دېگەن ۋەدىسىگە ئاسا-سەن، ھەر زامان ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەشكە كۇپايە قىلىپ قالماستىن، ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىنىمۇ بايان قىلىپ: ﴿ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر﴾ دېگەن ئايەتتىن كېيىن، ﴿(ھەممە نەرسىنىڭ مۇنداق خاتىرىلىنىشى) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن ئايەتنى كەلتۈرگەن. بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم سۈپىتىنى (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئىدراك قىلالايدىغان ۋە قىلالمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى) بايان قىلىشتىكى سىر ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ سانىغانلىقىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر. دېمەك، بۇ ئايەتلەر شۇنى

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53-ئايەت.

ئوچۇقلايدۇكى، ئاللاھ تائالا ئاشكارا ۋە مەخپىي ھەممە نەرسىنى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنى بارلىق تەپسىلاتى بىلەن تولۇق بىلىدىغان، ھەربىر ئىشنى ھېكمەت ۋە دانالىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان زاتتۇر. مۇنداق بىر زاتنىڭ ياخشىغا مۇكاپات، يامانغا جازا بەرمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئادالەتنى ياراتقان، ئۇنىڭغا بۇيرۇغان زاتتۇر. شەكسىزكى، ئادالەتنىڭ تەقەززاسى ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش، يامانلارنى جازالاشتۇر. ﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) قېتىرقىنىپ قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قۇتۇلۇپ قالالايدىغانلىقىنى خام خىيال قىلىپ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە دىنىمىزغا قارشى تۇرغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ئازابلارنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكىنى ۋە ئەڭ قاتتىقىنى تەييارلايمىز. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان رەببىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىققان، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتمايدىغانلىقىنى گۇمان قىلغان ئەخمەقلەردۇر. ئۇلار چوقۇم جازالىنىدۇ ۋە جازالانغاندىمۇ ئەڭ ئەلەملىك، ئەڭ دەردلىك ۋە ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەمدى، ئىلىم بېرىلگەن ۋە ياخشى سۆز قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇتلەق غالىب ۋە مەدھىيەگە لايىق ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلايدىغان ھىدايەت يېتەكچىسى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىدۇ. دېمەك، ھەقىقىي ئىلىم-مەرىپەتكە ئىگە بولغان ۋە ھەق دىننى تاپقان كىشىلەر ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھيىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايەت مەشئىلى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدۇ.

---

[1] نەجم سۈرىسى: 31-ئايەت.

كاپىرلار ھەق دىنىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، بىر-بىرىگە قارىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ: ﴿سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن يارىتىلىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟﴾ دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار يەنە ھەددىدىن ئېشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ﴿ئۇ ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدىمۇ؟ ياكى ئېلىشىپ قالدىمۇ؟﴾ دەيدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيە كېلىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ئى كاپىرلار! ئىش ھەرگىزمۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. سىلەر ناتوغرا گەپ قىلىۋاتىسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش مايىللىقى بولمىغان، دىلىڭلار كۇفرى-مەئسىيەتلىرىڭلار سەۋەبلىك قېتىپ كەتكەن قەۋمسىلەر. سىلەر كاپىرلىقىڭلار، بۇزۇق ئېتىقادىڭلار، يامان گۇمانىڭلار ۋە يامان قىلمىشلىرىڭلار سەۋەبلىك ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىسىلەر. سىلەر ئۆزۈڭلارنى قورشاپ تۇرغان ئاسمان ۋە زېمىندىكى سانسىزلىغان ئالامەتلەرنى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى كۆرمەيسىلەر. بەلكى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئوخشىغان كاپىرلارنى خالىسا خۇددى قارۇننى يەرگە يۇتقۇزغاندەك يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشكە، خالىسا پىرئەۋننى سۇدا غەرق قىلىۋەتكەندەك غەرق قىلىۋېتىشكە، خالىسا ئاد قەۋمىنى بوران-چاپقۇن بىلەن ھالاك قىلىۋەتكەندەك ھالاك قىلىۋېتىشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. شۇڭا غەپلەتتە يۈرىسىلەر، شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى يىراق سانايسىلەر.

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسىدە، ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگۈچى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار ۋە كۆپلىگەن ئىبرەتلەر بار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش تىل، دىل ۋە ئەمەل بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى توغرا يولغا، توغرا يوسۇندا

ئىشلىتىش ئەمەلدە شۈكۈر قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل-مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭ بەندىلىرىگە سەدىقە ۋە خەير-ئېھسانلارنى قىلىشمۇ ئەمەلدىكى شۈكۈرنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

2. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

3. بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ۋە دۇنيادا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلىپ ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نېمە يېزىلغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە دائىملىق مۆجىزىسىدۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققۇچىلار ھەرگىز جازاسىز قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەزىسىنىڭ جازاسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادا تېتىتسا، بەزىسىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە كېچىكىپ بولسىمۇ ھەق دىنىغا قايتقۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا رەھمىتىنى ھەم مەغپىرىتىنى بېغىشلايدۇ.

### ◄ داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ مِنَّا فَضْلًا ۖ يَٰجِبَالُ أَوِّبِى مَعَهُۥ وَٱلطَّيْرَ ۖ
وَأَلَنَّا لَهُ ٱلْحَدِيدَ ﴿١٠﴾ أَنِ ٱعْمَلْ سَٰبِغَٰتٍ وَقَدِّرْ فِى ٱلسَّرْدِ ۖ وَٱعْمَلُوا۟
صَٰلِحًا ۖ إِنِّى بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿١١﴾ وَلِسُلَيْمَٰنَ ٱلرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهْرٌ
وَرَوَاحُهَا شَهْرٌ ۖ وَأَسَلْنَا لَهُۥ عَيْنَ ٱلْقِطْرِ ۖ وَمِنَ ٱلْجِنِّ مَن يَعْمَلُ بَيْنَ
يَدَيْهِ بِإِذْنِ رَبِّهِۦ ۖ وَمَن يَزِغْ مِنْهُمْ عَنْ أَمْرِنَا نُذِقْهُ مِنْ عَذَابِ
ٱلسَّعِيرِ ﴿١٢﴾ يَعْمَلُونَ لَهُۥ مَا يَشَآءُ مِن مَّحَٰرِيبَ وَتَمَٰثِيلَ وَجِفَانٍ
كَٱلْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَّاسِيَٰتٍ ۚ ٱعْمَلُوٓا۟ ءَالَ دَاوُۥدَ شُكْرًا ۚ وَقَلِيلٌ مِّنْ
عِبَادِىَ ٱلشَّكُورُ ﴿١٣﴾ فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ ٱلْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَىٰ مَوْتِهِۦٓ

إِلَّا دَآبَّةُ ٱلْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُۥ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ٱلْغَيْبَ مَا لَبِثُوا۟ فِى ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ﴿١٤﴾

## تەرجىمىسى

10ـشەكسىزكى، بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن (پەيغەمبەرلىك، پادىشاھلىق ۋە ئىلىم قاتارلىق) ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى ئۇنىڭغا يۇمشىتىپ بەردۇق.

11ـبىز (ئۇنىڭغا) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى) ئۆلچەملىك قىلغىن، ھەممىڭلار ياخشى ئىش قىلىڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن» (دەپ ۋەھيى قىلدۇق).

12ـبىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، (ئۇ شامال نورمال مېڭىشتا) چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس بۇلىقىنى (سەلدەك) ئاققۇزۇپ بەردۇق، جىنلارنىڭ بىر قىسمى رەببىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز.

13ـجىنلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان بويىچە مەسجىدلەرنى، ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلىقىدىن) مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان قازانلارنى ياساپ بېرەتتى، (بىز): «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىڭلار، بەندىلىرىمدىن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچىلار ئازدۇر» (دېدۇق).

14ـسۇلەيماننى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلا خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلار (نىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ئىنسانلارغا) ئايان بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى.

## تەپسىرى

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە زاماندىش پادىشاھ جالۇت بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە رىقابەتلىشىش دەۋرىدە ياشىغان پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ جالۇتنى ئۆلتۈرۈپ

مەغلۇپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا پادىشاھلىق بىلەن ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇشتا مۇناسىۋەتلىك ھۈنەرلەردىن باشلاپ كۆپلىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەنە شۇنداق ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق يارىتىپ بەرگەن. ئۇنى قولىدىكى ماددىي ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەشكە ۋە ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرىنى مۇكەممەل قىلىپ چىقىرىشقا بۇيرۇغان. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر غەلىبىنىڭ ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت بىلەنلا قولغا كەلمەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇڭا كېيىنكى ئايەتتە، ئۇنىڭغا: ﴿ھەممىڭلار ياخشى ئىش قىلىڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن﴾ دېيىش ئارقىلىق داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى نەپسىنى پاكلايدىغان، روھنى يۇكسەلدۇردىغان ياخشى ئىشلارنى، ساۋابلىق ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى تەرەپنىمۇ قولدىن بەرمەسلىككە بۇيرۇغان. زاھىرىي ئەمەللەرنى (يەنى بەدەننىڭ ئەمەللىرىنى) ھەركىم كۆرگىنى بىلەن باتىنىي ئەمەللەرنى (يەنى قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى) ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرەلەيدۇ، ھەممىسىنى ئېنىق بىلىدۇ. «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى ، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ وَرَسُولِهِ ، وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أَوْ امْرَأَةٍ يَنْكِحُهَا فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ» يەنى «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان كىشىنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ، كىمكى مال-دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ»[1]. يەنى قانداقلا بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇپ دەرىجە قازىنىشى ياكى رەت قىلىنىشى شۇ ئەمەللەرنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە باغلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تاشقى كۆرۈنۈشىدىنمۇ مۇكەممەل، پاكىز، گۈزەل ۋە ساغلام تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا

---

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 6-بەت، 1- ھەدىس، «صحيح مسلم» 6 - توم 48 - بەت 1 - ھەدىس.

ئاتا قىلغان پەزىل-كەرەملىرىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، بىز سۇلەيمان ئۈچۈن شاماللارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شاماللارنى چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن، شۇنچىلىك سىلىقلىق بىلەن باسىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. يەنە سۇلەيمانغا ئېرىتىلگەن مىسنى بۇلىقىدىن سەلدەك ئاققۇزۇپ بەردۇق، يەنى ئۇنىڭغا مىس چىقىدىغان بىر بۇلاقنى ئاتا قىلدۇقكى، ئۇنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئوت قالاشقا ھاجەت بولماستىن ئۆزلۈكىدىن خۇددى سۇدەك ئېقىپ چىقىدىغان قىلىپ بەردۇق.

راستتىنلا مىسنىڭ بۇلاقتىن سۇدەك ئېقىپ چىقىشى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ياسىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئوڭايلىق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادى بۇ مۆجىزىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇراتتى.

«ئايەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانى ئۇرۇش زامانى بولۇپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام شۇڭا ساۋۇت ياساشقا بەكرەك ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانى تىنچلىق زامانى بولۇپ، دۈشمەنلىرى ئاللىبۇرۇن مەغلۇپ قىلىنغان، ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتكە چۈشەلەيدىغان بىرەر كۈچ قالمىغان ئىدى. شۇڭا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىسىنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھى ھەم پەيغەمبىرى ئىدى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام شاماللارغا ئەمر قىلىپ، شامالنىڭ سىلىق يۈرۈشىگە ئەگىشىپ بىرگە ماڭاتتى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جايلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاتتى. ئەمما پۇقرالار بىناكارلىق، سانائەت، ئىبادەتگاھلارنى ياساش ۋە ئېسىل قەسىرلەرنى بىنا قىلىش بىلەن بەند ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ مىسنى ئېرىتىپ بەرگەن ۋە جىنلارنىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا جىنلارنىڭ بىر قىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى. ئۇلار سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولۇپ، كاتتا سارايلارنى، ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، چوڭلۇقىدىن ھېچكىم مىدىرلىتالمايدىغان كاتتا قازانلارنى ياساپ چىقاتتى. ئۇلاردىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغۇچىلار دوزاخ ئوتىدا جازالىنىش بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلاتتى. شۇڭا ئۇلار تىنماستىن ئىشلەيتتى»[1].

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 131- بەت.

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە ئەنە شۇنداق كاتتا ئىنئاملارنى ئاتا قىلغانكى، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە پادىشاھلىرى قىلغاندىن تاشقىرى، شاماللارنى ۋە جىنلارنىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە سېلىپ بەرگەن. ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە ئاتا قىلغان بۇ كاتتا ۋە سانسىز ئىنئاملىرى بەدىلىگە ئۇلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە: ﴿ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىڭلار، بەندىلىرىمدىن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچىلار ئازدۇر﴾ دېگەن.

بەندىلەردىن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغانلارنىڭ ئازلىقى بىر رىئاللىقتۇر. ئىنسان شۇنداق يارىتىلغان مەخلۇق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى تەلەپ قىلىشنى ۋە كۆپرەككە ئىگە بولۇشنى بىلىدۇ-يۇ، شۈكۈر قىلىشنى ۋە قانائەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىدۇر.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھاسىسىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ، جىنلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتەتتى. جىنلارمۇ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، توختىماي ئىشلەيتتى. بىر كۈنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئەجەل يېتىپ، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ تايىنىپ ئولتۇرغان ھاسىسىغا يۆلىنىپ قالىدۇ. جىنلار بولسا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى ھايات، دەپ ئويلاپ ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كېيىنچە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ، ئۆزى يەرگە يىقىلغان چاغدىلا جىنلار ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارغا جىنلارنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا جىنلار: كاشكى، سۇلەيماننىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلگەنلىكىنى بىلگەن بولساق، بۇنچىلىك جاپالىق ۋە ئېغىر ئەمگەكتە بۇنداق ئۇزاق ۋاقىت تۇرمىغان بولاتتۇق، دېيىشىدۇ. دېمەك، جىنلار سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ ھاسا ئۆرۈلۈپ كەتكەندىلا بىلگەن.

بۇ قىسسىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت ۋە دەرسلەر بار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىككىسى پەيغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھلىق ئاتا قىلىنغان، باشقا كۆپلىگەن ئىمتىيازلارغا ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان پەيغەمبەرلەردۇر.

2. دىنىنى ۋە ۋەتەننى قوغداش يولىدا ئەڭ زامانىۋى قورال‌لار بىلەن قوراللىنىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتتۇر.

4. شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان ئەمەلدۇر.

## سەبەئ قىسسىسى

﴿لَقَدۡ كَانَ لِسَبَإٖ فِي مَسۡكَنِهِمۡ ءَايَةٞۖ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٖ وَشِمَالٖۖ
كُلُواْ مِن رِّزۡقِ رَبِّكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لَهُۥۚ بَلۡدَةٞ طَيِّبَةٞ وَرَبٌّ غَفُورٞ (١٥)
فَأَعۡرَضُواْ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ سَيۡلَ ٱلۡعَرِمِ وَبَدَّلۡنَٰهُم بِجَنَّتَيۡهِمۡ جَنَّتَيۡنِ
ذَوَاتَيۡ أُكُلٍ خَمۡطٖ وَأَثۡلٖ وَشَيۡءٖ مِّن سِدۡرٖ قَلِيلٖ (١٦) ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم
بِمَا كَفَرُواْۖ وَهَلۡ نُجَٰزِيٓ إِلَّا ٱلۡكَفُورَ (١٧) وَجَعَلۡنَا بَيۡنَهُمۡ وَبَيۡنَ
ٱلۡقُرَى ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَا قُرٗى ظَٰهِرَةٗ وَقَدَّرۡنَا فِيهَا ٱلسَّيۡرَۖ سِيرُواْ
فِيهَا لَيَالِيَ وَأَيَّامًا ءَامِنِينَ (١٨) فَقَالُواْ رَبَّنَا بَٰعِدۡ بَيۡنَ أَسۡفَارِنَا
وَظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَحَادِيثَ وَمَزَّقۡنَٰهُمۡ كُلَّ مُمَزَّقٍۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٖ (١٩) وَلَقَدۡ صَدَّقَ عَلَيۡهِمۡ إِبۡلِيسُ
ظَنَّهُۥ فَٱتَّبَعُوهُ إِلَّا فَرِيقٗا مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ (٢٠) وَمَا كَانَ لَهُۥ عَلَيۡهِم
مِّن سُلۡطَٰنٍ إِلَّا لِنَعۡلَمَ مَن يُؤۡمِنُ بِٱلۡأٓخِرَةِ مِمَّنۡ هُوَ مِنۡهَا فِي شَكّٖۗ
وَرَبُّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَفِيظٞ (٢١)﴾

## تەرجىمىسى

15ـ شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىدا ئۇلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار ئىدى، (ئۇ جاينىڭ) ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە (بىردىن) ئىككى باغ بار ئىدى. (ئۇلارغا): «رەببىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ شەھىرىڭلار تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى ساپ) ياخشى شەھەردۇر، رەببىڭلار ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى زاتتۇر» (دېگەن ئىدۇق).

16-(ئۇلار شۈكۈر قىلىشتىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا كۈچلۈك كەلكۈننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئىككى بېغىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئازـتولا سىدرىلىق (ياۋا چىلانلىق) ئىككى باغقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

17-ئۇلار تۇزكورلۇق قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز (مۇشۇنداق ئېغىر جازا بىلەن) پەقەت تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز.

18-ئۇلار (نىڭ يۇرتى) بىلەن بىز بەرىكەتلىك قىلغان شەھەرلەر ئارىسىدا، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلدۇق، ئۇلار ئارىسىدىكى قاتناشنى (ئۆتەڭلەر بىلەن) ئۆلچەملىك قىلدۇق، (ئۇلارغا): «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېچىلەردە ۋە كۈندۈزلەردە تىنچـئامان مېڭىڭلار!» (دېدۇق).

19-ئۇلار: «ئى رەببىمىز! سەپىرىمىز (دىكى ئۆتەڭلەر)نىڭ ئارىسىنى يىراق قىلىپ بەرگىن» دېدى (ۋە كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى كېيىنكىلەرگە) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تامامەن تىرى-پىرەن قىلىۋەتتۇق. شەكسىزكى، بۇنىڭدا (تائەتـئىبادەتتە) ناھايىتى چىداملىق، (ئاللاھقا) كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (مۇئمىن) بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

20-ئىبلىس ئۇلار (نى ئازدۇرۇش) ھەققىدىكى تەخمىنىنى ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم مۇئمىنلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگىشىپ كەتتى.

21-ھالبۇكى، ئىبلىسنىڭ ئۇلار ئۈستىدە ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقى يوق ئىدى. پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلارنى ئۇنىڭغا شەك كەلتۈر-گۈچىلەردىن ئايرىشىمىز ئۈچۈن (ئىبلىسقا ۋەسۋەسە قىلىش پۇرسىتىنى بەر-دۇق)، رەببىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

يەمەندىكى سەبەئ قەۋمىنىڭ تۇرغان جايلىرىدا، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ جايلاردىكى سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتەك چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

سەبەئ قەۋمى يەمەندە ئەتراپى مۇستەھكەم قورغانلار بىلەن ئورالغان

كاتتا بىر شەھەرنى بىنا قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېسىل قەسىرلەرنى ياسىغان بىر قەۋم ئىدى. شەھەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر باغ، سول تەرىپىدە بىر باغ، جەمئىي ئىككى باغ شەھەرنى ئەتراپىدىن قورشاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى ئېرىقچىلىققا مۇناسىپ جايلار بولۇپ، ھەر پەسىلدە يامغۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۆسۈملۈكلىرى ۋاقتىدا چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىنى توسۇپ چوڭ بىر سۇ ئامبىرى ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن چىرايلىق باغلارنى بىنا قىلغان ۋە ياپيېشىل زىرائەتلەرنى ئۆستۈرگەن ئىدى. سەبەئ قەۋمىنىڭ باغلىرىدا تۈرلۈك مېۋىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاشلىق-زىرائەتلىرىمۇ مول ئىدى.

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن شۇنداق كەڭتاشا ۋە باياشات تۇرمۇشتا ياشايتتى. شۇ پەيتتە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى كېلىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا، ئۇنىڭ بۇ كاتتا نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا چىرايلىقچە ۋەز-نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما سەبەئ قەۋمىنىڭ جاۋابى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە شۇنچىلىك باياشاتلىق تۇرمۇشنى ئاتا قىلغان، ئامانلىق بەرگەن، ئۆزلىرىنى تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن، ئېگىز ۋە ئېسىل قەسىرلەرگە ئىگە قىلغان رەببىگە ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش بۇرچى بار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا كۇفرىلىقنى، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇقنى تاللىدى، شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى لەززەتلىرىگە ئالدىنىپ مەغرۇرلىنىپ قالدى. پەيغەمبەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىتىشنى ۋە جاھان ئەھلىگە ئىبرەت قىلىشنى ئىرادە قىلدى. نەتىجىدە، ئۇلارغا ناھايىتى دەھشەتلىك بىر كەلكۈننى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئېگىز قەسىرلىرىنى، مۇستەھكەم قورغانلىرىنى ئۆرۈپ تاشلىدى، زىرائەتلىرىنى ۋە مېۋىلىك باغلىرىنى نابۇت قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ سەلنى توختىتىشقا ۋە سۇنى بىرەر ئامبارغا قاچىلىۋېلىشقا كۈچى يەتمىدى. ھەممىنى ۋەيران قىلىپ ئاققان سەل چۆلنىڭ قوينىغا كىرىپ سىڭىپلا كەتتى. ئارقىدا يىقىلغان قەسىرلەر بىلەن خارابىگە ئايلانغان قورغانلار، نابۇت بولغان زىرائەتلەر بىلەن قاقاسلىققا ئايلانغان باغلار قالدى.

ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان جايى دەشت - چۆلگە ئايلىنىپ قالدى. مېۋە بەرمەيدىغان ياكى بەرگەندىمۇ ياۋا چىلاندىن باشقىسىنى بەرمەيدىغان ئازلا دەرەختىن باشقا زىرائەت ۋە باغلاردىن ھېچبىر ئەسەر قالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ باياشاتلىق تۇرمۇشىنى قاتتىقچىلىققا، خۇشاللىقنى غەمكىنلىككە، يېشىللىقلىرىنى قاقاسلىققا ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. بۇلار سەبەئ قەۋمىنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنىڭ بايانىدۇر.

ئەمدى سەبەئ قەۋمىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇلار ئۇ جايلاردا ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، تەرەپ-تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. سەبەئ قەۋمىنىڭ باياشاتلىق تۇرمۇشتىن پېقىرلىققا، مۇقىملىقتىن سەرسانلىققا، ئامانلىقتىن خاتىرجەمسىزلىككە ئۆزگىرىپ قېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ناشۈكۈرلۈكى تۈپەيلىدىن بولغان ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر﴾[1] دېگەن ۋەدىسى بار.

ئۇلارنىڭ شەھەردىن شەھەرگە، ھەتتا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ شەھەرلىرىگىمۇ جاپا-تارتماستىن، خەۋپ-خەتەرسىز، بىمالال بېرىپ كېلىدىغان ئەھۋالى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە تۇزكورلۇقى سەۋەبىدىن بىردىنلا ئۆزگەردى. ئەسلىدە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سەپەرلىرىنى يېمەك-ئىچمەك ئېلىۋالمىسىمۇ بولىدىغان، ئەتىگەن چىققان يولۇچى چۈشتە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارسا، كەچتە يەنە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بارىدىغان، شۇنداق راھەتلىك قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار نېمەتكە شۈكۈر قىلماستىن، تۇزكورلۇق قىلدى ۋە سەپەردىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ئارىسىنى يىراق قىلىپ بېرىشىنى تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ئۇلارغا تېگىشلىك بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى كېيىن كېلىدىغان ئۈممەتلەر ۋە خەلقلەرگە ئىبرەت قىلىپ قالدۇردى. ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى تىرە-پىرەن قىلىۋەتتى. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي قەتادەنىڭ ئامىر شەئبىيدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «سەبەئ قەۋمىنىڭ يۇرت-ماكانلىرى ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ غەسسان قەبىلىسى شامغا، ئەنسار قەبىلىسى يەسرىبكە[2]،

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 7-ئايەت.

[2] يەسرىب-مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى نامىدۇر.

خۇزائە قەبىلىسى تىھامەگە، ئەزد قەبىلىسى ئومانغا كېتىپ مانا-كاندىشقان»[1].

بۇنىڭدا بالا-قازالار ۋە بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلغۇچى، سانسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان كەرەملىك رەببى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغۇچى ھەر بىر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر ۋە چوڭ دەرسلەر بار. دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەرنى مال-دۇنيانىڭ كۆپلۈكى ۋە راھەت-پاراغەتنىڭ زىيادىلىكى ئازدۇرۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنى مەغرۇرلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

نەتىجىدە، ئىبلىس ئۇلار توغرۇلۇق ﴿وَلَأُضِلَّنَّهُمْ﴾ يەنى ﴿شۈنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن﴾[2] دېگەن سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە ئۇلارنى ئازدۇرۇش ھەققىدىكى تەخمىنىنى راستقا چىقارغان بولدى. چۈنكى، بىر تۈركۈم مۆئمىنلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگىشىپ كەتتى. ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدىغان مۆئمىن بەندىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[3].

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا ياكى شەيتانلارغا ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن ئەمەس. شەيتانلارنىڭ مۇستەھكەم كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتىشكە كۈچى يەتمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىلا ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، شەيتانغا ئەگىشىش ياكى ئەگەشمەسلىك ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش. ئۇ ھىدايەت تاپسىمۇ ئۆز ئىختىيارى ۋە تاللىشى بىلەن ھىدايەت تاپىدۇ، ئېزىپ كەتسىمۇ ئۆز ئىختىيارى ۋە تاللىشى بىلەن ئېزىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ بارلىق قىلمىشلىرىدىن ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ. ئەگەر ئىنساندا يول تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ئەقىل بولمىسا ئىدى، ئۇ ھەرگىزمۇ قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار بولمايتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا ياكى جازاسىغىمۇ تېگىشلىك بولمىغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ شەيتانلارنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا يارىتىپ قويغانـ-

[1] «تفسير الطبري» 20-توم، 390-بەت.
[2] نىسا سۈرىسى: 119-ئايەت.
[3] ھىجر سۈرىسى: 42-ئايەت.

لىقىدىكى ھېكمەتنىڭ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن ئىكەنلىكى بۇ ئايەتتىن ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بەزى ئىنسانلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىنى شەيتانغا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلماقچى بولۇشىنىڭ يولىنى تاقايدۇ. چۈنكى، ئايەتتە بەزى ئادەملەرنىڭ «مەن ئەمدى نېمە قىلاي؟ شەيتان مېنى ئازدۇرۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟» دەيدىغان سۆزىگە رەددىيە بار. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، بىز شەيتانلارنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈمران قىلىپ قويمىدۇق، شەيتانلارنىڭ قولىدىن سىلەرنى يامان ئىشلارغا ۋە ئازغۇنلۇق يولىغا قىزىقتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. ئەمما يول تاللاش، خالىغان ئىشنى قىلىش سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلار ۋە تاللىشىڭلار بىلەن بولىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر شەيتاننى ئەمەس، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلىشىڭلار لازىم. رەببىڭلار ھەممىنى تولۇق كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بارچە ياخشىلىق ۋە مەڭگۈلۈك ئامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىش بىلەن بولىدۇ. ھەق دىنىدىن يۈز ئۆرۈش بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

2. نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش نېمەتتىن مەھرۇم قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

3. ھەسەت خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرگەندەك ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ساۋابلىق ئەمەللىرىنى يەپ تۈگىتىدىغان ۋە ئىگىسىگە ھەسرەتتىن باشقىسىنى كەلتۈرمەيدىغان يامان ئىللەتتۇر.

4. ئىبلىس ئىنسانلار ھەققىدىكى تەخمىنىنى راستتىنلا توغرىغا چىقارغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئېزىپ كېتىدۇ.

5. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارغا رەددىيە

﴿قُلِ ٱدْعُوا۟ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَمْلِكُونَ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ

فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا لَهُمۡ فِيهِمَا مِن شِرۡكٖ وَمَا لَهُۥ مِنۡهُم
مِّن ظَهِيرٖ ٢٢ وَلَا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ عِندَهُۥٓ إِلَّا لِمَنۡ أَذِنَ لَهُۥۚ حَتَّىٰٓ إِذَا
فُزِّعَ عَن قُلُوبِهِمۡ قَالُواْ مَاذَا قَالَ رَبُّكُمۡۖ قَالُواْ ٱلۡحَقَّۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ
ٱلۡكَبِيرُ ٢٣ ۞ قُلۡ مَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قُلِ ٱللَّهُۖ
وَإِنَّآ أَوۡ إِيَّاكُمۡ لَعَلَىٰ هُدًى أَوۡ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ٢٤ قُل لَّا تُسۡـَٔلُونَ
عَمَّآ أَجۡرَمۡنَا وَلَا نُسۡـَٔلُ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ٢٥ قُلۡ يَجۡمَعُ بَيۡنَنَا رَبُّنَا ثُمَّ
يَفۡتَحُ بَيۡنَنَا بِٱلۡحَقِّ وَهُوَ ٱلۡفَتَّاحُ ٱلۡعَلِيمُ ٢٦ قُلۡ أَرُونِيَ ٱلَّذِينَ أَلۡحَقۡتُم
بِهِۦ شُرَكَآءَۖ كَلَّاۚ بَلۡ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٢٧ وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا
كَآفَّةٗ لِّلنَّاسِ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗا وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٢٨
وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٢٩ قُل لَّكُم مِّيعَادُ
يَوۡمٖ لَّا تَسۡتَـٔۡخِرُونَ عَنۡهُ سَاعَةٗ وَلَا تَسۡتَقۡدِمُونَ ٣٠

### تەرجىمىسى

22-(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، بۇ ئىككىسى (نىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىدارە قىلىنىشى) دا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلاردىن ھېچبىرى ئاللاھقا ياردەمچىمۇ ئەمەس».

23-ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەنلەردىن باشقا ھېچكىمگە شاپائەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار (بىر-بىرىگە): «رەببىڭلار نېمە دېدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ھەقنى (دېدى)» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ (ھەممىدىن) ئۈستۈندۇر ۋە (ھەممىدىن) كاتتىدۇر.

24-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان كىم؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھتۇر! شەكسىزكى، بىز ياكى سىلەر (يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى) چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدە، يەنە بىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر».

25-ئېيتقىنكى، «بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىزدىن سىلەر سورالمايسىلەر، تار-

تىلمايسىلەر، بىزمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن سوراققا تارتىلمايمىز».

26ـ ئېيتقىنكى، «رەببىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) بىر ئارىغا توپلايدۇ، ئاندىن ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

27ـ ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئۇنىڭغا قوشۇۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەمەلىيەت ھەرگىز سىلەر دېگەندەك ئەمەس، بەلكى ئۇ غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

28ـ سېنى بىز پەقەت پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئا-گاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

29ـ ئۇلار: «ئەگەر سىلەر (گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ.

30ـ ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان بىر كۈن باركى، سىلەر ئۇنىڭدىن بىردەممۇ كېچىكىپ قالالمايسىلەر ۋە بىردەممۇ ئىلگىرى كېتەلمەيسىلەر».

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ شۇنداق بۇيرۇغانكى، ئى پەيغەمبەر! بۇ ئازغۇن مۇشرىكلارغا مۇنداق دېگىن: سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان، ھەتتا ئىلاھلىرىمىز دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلىرىڭلارنى بىر چاقىرىپ بېقىڭلارچۇ! خۇددى بېشىڭلارغا ئېغىر كۈلپەتلەر كەلگەندە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغاندەك ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ھاجەتلىرىڭلارنى سوراپ بېقىڭلارچۇ! ئۇلار تىلىكىڭلارنى ئىجابەت قىلالامدىكەن ياكى سىلەرگە جاۋاب بېرەلەمدىكەن، بۇنى كۆتۈپ بېقىڭلار. ئى مۇشرىكلار! سىلەر شۇ ھەقىقەتنى بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ئىلاھ دەۋالغان بۇ نەرسىلەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئۇ نەرسىلەر ئاسمانلاردا ياكى زېمىندا قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس، ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ، شۇنداقلا كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدا، پەرۋىش قىلىنىشىدا، ئىدارە قىلىنىشىدا ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق شېرىكچىلىكى يوقتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ. ﴿مَّآ أَشۡهَدتُّهُمۡ خَلۡقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَا خَلۡقَ أَنفُسِهِمۡ وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ ٱلۡمُضِلِّينَ عَضُدٗا﴾ يەنى ﴿مەن ئۇلارنى (يەنى ئىبلىس ۋە ئەۋلادلىرىنى) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئۆز-لىرىنىڭ يارىتىلىشىغىمۇ ھازىر قىلغىنىم يوق. مەن ئاشۇ ئازدۇرغۇچىلارنى

ئەزەلدىن ياردەمچى قىلىپ تۇتقىنىمىز يوق﴾[1].

مۇشرىكلار بۇتلارغا چوقۇنۇشتا قىيامەت كۈنى ئۇلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادىغا ئەجەللىك رەددىيە بېرىپ: ﴿ئاللاھنىڭ هۇزۇرىدا ئاللاھ ئۆزى رۇخسەت بەرگەنلەردىن باشقا ھېچكىمگە شاپائەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ﴾ دەپ جاكارلايدۇ. يەنى شاپائەت قىلغۇچى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر شاپائەتچىگە كاپىرلارغا شاپائەت قىلىش ھەققىنى بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەردىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ تاللانغان بەندىلىرىدىن باشقىلاردا شاپائەت قىلىش ھەققى بولمايدۇ. ئى مۇشرىكلار! ئەھۋال شۇنداق ئىكەن تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ يا بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارغا، ھەيكەللەرگە ۋە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇ نەرسىلەر بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر؟ ئۇ نەرسىلەر سىلەرگە قانداقمۇ شاپائەت قىلالايدۇ؟!

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقىسى ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىپ قاتتىق قورقۇنچقا چۈشىدۇ، ھەتتا ئېغىزىغا سۆزمۇ كەلمەي قالىدۇ. ﴿رَّبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا ٱلرَّحۡمَٰنِۖ لَا يَمۡلِكُونَ مِنۡهُ خِطَابًا ۝٣٧ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلرُّوحُ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ صَفًّاۖ لَّا يَتَكَلَّمُونَ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَقَالَ صَوَابًا﴾ يەنى ﴿ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. ئۇ رەھماندۇر. (ئۇ كۈندە) ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. جىبرىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە، رەھمان ئاللاھنىڭ ئىجازىتىگە ئېرىشكەن، توغرا (ۋە ھەق) سۆزلىگەنلەردىن باشقا ھېچكىم (بىراۋغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن) گەپ قىلالمايدۇ﴾[2].

ھەممە قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە كۈتۈپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن قورقۇنچ بىرئاز كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەت ھەققىدە نېمە دېگەنلىكىنى بىلىشكە ئالدىرايدۇ ۋە بىر-بىرىدىن سورىشىدۇ. ئاندىن ﴿ئاللاھ ھەق سۆزنى ئېيتتى﴾ دېگەن

[1] كەھف سۈرىسى: 51-ئايەت.
[2] نەبەئ سۈرىسى: 37-38-ئايەتلەر.

جاۋابنى ئاڭلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە مۆئمىنلەر ئۈچۈن شاپائەت قىلىش رۇخسىتىنى بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىدۇ. شەكسىزكى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ۋە يېگانە پادىشاھى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچقانداق پەرىشتە ياكى پەيغەمبەر سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. پەقەت ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رۇخستى بىلەنلا سۆز قىلىدۇ. شاپائەت قىلغۇچىلارمۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رۇخستى بىلەنلا شاپائەت قىلالايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، قىيامەت كۈنى سىلەر بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزدىن ۋە گۇناھلىرىمىزدىن جاۋابكار ئەمەسسىلەر، بىزمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەسمىز. ئاللاھ تائالا سىلەر «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن ھېچبىرىنى ئۆزىگە ياردەمچى تۇتقىنى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ھاجىتى يوق ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭ بۇتلاردىن، ھەيكەللەر-دىن ياسىۋالغان ساختا ئىلاھلىرىنىڭ باتىللىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە قونغان چىۋىننى ئۈركۈتۈشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق جاكارلايدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلاردىن ﴿ئاسمان ۋە زېمىندىن سىلەرگە رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان كىم؟﴾ دەپ سوراشقا، ئاندىن يەنە ئۆزى ﴿ئاللاھتۇر﴾ دەپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، مۇنداق جاۋاب ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان، ئەقلى ساغلام ۋە قەلبى ساپ ئادەمدە ھەر زامان تەيياردۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، شېرىكى يوقلۇقىغا ئىمان ئېيتمايتتى، شۇڭا بۇتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋالاتتى. ﴿قُلۡ مَنۡ قُلۡ مَن يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ أَمَّن يَمۡلِكُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَمَن يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَيُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ (كائىناتنىڭ) ئىشىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (جاۋاب بېرىپ): «ئاللاھ»

دەيدۇ﴾[1]. ئەگەر ئۇلارنىڭ قەلبىنى پەردىلىۋالغان بۇزۇق ئەقىدە تازىلىنىپلا كەتسە، ئۇلاردىن كۇفرىنىڭ ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ كىيىمى سالدۇرۇلسىلا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ﴿ئاللاھ بىردۇر﴾ دېگەن ئىمان ئېتىلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەق دىننى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتتە بىلەن ياراتقان.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ يالغانچىلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇشرىكلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ئۈندىگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿شەكسىزكى، بىز ياكى سىلەر (يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى) چوقۇم ھىدايەت ئۈستىدە، يەنە بىرى ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر﴾.

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: قىيامەت كۈنى سىلەر بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزدىن ۋە گۇناھلىرىمىزدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر، بىزمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايمىز. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھەممىمىزنى ھېساب مەيدانىغا توپلايدۇ ۋە ئارىمىزدا ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئادالەتلىك زاتتۇركى، ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنىمۇ تولۇق بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىكتۇر. چۈنكى، سىلەر بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى چۈشەنمەيۋاتىسىلەر. سىلەر ئاللاھ تائالاغا قوشۇۋالغان شۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ! قېنى ئۇلار؟ ئۇلار نېمە قىلالايدۇ؟

بۇ مۇشرىكلارنى تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە چاقىرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل تېپىپ، ھىدايەت يولىغا كىرىپ قېلىشى كۈتۈلگەن ئىدى.

ئى مۇشرىكلار! ئىش ھەرگىزمۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىدۇ ۋە ھەممىگە ئۆزى يېتەرلىكتۇر، ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئۇ شۇنداق يېگانە قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن،

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 31-ئايەت.

دانالىق بىلەن قىلىدۇ، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغان شېرىكلەردىن ئۇ ئەلۋەتتە پاكتۇر.

ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ئىنسانلارنى كۇفرى، شېرىك ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسۇپ، ئىسلامغا ۋە ياخشى ئىشلارغا چاقىرىشىڭ ئۈچۈن، بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بىزدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سېنىڭ ۋەزىپەڭ ھەقىقەتنى ئوچۇق -ئاشكارا بايان قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا ئىنسانلار ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ. ﴿وَقُلِ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَن شَآءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَآءَ فَلْيَكْفُرْ ۚ إِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلظَّـٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا ۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) «ئېيتقىنكى، بۇ (دىن) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر. شۇڭا خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» چۈنكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى (دوزاخنى) تەييارلىدۇق﴾[1]. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

كاپىرلار مۆئمىنلەردىن: سىلەر دەۋاتقان قىيامەت قاچان كېلىدۇ؟ ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىزگە ئېيتىپ بەرمەمسىلەر؟ دەپ سورايدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ۋە سىلەر ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان بىر كۈن بار. ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇ كۈن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا كېلىدۇ، ئۇ كەلگەن چاغدا سىلەر بىردەممۇ كېچىكىپ قالالمايسىلەر ۋە بىردەممۇ ئىلگىرى كېتەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى بىلىش ۋە ئۇنى قانداق رەۋىشتە كەلتۈرۈش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى كېلىشتىن ئىلگىرى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلاردىن، ئاتالمىش ئەۋلىيالاردىن ۋە ھەرقانداق بىر ساختا ئىلاھتىن ياردەم ۋە مەدەت تىلىگەن ئادەم ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مۇنداق ئادەم بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يالغۇز ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە قارشى

[1] كەھف سۈرىسى: 29-ئايەت.

قىلمىش سادىر قىلغان بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا شاپائەت قىلىش ھەققىگە ئىگە بولىدىغانلار ئاللاھ تائالا ئەمەللىرىدىن رازى بولغان ۋە شاپائەت قىلىش ھەققىنى بەرگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان مۆئمىنلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى بېرىپ تۇرۇۋاتقان يېگانە زاتتۇر، ئاللاھ تائالادىن باشقا رىزىق بەرگۈچى يوقتۇر.

4. دۇنيادا ئىككىلا پىرقە بار بولۇپ، بىرى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن پىرقە، يەنە بىرى، شەيتانلارغا ئەگەشكەن پىرقە. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر ھىدايەت ئۈستىدە، شەيتانلارغا ئەگەشكەنلەر ئازغۇنلۇقتىدۇر.

5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ مەۋقەسى

﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ بِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَلَا بِٱلَّذِي بَيۡنَ
يَدَيۡهِۗ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ مَوۡقُوفُونَ عِندَ رَبِّهِمۡ يَرۡجِعُ بَعۡضُهُمۡ
إِلَىٰ بَعۡضٍ ٱلۡقَوۡلَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لَوۡلَآ
أَنتُمۡ لَكُنَّا مُؤۡمِنِينَ ٣١ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُوٓاْ
أَنَحۡنُ صَدَدۡنَٰكُمۡ عَنِ ٱلۡهُدَىٰ بَعۡدَ إِذۡ جَآءَكُمۖ بَلۡ كُنتُم مُّجۡرِمِينَ
٣٢ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتُضۡعِفُواْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُواْ بَلۡ مَكۡرُ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ
إِذۡ تَأۡمُرُونَنَآ أَن نَّكۡفُرَ بِٱللَّهِ وَنَجۡعَلَ لَهُۥٓ أَندَادٗاۚ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّدَامَةَ
لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۚ وَجَعَلۡنَا ٱلۡأَغۡلَٰلَ فِيٓ أَعۡنَاقِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۖ هَلۡ
يُجۡزَوۡنَ إِلَّا مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٣٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

31-كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغىمۇ قەتئىي

ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. سەن زالىملارنىڭ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدىكى، بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقان ھالىنى بىر كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ.

32ـ چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ بەلكى سىلەر گۇناھكار ئادەملەر ئىدىڭلار» دەيدۇ.

33ـ بوزەك قىلىنغانلار ھاكاۋۇر يولباشچىلارغا: «ياق! (سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن) كېچە-كۈندۈز ھىيلە-مىكىر قىلىش ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىڭلار» دەيدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ھەسرەت-نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭلا جازاسى بېرىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

«ئۆز ۋاقتىدا مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى سۈپەتلىرى ھەققىدە سورىغاندا، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۇلارغا: «ھەئە، بىزنىڭ ‹تەۋرات› ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ئىلاھىي كىتابلىرىمىزدا ئۇنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ مۇشرىكلار بىز بۇ قۇرئانغىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋىي كىتابلارغىمۇ ئىشەنمەيمىز، دېگەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى پەيغەمبەر ۋە ۋەھيى دېگەنلەر توغرىسىدا يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغانلىرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇلاردىن ئاڭلىغان ھەق سۆزلەر بۇ مۇشرىكلارنىڭ پايدىسىغا كەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى دەرھال ئىنكار قىلغان، شۇ قاتاردا «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دىن ئىبارەت مۇقەددەس كىتابلارنىمۇ ئىنكار قىلغان. مانا بۇلار مۇشرىكلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالى، خالاس»[1].

ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا مۇھەممەد

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 140- بەت.

ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ زالىملارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدا توختىتىلىپ قويۇلغان ۋە بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتقان ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇ كۈندە بوزەك قىلىنغان ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ھاكاۋۇر ئازغۇن يولباشچىلار ئوتتۇرىسىدا، گۇناھلىرىنى بىر-بىرىگە دۆڭگەش، بىر-بىرىنى ئەيىبلەش ۋە بىر-بىرىدىن ۋاز كېچىش قاتارلىق جېدەللەر يۈز بېرىدۇ.

بۇ دۇنيادا كاتتىباشلىرى ۋە ئازغۇن يولباشچىلىرى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان ھەم ئازدۇرۇلغانلار ئۆزلىرىنىڭ بارچە گۇناھلىرىنى ئۆزلىرىگە دۇنيادا چوڭچىلىق قىلغان يولباشچىلىرىغا دۆڭگەپ قويۇپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ ۋە ئۇلارغا: ﴿ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق﴾، يەنى بىزنىڭ كاپىر بولۇشىمىزغا سىلەر سەۋەبچى بولغان ئىدىڭلار، دەيدۇ. ھاكاۋۇر يولباشچىلار بوزەك قىلىنغان ئەگەشكۈچىلەرگە رەددىيە بېرىپ: ﴿سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ بەلكى سىلەر گۇناھكار ئادەملەر ئىدىڭلار﴾ يەنى سىلەرگە كەلگەن ھىدايەتنى سىلەردىن بىز توسۇۋالدۇقمۇ؟ سىلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن بىز توستۇقمۇ؟ ياق! بەلكى ئۆزۈڭلار گۇناھكار ئادەملەر ئىدىڭلار، شۇڭا سىلەر ھىدايەتنى خالىمىدىڭلار، ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئارتۇق كۆردۈڭلار، سىلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىڭلارغا بىز سەۋەبچى ئەمەسمىز، دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ. ئاندىن بوزەك قىلىنغان ئەگەشكۈچىلەر ھاكاۋۇر يولباشچىلارغا يەنە: ﴿ياق! (سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن) كېچە-كۈندۈز ھىيلە-مىكىر قىلىش ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىڭلار﴾ ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېچ قايسى تەرەپ ئۆزىنى ئاقلىيالمايدۇ ۋە ھەممىسى دوزاخقا ھەيدىلىدۇ.

ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئەگەشكۈچىلەر بىلەن يولباشچىلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ، ئۇلار ئىچ-ئىچىدىن پۇشايمان قىلىدۇ. ئازغۇن يولباشچىلار ھەسرەت-نادامەتلىرىنى ئەگەشكۈچىلەردىن يوشۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك بېرىلگەن ئادالەتلىك جازادۇر. ئۇلار پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنىلا تارتىدۇ، قىلمىغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى چەكمەيدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ھەقىقەتنى خالىمايدىغانلارغا قانچىلىك كۆپ دەلىللەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن يەنىلا باش تارتىدۇ. بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»گە قارشى چىقىپلا قالماي، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لارنىمۇ ئىنكار قىلغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋالدۇر. چۈنكى، ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

**2.** بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرگەن ئازغۇن يولباشچىلار قىيامەت كۈنىدە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مالامەتلىرىگە ۋە لەنەتلىرىگە ئۇچرايدۇ.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم
بِهِۦ كَٰفِرُونَ ٣٤ وَقَالُواْ نَحۡنُ أَكۡثَرُ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا وَمَا نَحۡنُ
بِمُعَذَّبِينَ ٣٥ قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُ وَلَٰكِنَّ
أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٣٦ وَمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُم بِٱلَّتِي
تُقَرِّبُكُمۡ عِندَنَا زُلۡفَىٰٓ إِلَّا مَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ
جَزَآءُ ٱلضِّعۡفِ بِمَا عَمِلُواْ وَهُمۡ فِي ٱلۡغُرُفَٰتِ ءَامِنُونَ ٣٧ وَٱلَّذِينَ
يَسۡعَوۡنَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مُعَٰجِزِينَ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡعَذَابِ مُحۡضَرُونَ ٣٨ قُلۡ
إِنَّ رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ وَيَقۡدِرُ لَهُۥۚ وَمَآ
أَنفَقۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَهُوَ يُخۡلِفُهُۥۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ٣٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**34**ـقانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتىسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى قەتئىي ئىنكار قىلىمىز» دېدى.

**35**ـئۇلار يەنە: «بىزنىڭ پۇل-مېلىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابقا

ئۇچرىمايمىز» دېدى.

36-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شەكسىزكى، رەببىم خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ».

37-سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە سىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىڭلار ياكى بالىلىرىڭلار ئەمەس، لېكىن كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئەنە شۇلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتتىكى) ئېسىل سارايلاردا خاتىرجەم ھالدا تۇرىدۇ.

38-بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئازابىمىزدىن قېچىپ قوتۇلۇشنى گۇمان قىلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئازابقا ھازىر قىلىنىدىغانلاردۇر.

39-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «شۈبھىسىزكى، رەببىم بەندىلىرى ئىچىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، سىلەر (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى بەرسەڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر».

### ◄ تەپسىرى

«ئى پەيغەمبەر! پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلار پەقەت سېنىڭ قەۋمىڭلا ئەمەس، بەلكى سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر شەھەرگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ ئىشرەتخور ۋە دۆلەتمەن ئادەملىرى مەغرۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلاتتى، ھەتتا ئۇلارغا: ‹بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايمىز، بىز سىلەرنى ئىنكار قىلىمىز› دەپ، ئوچۇق-ئاشكارا قارشى چىقاتتى»[1]. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىك دېگەن پۇل-مېلى ۋە بالىلىرى كۆپ، شۆھرەتلىك ئادەملەرگە كېلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇلار ئارىلىرىدا گۈزەل ئەخلاقتا ۋە ئېسىل پەزىلەتتە ئالاھىدە تونۇلغان بولسىمۇ، يا بايلىقتا ياكى ئابرۇي-شۆھرەتتە ۋەياكى مەنسەپتە بولمىغان كىشىلەرگە پەيغەمبەرلىك كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايتتى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇشنى قەتئىي خالىمايتتى.

مەككە مۇشرىكلىرىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 142- بەت.

قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ: ﴿وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەردىكى كاتتىلاردىن بىرىگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾[1] دېگەن ئىدى.

«ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەلۇم دەرىجىدە مەرتىۋىسى بارلىقىدىن كەلگەن دەپ ئويلاپ قېلىپ، كەمبەغەللەرنىڭ، بايلىقتا ياكى شۆھرەتتە ئورنى بولمىغانلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، دەپ قارايتتى»[2]. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيادا جاپاغا، ئاخىرەتتە ئازابقا ئۇچرىمايدىغان كىشىلەر، دەپ سانايتتى. ئۇلارنىڭ ﴿بىز ئازابقا ئۇچرىمايمىز﴾ دېگەن سۆزى مۇنداق ئىككى ئېھتىمالنىڭ بىرىنى ئىپادىلەيدۇ: يا ئاخىرەت دەيدىغان ئالەم يوق ياكى بولغان تەقدىردىمۇ بىز ئالاھىدە ئادەملەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن جازالانمايمىز. چۈنكى، بىزگە بېرىلگەن مال-دۇنيا بىزنىڭ مەرتىۋىمىزنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بېرىلگەن.

ئۇلارنىڭ ئەقلى شۇنچىلىكتۇر. ئۇلار بىلمەيدۇكى، ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بېرىشنى پەقەت ئۇلارغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ئىنكار قىلىۋاتقان كاپىرلارنىمۇ رىزىقتىن مەھرۇم قىلمايدۇ. مال-دۇنيانى كىشىلەرنىڭ ئىمانى، تەقۋالىقى ۋە ياخشىلىقىغا قاراپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۆزى بىلىدىغان مەلۇم ھېكمەتكە ئاساسەن بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مال-دۇنيانى ئۆزى خالىغان ئادەمگە زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ رىزقىنى مول قىلىدۇ، يەنە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاز بېرىدۇ. چۈنكى، رىزىقنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى مۇكاپات ياكى جازا ئەمەس، بەلكى ئۇ سىناق ۋە ئىمتىھاندۇر. ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتى، يامانلارنىڭ جازاسى ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ. پۇل-مال ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان بايلىقنى نەگە ۋە قانداق ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا بىر قىسىم گۇناھكارلارنى، زالىملارنى تەدرىجىي ھالدا تېخىمۇ كۆپ گۇناھقا پاتقۇزۇپ، ئاخىرىدا ئىبرەتلىك جازالاش ئۈچۈن، ئۇلارغا مال-دۇنيانى كۆپ بېرىدۇ. بەزى ياخشى، تەقۋادار مۇئمىن كىشىلەرنى قىيىنچىلىقلار بىلەن سىناش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 31 - ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 143- بەت.

مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش، ساۋابىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ رىزقىنى تار قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى، بۇنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. نۇرغۇنلىرى كەمبەغەللىكنى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقنى نۇقسانلىق، بايلىقنى ۋە ماددىي جەھەتتىكى كۈچ-قۇۋۋەتنىلا مۇكەممەللىك دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچىدۇر.

ئاللاھ تائالا يەنە دەيدۇكى، باي بولۇش ياكى كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش كىشىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. ئەمما مال-دۇنيانى جايىدا ئىشلىتەلەيدىغان، پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە تەربىيەلەپ چىققان مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم مال-دۇنيانى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان يوللارغا ئىشلىتىش، پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ئىمانلىق ۋە ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن، مۇ-سۇلمانلارغا پايدىلىق ئىلىم ساھەلىرىدە ئوقۇتۇش، ئىسلام تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلەش ۋە يارامىلىق، ياخشى ئادەم قىلىپ جەمئىيەتكە قوشۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولالايدۇ. بۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ كۆپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ياخشىلىقى ئۈچۈن، ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردىكى ئېسىل قەسىرلەردە، غەم-قايغۇدىن ۋە ھەرقانداق بىر قورقۇنچتىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغان ھالدا مەڭگۈ بەختلىك ياشايدۇ.

ئەمدى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ قەلبلەرگە بېرىۋاتقان چوڭقۇر تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاۋاتقان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار بۇ دۇنيادا مەغلۇبىيەتكە، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدۇ، ئۇلار قىلمىشلىرى سەۋەبلىك دوزاخ ئوتىدا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى ۋە ماددىي ئىمكانىيەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان مەككە كاپىرلىرىغا ئېيتقىنكى، مېنىڭ رەببىم خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى مول قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى ياكى مەرتىۋىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشتۇر. مال-دۇنيا يىغىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش ۋە كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىپ پايدىلىنىش ۋە باشقىلارنىمۇ پايدىلاندۇرۇشتۇر. چۈنكى، مال-دۇنيا ئۆزى

غايە ئەمەس، بەلكى ياخشى غايىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاسىتىدۇر.

«﴿رەببىم خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ يۇقىرىدا ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ كېلىشى مەقسەتنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر»[1]. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئالدىنقى ﴿رەببىم خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بىلەن كېيىنكى ﴿شۈبھىسىزكى، رەببىم بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىق بار. چۈنكى، ئاۋۋالقىسى، بىرىنىڭ رىزقى كەڭ قىلىنغان، يەنە بىرىنىڭ رىزقى تار قىلىنغان ئىككى ئادەم ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولسا، كېيىنكىسى، بەزى ۋاقىتلاردا رىزقى كەڭ قىلىنغان، يەنە بەزى چاغلاردا رىزقى تار قىلىنغان بىرلا ئادەم ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن. بۇ، رىزىقنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ گاھىدا تۇرمۇشتا موللۇق ئىچىدە، گاھىدا تارچىلىق ئىچىدە ياشىشى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ھېكمەتسىز ئىش قىلمايدۇ.

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا قانداقلا بىر نەرسىنى بەرسەڭلار، سىلەرنىڭ بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە زىيادىسى بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

﴿سىلەر (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى بەرسەڭلار﴾ دېگەن ئايەت كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، پەرز بولغان زاكاتنى ئادا قىلىش، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش، تەربىيەلەش ۋە بارلىق چىقىملىرىنى قامداش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش، يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ سەرپ قىلغان پۇل-مېلىنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تائالا گاھ بۇ دۇنيادا مال-دۇنيا بىلەن، گاھ بەرىكەت بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ إِلاَّ مَلَكَانِ يَنْزِلاَنِ فَيَقُولُ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 143- بەت.

أَحَدُهُمَا اللَّهُمَّ أَعْطِ مُنْفِقًا خَلَفًا وَيَقُولُ الآخَرُ اللَّهُمَّ أَعْطِ مُمْسِكًا تَلَفًا» يەنى «ھەر ئەتىگىنى ئىككى پەرىشتە ئىنسانلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئى ئاللاھ! پۇل-مېلىنى ياخشى يولغا ئىشلەتكۈچىگە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن، دەپ دۇئا قىلسا، يەنە بىرسى، ئى ئاللاھ! بېخىلنىڭ پۇل-مېلىنى ھالاك قىلىۋەتكىن، دەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «قَالَ اللهُ أَنْفِقْ يَا ابْنَ آدَمَ أُنْفِقْ عَلَيْكَ» يەنى «ئاللاھ: ‹ئى ئادەم بالىسى! بەرگىن، مەنمۇ ساڭا بېرىمەن› دېدى»[2].

يەنى، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغىن، ئۇنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پۇل-مال چىقىم قىلغىن، ئاللاھ تائالانىڭ يوقسۇل بەندىلىرىگە خەير-ئېھسان قىلغىن، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، مەن سېنىڭ بەرگەنلىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىمەن دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغان ئادەم ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرمەي قالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلغانلارنىڭ بېشىدا ھەر زامان ئازغۇن يولباشچىلار كېلىدۇ.

2. ئاز-تولا مال-دۇنياسىغا ياكى مەنسىپىگە ئالدىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەر ئاقىۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

3. بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن قىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاپالەتلىكى ئىمان بىلەن تەقۋالىقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ مال-دۇنياسى بۇ دۇنيادا بەرىكەت بىلەن، ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ مۇكاپاتلار بىلەن ئۆزلىرىگە قايتىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەزى ئەھۋالى

﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ يَقُولُ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ أَهَٰٓؤُلَآءِ إِيَّاكُمْ كَانُواْ

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 143-بەت، 1442-ھەدىس، «صحيح مسلم» 3-توم، 83-بەت. 2383 - ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 7-توم، 80-بەت، 5352- ھەدىس.

يَعۡبُدُونَ ﴿٤٠﴾ قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ أَنتَ وَلِيُّنَا مِن دُونِهِمۖ بَلۡ كَانُواْ يَعۡبُدُونَ
ٱلۡجِنَّۖ أَكۡثَرُهُم بِهِم مُّؤۡمِنُونَ ﴿٤١﴾ فَٱلۡيَوۡمَ لَا يَمۡلِكُ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٖ
نَّفۡعٗا وَلَا ضَرّٗا وَنَقُولُ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّتِي كُنتُم
بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿٤٢﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٖ قَالُواْ مَا هَٰذَآ إِلَّا
رَجُلٞ يُرِيدُ أَن يَصُدَّكُمۡ عَمَّا كَانَ يَعۡبُدُ ءَابَآؤُكُمۡ وَقَالُواْ مَا هَٰذَآ
إِلَّآ إِفۡكٞ مُّفۡتَرٗىۚ وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمۡ إِنۡ هَٰذَآ
إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٞ ﴿٤٣﴾ وَمَآ ءَاتَيۡنَٰهُم مِّن كُتُبٖ يَدۡرُسُونَهَاۖ وَمَآ أَرۡسَلۡنَآ
إِلَيۡهِمۡ قَبۡلَكَ مِن نَّذِيرٖ ﴿٤٤﴾ وَكَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَمَا بَلَغُواْ
مِعۡشَارَ مَآ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ فَكَذَّبُواْ رُسُلِيۖ فَكَيۡفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٥﴾ ۞ قُلۡ
إِنَّمَآ أَعِظُكُم بِوَٰحِدَةٍۖ أَن تَقُومُواْ لِلَّهِ مَثۡنَىٰ وَفُرَٰدَىٰ ثُمَّ تَتَفَكَّرُواْۚ
مَا بِصَاحِبِكُم مِّن جِنَّةٍۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا نَذِيرٞ لَّكُم بَيۡنَ يَدَيۡ عَذَابٖ
شَدِيدٖ ﴿٤٦﴾ قُلۡ مَا سَأَلۡتُكُم مِّنۡ أَجۡرٖ فَهُوَ لَكُمۡۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى
ٱللَّهِۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٞ ﴿٤٧﴾ قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَقۡذِفُ بِٱلۡحَقِّ عَلَّٰمُ
ٱلۡغُيُوبِ ﴿٤٨﴾ قُلۡ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَمَا يُبۡدِئُ ٱلۡبَٰطِلُ وَمَا يُعِيدُ ﴿٤٩﴾ قُلۡ إِن
ضَلَلۡتُ فَإِنَّمَآ أَضِلُّ عَلَىٰ نَفۡسِيۖ وَإِنِ ٱهۡتَدَيۡتُ فَبِمَا يُوحِيٓ إِلَيَّ رَبِّيٓۚ
إِنَّهُۥ سَمِيعٞ قَرِيبٞ ﴿٥٠﴾ وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ فَزِعُواْ فَلَا فَوۡتَ وَأُخِذُواْ مِن
مَّكَانٖ قَرِيبٖ ﴿٥١﴾ وَقَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِهِۦ وَأَنَّىٰ لَهُمُ ٱلتَّنَاوُشُ مِن مَّكَانِۭ
بَعِيدٖ ﴿٥٢﴾ وَقَدۡ كَفَرُواْ بِهِۦ مِن قَبۡلُۖ وَيَقۡذِفُونَ بِٱلۡغَيۡبِ مِن مَّكَانِۭ
بَعِيدٖ ﴿٥٣﴾ وَحِيلَ بَيۡنَهُمۡ وَبَيۡنَ مَا يَشۡتَهُونَ كَمَا فُعِلَ بِأَشۡيَاعِهِم مِّن
قَبۡلُۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ فِي شَكّٖ مُّرِيبِۭ ﴿٥٤﴾

### تەرجىمىسى

**40**ـ ئۇ كۈندە (ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ) ھەممىسىنى توپلايدۇ، ئاندىن پە-رىشتىلەرگە: «ئاشۇلار سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ.

41ـ پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ ئىگىمىز ئۇلار ئەمەس، پەقەتلا سەن. ئۇلار ئەمەلىيەتتە جىنغا چوقۇناتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئېتىقاد قىلاتتى».

42ـ بۈگۈن سىلەر بىر- بىرىڭلارغا يا پايدا، يا زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، بىز (مۇشرىك بولۇپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: «سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار» دەيمىز.

43ـ ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار: «بۇ پەقەت سىلەرنى ئاتا - بوۋاڭلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسماقچى بولغان ئادەمدۇر» دېدى، ئۇلار يەنە: «بۇ (قۇرئان) توقۇلغان يالغان سۆزدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر» دېدى. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (قۇرئان) يېتىپ كەلگەندە: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.

44ـ بىز ئۇلارغا (قۇرئاندىن ئىلگىرى) ئوقۇيدىغان ھېچقانداق كىتاب ئاتا قىلمىغان ئىدۇق. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) مۇ ئەۋەتمىگەن ئىدۇق.

45ـ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) بىز ئىلگىرىكىلەرگە بەرگەن (كۈچ-قۇۋۋەت ۋە بايلىق قاتارلىق) نېمەتنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشكىنى يوق. ئىلگىرىكىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغان ئىدى. مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق بولدى؟

46ـ (ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى-ئىككىدىن، ياكى بىر-بىردىن تۇرۇڭلار، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دا ھېچبىر مەجنۇنلۇق يوق، ئۇ پەقەت قاتتىق ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر».

47ـ ئېيتقىنكى، «مەن (دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، (ئەگەر تەلەپ قىلغان بولسام) سىلەرنىڭ بولسۇن؛ مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىشنى پەقەتلا ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر».

48ـ ئېيتقىنكى، «رەببىم ھەقىقەتەن ھەق ئارقىلىق (باتىلنى ۋە ھەرقانداق سەپسەتىنى) ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، ئاللاھ غەيبلەرنى تولۇق بىلگۈچىدۇر».

49ـ ئېيتقىنكى، «ھەقىقەت كەلدى، باتىل (بىرەر نەرسىنى) پەيدا قىلالمايدۇ،

ئەسلىگىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ».

50 ـ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن (ھەق يولدىن) ئېزىپ كەتسەم، ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى پەقەت ئۆزۈمگىدۇر، ئەگەر مەن ھىدايەت تاپسام (بۇ) رەببىم ماڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئاننىڭ) سەۋەبىدىندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇ-چىدۇر، ناھايىتى يېقىندۇر».

51 ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (ئازابنى كۆرۈپ) قورقۇپ قاچىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان، دوزاخقا يېقىن بىر جايدا تۇتۇلغان ۋاقتىتىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ (ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

52 ـ ئۇلار (ئازابنى كۆرگەن چاغدىلا): «ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئۇلار (ئاخىرەتتىن ئىبارەت) يىراق جايدا تۇرۇپ (دۇنيادىكى) ئىماننى قانداقمۇ قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟

53 ـ ئۇلار ئىلگىرى ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلار غەيب توغرۇلۇق (ھېچ نەرسە) بىلمەي تۇرۇپ قارىسىغا سۆزلەيتتى.

54 ـ ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسى ئارىسىدا خۇددى ئىلگىرى ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە قىلىنغاندەك توسالغۇ پەيدا قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار (ئاخىرەت توغرۇلۇق) چوڭقۇر شەكتە ئىدى.

### تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغانلىرى مۇشرىكلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرىدىن بەزىسى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ باتىل ئېتىقادىغا قارشى ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئۇلارغا يېتەرلىك رەددىيەلەرنى بەرگەن. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىش ۋە ھىدايەتنى كۆرسىتىشتۇر. چۈنكى، بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىدۇر. مەلۇمكى، مەككە سۈرىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش، مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش ۋە كىشىلەردە ئىسلام ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا قىيامەت كۈنىنى ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئىشلارنى ئەسلەتكىن. ئۇ كۈندە رەببىڭ ھەممە خالايىقنى ھېساب مەيدانىغا توپلىغان چاغدا، بۇ مۇشرىكلارنى ۋە ئۇلار چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىللە توپلايدۇ. بۇ كۈننىڭ دەھشەتلىرىنى، ھېساب بېرىشنىڭ قىيىنلىقىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قورقۇنچلۇق ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەممە خالايىق

ھېساب مەيدانىغا توپلىنىپ بولغاندا، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ پەرىشتىلەرگە دەيدۇ: ﴿ئاشۇلار سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟﴾ يەنى بۇ كاپىرلار دۇنيادا سىلەرگە چوقۇنغانمۇ؟ سىلەرگە ئىبادەت قىلغانمۇ؟ سىلەر رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىدىغان بەندىلەر ئەمەسمىدىڭلار؟ پەرىشتىلەر كامالىي ئېھتىرام بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! سەن بارچە نۇقسانلىقلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلار ئەمەس، بەلكى پەقەتلا سەن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىز ۋە پەرۋىشچىمىزسەن. ئى رەببىمىز! بىز ساڭا ئىبادەت قىلىمىز، ساڭا يېقىن بولۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز، سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق دوستلۇق ياكى بىرەر مۇناسىۋەت يوق. بىز ئۇلارنى تونۇمايمىز. ئۇلار دۇنيادا بىزگە ئەمەس، بەلكى جىنلارغا چوقۇناتتى. بىز ئۇلارنى ئازدۇرغىنىمىز يوق. ئۇلارنى ئەسلىدە جىنلار ئازدۇردى. ئۇلارمۇ جىنلارغا بويسۇنۇپ، ئۇلارغا چوقۇندى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى جىنلارنى ئۇلۇغلايتتى ۋە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇنىڭدا بىزنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمىز يوقتۇر.

«ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەردىن: ﴿ئاشۇلار سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟﴾ دەپ سورىغانلىقى بىلىش مەنىسىدىكى سوراش ئەمەس، بەلكى مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىغا چوقۇنۇشتەك ئازغۇنلۇقىنى سۆكۈش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇلارغا كايىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان: ﴿ءَأَنتَ قُلۡتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَٰهَيۡنِ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ﴾ يەنى ﴿سەن كىشىلەرگە ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېگەنمىدىڭ؟﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ»[2].

قىيامەت كۈنى ساختا ئىلاھلار چوقۇنغۇچىلىرىغا قىلچە ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. چۈنكى، كاپىرلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچقانداق قۇتقۇزغۇچى ياكى شاپائەت قىلغۇچى چىقمايدۇ. چوقۇنغۇچىلار بىلەن چوقۇنۇلغانلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. ئۇ كۈندە ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھۆكۈم قىلغۇچى

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 116-ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 146- بەت.

بولمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا كاپىرلارغا كايىغان هالدا: ﴿سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار﴾ دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابلىق ئەهۋالى بولۇپ، قىيامەت كاپىرلارغا تولىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلىدىغان قىيىن بىر كۈندۇر.

تۆۋەندىكىلەر كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە شۇنداق قاتتىق كۈنلەرگە قېلىشىغا سەۋەب بولغان قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا بۇ كاپىرلارغا ئېنىقلىقتا قۇياشنىڭ نۇرىدەك روشەن ئايەتلەر ئوپئوچۇق ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا، ئۇلار: «سىلەرگە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئادەم سىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ دىنىدىن چىقىرىپ ئۆزىگە چوقۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى سۆكىدۇ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى ئەقىلسىزلىقتا چىقىرىۋېتىدۇ» دەيتتى.

ئۇلار «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇقمۇ ﴿بۇ (قۇرئان) توقۇلغان يالغان سۆزدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر﴾ دەيتتى. ئەمما ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەلبلەرگە بولغان چوڭقۇر تەسىرىنى كۆرگىنىدە، ئۇنى ﴿بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر﴾ دەيتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى ئاستىدا نېمە قىلىشىنى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تۆهمەتلىرىنىڭمۇ تۈتامى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى بۈگۈن «ئەپسانە» دېسە، ئەتىسى «سېھىر» دەپ جۆيلۈيتتى. ئۇلار مۇنداق بىلجىرلاشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلدى؟ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى قانداقمۇ سېھىرگەر دېيىشكە پېتىنالىدى؟ هالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىس-سالامنىڭ هاياتىنى، ئۆتمۈشىنى ئۇلار هەممىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇنى بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ «ئىشەنچلىك مۇهەممەد» دەپ ئاتايتتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا هەممە بىردەك قايىل ئىدى. ئەهۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ؟ يا ئۇلارغا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى يالغانغا چىقىرىدىغان بىرەر ئىلاهىي كىتاب كەلگەنمۇ؟ ياكى ئۇلارغا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى يالغانچى دەيدىغان بىرەر پەيغەمبەر كەلگەنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ هېچقايسىسى بولمىغان. ئەكسىچە، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ هەممىسى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئۇنداقتا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى سېھىرگەر، مەجنۇن (ئەقلى جايىدا ئەمەس) دەيدۇ؟

جاۋاب شۇكى، ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر زاماندا مەۋجۇتتۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ئالدى بىلەن ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئاسىي-گۇناھكارلار دۈشمەن بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ دۈشمەنلەر ھەقىقەت ئالدىدا ھەمىشە مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارغا بېرىلگەن جازالار ھەقىقەتەن قاتتىق بولغان. ئاللاھ تائالا بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلىپ جازالىغان بولسا، بەزىسىنى يەرگە چۆكتۈرۈپ، يەنە بەزىسىنى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلىۋەتكەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، زالىملارنى جازالاشتا كەسكىندۇر. ﴿ئىلگىرىكىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلدى. مېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق بولدى؟﴾ دېگەن ئايەت ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك كاپىرلارغا چوڭ بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر ئاللاھ ئۈچۈن ئىككى-ئىككىدىن، ياكى بىر-بىردىن تۇرۇڭلار، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دا ھېچبىر مەجنۇنلۇق يوق، ئۇ پەقەت قاتتىق ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى مەن سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، قىلمىشلىرىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن. يالغۇز ياكى بىر-بىرىڭلار بىلەن توپلاشقان ھالدا تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا بىر غەيرەت كۆرسىتىڭلار، ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلار، ئاندىن سىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقان ھەمراھىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار. قېنى ئۇنىڭ بىرەر قېتىم يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بىرەر قېتىم ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ دۇنيالىققا بېرىلگەنلىكىنى ياكى مەنسەپ تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇنىڭدىن بىرەر يامان ئەخلاقنى ياكى ئەدەپسىزلىكنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ كىشىلەرنى زىيانلىق يوللارغا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ياق! چۈنكى، ئۇ راستچىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئەمىنلىكى يۈزىسىدىن ئۆزىگە دۈشمەن بولغانلارنىڭمۇ ئامانەتلىرىنى ساقلىغان، مال-دۇنيانى ياكى مەنسەپنى كۆزلىمەيدىغان ئېسىل ئەخلاقى بىلەن تونۇلغان ۋە ھەممىنى قايىل قىلغان زاتتۇر. ئۇ كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختلىك يولغا باشلايدۇ، ياخشى

ئىشلارغا چاقىرىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، پەزىلەتلىك شەخسلەرنى، جەمئىيەتلەرنى ۋە دۆلەتلەرنى بەرپا قىلىشقا چاقىرىدۇ، رەزىللىكلەرگە ۋە ئەخلاقسىزلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ، ھاكىمىيەتتىكى زالىملىقلارغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئادالەتنى تەرغىب قىلىدۇ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى ۋە بايلارنىڭ يوقسۇللارنى ئېزىشىگە يول قويمايدۇ. ئۇ ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشقا، زالىملارغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى پۈتۈن ياخشىلىقلارغا دەۋەت قىلىدۇ ۋە پۈتۈن يامانلىقلاردىن توسىدۇ. ئى كاپىرلار! ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىڭلار.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە شۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: مەن دۇنيالىقنى كۆزلەيدىغان ئادەم ئەمەسمەن. سىلەر ئۈچۈن ئېلىپ بارغان دەۋەت ئىشلىرىم ئۈچۈنمۇ سىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلغىنىم يوق. ئەگەر تەلەپ قىلغان بولسام ئۇ سىلەرنىڭ بولسۇن، ماڭا كېرىكى يوق. چۈنكى، مېنىڭ ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ. رەببىم مېنىڭ بارلىق ئەمەللىرىمدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. رەببىم ھەقىقەتنىڭ دەلىل-پاكىتلىرى ئارقىلىق باتىلنى، ھەرقانداق سەپسەتىنى ۋە بارلىق ساختىلىقنى بەربات قىلىۋېتىدۇ، رەببىم غەيبلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ، ئاسمان-زېمىندا ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

﴿رەببىم ھەقىقەتەن (باتىلنى ۋە ھەرقانداق سەپسەتىنى) ھەقىقەت (دەلىللىرى) بىلەن ئاتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنىڭ دەلىل-پاكىتلىرى دۈشمەنگە ئېتىلىدىغان توپ، زەمبىرەككە ئوخشىتىلغان بولۇپ، ھەقىقەتنىڭ ساختىلىقنى ۋە بارلىق سەپسەتىلەرنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكى توپ، زەمبىرەكنىڭ چۈشكەن يېرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكىنىگە ئوخشىتىلغان. ئۆلۈك ئادەم ھېچبىر ئىش قىلالمىغاندەك، باتىلمۇ ھېچ نەرسىنى بار قىلالمايدۇ ۋە يوقالغاننىمۇ قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، ھېچ نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدۇ، ئۇ خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئاستا-ئاستا يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر مەن ھەقىقەتتىن ئېزىپ كەتسەم، ئازغانلىقىمنىڭ گۇناھى ۋە زىيىنى پەقەت ئۆزۈمگىدۇر. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن نەپسىمگە ئەگىشىپ كەتكەن بولىمەن. مەلۇمكى، نەپس دېگەن ئادەمنى ھەمىشە يامانلىققا بۇيرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەن ھىدايەت

تاپسام بۇ ھىدايەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان مۇشۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ سەۋەبىدىن كەلگەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ھەق يولدىن ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى يامانلىقتا چاقىرغۇچى نەپس ۋە يامان جەمئىيەتتۇر. ئەمما ھىدايەت بىلەن ياخشىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ سايىسىدا قولغا كېلىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت مەنبەسى ۋە قەد كۆتۈرۈشنىڭ دەستۇرىدۇر. ئىسلام ئۇممىتى ئىسلام تەلىماتلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىدىن ئىزچىل يۈرۈش بىلەنلا قولدىن كەتكەن ئىززەت-ھۆرمىتىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇنىڭغا كېپىلدۇر. چۈنكى، ھىدايەت، غەلىبە ۋە بەخت-سائادەت پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىش بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن «قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئازابنى كۆرگەن ۋاقتىدىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇلار ئازابنى كۆرگىنىدە قورقۇنچتىن نالە-پەرياد قىلىپ كېتىدۇ، ياردەم سورايدۇ، ئازابتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما ھەممىسى بىكار. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قانداقمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يىراقتا ئەمەس، بەلكى دوزاخنىڭ يېنىدا بىر جايدا تۇتۇپ تۇرۇلغان تۇرسا، قانداقمۇ دوزاخقا كىرىشتىن ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالالىسۇن؟! قانداقمۇ قېچىپ كېتەلىسۇن؟!

ئۇلار ئازابنى كۆرگەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى جاكارلايدۇ. ھالبۇكى، ئىمان ئېيتىدىغان جاي مۇشۇ دۇنيا تۇرسا، ئاخىرەتتە ئېيتقان ئىمانىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟! چۈنكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئۈچۈن ئىمان ۋە تائەت-ئىبادەت بىلەن تەييارلىق كۆرىدىغان جاي، ئاخىرەت بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغان ئالەم. كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابنى كۆرگەندىلا، بىز قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق دېگەنلىكىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئازابنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېيتقان ئىمانى قانداقمۇ مۆئمىنلەرنىڭ دۇنيادا ئىختىيارىي ئېيتقان ئىمانىغا تەڭ بولالىسۇن؟! كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز ئىماندۇر. ئەمما مۆئ-مىنلەرنىڭ دۇنيادىكى ئىختىيارىي ئىمانى ئۇلارنى ئاخىرەتتە بەخت-

سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىماندۇر. بۇ ئىككىسى قانداقمۇ باراۋەر بولسۇن؟!

كاپىرلار بۇ دۇنيادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقتىن، «قۇرئان كەرىم»نى شېئىر، ئەپسانە ۋە سېھىر، دەپ بىلجىرلىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا شائىر، سېھىرگەر، مەجنۇن، دەپ بىلجىرلىغان تۇرسا، ئۇلار ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولالايدۇ؟!

قىيامەت كۈندە يەنە ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىغا قايتىشتىن ئىبارەت ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدا توساق پەيدا قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ئىمان ئېيتىپ باقىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىمانى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاندىن ئۇلار دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ بېرىپ، قايتىدىن ئىمان ئېيتىپ ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ جەننەتكە لايىق بولۇپ كېلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتىن بۇ دۇنياغا قايتىش يوق. شۇنىڭ بىلەن بۇ كاپىرلار ئۈستى-ئۈستىگە دەرد-ئەلەملەرنى چەككەن ۋە قاتتىق ھەسرەتكە تولغان ھالدا دوزاخ تەرەپكە ھەيدىلىدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا قىيامەتنىڭ بولۇشى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش، ھېساب بېرىش، مۇكاپات-جازا، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەر توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدە ئىدى، ياخشىلارغا جەننەت، يامانلارغا دوزاخ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىقىپ، مۇئمىنلەرنى قىينايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ جايى مەڭگۈلۈك دوزاخ بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەتتە نىجات تېپىشنىڭ يولى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر.

2. بۇ دۇنيادا باتىل ئۈستىدە دوست بولۇشقانلار قىيامەت كۈندە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، بايلىقى ۋە پەن-تېخنىكىسى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

4. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار ئۇلاردىن بىر نەرسە تەمە قىلماسلىقى ۋە ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىن كۈتۈشى لازىم. چۈنكى، دەۋەتنىڭ يولى مۇشۇنداقتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ھەقىقەت كەلدى، باتىل (بىرەر نەرسىنى) پەيدا قىلالمايدۇ، ئەسلىگىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ دېگەن بېشارىتى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشقان. چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇددىستلىق ئەقىدىسىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئالغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى.

6. مەجبۇرىي ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرنى ئىمانغا زورلاشقا بولمايدۇ.

# فاتىر سۈرىسى

فاتىر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 45 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانى لايىقىدا سۈپەتلەش، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ ئالامەتلەرگە قارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشرىكلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ھەر نەرسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىش سەنئىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىلىدا ئىسلام ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن «ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى» دېگەن مەنىدىكى﴿فَاطِرِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ جَاعِلِ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلًا أُوْلِيٓ
أَجۡنِحَةٖ مَّثۡنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَۚ يَزِيدُ فِي ٱلۡخَلۡقِ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ١ مَّا يَفۡتَحِ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ مِن رَّحۡمَةٖ فَلَا مُمۡسِكَ لَهَاۖ
وَمَا يُمۡسِكۡ فَلَا مُرۡسِلَ لَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٢
يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ هَلۡ مِنۡ خَٰلِقٍ غَيۡرُ ٱللَّهِ
يَرۡزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ ٣ وَإِن
يُكَذِّبُوكَ فَقَدۡ كُذِّبَتۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ٤﴾

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 151- بەت.

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن(باشلايمەن).

1ـجىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھ ياراتقىنىدا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.

2ـئاللاھ ئىنسانلارغا قانداقلا بىر رەھمەتنى ئاچسا ئۇنى ھېچبىر توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ قانداق بىر نەرسىنى توسۇپ قالسا، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى ھېچبىر قويۇپ بەرگۈچى يوقتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

3ـئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار (يەنى تىلىڭلار، دىلىڭلار ۋە ئەمەلىڭلار بىلەن ئاللاھقا شۈكرى قىلىڭلار)، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر قانداقمۇ (بۇ ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

4ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىنغان ئىدى. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

جىمى ھەمدۇسانا، بارچە گۈزەل مەدھىيە ۋە مۇكەممەل ماختاشلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يەنى پۈتۈن كائىناتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا جىمى ئالەملەرنىڭ رەببى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەدھىيە ۋە ماختاشلارنىڭ ھەممىسىگە ۋە تېخىمۇ زىيادىسىگە تامامەن ھەقلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ يېگانە ياراتقۇچى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى، سانسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى زاتتۇر.

«پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرىنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق دېيىشتىن مەقسەت ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇلارنىڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى

بايان قىلىش ئۈچۈندۇر»[1]. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چېكى يوق، شۇڭا ئۇ خالىغىنىنى يارىتىدۇ. بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزنى تولۇق بىلمەيمىز، ھەتتا ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىمۇ ئاڭقىرالمايمىز. بۇ ئەقلىمىز بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرىنى قانداقمۇ بىلىپ بولالايمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى چەكسىز ۋە ھېسابسىز تۇرسا، بىز ئۇلارنى قانداقمۇ بىلەلەيمىز؟ چۈنكى، ئىلىم-پەن ھەر قەدەمدە يېڭى-يېڭى بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرماقتا. بىز ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغان كۆپ نەرسىلەرنى بۈگۈن كۆرۈۋاتىمىز ۋە ئاڭلاۋاتىمىز. بۇ بىلگەنلىرىمىز ئاللاھ تائالا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدۇر. ئالىملار ئىنسانلارنىڭ كائىناتتىكى ماددىي شەيئىلەردىن ئاران 3.50%نىلا كۆرەلەيدىغانلىقىنى، قالغان 96.50%نى كۆرەلمەيۋاتقان ۋە بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى. ئاللاھ تائالا غەيبلەرنى بىلىدىغان، بىز بىلمىگەن ۋە كۆرمىگەن نەرسىلەرنى تولۇق ۋە مۇكەممەل بىلىدىغان زاتتۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىلىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ، ئەمما باشقىلار شۇ ئىجادكارنىڭ بىلدۈرگەنلىرىنىلا بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ رىزقىنى بېرىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا قانداقلا بىر نېمەتنى ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا توسۇۋالغۇچى ياكى تۇتۇۋالغۇچى يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەزل - كەرەمىنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ ياكى تۇتۇۋالالمايدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، ھەممىگە قادىر زاتتۇر. مۇسۇلمان ئادەم مۇشۇ ئېتىقاد سايىسىدا چوقۇم قانائەتچانلىق ئىچىدە بەختلىك ھايات كەچۈرەلەيدۇ. چۈنكى، مۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلماقچى بولغانلىرىنى ھېچكىم ئېلىۋالالمايدىغانلىقىغا، ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ ۋە غەم-قايغۇسىز ياشاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

﴿ئاللاھ ئىنسانلارغا قانداقلا بىر رەھمەتنى ئاچسا ئۇنى ھېچبىر توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەتتە، «ئاتا قىلسا» دېيىشنىڭ ئورنىغا ﴿ئاچسا﴾ دېگەن ئىبارىنىڭ قوللىنىلغانلىقى مۇپەسسىرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئىمام زەمەخشەريي ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەبۇ سۇئۇد مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمەت ئەۋەتىشنى «ئېچىش» دەپ تەبىرلىگەن. بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغانلىرىنىڭ ئىنتايىن

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 152- بەت.

قىممەتلىك ۋە ھەركىم ئېرىشىشكە قىزىقىدىغان نېمەتلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئېچىش دېگەن كىشىلەر ئېچىشقا بەسلىشىدىغان نەپىس كانلارنى ئېچىش دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى خۇددى كىشىلەر قىزىقىدىغان نەپىس كانلارغا ئوخشىتىلغان. «رەھمەت» سۆزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىز (نەكىرە) كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ۋە مەيلى تەن ساقلىق، مەيلى خاتىرجەملىك، مەيلى ئىلىم-ھېكمەت، مەيلى ئەقىل-پاراسەت، مەيلى مال-دۇنيا بولسۇن، ھەر قانداق بىر نېمەتنى ئىپادىلىشى ئۈچۈندۇر»[1].

ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر نېمەتنى ئىنسانلاردىن توختىتىپ قويسا، ئۇنى ئەۋەتكۈچى يوقتۇر، يەنى ئاللاھ تائالا بەرمىگەننى بەرگۈچى يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ﴿ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن قىسمى ئاللاھ تائالاغا غالىب كېلىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقلۇقىنى، ئاللاھ تائالا تۇتۇۋالماقچى بولغاننى ھېچكىم قويۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تۇتۇۋېلىشتا ياكى ئەۋەتىشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سان-ساناقسىز نېمەتلىرىنى ئەستە تۇتۇڭلار، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار، بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى تىلىڭلار بىلەن، دىلىڭلار بىلەن ۋە ئەمەلىيىتىڭلار بىلەن ئادا قىلىڭلار. سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا رىزىق بەرگۈچى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر قانداقلارچە، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ كۇفرىغا يۈزلىنىپ كېتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن تەۋھىد ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىپ شېرىك ئەقىدىسىگە بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ بۇتلار سىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇ كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلسا ۋە سەن دەۋەت قىلغان دىنىنى يالغانغا چىقارسا، سەن ئۇنىڭغا غەمكىن بولۇپ كەتمىگىن، چۈنكى، سەندىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ئىنكار قىلىنغان. نۇھ،

[1] «تفسير الكشاف» 3-توم، 596-بەت.

ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار قاتارلىق (ئۇلۇل ئەزم) ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغان، ئىنكار قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان. ئەمما ئۇلار چىدامچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەنلىكتىن، ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشكەن. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا قايتىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنكارچىلارنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرگە يامانلىق قىلغانلارنىڭ جازاسىنى ئۇبدان بېرىدۇ.

سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا ۋە دىنىڭلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان زات پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا قايتىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ چىدامچانلىقىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلىۋاتقان سانسىزلىغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئىنساننىڭ تەبىئىي بۇرچىدۇر. ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا قانچىلىك كۆپ شۈكۈر قىلسىمۇ، قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىپ بولالمايدۇ. شۈكۈر قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا نېمىتىنى ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ئورۇندىكى «شۈكۈر»دىن مەقسەت شۈكۈرۋازلىق قىلىپ جىم ئولتۇرۇش ياكى ئاغزاكى شۈكۈرلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان بارچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە بۇ شۈكۈرنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

2. پايدا-زىيان ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ياخشىلىققا ئېرىشىش ۋە يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چارە-تەدبىرلەرنى ۋە قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۇل قىلىش شەرتتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئېھسانلىرىنى تىل بىلەن بايان قىلىش شۈكۈر قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىشلاردىن سانىلىدۇ.

## ◄ جازا ۋە مۇكاپات پىرىنسىپى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقࣱّۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا

وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ٥ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَٱتَّخِذُوهُ
عَدُوًّا ۚ إِنَّمَا يَدْعُوا۟ حِزْبَهُۥ لِيَكُونُوا۟ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ٦ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم
مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ ٧ أَفَمَن زُيِّنَ لَهُۥ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ فَرَءَاهُ حَسَنًا ۖ
فَإِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِى مَن يَشَآءُ ۖ فَلَا تَذْهَبْ نَفْسُكَ
عَلَيْهِمْ حَسَرَٰتٍ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِمَا يَصْنَعُونَ ٨ وَٱللَّهُ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ
ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَسُقْنَٰهُ إِلَىٰ بَلَدٍ مَّيِّتٍ فَأَحْيَيْنَا بِهِ ٱلْأَرْضَ
بَعْدَ مَوْتِهَا ۚ كَذَٰلِكَ ٱلنُّشُورُ ٩ مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلْعِزَّةَ فَلِلَّهِ ٱلْعِزَّةُ
جَمِيعًا ۚ إِلَيْهِ يَصْعَدُ ٱلْكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلْعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرْفَعُهُۥ ۚ وَٱلَّذِينَ
يَمْكُرُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ۖ وَمَكْرُ أُو۟لَٰٓئِكَ هُوَ يَبُورُ
١٠

### تەرجىمىسى

5ـئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا ھاياتى ئالداپ قويمىسۇن، ئۇ ئالدامچى (شەيتان) سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ ئەپۇ-سىنىڭ كەڭلىكى) بىلەن ئالداپ كەتمىسۇن.

6ـشەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەرمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ.

7ـ(ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا مۇكاپات بار.

8ـئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان ئادەم (ھىدايەت تاپقان ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشىگە ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا، سەن (ئىمان ئېيتمىدى دەپ) ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى تۈگەشتۈرۈۋەتمىگىن، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

9ـئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدىغان زاتتۇر. بىز بۇلۇتلارنى

ئۆلۈك (قاغجىراپ كەتكەن) بىر يەرگە ھەيدەيمىز-دە، (يامغۇر ياغدۇرىمىز) شۇ يامغۇر بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىمىز. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

**10**-كىمكى كۈچ-قۇۋۋەت ئىزدەيدىكەن[1]، (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). چۈنكى، كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، يامان ئىش قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى بىتچىت بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىلىرى ئەلۋەتتە راستتۇر ۋە شەكسىز ھەقىقەتتۇر. سىلەرنى پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرى، زىبۇزىننەتلىرى، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرى ۋە راھەت-پاراغەتلىرى ئالداپ قويمىسۇن. چۈنكى، ئاخىرەت ھاياتى مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، بۇ دۇنيادىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى قىلىشتىن توسۇپ قويمىسۇن، غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. ئاخىرەتكە دەسمايىسىز بېرىپ قېلىپ، قىيامەت كۈنىدە «كاشكى دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ بېرىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ كەلسەمچۇ!» دەپ ھەسرەت چېكىدىغانلاردىن بولۇپ قالماڭلار.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىنىڭ كەڭلىكى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويمىسۇن، ئالدامچى شەيتاننىڭ سىلەرنى «خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، بەرىبىر ئاللاھ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دەپ قايىل قىلىش ئارقىلىق يامان يولغا باشلىشىغا يول قويماڭلار، سىلەر قۇرۇق ئارزۇلارغا ئالدانماڭلار. چۈنكى، ئەمەلسىز قۇرۇق ئارزۇلار پايدا بەرمەيدۇ.

﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەرمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار﴾ يەنى قەدىمدە شەيتانلارنىڭ پېشۋاسى ئىبلىس ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىپ ئۇنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا، شۇنىڭدىن كېيىن شەيتانلار ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ كەلمەكتە ۋە ئۇلارنى ئۆز گۇرۇھى قاتارىدىن

---

[1] بۇ ئايەتكە «كىمكى شەرەپ ئىزدەيدىكەن، (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). چۈنكى، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر» دەپ مەنە ئېيتقانلارمۇ بار.

قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. چۈنكى، ئىبلىس ئادەم ئەۋلادىنى ئازدۇرۇشقا قەسەمياد قىلغان مەخلۇقتۇر. ﴿قَالَ فَبِمَآ أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَٰطَكَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ لَأٓتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَٰنِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ ۖ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَٰكِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «سەن مېنى ئازدۇرغانلىقتىن، مەن ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭ يېنىدىن، سول يېنىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، سەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن»﴾[1]، ﴿وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ﴾ يەنى ﴿شۈنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن﴾ [2].

ئىنسانلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار شەيتاننىڭ يامانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ زىيان-زەخمەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ ۋە كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، بىزنى ﴿ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار﴾ دەپ بۇيرۇغان. بۇ شەيتاننى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئەھۋاللاردا بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، دەپ بىلىڭلار، ھەرگىز ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ۋە نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالماڭلار، ئۇنىڭ سىلەرگە يامانلىق يەتكۈزۈشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، دېگەنلىكتۇر. مەلۇمكى، پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ياخشى ئىشلارنى ئىلھام قىلغاندەك، شەيتانلار ئۇلارغا يامانلىقنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ لِلشَّيْطَانِ لَمَّةً بِابْنِ آدَمَ وَلِلْمَلَكِ لَمَّةً فَأَمَّا لَمَّةُ الشَّيْطَانِ فَإِيعَادٌ بِالشَّرِّ وَتَكْذِيبٌ بِالحَقِّ ، وَأَمَّا لَمَّةُ المَلَكِ فَإِيعَادٌ بِالخَيْرِ وَتَصْدِيقٌ بِالحَقِّ ، فَمَنْ وَجَدَ ذَلِكَ فَلْيَعْلَمْ أَنَّهُ مِنَ اللهِ فَلْيَحْمَدِ اللهَ وَمَنْ وَجَدَ الأُخْرَى فَلْيَتَعَوَّذْ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» يەنى «ئادەم بالىسىنىڭ شەيتاندىن بىر ھەمراھى بولغىنىدەك، پەرىشتە تەرىپىدىنمۇ بىر ھەمراھى بولىدۇ. شەيتاندىن بولغان ھەمراھ ئىنساننى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما پەرىشتە تەرىپىدىن بولغان ھەمراھ ئۇنى ھەقىقەتنى تونۇشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئادەم بىلسۇنكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بولىدۇ، شۇڭا ئاللاھقا شۈكۈر قىلسۇن، ئاۋۋالقىسىنى

[1] ئەئراف سۈرىسى: 16-17- ئايەتلەر.
[2] نىسا سۈرىسى: 119-ئايەت.

ھېس قىلغان ئادەم ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن» دېگەن، ئاندىن ﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[2].

ئى ئىنسانلار! شەيتاندىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ قالماڭلار، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇرۇھىنى ھالاكەت يولىغا باشلايدۇ. سىلەر شەيتاننىڭ گۇرۇھى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى بەختلىك بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.

كاپىرلارغا ۋە شەيتانغا ئەگەشكەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ تەۋەلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى ۋە ئېسىل رىزقى بار.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېيدۇكى، ﴿ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان ئادەم (ھىدايەت تاپقان ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟﴾، يەنى ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرى شەيتان تەرىپىدىن پەردازلىنىپ ئۆزىگە توغرا ۋە ھەق قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىق دەپ بىلىپ يامانلىقتا چۆكۈپ كەتكەن ئازغۇن ئادەم شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە ئەگەشمىگەن، شەيتاننى ۋە ئۆزىنىڭ يامانلىقتا ئۈندەيدىغان نەپسىنى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن دەپ تونۇپ، توغرا يولدىن ئايرىلمىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەمگە ئوخشاش بولالامدۇ؟ بۇ ئىككىسى باراۋەرمۇ؟ ھەرگىزمۇ باراۋەر ئەمەس!

ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى ئازغۇن قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىمنىڭ ھىدايەت تاپىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ھىدايەتنى خالىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ناھەقچىلىك قىلمايدۇ. قەلبىدە ھىدايەتكە مايىللىق بولغان، ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا چوقۇم

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 268- ئايەت.

[2] «سنن الترمذي» 5- توم، 219-بەت، 2988- ھەدىس، (ئالبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان).

ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئەمما ھەقىقەتنى ئىزدىمەيدىغان، پەقەت ئۆزى تۇتقان قىڭغىر يولنى توغرا ۋە ھەقىقەت ساناپ، ئازغۇنلۇقنى ھىدايەت ساناپ يۈرگەنلەرنى ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار خۇددى زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يامغۇرنى قوبۇل قىلىدىغان، زىرائەتچىلىككە ياراملىق، مۇنبەت يەرلەرگە ئوخشايدىغانلىرىمۇ بولغىنىدەك، يامغۇرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغان، قاتتىق، زىرائەتچىلىككە يارىمايدىغان، ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان يەرلەرگە ئوخشايدىغانلىرىمۇ بار. شۇ ئېنىقكى، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارغا ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ شۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئاللاھ تائالا شەيتانغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەنلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان، يەنى ئۇلارنى ئازغۇنلۇقىدا تەرك ئەتكەن ۋە ھىدايەت قىلمىغان ئىكەن، سەنمۇ ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىن، يەنى ئۇلارنى تەرك ئەتكىن، ئۇلارنىڭ ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا ھەسرەت چەكمىگىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ جازاسىنىڭ قىيامەت كۈنىدە چوقۇم بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە شەك قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى كەلتۈرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: شاماللارنى ئەۋەتىپ بۇ شاماللار ئارقىلىق بۇلۇتلارنى ئۆزى خالىغان جايلارغا ھەيدەپ، ئۇ جايلارغا يامغۇر ياغدۇرۇش بىلەن سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىنلەرنى، ھەتتا قۇپقۇرۇق چۆللەرنى ياشارتىپ تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۇ جايلاردىن ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىدىغان زات-ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئەبۇ رەزىن ئۇقەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟› دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹سەن سۇسىزلىقتىن قاقاس چۆلگە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، يامغۇر

بىلەن قايتا يېشىللىققا ئايلانغان بىرەر ۋادىدىن ئۆتۈپ باقمىدىڭمۇ؟› دېدى، مەن ‹ھەئە، يارەسۇلۇللاھ، ئەلۋەتتە ئۆتتۇم› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، مانا بۇ مەخلۇقاتىدىكى ئۇنىڭ ئالامىتىدۇر› دېدى»[1].

بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئەرەبلەر بۇ بۇتلاردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن شان-شەۋكەت ۋە ئىززەت-شەرەپ تەمە قىلاتتى. ﴿وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لِّيَكُونُواْ لَهُمۡ عِزّٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىمىز، دېگەن خام خىيال بىلەن ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى﴾ [2]. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، شان-شەۋكەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت، شەرەپ ۋە ئىززەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر. شۇڭا كىمكى شەرەپ ۋە ئىززەت ئىزدەيدىكەن، ئۇلارنى پەقەت ئاللاھ تائالادىن تىلىسۇن. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا شۇنى جاكارلايدۇكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك شان-شەرەپ ۋە ئىززەت تىلىگەن ئادەم ئىمان ئېيتسۇن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن. چۈنكى، ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك شان-شەرەپنىڭ كاپالىتىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنى ياد ئېتىش، مەدھىيەلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىش، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىتىش، ھەقىقەتنى دادىل سۆزلەش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ياخشى سۆزلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ياخشى ئەمەللەر بۇ ياخشى سۆزلەرنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا يەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ ياخشى سۆزلەرنىڭ ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئىگىلىرىگە تېگىشلىك مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان يامان ئىشلارنى قىلىدىغانلارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار، ئۇلار ئەلەملىك ئازابلار بىلەن جازالىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە- مىكىرلىرى بىتچىت بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەرگىز مۇرادىغا يەتكۈزمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەق دىنىنىڭ دەۋەتچىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى

[1] «مسند أحمد» 4-توم، 11-بەت، 16237-ھەدىس.

[2] مەريەم سۈرىسى: 81-ئايەت.

باسقانلار ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ قارشىلىقلىرىغا ئۇچرىماي قالمىغان. بۇ ئەھۋال تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، ھەقىقەتنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن باتىلنىڭ تەرەپدارلىرى بولمايدىغان بولسا، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى قالمىغان بولاتتى.

2. دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە، مال-دۇنياسىغا، كەيپ-ساپاسىغا ئالدىنىپ ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

3. شەيتان ئىنسانلارغا يامانىنى ياخشى، باتىلنى ھەق، خاتانى توغرا قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ياخشىلىق دەپ ھېس قىلىدۇ ۋە ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. شەيتان ئاخىرەتتە ئىنسان ئەۋلادىغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىدۇ.

4. ئىنساننىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئۇنىڭ يامانلىققا ئۈندەيدىغان نەپسى بىلەن شەيتان بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئىنساننى ئازدۇرۇشقا يېتەرلىكتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ سۈسىزلىقتىن قاقاسلىققا ئايلانغان زېمىننى يامغۇر بىلەن ياشارتىشىدا، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىغا ئوپئوچۇق دەلىل بار.

6. ھەقىقىي شان-شەرەپ ۋە ھەقىقىي ھۆرمەت-ئىززەت ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە قايتا تىرىلىشكە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر

﴿وَٱللَّهُ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ جَعَلَكُمْ
أَزْوَٰجًاۚ وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلْمِهِۦۚ وَمَا يُعَمَّرُ مِن
مُّعَمَّرٍ وَلَا يُنقَصُ مِنْ عُمُرِهِۦٓ إِلَّا فِى كِتَٰبٍۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ
يَسِيرٌ ﴿١١﴾ وَمَا يَسْتَوِى ٱلْبَحْرَانِ هَٰذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَآئِغٌ شَرَابُهُۥ
وَهَٰذَا مِلْحٌ أُجَاجٌۖ وَمِن كُلٍّ تَأْكُلُونَ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُونَ
حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَاۖ وَتَرَى ٱلْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ

وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٢﴾ يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِي ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِي
ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِي لِأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ ذَٰلِكُمُ
ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ لَهُ ٱلۡمُلۡكُۚ وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ مَا يَمۡلِكُونَ
مِن قِطۡمِيرٍ ﴿١٣﴾ إِن تَدۡعُوهُمۡ لَا يَسۡمَعُواْ دُعَآءَكُمۡ وَلَوۡ سَمِعُواْ مَا
ٱسۡتَجَابُواْ لَكُمۡۖ وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُونَ بِشِرۡكِكُمۡۚ وَلَا يُنَبِّئُكَ
مِثۡلُ خَبِيرٖ ﴿١٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

11-ئاللاھ سىلەرنى (ئاۋۋال) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىيدىن ياراتتى. ئاندىن سىلەرنى (ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت) جۈپلەر قىلدى، ھېچقانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەر-قانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) يېزىلغان. شەكسىزكى، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.

12-ئىككى دېڭىز ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ سۈيى تاتلىق، تەملىك ۋە ئىچىشلىكتۇر، ئۇنىڭ سۈيى ناھايىتى ئاچچىق ۋە تۇزلۇقتۇر. سىلەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن (دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت) يېڭى-يېڭى گۆشلەرنى يەيسىلەر ۋە سىلەر تاقايدىغان (ئۈنچە-مارجاندىن ئىبارەت) زىننەت بۇ-يۇملىرىنى چىقىرىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) سەن كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (نېسىۋەڭلەرنى) ئىزدىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

13-ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى (قىيامەتتىن ئىبارەت) مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، ھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس.

14-ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار سىلەرنىڭ (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (بۇ ھەقىقەتلەرنى) ھېچكىم ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ئاللاھتەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

## تەپسىرى

ئى ئادەم بالىلىرى! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەسلىڭلار بولغان ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئارىلاشما ئابىمەنىيسىدىن (يەنى ئىسپېرمىسىدىن) ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئەر ۋە ئاياللىدىن ئىبارەت جۈپلەر قىلدى، شەكىلىڭلارنى، رەڭگىڭلارنى ھەر خىل قىلدى، ھەتتا بىر-بىرىڭلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە دەلىل بولالامدۇ؟

قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىگە قاراپ تىرىلىشنى مۇمكىن ئەمەس، دەپ سانايتتى. ئۇلار: «بىز يەرنىڭ ئاستىدا چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن قانداقمۇ ئەسلىمىزگە كېلىمىز؟ قانداق تىرىلىمىز؟» دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى دەسلەپتە تۇپراقتىن ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئىنسان ئەۋلادىنى ئىسپېرمىدىن ياراتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئەسلىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا شۇنى بايان قىلىشنى ئىرادە قىلغانكى، جانلىق (يەنى ھاياتلىققا ئىگە بولغان) ئىنسان جانسىز تۇپراقتىن يارىتىلدى. تۇپراق بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. چۈنكى، ئىنسان ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، چۈشىنىدۇ، سۆزلەيدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما تۇپراق جانسىز بىر ماددا بولغانلىقتىن، ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ. مۇشۇنداق جانسىز تۇپراقتىن جانلىق ئىنساننى ياراتقان زات ئىنسانلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

«يەنە كېلىپ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىققان ماددىسى بىر تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ رەڭگىدىكى، شەكلىدىكى، مىجەز-خاراكتېرىدىكى ئوخشاشماسلىقلار نەدىن كەلدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ ماھىرلىقىغا، گۈزەل سەنئىتىگە، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ۋە قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟»[1].

ئىنساننىڭ بەدىنى مەيلى ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ كەتسۇن، مەيلى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ئاستىدا قالسۇن، مەيلى يەرنىڭ ئاستىدا چىرىپ پۈتۈنلەي تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بارچە ئورگانلىرىنى توپلاپ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 158- بەت.

ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر بولغان زات كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن ئالەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىدىغان، قانداقلا بىر ھامىلىدارنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاقنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىدىغان زاتتۇر. مەيلى ئىنسان بولسۇن، مەيلى باشقا جانلىق بولسۇن، ھېچقانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدىن ئىبارەت چوڭ كىتابتا ئېنىق يېزىلغان.

ئىنسان بەدىنىدىكى نەسىللىنىش ئورگىنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە ھامىلىدارلىقنىڭ باسقۇچلىرىنى بىلىدىغانلار بۇ ئىشلاردىكى ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن ئىلمىي ھېكمەتنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە قاراپ بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەجىلى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئالدىن بەلگىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ. ﴿إِنَّ أَجَلَ ٱللَّهِ إِذَا جَآءَ لَا يُؤَخَّرُۚ لَوۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ بېكىتكەن ئەجەل كەلگەن چاغدا (ئۇ ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر (بۇ ھەقىقەتنى) بىلگەن بولساڭلار (تائەت-ئىبادەتكە ئالدىرىغان بولاتتىڭلار)﴾[1]

مەخلۇقاتنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈش، كۆرىدىغان ئۆمۈرلىرىنى بەلگىلەش ۋە خاتىرىلەش قاتارلىق ئىشلار ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تولىمۇ ئوڭايدۇر.

ئەتراپىڭلاردىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە، دەريالارغا ۋە دېڭىز- ئوكيانلارغا قاراڭلاركى، بىرىنىڭ سۈيى تاتلىق، يەنە بىرىنىڭ سۈيى تۇزلۇق كېلىدۇ. مەسىلەن: ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ، دەريالارنىڭ سۈيى تاتلىق، تەملىك ۋە ئىچىشلىك كېلىدۇ. ئەمما دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ سۈيى تۇزلۇق ۋە ئاچچىق بولغانلىقتىن، ئىچكىلى بولمايدىغان كېلىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى جىمى سۇلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى تۇزلۇق دېڭىز سۈيى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ چۈنكى، دېڭىزدىن پارغا ئايلىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىققان سۇ ئۇ يەردە بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ بۇلۇتلار شاماللارنىڭ قوزغىتىشى بىلەن بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇش نەتىجىسىدە يامغۇر يېغىپ يەنە شۇ زېمىنغا تاتلىق سۇ بولۇپ چۈشىدۇ. جىمى سۇلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىر بولسىمۇ، ئاللاھ

[1] نۇھ سۈرىسى: 4-ئايەت.

تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە دەريا بولۇپ، سۈيى تاتلىق كېلىدۇ، يەنە بىرى، دېڭىز- ئوكيان بولۇپ، سۈيى تۇزلۇق كېلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسىدىن چىققان بېلىق قاتارلىق جانلىقلارنىڭ گۆشىنى ئىنسانلار يەيدۇ، دېڭىزدىن قىممەتلىك ئۈنچە-مارجانلار چىقىدۇ، ئىنسانلار ئۇنى زىننەت بۇيۇملىرى ئورنىدا قوللىنىدۇ.

دېڭىزدا ئېغىر يۈكلەرنى توشۇيدىغان پاراخوتلارنى كۆرۈۋاتىسىلەر. ئاللاھ تائالا بۇلارنى سىلەرگە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، سىلەر ئۇچۇن شەھەرلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا قاتناپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئارقىلىق تاۋارلىرىڭلارنى يۆتكەيسىلەر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، دېڭىزنىمۇ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەن كېچىنى كۈندۈزنىڭ ۋاقتىغا كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىنىڭ ۋاقتىغا كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ قۇدرەت، ئاجايىپ سەنئەتتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە كۈن بىلەن ئاينى ئۆز تەسەررۇپى ئاستىدا تۇتقان ۋە بۇ ئىككىسىنى بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندىغان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن بويىچە تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئاندىن قىيامەت قايىم بولغاندا ئىش باشقىچە بولىدۇ ۋە ھەممە پانىي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىگە چوڭ-كىچىك ھەر خىل نېمەتلەرنى، تۈرلۈك ئىنئاملارنى ئاتا قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر. ئاخىرقى قايتىش ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىگە بولىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر-لىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولۇڭلار.

ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەر-سىلىرىڭلار ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ، ئۇلاردىن سىلەرگە ئەمەس، ئۆزلىرىگىمۇ پايدا يوق. چۈنكى، ئۇلارنى چاقىرساڭلار سىلەرنىڭ چاقىرىقىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟ ئۇلار تاشتىن ۋە لايدىن ياسالغان بۇتلار تۇرسا؟ ئۇلارنى سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلايدۇ، دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار سىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇتلار قانداقمۇ گەپ قىلسۇن؟! قىيامەت كۈنىدە سىلەرنىڭ ئۇلارغا چوقۇنغانلىقىڭلارنى ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا

شېرىك قىلىنۋالغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: ﴿مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَآ أَمَرْتَنِى بِهِۦٓ أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبَّكُمْ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان: «مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار» دېگەن سۆزنىلا ئېيتقان ئىدىم﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! بۇ ھەقىقەتلەرنى ساڭا ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ تائالادەك ھېچكىم مۇنداق توپتوغرا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان بۇ مەخلۇقاتنى تولۇق بىلگۈچى زاتتۇر. ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ﴾ يەنى ﴿ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ ياراتقانلىرىنى) بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2].

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە ياخشىلىق-يامانلىق، پايدا-زىيان ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

2. كائىناتتا ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىگە ۋە چەكسىز ئىلمىگە ھەم گۈزەل سەنئىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر جانلىقنى ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىگە لايىق شەكىلدە ياراتقانلىقى ۋە ئىنساننى شۇنداق چىرايلىق ۋە يارىشىملىق سۈرەتكە كىرگۈزگەنلىكى ئۇنىڭ گۈزەل سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرىدۇر.

3. ئەقىلنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى ۋە ھەقىقىي رولى ئۆزىنىڭ ياراتقۇ-چىسىنى تونۇشتا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كالىغا ۋە ئۆز قولى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنى ئەقىللىق دېگىلى بولامدۇ؟

### ۋەز-نەسىھەت ۋە تەلىماتلار

﴿۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ أَنتُمُ ٱلْفُقَرَآءُ إِلَى ٱللَّهِ ۖ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ٱلْحَمِيدُ

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 117-ئايەت.

[2] مۇلك سۈرىسى: 14-ئايەت.

﴿١٥﴾ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٦﴾ وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ
بِعَزِيزٍ ﴿١٧﴾ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۚ وَإِن تَدْعُ مُثْقَلَةٌ إِلَىٰ حِمْلِهَا
لَا يُحْمَلْ مِنْهُ شَيْءٌ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰٓ ۗ إِنَّمَا تُنذِرُ ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم
بِٱلْغَيْبِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۚ وَمَن تَزَكَّىٰ فَإِنَّمَا يَتَزَكَّىٰ لِنَفْسِهِۦ ۚ وَإِلَى ٱللَّهِ
ٱلْمَصِيرُ ﴿١٨﴾ وَمَا يَسْتَوِى ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ ﴿١٩﴾ وَلَا ٱلظُّلُمَٰتُ وَلَا
ٱلنُّورُ ﴿٢٠﴾ وَلَا ٱلظِّلُّ وَلَا ٱلْحَرُورُ ﴿٢١﴾ وَمَا يَسْتَوِى ٱلْأَحْيَآءُ وَلَا
ٱلْأَمْوَٰتُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُسْمِعُ مَن يَشَآءُ ۖ وَمَآ أَنتَ بِمُسْمِعٍ مَّن فِى ٱلْقُبُورِ
﴿٢٢﴾ إِنْ أَنتَ إِلَّا نَذِيرٌ ﴿٢٣﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا ۚ وَإِن
مِّنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ ﴿٢٤﴾ وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ
مِن قَبْلِهِمْ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَبِٱلزُّبُرِ وَبِٱلْكِتَٰبِ ٱلْمُنِيرِ
﴿٢٥﴾ ثُمَّ أَخَذْتُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٢٦﴾

## تەرجىمىسى

15-ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئاللاھ بولسا (ھېچكىمگە) موھتاج ئەمەستۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

16-ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ.

17-بۇ ئاللاھقا قىيىن ئەمەس.

18-ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا ئادەمنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ، (ئى پەيغەمبەر!) سەن پەقەت رەببىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورققىدىغانلارنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغانلارنى ئاگاھلاندۇرالايسەن، كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ. (ئاخىر) قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

19-21- كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، سايە بىلەن ئاپتاپ باراۋەر بولمايدۇ.

22ـ تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرمۇ باراۋەر بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى دىللىرى ئۆلگەن كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن.

23ـ سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن.

24ـ بىز ھەقىقەتەن سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق بىلەن ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۈممەت بولسۇن، ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن.

25ـ ئۇلار سېنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى، سەھىپىلەرنى، نۇرلۇق كىتابلارنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

26ـ ئاندىن كاپىرلارنى ئازابقا تۇتتۇم، (ئۇلارغا بەرگەن) ئازابىم قانداق بولدى؟

### تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! سىلەر دىن ۋە دۇنيالىق، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، چوڭ-كىچىك پۈتۈن ئىشلىرىڭلاردا ئاللاھ تائالاغا موھتاجسىلەر. چۈنكى، كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. خۇسۇسەن، ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجى ھەقىقەتەن كۆپ ۋە چوڭدۇر. ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجى شۇنداق تەكىتلەنگەنكى، گويا ئاللاھ تائالاغا موھتاج بولغۇچىلار پەقەتلا ئىنسان جىنسىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجى يوق ۋە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. بەندىلىرىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلىرى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاسمان ۋە زېمىندا، شۇنداقلا جىمى كائىناتتا بارچە ھەمدۇساناغا ۋە گۈزەل مەدھىيەگە لايىق بولغۇچى يېگانە زات ئاللاھ تائالادۇر.

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ خالىسا سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا سىلەردىنمۇ ئىتائەتچان، سىلەردىنمۇ ياخشى بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ھېچقانچىلىك قىيىن ئەمەس. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، ھېچقانداق بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىر گۇناھكار ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، بەلكى ھەربىر جان ئىگىسى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئۆزىلا مەسئۇل ۋە ئۆزىلا جاۋابكاردۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. يامان ئىش

قىلغۇچىلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتقىنىدەك، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارمۇ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ناۋادا بىراۋ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى باشقىسىغا ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ئادىمىگە يالۋۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ‹ئى ئاتا! مەن دۇنيادا ساڭا ئەڭ ۋاپادار پەرزەنت ئەمەسمىدىم؟ سېنى ئاسرايتتىم ۋە قوغدايتتىم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى كۆرۈۋاتىسەنكى، مەن شۇنچىلىك يامان ئەھۋالدا قالدىم. ماڭا ساۋابىڭدىن ئازراق بەرگەن بولساڭ ياكى گۇناھلىرىمدىن ئازراقىنى كۆتۈرۈپ بەرگەن بولساڭچۇ!› دەيدۇ. ئاتا ئۇنىڭغا دەيدۇكى، ‹سېنىڭ مەندىن سورىغىنىڭ ئازراق نەرسە. ئەمما مەن شۇنچىلىك ئازراق نەرسىنىمۇ ساڭا بېرەلمەيمەن. چۈنكى، مەنمۇ خۇددى سەندەكلا ساۋابقا موھتاج بولۇۋاتىمەن ۋە ئاقىۋىتىمدىن قورقۇۋاتىمەن›. ئەسلىدە بۇ ئاتىمۇ ئۆز ئاتىسىدىن شۇنداق تەلەپ قىلغان ۋە شۇنداق جاۋابنى ئالغان بولىدۇ. ئەر ئايالىغا: ‹دۇنيادىكى تۇرمۇشىمىزدا مەن سىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئىدىم. بۈگۈن مېنىڭ گۇناھلىرىمدىن ئازراقىنى بولسىمۇ كۆتۈرۈپ بەرسىڭىزكەن، بەلكى مەن شۇنىڭ بىلەن ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن› دەيدۇ. ئايالى ئۇنىڭغا: ‹سىزنىڭ مەندىن سورىغىنىڭىز ئازراق نەرسە، ئەمما مەنمۇ سىز قورققاندەكلا قورقۇۋاتىمەن› دەيدۇ». ئاندىن ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا ئادەمنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان[1].

ئەللامە فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە بىر ئايال بالىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەيدۇ: ‹ئى ئوغلۇم! دۇنيادا مەن سېنى قورسىقىمدا كۆتۈرۈپ، يۈرىكىمگە چىڭ بېسىپ ۋە ئېمىتىپ باققان ئەمەسمىدىم؟› بالا ئانىسىغا دەيدۇ: ‹ھەئە، توغرا دەيسىز ئانا، راستتىنلا سىز شۇنداق قىلغان ئىدىڭىز›. ئانا بالىسىغا يالۋۇرۇپ: ‹ئوغلۇم گۇناھلىرىم مېنى بېسىۋالدى، گۇناھلىرىمدىن بىرەرسىنى بولسىمۇ كۆتۈرۈپ بەرگەن بولساڭچۇ!› دەيدۇ. بالا ئانىسىغا: ‹جېنىم ئانا كۆتۈرسەمغۇ كۆتۈرەتتىم. ئەمما مەن ئۆز گۇناھلىرىمنىڭ غېمىدە قالغان بۇ ھالىتىمدە

[1] «تفسير القرطبي» 14-توم، 303-بەت.

سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيمەن› دەيدۇ»[1].

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئاللاھ تائالانى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. توغرا، سەن شۇنداق كىشىلەرنىلا ئاگاھلاندۇرالايسەن. ئەمما باشقىلارغا، خۇسۇسەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىۋاتقان كاپىرلارغا سېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇڭنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى پېچەتلەنگەن. شۇڭا ئۇلار سەن چاقىرغان دەۋەتكە كەلمەيدۇ. «ئىنسانلار مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كېلىدۇ: بىرى، كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ياراتقان، قۇدرەتلىك بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ھەر زامان ئوچۇق بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارغا قىلىنغان دەۋەتنىڭ پايدىسى بولىدۇ. يەنە بىرى، ماددىغىلا ئىشىنىدىغان، ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار بولۇپ، ئۇلارغا سېنىڭ دەۋىتىڭنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايدۇ»[2].

كاپىر ئادەم بىلەن مۆئمىن ئادەم، كور ئادەم بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، سايە بىلەن ئاپتاپ، ئۆلۈك بىلەن تىرىك باراۋەر بولامدۇ؟ بۇلار ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇغان مۆئمىن ئادەم تىرىكتۇر، ئۇ بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولغان كىشىدۇر. ئەمما ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىر ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈكتۇر. مۇنداقلارنىڭ دىلى قارا، ۋىجدانى ئۆلۈكتۇر. مۇنداقلار باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش غايىسىز ۋە نىشانسىز ياشايدىغان مەخلۇقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھاياتى ھەقىقىي ھايات ئەمەس.

ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىگە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىتىدۇ ۋە ھەقىقەتنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىمنىڭ ھىدايەت تا-پىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ئۇنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، شۇنداقلا كىمنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ۋە قەلبى يېپىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداقلارنى ياخشىلىققا ھىدايەت قىلمايدۇ. ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلمەيسەن. شۇڭا ھەممە كىشىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىسەن. سەن ئەقلىنى ئىشقا سالالمىغان ۋە ئەقلىنىڭ خىزمىتىنى بىكار قىلى-ۋەتكەن، ھەقىقەتنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە چۈشەنمەيدىغان ئىنسانلارغا ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىتالمايسەن. ئۇلار گويا قەبرىلەردىكى

---

[1] «تفسير القرطبي» 14-توم، 303-بەت.

[2] «التفسير الواضح» 3-توم، 162-بەت.

ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش مەنىۋى ئۆلۈكلەردۇر. خۇددى ئۆلۈكلەر ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۇلارمۇ ھەقىقەتنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپمىغانلىقىدىن ساڭا زىيان يەتمەيدۇ. چۈنكى، سەن پەقەتلا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. رەببىڭ سېنىڭ ھەق دىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىشىڭ، دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن سېنى ھەق دىن ۋە ھەق كىتاب بىلەن ئەۋەتتى. ھەرقانداق بىر قەۋمگە چوقۇم پەيغەمبەر كەلگەن ۋە ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغان.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلغان ۋە دىنىڭنى يالغانغا چىقارغان بولسا، سەن ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، غەمكىن بولمىغىن. چۈنكى، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ كۈچلۈك مۆجىزىلەر بىلەن ۋە ئىنسانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇشقا يېتەرلىك ساماۋى كىتابلار بىلەن كەلگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئۇلار قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغان، ئۇلارنىڭ دىنى ئىنكار قىلىنغان. ئاندىن ئۇ قەۋملەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق. مېنىڭ ئازابىم قانداق بولدى؟

سىلەر ئاد ۋە سەمۇد قاتارلىق قەۋملەرنىڭ ھالاك قىلىنغان جايلىرىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جىمى مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالاغا ئەڭ موھتاج بولغان مەۋجۇداتتۇر. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم.

2. تولۇق ئادالەت قىيامەت كۈنىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنى ئادالەت كۈنىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىدىغانلار پەقەت ئۇنىڭغا ئىمانى بولغانلاردۇر. شۇڭا ئاگاھلاندۇرۇشتىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار پەقەت مۆئمىنلەردۇر.

4. ھەركىمنىڭ قىلغانلىرى پەقەت ئۆزى ئۈچۈندۇر. ياخشى ئىش

قىلغانلار مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك، يامان ئىش قىلغانلارمۇ جازاسىنى چېكىدۇ.

5. ئىمان مەنىۋى ھاياتلىق، كۇفرى مەنىۋى ئۆلۈمدۇر. شۇڭا ئىمانى بارلارنىڭ قەلبى ئويغاق، روھى ھاياتتۇر، ئىمانسىزلارنىڭ قەلبى غەپلەتتە، روھى ئۆلۈكتۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققان كاپىرلارنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتى تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما ھەربىر جازانىڭ ۋاقتى-سائىتى بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالادىن ئەڭ قورقىدىغانلار ئالىملاردۇر

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ ثَمَرَٰتٍ مُّخْتَلِفًا
أَلْوَٰنُهَا ۚ وَمِنَ ٱلْجِبَالِ جُدَدٌۢ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهَا وَغَرَابِيبُ
سُودٌ ﴿٢٧﴾ وَمِنَ ٱلنَّاسِ وَٱلدَّوَآبِّ وَٱلْأَنْعَٰمِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ كَذَٰلِكَ ۗ
إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُا۟ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ ﴿٢٨﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنفَقُوا۟ مِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ
سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَٰرَةً لَّن تَبُورَ ﴿٢٩﴾ لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ
وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٣٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27-كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردۇق. (ئاللاھ تاغلارنى يارىتىپ) تاغلاردىن ئاق، قىزىل، ھەر خىل رەڭلىك ۋە قاپقارا يوللارنى (قىلدى).

28-شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

29-30-شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىز بەرگەن رىزىقتىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر (بۇ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن) ئاللاھنىڭ

ئۇلارغا مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىشى ۋە ئۆز مەرھەمىتىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن، مەڭگۈ كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

زېمىن بىر خىل بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا شاماللارغا ئەمر قىلىش ئارقىلىق بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈرگەن يامغۇرنى بەزىسى قوبۇل قىلىپ مول ھوسۇل بەرگەندەك، يەنە بەزىسى قوبۇل قىلماي مول ھوسۇل بەرمىگەندەك، ئىنسانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىشتا بىر خىل ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىسى ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ توغرا يولغا ئەگەشسە، يەنە بەزىسى ھىدايەتنى قوبۇل قىلماي كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

سۇ جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغىنىدەك، ھىدايەت قەلبلەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. خۇددى سۇ قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگىنىدەك، ھىدايەت قەلبلەرنى ئىمان بىلەن تىرىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى يامغۇرغا ئوخشىتىلغان.

ئى ئىنسان! كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ تائالا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. يامغۇر ئارقىلىق زېمىندىن رەڭگى، ھەجمى، تەمى ۋە شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەر خىل مېۋىلەرنى چىقاردۇق. ھەتتا ئالما ياكى ئانارغا ئوخشىغان مېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى ئىچىدىمۇ قىزىل، سېرىق ۋە كۆك دېگەندەك ھەر خىل رەڭلىكلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئاپېلسىننى ئالساق ئۇنىڭ رەڭگىدە، تەمىدە ۋە ھەجمىدە ھەر خىل بولغان تۈرلىرى تېپىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، بىر خىل زېمىندىن چىقىدۇ. ئەمما تۈرى، تەمى، رەڭگى، شەكلى، ھەجمى ۋە پۇرىقى بىر خىل بولمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

«يۇقىرىقى ئايەت ﴿ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى﴾ دەپ ئۈچىنچى شەخس تەبىرى بىلەن باشلىنىپ، ئاندىن ﴿ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردۇق﴾ دەپ بىرىنچى شەخس تەبىرىگە يۆتكىلىشتىكى سىر ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە تېخىمۇ كۈچلۈك دالالەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇلۇتتىن يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بەرگەنلىكى بىر نېمەت بولسا، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندىن شېرىن مېۋىلەرنى

چىقىرىپ بەرگەنلىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك نېمەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇ كۆرۈنەرلىك نېمىتىنى ئىنسانلارغا ئەسلىتىش ئۈچۈن ﴿چىقاردۇق﴾ دېگەن ئىبارىنى قوللانغان. بۇ مۇشۇ سۈرىنىڭ 9-ئايىتىدىكى ﴿ئاللاھ شاماللارنى ئەۋەتىپ (ئۇنىڭ بىلەن) بۇلۇتنى قوزغايدىغان زاتتۇر. بىز بۇلۇتلارنى ئۆلۈك بىر يەرگە ھەيدەيمىز-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىمىز﴾ دېگەن تەبىرگە تامامەن ئوخشايدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا تاغلارنى يارىتىپ، ئۇ تاغلاردىن ئاق، قىزىل، ھەر خىل رەڭلىك ۋە قاپقارا يوللارنى بەرپا قىلدى. يەنە ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە چارۋىلارنىمۇ ھەر خىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا چەكسىز ئىلىم-ھېكمەت بىلەن مۇسەلسەل قۇدرەتنىڭ تەسىرى بار.

ئاللاھ تائالانى تولۇق بىلگەن، ئۇنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنى ۋە قۇدرىتىنى تونۇغان ئالىملار ئۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان كىشىدۇر. ئۇلار يەنە قىيامەت كۈنىنىمۇ ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، بىلگىنىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىملارنىڭ جازاسى قىيامەت كۈنى ئېغىر بولىدۇ.

ئەمدى، ئالىملار دېگەن كىملەر؟

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ سوئالغا بىر جۈملە سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئالىمدۇر»[2] دېگەن.

ئايەتنىڭ ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن جۈملە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، غالىبلىق ئاسىيلارنى ۋە گۇناھكارلارنى جازالاشنى تەقەززا قىلسا، مەغپىرەت ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تەۋبە قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» بىزگە ئالىملارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىزدەشكە يۈرسەتمۇ بەرمەستىن، ئۆزى جاۋاب بەرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى،

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 164- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 20-توم، 462-بەت.

ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىز بەرگەن رىزىقتىن (ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەر (بۇ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن) ئاللاھنىڭ ئۇلارغا مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بېرىشى ۋە ئۆز مەرھەمىتىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن، مەڭگۈ كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي ئالىم دەپ سانىلىدىغانلار ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم»نى بىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئىخلاس بىلەن تىلاۋەت قىلىش، ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلدۈرۈش، تەلىماتلىرى بويىچە كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكاتنى تولۇق بېرىش، يوقسۇللارغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا خەير-ئېھسان قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلاردۇر. مانا بۇنداق كىشىلەر مەڭگۈ كاساتلاش-مايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىپ، ئاخىر مۇرادىغا يېتىدىغان كىشىلەردۇر.

ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە تونۇغان، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە قۇدرىتىنى ياخشى بىلگەن، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە جەننىتىنى كۆزلەيدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىردەك، بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئۆز دىنىغا ساداقەتمەن كىشىلەردۇر. ئالىم دېگەن ئەنە شۇدۇر. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا مۇكاپاتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى ۋە ئۆز مەرھە-مىتىدىن تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈندۇر.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بىزلەرنىمۇ شۇنداق ئالىملارنىڭ قاتارىدىن قىلىشنى تىلەيمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى تونۇغان ئادەم ھەقىقىي ئالىمدۇر.

2. ئاللاھ تائالانى قانچىلىك تولۇق ۋە ياخشى تونۇغان ئادەم ئۇنى شۇنچىلىك تولۇق قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن شۇنچىلىك ئەيمىنىدۇ. ﴿إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُاْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

[1] فاتىر سۈرىسى: 28-ئايەت.

3. قۇرئان ئوقۇش، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، زاكاتنى تولۇق بېرىش ئەڭ ساۋابلىق ئەمەل-ئىبادەتلەردۇر.

### «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنگۈچىلەر ۋە ئىنكار قىلغۇچىلار

﴿وَٱلَّذِىٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ هُوَ ٱلۡحَقُّ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ
يَدَيۡهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِعِبَادِهِۦ لَخَبِيرُۢ بَصِيرٞ ٣١ ثُمَّ أَوۡرَثۡنَا ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ
ٱصۡطَفَيۡنَا مِنۡ عِبَادِنَاۖ فَمِنۡهُمۡ ظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ وَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞ
وَمِنۡهُمۡ سَابِقُۢ بِٱلۡخَيۡرَٰتِ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَضۡلُ ٱلۡكَبِيرُ ٣٢
جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَلُؤۡلُؤٗاۖ
وَلِبَاسُهُمۡ فِيهَا حَرِيرٞ ٣٣ وَقَالُواْ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَذۡهَبَ عَنَّا ٱلۡحَزَنَۖ
إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٞ شَكُورٌ ٣٤ ٱلَّذِىٓ أَحَلَّنَا دَارَ ٱلۡمُقَامَةِ مِن فَضۡلِهِۦ لَا
يَمَسُّنَا فِيهَا نَصَبٞ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٞ ٣٥ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمۡ
نَارُ جَهَنَّمَ لَا يُقۡضَىٰ عَلَيۡهِمۡ فَيَمُوتُواْ وَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُم مِّنۡ عَذَابِهَاۚ
كَذَٰلِكَ نَجۡزِى كُلَّ كَفُورٖ ٣٦ وَهُمۡ يَصۡطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا
نَعۡمَلۡ صَٰلِحًا غَيۡرَ ٱلَّذِى كُنَّا نَعۡمَلُۚ أَوَلَمۡ نُعَمِّرۡكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ
مَن تَذَكَّرَ وَجَآءَكُمُ ٱلنَّذِيرُۖ فَذُوقُواْ فَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٍ ٣٧﴾

### تەرجىمىسى

31-(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان كىتاب (قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى ئەلۋەتتە تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

32-ئاندىن بىز كىتاب (قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر، يەنە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ كاتتا ئىنئامدۇر.

33-ئۇلار دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە

ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ.

34ـ ئۇلار (جەننەتتە شۇنداق) دەيدۇ: «بىزدىن غەم-قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! بىزنىڭ رەببىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.

35ـ ئاللاھ ئۆز مەرھەمىتىدىن بىزنى دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز».

36ـ كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن جەھەننەم ئازابى ئازراقمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.

37ـ ئۇلار دوزاختا: «رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇالساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئۇلارغا دېيىلىدۇ) «سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز-نەسىھەت ئالالىغۇدەك ئۆمۈر بەرمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرگە ئاگاھـ ـلاندۇرغۇچى كەلدىغۇ! (نېمىشقا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟) ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ياردەم بەرگۈچى يوق».

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان بۇ شانلىق كىتاب - «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرى مۇسا، ئىيسا، داۋۇد ئەلەيھىسسالاملارغا بېرىلگەن «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەسلىسىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىغان ھالدا كەلگەن بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنى ئەۋەتىش بىلەن ساماۋى دىننى تاماملاشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاساسلىق مەقسەت ۋە مۇددىئالىرىنى خۇلاسىلىگەن ۋە ھەممىنى «قۇرئان كەرىم»گە مەركەزلەشتۈرگەن بولىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدۇق. ئاندىن ئۇنى سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن بىز تاللىغان بەندىلىرىمىزگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلماي، بەزى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىپ قويۇپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ، پەرز-لەرنى ئادا قىلىپ، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ ئوتتۇراھال ئىش قىلغۇچىلارمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان ۋە ئۇنىڭدا باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلارمۇ بار.

بۇ ئايەتتە چۈشىنىش قىيىن بولغان ئىككى چوڭ مەسىلە بار: بىرى، ﴿ئاندىن بىز ئۇ كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر...﴾ دېگەن ئايەت، يەنە بىرى، ﴿ئۇلار دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتۇر. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ساھابىلەر بىلەن تابىئىنلارنىڭ مۇپەسسىرلىرى ھەر خىل شەرھلەرنى قىلغان.

بىرىنچى سوئال: بەندىلەر ئىچىدىن تاللانغان كىشىلەر ئارىسىدا قانداقمۇ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بولىدۇ؟

ئىككىنچى سوئال: ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار قانداق بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ؟

ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر قانچە جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويغان. ساھابىلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئاففان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇقبە ئىبنى ئامىر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىقلاردىن ۋە ئەبۇ دەردادىن رىۋايەت قىلىنغان قاراشلارنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى – كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلىپ قويىدىغان مۇئمىن ئادەم، ئوتتۇراھال – دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان مۇئمىن ئادەم، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچى – پەرز ئىبادەتلەرنى ئورۇندىغانىنىڭ سىرتىدا نەپلە ئىبادەتلەرنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان مۇئمىن ئادەم بولۇپ، ﴿ئۇلار مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇ ئۈچ تۈرلۈك مۇئمىننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ «هَـؤُلاَءِ كُلُّهُـمْ بِمَنْزِلَـةٍ وَاحِـدَةٍ، وَكُلُّهُـمْ فِي

الجَنَّةِ» يەنى «ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرتىۋىسى بىر خىلدۇر ۋە ھەممىسى جەننەتتە بولىدۇ»[1] دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بەيھەقىي بۇ ھەدىسنى «ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۈممەتتىندۇر، گەرچە مەرتىۋىلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ھەممىسى جەننەتتە بولىدۇ»[2] دەپ شەرھلىگەن.

يۇقىرىقى مۆئمىنلەرنىڭ تەقۋالىقتىكى دەرىجىسىنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا قارىماي، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋارىسلىرى قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ئاتا قىلغان چوڭ پەزل-كەرەمدۇر. بۇ پەزل-كەرەم سايىسىدا ئۇلار مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىپ، ئاللاھ تائالا خالىغان مۇددەتكىچە شۇ جەننەتلەردە قالىدۇ. ئۇلار بۇ جەننەتلەردە ئالتۇن، كۆمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى سالىدۇ، ئۈنچە-مەرۋايىتتىن ياسالغان بىزەكلەرنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ساپ يىپەكتىن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن. جەننەتنىڭ مىسلىسىز نېمەتلىرىنى كىشىلەرنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇپ بايان قىلىش ئۈچۈن، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىسمىلىرى كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، جەننەتلەردە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نازۇنېمەتلەر بار. جەننەت ئەھلى جەننەتلەرگە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، چىن قەلبىدىن «ئاللاھقا شۈكرى، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى، ئۇنىڭ بىزدىن غەم-قايغۇنى يوق قىلغانلىقىغا شۈكرى، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!» دەپ تولىمۇ راھەتلىك ۋە تولىمۇ ھۇزۇرلۇق بىر نەپەس ئالىدۇ.

ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇكى، ھەقىقەتەن بىزنىڭ رەببىمىز گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى، تائەت-ئىبادەتلەرنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بەرگۈچى، شۈكۈر قىلغۇچىغا ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بەرگۈچى كەرەملىك زاتتۇر. ئۇ بىزنى ئۆز پەزل-كەرەمى بىلەن مەڭگۈلۈك قارارگاھ بولغان جەننەتلەرگە كىرىشكە مۇيەسسەر قىلدى. ئەمدى، بىز قايغۇرمايمىز، جاپا تارتمايمىز ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە نېمەتلىنىمىز. مانا بۇلار دۇنيادا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقىغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرىدۇر.

---

[1] «سنن الترمذي» 5-توم، 216-بەت، 3225- ھەدىس.

[2] «تفسير ابن كثير» 6-توم، 547-بەت.

ئەمدى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ شۇ كاپىرلىقى بىلەن ئۆلگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار شەيتاننىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن ئازاب يەڭگىللىتىلمەيدۇ ۋە بەلگىلەنگەن جازا ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئازابتىن ئۆلۈپ قۇتۇلاي دېسىمۇ، ئاخىرەتتە ئۆلۈم بولمىغانلىقتىن، ئۇلار يا ئۆلمەيدۇ ياكى ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىسى كۆيۈپ ئازابنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالغان ھامان تېرىلىرى قايتىدىن يەڭگۈشلىنىپ يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئازابنى تېتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئاغرىقنى ۋە ئازابنى ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسە تېرە بولۇپ، تېرە كۆيۈپ بولغاندا، ئازابلىنىش توختاپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ ئازابنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل جازادىن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھەممىسى تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگىنىدە، دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقتىن، دۇنياغا قايتىپ بېرىپ، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ياخشىلاردىن بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ ۋە تىلەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ تىلىگەنلىرى قانداقمۇ قوبۇل قىلىنسۇن؟!

ئۇلارغا دېيىلىدۇكى، ئەمدى ئېغىزىڭلارنى يۇمۇڭلار، پەرياد قىلغىنىڭلار-نىڭ قىلچە پايدىسى يوقتۇر. چۈنكى، بىز سىلەرگە دۇنيادا ۋەز-نەسىھەت ۋە ئۈگۈت ئېلىپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا يەتكۈدەك ئۇزۇن بىر ئۆمۈر ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟ نېمىشقا شۇ چاغدا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟ نېمىشقا پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىدىڭلار؟ نېمىشقا دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىگە ئالدىنىپ قالدىڭلار؟

ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار. بۇ ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ مەھسۇلىدۇر. سىلەرگە ئۇۋال قىلىنغىنى يوق. چۈنكى، سىلەرگە بۇ ئازاب تېگىشلىك بولدى. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ.

ناۋادا ئۇلارغا دۇنياغا قايتىش پۇرسىتى بېرىلسە، راستىنلا ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلامدۇ؟ ياق. ئۇلار ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا، يەنە شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار ھېچ ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىنلەردىكى غەيبلەرنىڭ ھەممىسىنى، بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دىللاردىكى سىرلارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ شانلىق دەستۇرى بولۇپ، پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئۇنى دەستۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان مۇكەممەل دىن بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى سايىسىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرمۇ ئادالەت، رەھىم-شەپقەت، خالىسانە ياردەم ۋە باراۋەرلىك قاتارلىق نېمەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

3. جەننەت ئەھلى ئەڭ ئېسىل نېمەتلەرگە ۋە تولىمۇ قىممەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

4. بۇ دۇنيادا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى دەھشەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ھەقىقەتكە قارشى بويۇنتاۋلىقى سەۋەبلىك شۇنداق قاتتىق ئازابقا ھەقلىق بولغۇچىلاردۇر.

5. جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغاندا ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاندىن قىلغان تەۋبىنىڭ ۋە ئاخىرەتتە پۇشايمان قىلغانلىقنىڭ قىلچە پايدىسى يوق.

## مۇشرىكلارغا رەددىيە

﴿إِنَّ ٱللَّهَ عَٰلِمُ غَيۡبِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ
٣٨ هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ فَمَن كَفَرَ فَعَلَيۡهِ
كُفۡرُهُۥۖ وَلَا يَزِيدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ كُفۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ إِلَّا مَقۡتٗاۖ وَلَا
يَزِيدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ كُفۡرُهُمۡ إِلَّا خَسَارٗا ٣٩ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ شُرَكَآءَكُمُ
ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَرُونِي مَاذَا خَلَقُواْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِ أَمۡ لَهُمۡ
شِرۡكٞ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَمۡ ءَاتَيۡنَٰهُمۡ كِتَٰبٗا فَهُمۡ عَلَىٰ بَيِّنَتٖ مِّنۡهُۚ بَلۡ إِن
يَعِدُ ٱلظَّٰلِمُونَ بَعۡضُهُم بَعۡضًا إِلَّا غُرُورًا ٤٠ ۞ إِنَّ ٱللَّهَ يُمۡسِكُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ أَن تَزُولَاۚ وَلَئِن زَالَتَآ إِنۡ أَمۡسَكَهُمَا مِنۡ أَحَدٖ

مِّنۢ بَعۡدِهِۦٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ﴿٤١﴾

### تەرجىمىسى

38ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

39ـ(ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرنى يەر يۈزىدە بىر-بىرىڭلارغا ئورۇنباسار قىلغان زاتتۇر. كىمكى ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى رەببىنىڭ دەرگاھىدا پەقەت غەزەپنىلا ئاشۇرىدۇ، كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى ئۇلار ئۈچۈن پەقەت زىياننىلا كۆپەيتىدۇ.

40ـ(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار زېمىندىن نېمىلەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ياراتتىمۇ؟ ياكى بىز ئۇلارغا بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلىنامدۇ؟» ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان) بۇ زالىملار بىر- بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ

41ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى چۈشۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ (گۇناھكارلارنى) جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

### تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئۇلارغا ئەسلىتىش ۋە ئۆزىنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى بايان قىلىش، شۇنداقلا مۇشرىكلارغا ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى يەر يۈزىدە بىر-بىرىڭلارغا ئورۇنباسار قىلىش ئارقىلىق نەسلىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشاپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئورۇنباسار قىلدى. ئورۇنباسارلىق دېگەن بىرىنىڭ ئىزىنى يەنە بىرى بېسىپ، ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇش

دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سىلەرنىڭ چوقۇم بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى ئېسىڭلارغا سالىدۇ. شۇڭا سىلەر بۇ دۇنياغا مەغرۇرلانماڭلار، ئالدانماڭلار، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، هاياتىڭلارنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ئاتاڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار.

كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۆزىگىلا بولىدۇ. كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا غەزەپ-نەپرەتنىلا زىيادە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ئۇلارغا ئازغۇنلۇقتىن، زىياندىن ۋە هالاكەتتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنداق دېگىنكى، ئى مۇشرىكلار! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىلاھىڭلار ۋە ياراتقۇچىڭلار بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ نېمىنى ياراتقانلىقىنى ماڭا بىر كۆرسەتمەمسىلەر؟ قېنى ئۇلار نېمە قىلالىدى؟ نېمىنى يارىتالىدى؟ ۋە نېمىنى يوق قىلالىدى؟ ياكى ئاسماننىڭ يارىتىلىشىدا ئۇلارنىڭ ھەسسىسى بارمۇ؟ ياكى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسىنى ياراتقانلىقىنى ياكى ئاللاھ تائالاغا شېرىك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان بىرەر كىتاب نازىل قىلغانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!

مۇشرىكلارغا مۇنداق سوئاللارنى قويۇشتىن مەقسەت ئۇلارنى ئويغىتىش ۋە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئازغۇن يولباشچىلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت يالغاندىنلا ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ھەر زاماننىڭ ئازغۇن يولباشچىلىرى ۋە شەيتانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە «ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دېگەن يوق گەپ، قىيامەت بولمايدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز سىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ ۋە سىلەرنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان ۋەدىلەرنى بېرىپ ئۇلارنى ئالدايتتى. ئۇلار مۇنداق قىلىش بىلەن ھەم ئۆزلىرىنى ھەم ئەگەشكۈچىلىرىنى ئالدايتتى. ئۇلار يەنە «بىز بۇ دۇنيادا ئابرۇيلۇق ئادەملەرمىز، ئاخىرەتتىمۇ چوقۇم شۇنداق ئابرۇيلۇق بولىمىز» دەپ جۆيلۈيتتى. بۇ ئويئوچۇق مەغرۇرلۇق ۋە ئۆچىغا چىققان يالغانچىلىقتۇر. شۇڭا ئايەتتە ﴿بۇ كاپىرلار بىر- بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ﴾ دەپ كەلگەن.

ئىش قانداقمۇ ئۇلار گۇمان قىلغاندەك بولسۇن؟ ھالبۇكى، ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ تاشقىرىدا ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، جىمى كائىناتنىڭ نىزامىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان زات ئەگەر بۇ نىزامنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ، ھېچكىم ئۇنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەكمۇ مېھرىبان بولۇپ، تەۋبە قىلىۋېلىشى، توغرا يولنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا كەڭ ۋە ئازادە پۇرسەت بېرىدۇ، زالىملارغىمۇ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىۋېلىشقا يېتەرلىك كەڭ پۇرسەت بېرىدۇ. شۇڭا گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ كەچۈرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان كۇفرىدا چىڭ تۇرغان ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇر(غانسېرى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە ھىدايىتىدىن شۇنچىلىك بەك يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىققا ئىشىنىش ئېڭى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن بىرگە بارلىققا كەلگەن تەبىئىي ئاڭ بولۇپ، ئىنسان تۇغۇلۇشتىكى ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپلا كەتمىسە، بۇ ئاڭ ئۇنىڭدا ھۆكۈم سۈرىدۇ. دىنسىزلىق، مۇشرىكلىك قاتارلىق ئىللەتلەر تۇغما ئاڭنىڭ ئۆزگەر-گەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاپەتلەردۇر. شۇڭا پەرزەنتلەرنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ، ئىسلامىي مۇھىت ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ زور دەرىجىدە تەسىرى بار.

3. ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ باھانىلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى ناھايىتى بەك مەغپىرەت قىلىدۇ.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى

﴿وَأَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَئِن جَآءَهُمْ نَذِيرٌ لَّيَكُونُنَّ أَهْدَىٰ

مِنۡ إِحۡدَى ٱلۡأُمَمِۖ فَلَمَّا جَآءَهُمۡ نَذِيرٞ مَّا زَادَهُمۡ إِلَّا نُفُورًا ﴿٤٢﴾
ٱسۡتِكۡبَارٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَكۡرَ ٱلسَّيِّيِٕۚ وَلَا يَحِيقُ ٱلۡمَكۡرُ ٱلسَّيِّئُ إِلَّا
بِأَهۡلِهِۦۚ فَهَلۡ يَنظُرُونَ إِلَّا سُنَّتَ ٱلۡأَوَّلِينَۚ فَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ
تَبۡدِيلٗاۖ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَحۡوِيلًا ﴿٤٣﴾ أَوَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ
فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَكَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنۡهُمۡ قُوَّةٗۚ
وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعۡجِزَهُۥ مِن شَيۡءٖ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّهُۥ
كَانَ عَلِيمٗا قَدِيرٗا ﴿٤٤﴾ وَلَوۡ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِمَا كَسَبُواْ مَا تَرَكَ
عَلَىٰ ظَهۡرِهَا مِن دَآبَّةٖ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمۡ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗىۖ فَإِذَا جَآءَ
أَجَلُهُمۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِعِبَادِهِۦ بَصِيرَۢا ﴿٤٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

42ـئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئۈممەتكە قارىغاندا، ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىشى بىلەن، بۇ ئۇلارنى (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراقـ ـلاشتۇرۇۋەتتى.

43ـ(بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە رەزىل ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەنلىكى (ئۈچۈندۇر). ھالبۇكى، رەزىل ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتكەننىڭ ئۇۋالى ئۇنى ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكىلەرگە قوللىنىلغان (جازالاش) قانۇنىيىتىنىلا كۈتىدۇ، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق يۆتكىلىش تاپالمايسەن (يەنى ئاللاھتىن كەلگەن ئازابنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ياكى ئۆزىدىن باشقىسىغا يۆتكەپ قويالمايدۇ).

44ـئۇلار يەر يۈزىنى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىمىدىمۇ؟ ئىلگىرىكىلەر بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھنى ئاجىز قىلالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

45ـئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دەرھال)

جازالايدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قالدۇرمىغان بولاتتى. لېكىن، ئاللاھ ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرىدۇ، ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ جازاسى ئىلگىرى - كېيىن بولمايدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

قۇرەيش كاپىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرەر پەيغەمبەر چىقىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەرەبلەرگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمىگەن ئىدى.

ئەرەبلەر ئادەتتىكى ئىشلارغا قەسەم قىلماقچى بولسا، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ۋە بۇتلىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلاتتى. ئەمما ئالاھىدە چوڭ ئىشلارغا ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر بولغان بىرەر ئىشقا قەسەم قىلماقچى بولغىنىدا، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلاتتى. چۈنكى، ئەرەبلەر گەرچە بۇتلارغا چوقۇنسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىمانى بار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا بۇتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرەتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىدىن بىرەر ئەرەب پەيغەمبەر كېلىشىنى قاتتىق ئارزۇ قىلغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، «ئەگەر بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەر كەلسە، بىز چوقۇم ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولاتتۇق، ئۇ چاغدا بىز دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتتىن بەكرەك ھىدايەت تاپقۇچى بولاتتۇق» دەپ قاتتىق قەسەم ئىچەتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇ ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك بىر ئائىلىدىن پەيغەمبەر قىلىپ چىقىرىۋىدى، بۇ ئىش ئەرەبلەرنى ھەقىقەتتىن ۋە ھىدايەتتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىشكە ئېلىپ باردى. يەنى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ كېلىشى بىلەن ھەقىقەتتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇق، مۇتەكەببىرلىك، ئاسىيلىق، ھىيلە-مىكىر ۋە يالغانچىلىق قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇلار بۇ يېڭى دىنىنى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن نەچچە ئونلىغان سۇيىقەستلەرنى

پىلانلىدى، تۇزاقلارنى قۇردى ۋە رەزىل ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتتى. ئەمما «باشقىسىغا ئورا كولىغان ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرى بىلەن ھىيلە-مىكىرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بالا بولدى ۋە ئاخىر ئۆزلىرى مەغلۇپ بولدى.

مۇنداقلار بۇ رەزىل قىلمىشلىرى بىلەن پەقەت ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگە يۈرگۈزۈلگەن ئىلاھىي قانۇنىيەتنىلا كۈتىدۇ. بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەت بولسا پەيغەمبەرلەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، ئۇلارغا قارشى چىققان كاپىرلارنى جازالاش ۋە ھالاك قىلىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان ئاسىيلارنى ئەڭ ئىبرەتلىك ئۇسۇلدا جازالاپ كەلگەن. پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق قىلىنغانلىقى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىنغانلىقى، قارۇننىڭ يەرگە يۇتقۇزۇلغانلىقى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ توپان بالاسىدا ھالاك قىلىنغانلىقى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

ئاللاھ تائالانىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارنى، ئاسىيلارنى ۋە بۇزغۇنچىلارنى جازالاشتىكى پىرىنسىپى ۋە جازالاش قانۇنىيىتى قەتئىي ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ قانۇنىيەتتىكى ھۆكۈمنىڭ ياكى جازانىڭ باشقىسىغا يۆتكەلگىنىمۇ يوق، بەلكى ئەينى قانۇنىيەت ۋە ئەينى ھۆكۈم ئۆز پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ھەق دىنىنى ئىنكار قىلغان بۇ كاپىرلار يەر يۈزىنى كېزىپ، ھېچ بولمىغاندا سەيلە-ساياھەت ئۈچۈن بولسىمۇ يولغا چىقىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنكارچى قەۋملەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىمىدىمۇ؟ شام، ئىراق، يەمەن قاتارلىق جايلاردا ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ يەر-ماكانلىرىنىڭ خارابىلىرى ھېلىھەم شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلار بۇ جايلارغا قاراپ بولسىمۇ ئىبرەت ئالمامدۇ؟ ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەر بۇ كاپىرلاردىن كۈچلۈك، بالىچاقىلىرى، بايلىقلىرى بۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىدىكى ئۈستۈنلۈكى ياكى بالىچاقىلىرىنىڭ، جەمەتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋەياكى بايلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ساقلاپ قالالمىدى. چۈنكى، ئاسماندا ۋە يەر يۈزىدە، شۇنداقلا جىمى كائىناتتا ئاللاھ تائالانى ئاجىز قىلالايدىغان ۋە ئۇنى چارىسىز قالدۇرالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ئىشنى توسالغۇسىز ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، چۈنكى، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا شۇنداق كۈچلۈك ۋە شۇنداق قۇدرەتلىك تۇرۇقلۇق،

بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ۋە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر. ئۇ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى يۆگەيدۇ، ئۇلارنى رەسۋا قىلماستىن كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەربىرىگە دەرھال جازا بېرىدىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىدە ھېچبىر ئىنسان قالمىغان ۋە ھەممىسى ھالاك قىلىنغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي ھېكمىتى گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈشنى تەقەززا قىلغان. بۇنىڭدا گۇناھكارلارنىڭ تەۋبە قىلىپ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىۋېلىشىغا كەڭ پۇرسەت بار. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەجىلى توشقاندا، ئۇلارنىڭ جېنى چوقۇم ئېلىنىدۇ. بۇ ئەجەل ھەرگىزمۇ ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ. ئاندىن ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇلار بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى بىر-بىرلەپ بېرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغان بولسا مۇكاپاتىنى، يامان ئىش قىلغان بولسا جازاسىنى ئالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

شۇڭا سىلەر ئى ئىنسانلار! تەۋبە قىلىشقا ئالدىراڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشتا بىر-بىرىڭلار بىلەن بەسلىشىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئەجىلىڭلارنىڭ قاچان توشىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر. تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىپ، «كاشكى، ياخشى ئىش قىلىۋالسامچۇ» دېيىشتىن ئىلگىرى سىلەر ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، گۇناھلىرىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىز بولماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەق دىنغا قارشى ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا زىياننى ئۆزلىرى تارتىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىپ ھالاك بولغان پىرئەۋن، قارۇن، ئەبۇ جەھىل قاتارلىق زالىملار بۇنىڭ مىسالى.

2. ئىبرەت ئېلىشنى بىلىدىغانلار قىلغان ھەربىر سەيلە-ساياھەتلىرىدىن ئەلۋەتتە مەنپەئەت ئالىدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە يەكۈن چىقىرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى يەر يۈزىنى كېزىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى بۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

3. ئاللاھ تائالا مۇتلەق كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنى ئاجىز قىلىدىغان ياكى ئىرادىسىدىن ياندۇرىدىغان ھېچبىر كۈچ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن غالىبتۇر.

# ياسىين سۈرىسى

ياسىين سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 83 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن. بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئەقىدە ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئەقىدىنى ئەڭ كۈچلۈك دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى دەلىل-پاكىتلار بىلەن تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر مۇنداق دېگەن: «ياسىن سۈرىسى تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، ۋەھيىنىڭ، قۇرئاننىڭ، قازا ۋە قەدەرنىڭ، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنىڭ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى ئەڭ كۈچلۈك كائىنات دەلىللىرى ۋە قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىسپاتلاپ بەرگەن سۈرىدۇر. بۇ سۈرىدە يەنە پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان»[2].

بۇ سۈرىدە يەنە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قىسسىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان، كاپىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى توغرۇلۇق مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان. ئاندىن قىيامەت كۈنى بولىدىغان بەزى ئىشلار تەسۋىرلەنگەن، مۇشرىكلارنىڭ شەك-شۈبھىلىرىگە ۋە سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن. ئاخىرىدا تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ پىرىنسىپلىرى، بەزى كائىنات دەلىللىرى بايان قىلىنغان ۋە تاشتەك قېتىپ كەتكەن دىللارنى، ئۆلگەن قەلبلەرنى تىرىلدۈرۈشكە، يىللارچە

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 173- بەت.

[2] «التحرير والتنوير لطاهر بن عاشور» 22-توم، 344-بەت.

غەپلەت ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن ئەقىللەرنى ئويغىتىشقا يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرە ﴿يسٓ﴾ (ي، س) دېگەن ئىككى ھەرپ بىلەن باشلانغان بولۇپ، سۈرىنىڭ ئىسمى ئاشۇ ئىككى ھەرپتىن ئېلىنىپ، «ياسىين» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى ھەرپ «قۇرئان كەرىم»دىكى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ھەرپلەردىندۇر.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋقەسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يسٓ ١ وَٱلۡقُرۡءَانِ ٱلۡحَكِيمِ ٢ إِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ٣ عَلَىٰ صِرَٰطٖ
مُّسۡتَقِيمٖ ٤ تَنزِيلَ ٱلۡعَزِيزِ ٱلرَّحِيمِ ٥ لِتُنذِرَ قَوۡمٗا مَّآ أُنذِرَ ءَابَآؤُهُمۡ
فَهُمۡ غَٰفِلُونَ ٦ لَقَدۡ حَقَّ ٱلۡقَوۡلُ عَلَىٰٓ أَكۡثَرِهِمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ٧
إِنَّا جَعَلۡنَا فِيٓ أَعۡنَٰقِهِمۡ أَغۡلَٰلٗا فَهِيَ إِلَى ٱلۡأَذۡقَانِ فَهُم مُّقۡمَحُونَ ٨
وَجَعَلۡنَا مِنۢ بَيۡنِ أَيۡدِيهِمۡ سَدّٗا وَمِنۡ خَلۡفِهِمۡ سَدّٗا فَأَغۡشَيۡنَٰهُمۡ فَهُمۡ
لَا يُبۡصِرُونَ ٩ وَسَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ
١٠ إِنَّمَا تُنذِرُ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلذِّكۡرَ وَخَشِيَ ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِۖ فَبَشِّرۡهُ
بِمَغۡفِرَةٖ وَأَجۡرٖ كَرِيمٍ ١١ إِنَّا نَحۡنُ نُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَنَكۡتُبُ مَا قَدَّمُواْ
وَءَاثَٰرَهُمۡۚ وَكُلَّ شَيۡءٍ أَحۡصَيۡنَٰهُ فِيٓ إِمَامٖ مُّبِينٖ ١٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-يا، سىين (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2-3-ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى پەيغەمبەر!) ئەلۋەتتە، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن.

4ـ توغرا يولدىسەن.

5ـ 6ـ (بۇ قۇرئان) سېنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

7ـ قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئازاب توغرىسىدىكى) ھۆكۈم ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

8ـ (گويا) بىز ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى سالدۇق، شۇ- نىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ھەقىقەتكە) باشلىرىنى ئىگەلمەيدۇ.

9ـ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئوراپ قويدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (توغرا يولنى) كۆرەلمەيدۇ.

10ـ (بۇ ھالەتتە) ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بە- رىبىر ئوخشاش، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

11ـ سەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەن، خىلۋەتتە رەھمان ئاللاھتىن قورققان كىشىنى ئاگاھلاندۇرالايسەن. سەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل مۇكاپات بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

12ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئەلۋەتتە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ ئىل- گىرى قىلغان ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن (ياخشى-يامان) ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرىمىز، بىز ھەممە نەرسىنى روشەن كىتاب (لەۋھۇلمەھپۇز)دا تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەسەم قىلىپ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتا- رىدىكى بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت تۈپتوغرا يولدا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. چۈنكى، ئىسلام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان دىنى ۋە جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق يولىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەسەم قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ مەقسەتسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئايەتنىڭ سىياقىدىن كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاشتا ئەڭ ئاساسلىق

دەلىل-پاكىت ئىكەنلىكىگە قارىتىش كۆزدە تۇتۇلغان.

ئى پەيغەمبەر! «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ كىتاب ھەممىدىن غالىب، بەندىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ شەپقەتلىك «رەھمان» ئاتلىق بىر ئىلاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب بولۇپ، ئۇنى ساڭا ئاتا-بوۋىلىرىغا يېقىنقى زامانلاردىن بېرى بىرەر پەيغەمبەر كېلىپ ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، پەقەت غەپلەت ئىچىدىلا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن بىر قەۋمنى ئاھاگلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن نازىل قىلدى. قۇرەيشلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمىگەنلىكى ئېنىقتۇر. سەجدە سۈرىسىدىمۇ بۇ مەسىلە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۚ بَلْ هُوَ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ لِتُنذِرَ قَوْمًا مَّآ أَتَىٰهُم مِّن نَّذِيرٍ مِّن قَبْلِكَ لَعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار: «ئۇنى (يەنى قۇرئاننى مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ (قۇرئان) سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كەلمىگەن بىر قەۋمنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر﴾ [1].

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي «ئەرەبلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ھۇد، سالىھ، شۇئەيب، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر كەلگەن تۇرۇقلۇق، يۇقىرىقى ﴿(بۇ قۇرئان) سېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغانلىقتىن، غاپىل قالغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، غالىب، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾ دېگەن ئايەتتە ئاتا-بوۋىلىرىغا پەيغەمبەر كەلمىگەن دېيىلگەن. بۇ ئىككىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ: «ئەرەبلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىغا پەيغەمبەر كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ئاتا-بوۋىلىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمىگەن. شۇڭا بۇ ئىككى سۆز بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ»[2] دېگەن.

ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ ئىمان ئېيتماي ئۆلىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئىمان ئېيتماسلىقتا ۋە كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغان. ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى بويىنىغا تاقاق

[1] سەجدە سۈرىسى: 3-ئايەت.

[2] «التفسير الكبير للرازي» 38- بەت.

سىلىنغانلىقتىن، بويىنىنى ئوڭ-سولغا ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى كۆرەلمەيدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ﴿(گويا) بىز ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى سالدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ھەقىقەتكە) باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئىمانغا كەلمىگەن ئادەم خۇددى بويىنىغا تاقاق سېلىنغانلىقتىن ھەرىكەت قىلالمىغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان.

بەزى مۇپەسسىرلەر: ﴿إِذِ ٱلْأَغْلَـٰلُ فِىٓ أَعْنَـٰقِهِمْ وَٱلسَّلَـٰسِلُ يُسْحَبُونَ ﴿٧١﴾ فِى ٱلْحَمِيمِ ثُمَّ فِى ٱلنَّارِ يُسْجَرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ. ئۇلار قايناق سۇغا سۆرەپ كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، بۇ ئايەتتە ئوخشىتىش يوق. چۈنكى، بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن دەپ قارايدۇ[2].

﴿ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئوراپ قويدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (توغرا يولنى) كۆرەلمەيدۇ﴾. بۇ كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن ئىككىنچى ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىش يولىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالى ئالدى ۋە كەينى تەرىپىگە توسۇقلار قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىغا قارىيالمىغانلىقتىن، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەن ئادەمگە ئوخشىتىلغان. يەنە بىر ئايەتتە كاپىرلارغا ئەتراپىدىكى كۇفرىلىق بىلەن مۇشرىكلىكنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. ﴿وَقَيَّضْنَا لَهُمْ قُرَنَآءَ فَزَيَّنُوا۟ لَهُم مَّا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارغا (شەيتان) دوستلارنى تەيىنلەپ قويدۇق-دە، ئۇلار (يەنى شەيتان دوستلار) بۇلارغا ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (يامان) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴾[3] يەنى شەيتانلار ئۇلارغا دۇنيادىكى يامان قىلمىشلىرىنى چىرايلىق ۋە توغرا قىلىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرەلمىدى ۋە كۇفرى-مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئاللاھ تائالا قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ ھالى شۇنداق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى كىممۇ ھىدايەت قىلالىسۇن؟!

---

[1] غافىر سۈرىسى: 71-72-ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 175- بەت.

[3] فۇسسىلەت سۈرىسى: 25-ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قىلغان ۋەز-نەسىھەتلىرىڭدىن ۋە ئاگاھلاندۇرۇشۇڭدىن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكەنلەر، ھەممە ھالەتتە، ھەتتا ئادەم كۆرمەيدىغان خىلۋەت جايلاردىمۇ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان كىشىلەرلا مەنپەئەت ئالىدۇ. ئايەت شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، «قۇرئان كەرىم»دىن مەنپەئەت ئالىدىغانلار مەلۇم كىشىلەردۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاگاھلاندۇرۇش پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشسۇن ياكى ئەگەشمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ۋە ھەممىسىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشىدۇر. ﴿(بۇ ھالەتتە) ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، ئىمان ئېيتىشقا قەتئىي ئۇنىمىغان كاپىرلار ئۈچۈن كەلگەن ئايەتتۇر. مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئەبۇ جەھل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن بەش كىشى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىمنىڭ ئىمان ئېيتىپ، كىمنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە دەۋىتىنى ھەممە كىشىگە قىلىدۇ. بۇ ئايەت بەقەرە سۈرىسىدىكى ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېنىقكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ.

توغرا، كىشىلەر كۆرمەيدىغان خىلۋەت جايلاردا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋاز كېچىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى بىلەن كۆڭلى يۇمشايدىغان، قەلبى ئېچىلىدىغان ئادەملەرگىلا ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى ۋە نەتىجىسى بولىدۇ. ئەمما قەلبى يېپىق، دىلى قارا، ماددىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرگە نە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ، نە ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆلۈكتۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئەجدادلىرى ئاگاھلاندۇرۇلمىغان بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ساڭا ئەگەشكەن ۋە سەن بىلەن بىللە ئاللاھ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 6- ئايەت.

تائالاغا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرگە ئاخىرەتتىكى كۆپ مەغپىرەت، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەت ۋە كاتتا مۇكاپاتلار بىلەن بېشارەت بەرگىن.

«ناۋادا بىراۋ بۇ بېشارەت بىلەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قاچان كۆرۈلىدۇ؟ دەپ سورىسا، دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ھەركىمگە قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىنسانىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقىدۇ ۋە يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزنالىرىنىمۇ يېزىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىش، كىتاب يېزىپ قالدۇرۇش ياكى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق ياخشى پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋەياكى مەكتەپ، مەسجىد ۋە دوختۇرخانىغا ئوخشىغان ئومۇمغا پايدىلىق ئورۇنلارنى بىنا قىلىش قاتارلىق ئىشلار ياخشى ئىز قالدۇرغانلىق بولۇپ، بۇنىڭ ساۋابى ئۇنى قىلغۇچىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ»[1].

ئەمما كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىگە، ئەخلاقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلىش، يېزىپ تارقىتىش ۋە سۆزلەش ياكى قىمارنى، ھاراقنى، زىنانى، ناشايان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى، ھارام مۇھەببەتلەرنى ماختاپ بىر نەرسە يېزىش ياكى سۆزلەش ۋەياكى پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلىمەستىن، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانى تونۇمايدىغان، جەمئىيەتكە زىيانلىق، ئىنسانلارغا پالاكەت قىلىپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلار يامان ئىز قالدۇرغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى ئۇنى قىلغان ئادەمگە ئۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىنسانىنىڭ ياخشى-يامان بارلىق ئەمەلىنى تولۇق يېزىپ، خاتىرىلەپ قويىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ ۋە ھەربىر ئادەمگە مۇكاپات ياكى جازادىن تېگىشلىك بولغان نېسىۋىسىنى بېرىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋە-

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 176- بەت.

تىلىگەن ھىدايەت يېتەكچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنى بولغان ئىسلام دىنىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋە بۇ دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئىزچىللاشتۇرغان پەيغەمبەردۇر.

3. دۇنيالىقتا يۈرەكتىن بېرىلىش بىلەن غەپلەت ئىنساننى كۆپ ھاللاردا ئازغۇنلۇقتا ۋە ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

4. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى كۆپ قىلغان ئادەم ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر دىلنى قارايتقانلىقى سەۋەبلىك ئىنساننى ياخشىلىقنى سۆيمەيدىغان، پەقەت نەپسىنىڭ تەلىپىنىلا ئورۇندايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

5. بىر ياخشى ئىشنى باشلاپ قويغان ئادەم بۇ ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرغانلارنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. بۇ تا قىيامەتكىچە شۇنداق بولىدۇ. بىرەر يامان ئىشنى باشلاپ قويغان ئادەممۇ شۇ يامان ئىشنى قىلغانلارنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ.

6. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. تەقدىر ئىنسانلار يارىتىلىشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ بولغان ئىشلاردۇر.

### ◄ شەھەر ئەھلىنىڭ قىسسىسى

﴿وَٱضۡرِبۡ لَهُم مَّثَلًا أَصۡحَٰبَ ٱلۡقَرۡيَةِ إِذۡ جَآءَهَا ٱلۡمُرۡسَلُونَ ١٣ إِذۡ
أَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهِمُ ٱثۡنَيۡنِ فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزۡنَا بِثَالِثٖ فَقَالُوٓاْ إِنَّآ إِلَيۡكُم
مُّرۡسَلُونَ ١٤ قَالُواْ مَآ أَنتُمۡ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُنَا وَمَآ أَنزَلَ ٱلرَّحۡمَٰنُ
مِن شَيۡءٍ إِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا تَكۡذِبُونَ ١٥ قَالُواْ رَبُّنَا يَعۡلَمُ إِنَّآ إِلَيۡكُمۡ
لَمُرۡسَلُونَ ١٦ وَمَا عَلَيۡنَآ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ١٧ قَالُوٓاْ إِنَّا تَطَيَّرۡنَا
بِكُمۡۖ لَئِن لَّمۡ تَنتَهُواْ لَنَرۡجُمَنَّكُمۡ وَلَيَمَسَّنَّكُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ
١٨ قَالُواْ طَٰٓئِرُكُم مَّعَكُمۡ أَئِن ذُكِّرۡتُمۚ بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٞ مُّسۡرِفُونَ ١٩

وَجَآءَ مِنۡ أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ رَجُلٞ يَسۡعَىٰ قَالَ يَٰقَوۡمِ ٱتَّبِعُواْ ٱلۡمُرۡسَلِينَ
﴿٢٠﴾ ٱتَّبِعُواْ مَن لَّا يَسۡـَٔلُكُمۡ أَجۡرٗا وَهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٢١﴾ وَمَا لِيَ لَآ أَعۡبُدُ
ٱلَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢٢﴾ ءَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً إِن يُرِدۡنِ
ٱلرَّحۡمَٰنُ بِضُرّٖ لَّا تُغۡنِ عَنِّي شَفَٰعَتُهُمۡ شَيۡـٔٗا وَلَا يُنقِذُونِ ﴿٢٣﴾ إِنِّيٓ إِذٗا
لَّفِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٢٤﴾ إِنِّيٓ ءَامَنتُ بِرَبِّكُمۡ فَٱسۡمَعُونِ ﴿٢٥﴾ قِيلَ ٱدۡخُلِ
ٱلۡجَنَّةَۖ قَالَ يَٰلَيۡتَ قَوۡمِي يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾ بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ
ٱلۡمُكۡرَمِينَ ﴿٢٧﴾

## تەرجىمىسى

13 ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇ كاپىرلارغا شەھەر ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى.

14 ـ ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى، ئاندىن ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇ ئىككىسىنى) كۈچلەندۈردۇق. بۇ پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرمىز» دېدى.

15 ـ ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، رەھمان ھېچ نەرسە چۈشۈرگىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر» دېدى.

16 ـ پەيغەمبەرلەر: «رەببىمىز بىلىدۇكى، ھەقىقەتەن بىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرمىز.

17 ـ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەتلا دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر» دېدى.

18 ـ ئۇلار (پەيغەمبەرلەرگە): «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن شۇملۇق ھېس قىلىۋاتىمىز. قەسەم قىلىمىزكى، ئەگەر سىلەر (بۇ دەۋەتىڭلاردىن) ۋاز كەچمىسەڭلار، سىلەرنى چوقۇم چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىز تەرەپتىن قىيىن-قىستاققا ئۇچرايسىلەر» دېدى.

19 ـ پەيغەمبەرلەر: «سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، (شۇملۇق ھېس قىلىۋاتامسىلەر؟) بەلكى سىلەر ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى.

20. شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋ-مىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار.

21. (دىننى يەتكۈزگەنلىكىگە) سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بۇ كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار، ئۇلار توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر.

22. مەن مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان ئاللاھقا نېمىشقا ئىبادەت قىلمايدىكەنمەن؟

23. مەن ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالامدىمەن؟ ئەگەر رەھمان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ماڭا قىلچە ئەسقاتمايدۇ ۋە ئۇلارمۇ مېنى (زىيان-زەخمەتتىن) قۇتقۇزالمايدۇ.

24. شۈبھىسىزكى، مەن ئۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىمەن.

25. مەن ھەقىقەتەن رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار».

26-27. (قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى قەۋمىم رەببىمنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئىززەت - ئىكراملىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ!» دېدى.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىر ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرمەكچى بولغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۇفرى-زالالەت ۋە ئاسىيلىقتىكى، شۇنداقلا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتىكى گەدەنكەشلىكىنى ۋە ئىبرەتلىك ئا-قىۋىتىنى مەككىلىك مۇشرىكلارغا مىسال قىلىپ بەرگىن. چۈنكى، مەككىلىكلەر بىلەن مەزكۇر قەۋمنىڭ كۇفرىلىقتىكى ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشاشتۇر. «بارلىق مۇپەسسىرلەر مەزكۇر شەھەرنى ئانتاكىيە[1] شەھىرى دەپ تەپسىر قىلغان»[2].

ئۆز ۋاقتىدا مەزكۇر شەھەرنىڭ ئاھالىسىغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى. بىر ئاۋۋال ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇ ئىككىسىنى كۈچلەندۈردۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا

[1] ئانتاكىيە- ھازىرقى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىدىكى ھاتاي ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيەسىدۇر.
[2] «تفسير القرطبي» 15- توم، 15- بەت.

ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ: ﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرمىز﴾ دېدى. مەلۇمكى، ئايەتتىكى ﴿ٱلْمُرْسَلُونَ﴾ دېگەن سۆز ئەرەب تىلىنىڭ لۇغىتىدە «ئەلچىلەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، تىلىمىزدىكى «پەيغەمبەر» دېگەن سۆزنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ھەربىر پەيغەمبەر ئاللاھ تائالادىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇر. شۇڭا مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿ٱلْمُرْسَلُونَ﴾ دېگەن ئايەتكە قىلغان تەپسىرلىرى بىر خىل بولمىغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالار مەزكۇر ئەلچىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئۇلارنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرى ئىدى، دېگەن، يەنە بەزىسى، ئۇلار ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئىدى، دېگەن»[1]. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ﴿سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان﴾ دېگەن سۆزى مەزكۇر ئەلچىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىك ئېھتىمالىنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىرى بولغان بولسا ئىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى: ﴿سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان﴾ دېمىگەن بولاتتى.

ئاللاھ تائالا شەھەر ئاھالىسىگە ئەۋەتكەن مەزكۇر ئۈچ پەيغەمبەر ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر-لەرمىز﴾ دېگەندە، شەھەر ئاھالىسى دەرھال ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى، ئۇلارنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلچىلىكىنى يالغانغا چىقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان تۇرساڭلار، سىلەرنى بىزدىن ئارتۇق قىلغان زادى نېمە؟ سىلەر يا بايلىقتا ياكى شۆھرەتتە ۋەياكى كۈچ-قۇۋۋەتتە ئالاھىدە كىشىلەردىن بولمىساڭلار، نېمەڭلارغا ئىشىنىپ بۇ سۆزنى قىلىسىلەر؟» دېدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ شەرەپنى كىمگە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. پەيغەمبەرمۇ ئىنسان، ئەمما ئۇ ئالاھىدە ئىنسان بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى بۇ ۋەھيىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشكە ۋە بۇ چوڭ ئامانەتنى ئادا قىلىشقا لاياقەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان. ئەۋزەللىك پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكى بىلەن، ياكى ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى مەنىۋى تەرەپتىن ئۆلچىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر مەنىۋىيەتنىڭ ئۇستازلىرى ۋە بۇ جەھەتتە مۇكەممەل زاتلاردۇر. كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قارشى مەۋقەسى ئىنكاردىن ئىبارەت ھەر زامان بىر خىل

[1] «تفسير الطبري» 20- توم، 500- بەت.

بولۇپ كەلگەن بولۇپ، هازىرمۇ شۇنداق.

شەھەر ئاھالىسى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارغا: ﴿رەھمان هېچ نەرسە چۈشۈرگىنى يوق﴾ دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا مۇناسىۋەتلىك ئىككىنچى شۈبھىسىدۇر. بىرىنچى شۈبھىسى ئەلچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ﴿سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان﴾ دېگەن سۆزىدە ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ شۈبھىلەرنىڭ خۇلاسىسى، «قولىمىزدا رەھماننىڭ بىراۋغا بىر نەرسە نازىل قىلغانلىقىغا دائىر بىرەر دەلىل-ئىسپات يوق، سىلەر پەقەت يالغاندىن ئۆزۈڭلارنى ‹بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى› دەۋاتىسىلەر» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئايەتتىكى ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ﴾ يەنى «رەھمان» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بولغاندەك ئۇنىڭ سۈپىتىدۇر. يەنى بۇ سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ھەم سۈپىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ﴾ دېگەن سۆزنىڭ ھەممىسىنى «مېھرىبان ئاللاھ» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ﴾ سۈپەت بولۇپ كەلگەندە شۇنداق تەرجىمە قىلسا بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئىسىم بولۇپ كەلگەندە، ئۇنى رەھمان دەپ ئەينەن ئېلىش كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىسرا سۈرىسىدە، ئۆزى توغرۇلۇق: ﴿ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ﴾ دېگەن. بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، رەھمان دېگەنلىك ئاللاھ دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر.

ئەمدى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىنكارىغا قارشى نېمە دېدى؟

پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ﴿رەببىمىز بىلىدۇكى، شەك- شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرمىز ﴾ دېدى. يەنى بىز مەخلۇقاتنىڭ جىمى ئەھۋالىنى ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان بىر زات ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرمىز. يەنە بىز يالغاندىن ئۆزىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى دەۋالغىنىمىز يوق. ئەگەر بىز يالغاندىن شۇنداق دېگەن بولساق، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا بىزنى ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى، يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلار چوقۇم ھالاك بولىدۇ. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز سىلەرگە ھەق دىننى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە چۈ- شىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

بۇ ئايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى كىشىلەرگە ھەق دىننى تولۇق يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ بۇ يولدا ئاللاھ

تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن باشقا ھېچقانداق مۇددىئاسى يوقلۇقىنى، مال-دۇنيانى ياكى ئابرۇي-شۆھرەتنى ۋەياكى مەنسەپنى تەمە قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

شەھەر ئاھالىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇددىئالىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا گۇناھ ئارتالمىغانلىقتىن، مەسىلىنى باشقا ياققا تولغاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىن شۇملۇق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلار كەلگەندىن بېرى زىيان تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئەگەر پەيغەمبەرلەر بۇ دەۋەت ئىشلىرىدىن يانمىسا، ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى بىلەن ئۇلارغا تەھدىت سالىدۇ.

ئەمما مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابى ھازىر ئىدى. ئۇلار شەھەر ئاھالىسىگە كەلگەن شۇملۇق ۋە تەلەيسىزلىكنىڭ پەقەت شۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇنىڭدا ھېچقانداق شۇملۇقى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ﴿سىلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، (شۇملۇق ھېس قىلىۋاتامسىلەر؟) بەلكى سىلەر ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىكەنسىلەر﴾ دەيدۇ.

مەزكۇر پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى ۋە ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغان ۋە دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانلار بولغانمۇ؟ ئەلۋەتتە بولغان. شەھەرنىڭ يىراق چېتىدىن بىر ئادەم ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە باتىلنى پاش قىلىش مەقسىتى بىلەن ئالدىراپ كېلىپ، قەۋمىگە چىن قەلبىدىن كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار. (دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان بۇ كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار، چۈنكى، ئۇلار توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر. مەن مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان ئاللاھقا نېمىشقا ئىبادەت قىلمايدىكەنمەن؟ مەن قانداقمۇ ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋالىمەن؟ ئەگەر رەھمان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ماڭا ئەسقاتمايدۇ ۋە ئۇلارمۇ (مېنى زىيان-زەخمەتتىن) قۇتقۇزالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، مەن ئۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىمەن. مەن ھەقىقەتەن رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم،

مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار﴾، يەنى ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەق يولنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ۋە دىنىنى ئۆگەتكەنلىكى بەدىلىگە سىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان، ئۆزلىرى توغرا يولدا بولغان مۇشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشمەي زادى كىمگە ئەگىشىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر مەندىن «سەن بىزگە شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، سەن ئۇلارنىڭ دىنىغا ئىشىنەمسەن؟ ئۇلارنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلامسەن؟» دەپ سورىماقچى بولساڭلار، مەن دەيمەنكى، مەن مېنى ياراتقان، مۇشۇنداق چىرايلىق سۈرەتكە كىرگۈزگەن ۋە سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان ئۇلۇغ رەببىمگە ئىبادەت قىلماي كىمگە ئىبادەت قىلاتتىم؟ مېنىڭ مېنى ياراتقان رەببىمگە ئىمان ئېيتماسلىقىمغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟ مەن بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىمەنمۇ؟ ئاللاھ تائالا ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى مەندىن كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغان، مېنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزالمايدىغان، ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدىغان ۋە ئاڭلىمايدىغان ئاشۇ ئاجىز بۇتلارغا چوقۇنىمەنمۇ؟ ئىبادەت دېگەن ئۇنىڭغا لايىق بولغانغا قىلىنىمامدۇ؟ ئەگەر مەن بۇنداق قىلسام، ئۇ چاغدا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان بولىمەن ئەمەسمۇ؟ ئى قەۋمىم! مېنىڭ سۆزۈمنى ئوبدان تىڭشاڭلاركى، مەن سىلەرنىڭمۇ ۋە مېنىڭمۇ رەببىمىز بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتتىم.

نەتىجىدە، شەھەر ئاھالىسى بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ ئادەمگە: ﴿جەننەتكە كىرگىن دېيىلدى﴾. بۇ سۆز ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇشۇ دۇنيادا دېيىلدىمۇ ياكى ئاخىرەتتە دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدە شۇنداق ئالدىن بىشارەت بېرىلگەنمۇ؟ بۇ توغرىدا مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر قىيامەت كۈنى بولىدىغان ئەھۋالدىن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن دەيدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆز مۇشۇ دۇنيادا دېيىلگەن دەيدۇ. توغرىسى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ.

﴿كاشكى قەۋمىم رەببىمنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكىنى ۋە ئىززەت-ئىكرامغا ئېرىشكەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ!﴾ بۇ ھەرقانداق بىر مۇئمىننىڭ خىسلىتىدۇر. چۈنكى، ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ھەرگىز شەخسىيەتچى بولمايدۇ ۋە ئۆزى ئېرىشكەن قانداقلا بىر ياخشىلىققا باشقىلارنىڭمۇ ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەر دەۋرنىڭ كاپىرلىرى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، كۇفرىلىقنىڭ ئىسىملىرى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، كۇفرىلىق ئۆز ئەينى داۋاملاشماقتا. ئۆتمۈشلەردىكى كاپىرلار بىلەن ھازىرقى كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. چۈنكى، كۇفرى ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوق.

2. ھەر دەۋرنىڭ زالىملىرى مۇنازىرىدە يېڭىلگەندىن كېيىنلا كۈچ ئىشلىتىشكە ۋە ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا تەھدىت سېلىشقا ئۆتكەن. بۇ خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسىگە ۋە باشقا قىسسىلەرگە ئوخشايدۇ.

3. ئىسلامدا بىراۋدىن شۇملۇق ھېس قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى، بۇ جاھىلىيەتنىڭ ئادىتىدۇر. مۇسۇلمانلار بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلغان.

4. ھەقىقەتنىڭ دەۋەتچىلىرى ھەمىشە جاپا چەككەن. ھەتتا باتىل دىنلارنىڭ دەۋەتچىلىرىمۇ بۇ جاپادا مۇسۇلمانلار بىلەن ئورتاقتۇر. ئەمما باتىل دىننىڭ دەۋەتچىلىرىنىڭ ئېتىقادى خاتا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئەجىر-ساۋابتىن نېسىۋىسى يوقتۇر.

5. ھەقىقەتنى دادىل سۆزلىگەنلەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىپ، يادلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ماۋزۇدا پەيغەمبەرلەر ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكتۇر.

6. ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بارغان دەۋەتنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلمەي قالمايدۇ.

## كاپىر قەۋمنىڭ ئاقىۋىتى

﴿وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ قَوۡمِهِۦ مِنۢ بَعۡدِهِۦ مِن جُندٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا كُنَّا
مُنزِلِينَ ٢٨ إِن كَانَتۡ إِلَّا صَيۡحَةٗ وَٰحِدَةٗ فَإِذَا هُمۡ خَٰمِدُونَ ٢٩﴾

## تەرجىمىسى

28-ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇستىگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئاسماندىن بىرەر قوشۇن چۈشۈرمىدۇق، (ھەربىر قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق.

29-(ئۇلارنىڭ جازاسى) قاتتىق بىر ئاۋاز بولدى، شۇ ھامان ئۇلار قېتىپ قالدى.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىققان ۋە پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىش، پۇشايمان قىلىش ۋە ھالاكەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. ﴿ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۈستىگە (ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئاسماندىن بىرەر قوشۇن چۈشۈرمىدۇق، (ھەربىر قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈرگۈچى بولمىدۇق﴾ يەنى زالىملار ئۇ ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ھەقىقەتكە قارشى چىققان كاپىرلارنى جازالاش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىشكە ھاجەت قالمىدى. ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىمۇ ئاسماندىن قوشۇن چۈشۈپ ھالاك قىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھالاكىتى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشتى ۋە ھەممىسى ھالاك بولۇپ قېتىپ قېلىشتى. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا زالىملارنى جازالاش ئۈچۈن ئاسماندىن قوشۇن چۈشۈرۈشكە موھتاج ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.

2. ھەق دىنغا قارشى چىقىپ كۇفرىلىقنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئاۋاز بىلەنلا ھالاك قىلىۋەتكەنلىكى ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىدىن بەزى ئۆرنەكلەر

﴿يَٰحَسۡرَةً عَلَى ٱلۡعِبَادِۚ مَا يَأۡتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ
٣٠ أَلَمۡ يَرَوۡاْ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّنَ ٱلۡقُرُونِ أَنَّهُمۡ إِلَيۡهِمۡ لَا
يَرۡجِعُونَ ٣١ وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيۡنَا مُحۡضَرُونَ ٣٢ وَءَايَةٌ لَّهُمُ
ٱلۡأَرۡضُ ٱلۡمَيۡتَةُ أَحۡيَيۡنَٰهَا وَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهَا حَبًّا فَمِنۡهُ يَأۡكُلُونَ ٣٣
وَجَعَلۡنَا فِيهَا جَنَّٰتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعۡنَٰبٍ وَفَجَّرۡنَا فِيهَا مِنَ ٱلۡعُيُونِ
٣٤ لِيَأۡكُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦ وَمَا عَمِلَتۡهُ أَيۡدِيهِمۡۚ أَفَلَا يَشۡكُرُونَ ٣٥
سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَزۡوَٰجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ وَمِنۡ أَنفُسِهِمۡ

وَمِمَّا لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٦﴾ وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ ٱلنَّهَارَ فَإِذَا هُم
مُّظْلِمُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلشَّمْسُ تَجْرِى لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا ۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ
ٱلْعَلِيمِ ﴿٣٨﴾ وَٱلْقَمَرَ قَدَّرْنَٰهُ مَنَازِلَ حَتَّىٰ عَادَ كَٱلْعُرْجُونِ ٱلْقَدِيمِ
﴿٣٩﴾ لَا ٱلشَّمْسُ يَنۢبَغِى لَهَآ أَن تُدْرِكَ ٱلْقَمَرَ وَلَا ٱلَّيْلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِ ۚ
وَكُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٤٠﴾ وَءَايَةٌ لَّهُمْ أَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِى ٱلْفُلْكِ
ٱلْمَشْحُونِ ﴿٤١﴾ وَخَلَقْنَا لَهُم مِّن مِّثْلِهِۦ مَا يَرْكَبُونَ ﴿٤٢﴾ وَإِن نَّشَأْ
نُغْرِقْهُمْ فَلَا صَرِيخَ لَهُمْ وَلَا هُمْ يُنقَذُونَ ﴿٤٣﴾ إِلَّا رَحْمَةً مِّنَّا وَمَتَٰعًا
إِلَىٰ حِينٍ ﴿٤٤﴾

## تەرجىمىسى

30ـئىسىت! شۇ بەندىلەرگە. ئۇلار ئۇزلىرىگە بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى.

31ـئۇلار ئۇزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى- ئۇلارنىڭ ئۇزلىرىنىڭ يېنىغا (دۇنياغا) قايتمايدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ (يەنى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟).

32ـئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئۈچۈن) ئالدىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.

33ـ(سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن) ئۆلۈك زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى چىقىرىپ بەرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىلدۇر.

34ـ35ـ بىز ئۇلار مېۋىسىنى يېسۇن دەپ، زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى چىقاردۇق. بۇ (نەرسىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى پەيدا قىلغان ئەمەس، (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟

36ـزېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن، (ئىنسانلارنىڭ) ئۆزلىرىدىن ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان مەخلۇقاتلاردىن ھەممە تۈرنى ياراتقان ئاللاھ (بارچە نۇقسانىدىن) پاكتۇر.

37ـ ئۇلارغا كېچىمۇ بىر دەلىلكى، بىز ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتكىنىمىزدە، ئۇلار شۇ ھامان قاراڭغۇدا قالىدۇ.

38ـ كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىشىدۇر.

39ـ بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىردا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش(ئەگمەچ) بولۇپ قالىدۇ.

40ـ كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ.

41ـ (توپاندىن كېيىن يەر يۈزىدە ھايات داۋاملاشسۇن دەپ) ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى[1] توشقۇزۇلغان كېمىگە (نۇھنىڭ كېمىسىگە) چىقارغانلىقىمىز ئۇلارغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) يەنە بىر دەلىلدۇر.

42ـ بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇنىڭغا (نۇھنىڭ كېمىسىگە) ئوخشاش چۈشىدىغان نەرسىلەرنى (قاتناش ۋاستىلىرىنى) ياراتتۇق.

43ـ ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى غەرق قىلىۋېتىمىز-دە، ئۇ چاغدا ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارمۇ قۇتقۇزۇلمايدۇ.

44ـ لېكىن بىز ئۇلارغا رەھىم قىلغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا (ئۇلارنى غەرق قىلمىدۇق).

### ◄ تەپسىرى

ئاشۇ ئىنكارچى كاپىرلارنىڭ ھالىغا ئەپسۇسكى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن قاچانلا بىرەر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە تېگىشلىك بولدى. شۇڭا ئۇلار قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى ۋە تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىشتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇلارنى قايسى شەكىلدە جازالاشتا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر. ھېچكىم ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ ۋە توسقۇنلۇقمۇ قىلالمايدۇ. ھەق دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئەقىلسىزلىقى ۋە ئەھۋالى ھەقىقەتەن

[1] نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى توپان بالاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغدا ئىمان ئېيتقانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقىرىلغان ۋە غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇ ۋاقىتتا قۇتۇلۇپ قالغانلار ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتلىكنى بۇ دۇنيالىقتا تېگىشكەن ئەخمەقلەردۇر.

قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئۇلار ئىلگىرىكى ئىنكارچىلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى، ئۇلار ھالاك بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ دۇنياغا قايتا كەلمىگەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ئەگەر ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان بۇ قەۋملەر قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسە ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بۇلارغا سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى. ھالاك بولغانلار قايتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرەلمەيدۇ ۋە كېيىنكىلەرنى ئاگاھلاندۇرالمايدۇ.

ھالاك بولغانلار بۇ دۇنياغا قايتمىغان بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا بارىدۇ ۋە قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئالدىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ. قۇرەيش كاپىرلىرى ئىلگىرىكىلەرنىڭ بۇ يامان ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمامدۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە گۇناھكارلارنى جازالىماي قالمايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

قاقاس زېمىن ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈ-رۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت ۋە دەلىل-ئىسپاتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن بۇغداي، ئارپا، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىقلاردىن ۋە ئۈزۈملۈك، ئانارلىق، خورمىلىق باغلاردىن مەنپەئەتلىنىۋاتىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَمَا عَمِلَتۡهُ أَيۡدِيهِمۡۚ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق ئىككى خىل تەپسىر قىلغان: بىرى، «ئۆز قوللىرى بىلەن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىدىن...» دېگەنلىكتۇر، يەنە بىرى، «بۇ(مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى پەيدا قىلغان ئەمەس» دېگەنلىكتۇر[1].

جانلىق، جانسىز ھەممە نەرسىنى جۈپ ياراتقان، زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، زىرائەتلەرنىڭ، ئىنسانلار بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۈپ ياراتقان ئاللاھ تائالا بارچە

---

[1] «تفسير الطبري» 20- توم، 515- بەت.

كەمچىلىكلەردىن ۋە جىمى نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

ئەگەر ئىنسانلار چۈشەنسە، كېچە ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە تىمتاسلىقى بىلەن ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. قۇياش، ئاي قاتارلىق سەييارىلەر ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. چۈنكى، كائىناتنىڭ نىزامىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان زات – ئاللاھ تائالادۇر.

كېچىدىن كۈندۈزنى، كۈندۈزدىن كېچىنى چىقىرىش ياكى كېچىگە كۈندۈزنى، كۈندۈزگە كېچىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق بۇلارنى شۇنداق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، بۇ ئىككىسى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مەلۇم قانۇ-نىيەتلەر بىلەن شۇنداق نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ.

بىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان قۇياش كۆپلىگەن سەييارىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر سەييارە بولۇپ، ئۇ تا قىيامەتكىچىلىك ئۆز ئوربىتىسىدا شۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قانۇنىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ، كېچىنىڭ ئورنىنى كۈندۈز، كۈندۈزنىڭ ئورنىنى كېچە باسالمايدۇ. ناۋادا بۇ ئىنتىزام ئازراقلا بۇزۇلسا قانداق چوڭ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق بەلگىلىۋەتكەن تەقدىرىدۇر.

قۇياش ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىدۇ، يەر شارى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ۋە ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئايلىنىشتىن كېچە، كۈندۈز، يورۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق دېگەنلەر ۋە قىش، ياز، كۈز، باھار قاتارلىق پەسىللەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئىنچىكە قانۇنىيەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كېلىپ قېلىشى ۋە ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بىر خىل ئىنتىزاملىق ھالدا داۋام قىلىشى مۇمكىنمۇ؟!

ئاللاھ تائالا ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەخسۇس مەنزىللەرنى بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ دەسلەپ كۆرۈنگەندە كىچىك، ئاندىن چوڭ كۆرۈنىدۇ، ئاندىن يەنە تولۇقلىنىپ بەدرى (تولۇن ئاي) بولىدۇ، ئاندىن يەنە كەينىگە قايتىپ كىچىكلىشىپ قالىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى مەنزىلىگە يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ خۇددى خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ قالىدۇ. قۇياشنىڭ ئاي بىلەن ياكى باشقا بىرەر سەييارە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە مەخسۇس ئايلىنىش ئوربىتىسى بەلگىلەپ بەرگەن ۋە

ھەربىرىنىڭ ئايلىنىش ۋاقتىنى بەلگىلىگەن. ھەربىر سەييارە ئۆز ئوربىتىسىدىلا ئايلىنىدۇ، ھەرگىز باشقىسىنىڭ ئوربىتىسىغا كىرىپ كەتمەيدۇ.

توپان بالاسى بولغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالام ياسىغان كېمىگە چىقىرىپ ئۇلارنى توپان بالاسىدىن ساقلاپ قالغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان، ئاپتوموبىل قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى بۇ قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، ئىنسانلارنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇتقۇزغۇچى چىقمايدۇ، ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىمۇ تېپىلمايدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى خەۋپ-خەتەرسىز داۋاملاشتۇرماقتا.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلار بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلىدىغان بىردىنبىر مەخلۇقاتتۇر.

2. دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە دىنىي ئىشلارنى مەسخىرە قىلىش كۇفرىلىقتۇر.

3. ئىبرەت ئېلىشنى بىلگەنلەر ھاياتىدا يېڭىلىق پەيدا قىلالايدۇ.

4. ئاخىرەتكە بولغان ئىمان كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئەڭ ياخشى تۈرتكىدۇر.

5. جانلىقلاردىن باشقىمۇ ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت جۈپ ئىكەنلىكى، ھەتتا ئەڭ كىچىك نەرسە ئاتومنىڭمۇ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت جۈپ ئىكەنلىكى 21-ئەسىردە ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ئەمما بۇنى «قۇرئان كەرىم» بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى خەۋەر قىلغان.

6. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كائىنات ئىلىملىرىدىن ۋە ئاسترونومىيەدىن بەرگەن خەۋەرلىرى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

7. مەكتەپ كۆرمىگەن، ھەتتا ئوقۇش ۋە يېزىشنىمۇ ئۆگەنمىگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەردىن توپتوغرا خەۋەر بەرگەنلىكى «قۇرئان

كەرىم»نىڭ ئۇنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئوپئوچۇق دەلىلدۇر.

**8.** ئاللاھ تائالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىققانلارنى توپان بالاسىدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالغانلىقى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇرۇقىغا قىلغان چوڭ رەھىم-شەپقىتىدۇر.

### ◄ كاپىرلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّقُواْ مَا بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وَمَا خَلْفَكُمْ لَعَلَّكُمْ
تُرْحَمُونَ ﴿٤٥﴾ وَمَا تَأْتِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ مِّنْ ءَايَٰتِ رَبِّهِمْ إِلَّا كَانُواْ
عَنْهَا مُعْرِضِينَ ﴿٤٦﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ قَالَ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنُطْعِمُ مَن لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ أَطْعَمَهُۥٓ
إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٤٧﴾ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن
كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾ مَا يَنظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً تَأْخُذُهُمْ وَهُمْ
يَخِصِّمُونَ ﴿٤٩﴾ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَآ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ ﴿٥٠﴾
وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلْأَجْدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ ﴿٥١﴾
قَالُواْ يَٰوَيْلَنَا مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرْقَدِنَاۜۗ هَٰذَا مَا وَعَدَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَصَدَقَ
ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٥٢﴾ إِن كَانَتْ إِلَّا صَيْحَةً وَٰحِدَةً فَإِذَا هُمْ جَمِيعٌ لَّدَيْنَا
مُحْضَرُونَ ﴿٥٣﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا وَلَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا
كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٥٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**45**-ئۇلارغا: «رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردىكى ۋە ئارقاڭلاردىكى (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار» دېيىلسە (ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ).

**46**-ئۇلارغا رەببىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

47_ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان رىزىقتىن (يوقسۇللارغا) سەدىقە قىلىڭلار» دېيىلسە، كاپىرلار مۇئمىنلەرگە قارىتىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىقلاندۇرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟ سىلەر پەقەت ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دەيدۇ.

48_ئۇلار يەنە: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ.

49_ئۇلار بىر-بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ تۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان قاتتىق بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ.

50_ئۇ (ئاۋاز كەلگەن) چاغدا ئۇلار بىر-بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

51_سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈ-رىدۇ.

52_ئۇلار: «ۋاي ئىسىت بىزگە! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن كىم ئويغى-تىۋەتتى؟» دەيدۇ. (ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ) «رەھمان ئاللاھ ۋەدە قىلغان (قىيا-مەت) مۇشۇدۇر، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» (دېيىلىدۇ).

53_(تىرىلىپ قەبرىلەردىن چىقىش) پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا بولىدۇ، شۇ ھا-مان ئۇلارنىڭ ھەممىسى (ھېساب ئۈچۈن) بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ.

54_ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلغان ئىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ۋە ئويلاپ چۈشىنىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىنى كۆزلەپ، كېچە، كۈندۈز، كۈن، ئاي ۋە سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن زېمىن قاتارلىق ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرۇۋاتقان ئالامەتلەرنى بايان قىلغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئادەم ئەۋلادىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىقىرىش ئارقىلىق توپان بالاسىدىن ساقلاپ قالغانلىق نېمىتىنى ئەسلەتكەن. ئەمما كاپىرلار بۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئىبرەت ئالماي، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىنى داۋام-لاشتۇرۇۋەرگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە بولسا كاپىرلارنى قاتتىق ئازابلار بىلەن ئاگاھلاندۇرغان.

## تەپسىرى

ئۇ كاپىرلارغا: ئى ئىنسانلار! بۇ دۇنيادا كۆز ئالدىڭلاردا بولۇۋاتقان ۋەقەلىكلەردىن، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار ۋە ئاخىرەتتە بېشىڭلارغا كېلىدىغانلاردىن قورقۇڭلار، رەببىڭلارغا ھېساب بېرىشنى ئويلاڭلار، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇڭلار دېيىلسە، ئۇلار بۇ ۋەز-نەسىھەتلەردىن دەرھال يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلارغا يەنە ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسە ياكى كائىنات ئالامەتلىرىدىن بىرەر ئالامەت بايان قىلىنىپ ۋەز-نەسىھەت قىلىنسىلا، ئۇلار بۇلاردىنمۇ دەرھال يۈز ئۆرۈيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالماسلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان مەخلۇقلاردۇر.

﴿ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان رىزىقتىن (يوقسۇللارغا) سەدىقە قىلىڭلار» دېيىلسە، كاپىرلار مۇئمىنلەرگە قارىتىپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىقلاندۇرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟ سىلەر پەقەت ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دەيدۇ﴾. يەنى مۇشرىكلارغا: ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان رىزىقتىن سەدىقە قىلىڭلار، ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياردەم قىلىڭلار، دېيىلسە، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنىدىغان بۇ مۇشرىكلار مۇئمىنلەرگە: ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىق بېرىدىغان كىشىلەرگە بىز ئۆزىمىزنىڭ پۇل-مېلىمىزنى ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرىمىزنى سەرپ قىلامدۇق؟ دېدى[1].

«بۇ ئايەت قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەزى يوقسۇل كىشىلەر ئۇلارغا: ‹سىلەر ئاللاھنىڭ نېسىۋىسى دەپ ئايرىپ قويغان پۇل-مالدىن بىزگىمۇ بەرمەمسىلەر؟› دېگەن. چۈنكى، مۇشرىكلار بۇتلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن پۇل-ماللاردىن بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ نېسىۋىسى دەپ ئايرىپ قوياتتى، ئاندىن ئىبادەتخانىغا مەسئۇل بولغانلىرى بۇ پۇل-ماللارنى ئۆز ئارىسىدا بۆلۈشۈپ يەيتتى. ﴿وَجَعَلُواْ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعۡمِهِمۡ وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَاۖ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر نېسىۋە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىچە: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ

[1] «تفسير الطبري» 20- توم، 527- بەت.

مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى ﴾[1] شۇڭا مۆئمىنلەر مۇشرىكلارنى سىناش ئۈچۈنمۇ ياكى راستىنىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلاردىن پۇل-مال سورىغان. ئەمما مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىنى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلار ھەققىدە ﴿ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۆزى رىزىقلاندۇرىدىغان ئادەمنى بىز باقامدۇق؟﴾ دېگەن ۋە ئۇلارنى «ئازغۇن» قەۋم دەپ سۈپەتلىگەن.

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلاردىن ﴿ئىنشائاللاھ﴾ (ئاللاھ خالىسا) دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايتتى. بۇ ئورۇندا ئۇلار مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ‹ئاللاھ خالىسا› دېگەن سۆزنى قەستەن قوللانغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇلار ئۆز گۇمانىچە مۇسۇلمانلارغا: ‹سىلەر ئاللاھنى رىزىق بەرگۈچى، ھەممىگە قادىر، دەپ سۈپەتلەيسىلەر. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن رىزىقنى ئاللاھتىنلا تىلىمەيسىلەر؟› دېمەكچى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى بايلىق ياكى يوقسۇللۇق بىلەن سىنايدىغانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئاللاھ تائالا يوقسۇللارنى سەۋرچانلىققا، بايلارنى خەير-ساخاۋەت قىلىشقا بۇيرىدى. ﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥ وَصَدَّقَ
بِٱلۡحُسۡنَىٰ ۝٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ ۝٧ وَأَمَّا مَنۢ بَخِلَ وَٱسۡتَغۡنَىٰ ۝٨ وَكَذَّبَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ
۝٩ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡعُسۡرَىٰ ۝١٠ وَمَا يُغۡنِي عَنۡهُ مَالُهُۥٓ إِذَا تَرَدَّىٰٓ﴾ يەنى ﴿(ئاللاھ
يولىدا) پۇل-مال سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، كەلىمە تەۋھىدنى راست دەپ ئىشەنگەن ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا ياخشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھتىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىمىز. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇل-مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾[2]. ئى مۇشرىكلار! سىلەر ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ خاتا چۈشەنچەڭلار بىلەن ﴿ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟﴾ دەيسىلەر.

كاپىرلار قىيامەتنىڭ بولۇشىنى، مۆئمىنلەرگە قىلىنغان ۋەدىلەرنىڭ، كاپىرلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايتتى، ھەتتا ھېچ ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ﴿ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (قىلىنغان قىيامەت) قاچان بولىدۇ؟﴾ دەيتتى.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 136-ئايەت.
[2] لەيل سۈرىسى: 5-11-ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇلار بىر-بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ تۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇلارنى هالاك قىلىدىغان قاتتىق بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ﴾ دېگەن. بۇ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام چالىدىغان بىرىنچى قېتىملىق سۇرنىڭ ئاۋازىدۇر. ئايەتتىكى ﴿كۈتىدۇ﴾ دېگەن سۆز مۇشرىكلارنىڭ راستتىنلا كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولغانلىقتىن، ئۇلار شۇنى كۈتۈۋاتقانلارنىڭ ئورنىدا قويۇلغان»[1].

قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەنلىكتىن، ئىنسانلار بىر-بىرىگە ۋەسىيەت قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ، ھەتتا ۋەسىيەت قىلىش ئۇلارنىڭ ئەقلىگىمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەممە ئادەم ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقىسىنى ئويلىماسلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

ئۇ ۋاقىتتا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇدات هالاك بولىدۇ، جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. مانا بۇ قىيامەتنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئاندىن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مەلۇم ۋاقىتتا ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ ۋە ھېساب مەيدانىغا ئالدىراپ بېرىشىدۇ. ﴿سۇر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئىككىنچى قېتىم چېلىنىدىغان سۇرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇلار تىرىلگەن كۈنى گويا ئۆزلىرىنى ئۇزۇن بىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئويلاپ، ﴿ۋاي ئىسىت! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن كىم ئويغىتىۋەتتى؟﴾ دېيىشىدۇ ۋە ھەيرانلىقتا قالىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن شۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەر ئۆزۈڭلارنى كىمنىڭ ئويغاتقانلىقىنى سورۇشتە قىلىشنىڭ ئورنىغا قانداق ھېساب بېرىشنى ئويلاڭلار. چۈنكى، سىلەر ئۇخلىغان ئەمەس، بەلكى بەرزەخ ئالەمدە ئىدىڭلار. ئەمدى ئاخىرەت ئالەمگە كۆچتۈڭلار. پەيغەمبەرلەرنىڭ سىلەرگە ئېيتقانلىرى، بەرگەن ۋەدىلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرى مانا ئەمدى ئەمەلگە ئاشتى. قىيامەت دېگەن مانا مۇشۇدۇر، پەيغەمبەرلەر سىلەرگە راست ئېيتقان ئىدى.

﴿(تىرىلىپ قەبرىلەردىن چىقىش) پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا بولىدۇ، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ھەممىسى (ھېساب ئۈچۈن) بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا ھازىر

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 187-186- بەتلەر.

قىلىنىدۇ﴾ ئۆلىمالارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام چالىدىغان سۇرنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ «ئى چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەر! ئى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن تەنلەر! ئاللاھ سىلەرنىڭ توپلىنىشىڭلارنى ئەمر قىلدى» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاۋاز ئاڭلانغان هامان ھەممە ئادەم تىرىلىپ ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدىغان بۇ كۈن «قۇرئان كەرىم»دە «يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِ» يەنى (ئايرىش كۈنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ۋە ھەركىمگە ئۆزى ھەقلىق بولغان مۇكاپات ياكى جازانى بېرىش كۈنىدۇر. بۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ياخشى ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى كېمەيتىلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسى يەڭگىللىتىلمەيدۇ، ھەممە ئادەم تېگىشلىك بولغىنىغا ئېرىشىدۇ، ھەممە ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. ﴿وَنَضَعُ ٱلۡمَوَٰزِينَ ٱلۡقِسۡطَ لِيَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَلَا تُظۡلَمُ نَفۡسٞ شَيۡـٔٗاۖ وَإِن كَانَ مِثۡقَالَ حَبَّةٖ مِّنۡ خَرۡدَلٍ أَتَيۡنَا بِهَاۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ﴾ يەنى ﴿بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا قىلغان ۋەز-تەبلىغنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ئىمان ئېيتماسلىققا بەل باغلىغان ئازغۇنلاردۇر.

2. قىيامەتنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە دىن تەقەززا قىلغان شەكسىز ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ تۇيۇقسىز كېلىدۇ.

3. ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە ئۆلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان چاغدا، ھەممە تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ.

4. قىيامەت كۈندىكى ھېساب ئېلىش ئىشى ئادالەت تولۇق ئىجرا قىلىنغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ئادالەت قىيامەت كۈندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 47-ئايەت.

### جەننەت ئەھلى ۋە دوزاخ ئەھلى

﴿إِنَّ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ ٱلۡيَوۡمَ فِي شُغُلٖ فَٰكِهُونَ ٥٥ هُمۡ وَأَزۡوَٰجُهُمۡ فِي
ظِلَٰلٍ عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِ مُتَّكِـُٔونَ ٥٦ لَهُمۡ فِيهَا فَٰكِهَةٞ وَلَهُم مَّا يَدَّعُونَ
٥٧ سَلَٰمٞ قَوۡلٗا مِّن رَّبّٖ رَّحِيمٖ ٥٨ وَٱمۡتَٰزُواْ ٱلۡيَوۡمَ أَيُّهَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ
٥٩ ۞ أَلَمۡ أَعۡهَدۡ إِلَيۡكُمۡ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ أَن لَّا تَعۡبُدُواْ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّهُۥ
لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ٦٠ وَأَنِ ٱعۡبُدُونِيۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ٦١
وَلَقَدۡ أَضَلَّ مِنكُمۡ جِبِلّٗا كَثِيرًاۖ أَفَلَمۡ تَكُونُواْ تَعۡقِلُونَ ٦٢ هَٰذِهِۦ
جَهَنَّمُ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ٦٣ ٱصۡلَوۡهَا ٱلۡيَوۡمَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ
٦٤ ٱلۡيَوۡمَ نَخۡتِمُ عَلَىٰٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَتُكَلِّمُنَآ أَيۡدِيهِمۡ وَتَشۡهَدُ أَرۡجُلُهُم بِمَا
كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ٦٥﴾

### تەرجىمىسى

55ـ شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى ئۇ كۈندە نېمەت ئىچىدە ھۇزۇر سۈرىدۇ.

56ـ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپلىرى سايىلەردە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

57ـ ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلارغا (يەنە) تەلەپ قىلغان نەرسىلىرى بېرىلىدۇ.

58ـ رەھىم ـ شەپقەتلىك رەببى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) «سالام» دېيىلىدۇ.

59ـ (گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (مۆئمىنلەردىن) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ).

60ـ 61ـ ئى ئادەم بالىلىرى! (مەن) سىلەرگە: «شەيتانغا چوقۇنماڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟

62ـ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتتى، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟

63ـ مانا بۇ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان جەھەننەمدۇر.

64ـ سىلەر كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن ئۇنىڭغا كىرىڭلار».

**65ـ شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.**

## ◄ تەپسىرى

قىيامەت كۈندىكى ھېساب ئېلىش ئىشى ۋايىغا يەتكەن ئادالەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈن ئادالەت كۈندۇر. بۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى كېمەيتىلمەيدۇ، گۇناھ قىلغانلارنىڭ جازاسى ئاشۇرۇلمايدۇ، بەلكى ھەركىم تېگىشلىك بولغانغا ئېرىشىدۇ. جەننەت ئەھلى بولغانلار جەننەتلەردىكى نازۇنېمەتلەر ئىچىدە ھۇزۇر سۈرىدۇ.

توغرا، جەننەت ئەھلى بولغانلار جەننەتلەردىكى نازۇنېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنىش، نېمەتلىنىش ۋە راھەتلىنىش بىلەن تولىمۇ بەخت ـ سائادەتلىك ھايات كەچۈرىدۇ، ھېچقانداق غەم ـ قايغۇ ياكى ھەسرەت ـ نادامەت تارتمايدۇ، ھەمىشە خۇشاللىق ئىچىدىلا ئۆتىدۇ، ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا لايىق بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دۇنيادا ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلغان، تىرىشقان ۋە قاتتىق ئىشلىگەن كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ قىلغان ئەجرىنى بىكارغا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە قىلىدىغان ئىززەت ـ ئىكراملىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە ئۆز-لىرىنىڭ جۈپلىرى بىلەن بولىدۇ، جەننەتتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىدا، ئېسىل تەختلەردە ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ. كۆڭلى تارتقان ۋە نەپسى ئىشتىھا قىلغان نازۇنېمەتلەر ئۇلارغا شۇ ھامان كەلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ سالامى ئۇلارغا يېتىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار جەننەتلەردە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. مانا بۇلار مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدۇر.

ئەمدى كاپىرلارغا كەلسەك، قىيامەت كۈندە ئۇلارغا: ئى گۇناھكار كاپىرلار! سىلەر بۈگۈن مۇئمىنلەردىن بىر تەرەپكە ئايرىلىڭلار، سىلەر ئايرىم تۇرۇڭلار، دېيىلىدۇ. مۇئمىنلەر بولسا جەننەتكە قاراپ يول ئالىدۇ.
﴿وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوۡمَئِذٖ يَتَفَرَّقُونَ ١٤ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
فَهُمۡ فِي رَوۡضَةٖ يُحۡبَرُونَ ١٥ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَلِقَآيِٕ ٱلۡأٓخِرَةِ

﴿فَأُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡعَذَابِ مُحۡضَرُونَ﴾ يەنى ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار (جەننەت) باغچىلىرىدا (دائىملىق نازۇنېمەتلەر بىلەن) خۇشاللىققا چۆمدۈرۈلىدۇ. (ئاللاھنى) ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى يالغانغا چىقارغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار داۋاملىق ئازابتا قالىدۇ﴾[1].

ئاندىن كاپىرلارغا كايىپ ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! (مەن) سىلەرگە: «شەيتانغا چوقۇنماڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان تەۋسىيەسى ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق قىلغان تەۋسىيەلىرىنى ئىپادىلىگەندەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىگە ۋە ۋىجدانىغا يەرلەشتۈرگەن ياخشىلىقنى سۆيۈش ۋە يامانلىقتىن نەپرەتلىنىش خىسلىتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ياخشىلىقنى سۆيۈش، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىش، توغرا يولغا ئەگىشىش خىسلىتى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشتىكى ئەسلى ھالىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇ ھالىتى بىلەن ياراتتىدۇ. شۇ ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلار ياخشىلىق يولىدا مۇستەھكەم بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىنى بۇلغىۋەتكەندىن كېيىنلا ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەيتاندىن يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىپ ئۆتكەن بولۇپ، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ۋە مۇددىئاسى بىر ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق شەيتاننىڭ يا-مانلىقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن.

﴿بۇ توغرا يولدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە شەيتاننى دۈشمەن تۇتۇشتىن ئىبارەت دىنىي پىرىنسىپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق پىرىنسىپى ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ پىرىنسىپنى ئۆزىنىڭ: ﴿وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمٗا فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ تۇپتوغرا

---

[1] رۇم سۈرىسى: 14-16-ئايەتلەر.

يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، بولمىسا (ئۇ ناتوغرا يوللار) سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزىدە تەكىتلىگەن.

بۇ دىن راستتىنلا ھەق دىندۇر ۋە ھېچ قىڭغىرلىقى بولمىغان توغرا يولدۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەندۇر.

شەيتان سىلەردىن كۆپ كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، شەيتان ئۇلارغا بارلىق يامان ئىشلارنى چىرايلىق ۋە توغرا قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئالداپ قويىدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان بولۇپ كەتتى.

گۇناھكارلارغا قىيامەت كۈنى دېيىلىدۇكى، سىلەرگە ئاللاھ تائالا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ۋە نۇرغۇن پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئەقلىڭلارنى ئىشقا سالمىدىڭلار؟ مانا ئەمدى جەھەننەمنى كۆرۈۋاتىسىلەر. پەيغەمبەرلەر سىلەرنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، سىلەر ئىشەنمەي ئىنكار قىلغان جەھەننەم مانا مۇشۇدۇر. ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ياكى شاپائەت قىلغۇچى چىقمايدۇ.

ئۇ كاپىرلارغا يۇقىرىقى سۆزلەر ئېيتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى، تونۇشلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. لېكىن گۇناھكارلار ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەدەن ئەزالىرىنى سۆزلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى پېچەتلىنىدۇ ۋە ئەزالىرى سۆزلەشكە باشلايدۇ. ﴿شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن، قوللارنى سۆزلىتىش بىلەن پۇتلارنى گۇۋاھ قىلدۇرۇشتىكى سىر نېمە؟ جاۋاب شۇكى، تەپسىرى خازىندا ئېيتىلغاندەك، قول ئىشنى قىلىدۇ، پۇت مېڭىپ بارىدۇ. پۇتلار ئۆزىنىڭ گۇناھ ئۈچۈن ماڭغانلىرىغا ۋە قىلغان -ئەتكەنلىرىگە گۇۋاھ بولۇشقا بۇيرۇلىدۇ، قوللار بولسا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

[1] ئەنئام سۈرىسى: 153-ئايەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئەڭ مۇكەممەل نېمەتلەر بولۇپ، جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېسىل نېمەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

2. ئىنسان بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تا قىيامەتكىچە ھەل بولمايدىغان زىددىيەتتۇر. چۈنكى، شەيتاننىڭ ئىنسان ئەۋلادىغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە ئۆچمەنلىكى ئىنتايىن قاتتىقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارمۇ شەيتاننى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ تونۇشى ۋە ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدانماسلىقى لازىم.

3. قىيامەت كۈنى ھېچكىم ئۆز گۇناھىنى يوشۇرالمايدۇ ۋە بارلىق قىلمىشلار تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرى

﴿وَلَوْ نَشَآءُ لَطَمَسْنَا عَلَىٰٓ أَعْيُنِهِمْ فَٱسْتَبَقُوا۟ ٱلصِّرَٰطَ فَأَنَّىٰ يُبْصِرُونَ
﴿٦٦﴾ وَلَوْ نَشَآءُ لَمَسَخْنَٰهُمْ عَلَىٰ مَكَانَتِهِمْ فَمَا ٱسْتَطَٰعُوا۟ مُضِيًّا وَلَا
يَرْجِعُونَ ﴿٦٧﴾ وَمَن نُّعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِى ٱلْخَلْقِ ۖ أَفَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٦٨﴾﴾

## تەرجىمىسى

66-ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق-دە، ئۇلار يولنى تېپىۋېلىشقا ئالدىرايتتى، ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟

67-ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى تۇرغان يېرىدىلا باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى.

68-بىز كىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساق، ئۇنى (دەسلەپتىكى ئاجىزلىق ھالىتىگە) قايتۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كاتتا ئىنئاملارنىڭ ۋە سانسىزلىغان نېمەتلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنئاملىرى ۋە نېمەتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىيدۇر.

چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان-كاپىر، تەقۋا-پاسىق دەپ ئايرىماستىن، ئىنسانلارنىڭ، ھەتتا بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نېمەتلەندۈرىدۇ ۋە ھەممىسىگە رىزىق بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىكى كۆز، قۇلاق، تىل قاتارلىق ئەزالارنى ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاتا قىلغان زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارنى بۇ ئەزالاردىن مەھرۇم قىلىشقىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىنساندىن كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنى ئېلىپ تاشلىسا، ئىنسان ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدىغان، ئادەتتىكى تۈپتۈز يولدىمۇ توغرا ماڭالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغانلىقتىن، ئۇلار قانچىلىك گۇناھكار ۋە تۈزكور بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ناشۈكۈرلۈك قىلماسلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇ كاتتا نېمىتى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشى ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر.

ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، كاپىرلارنى كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ قويغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇلار ئادەتتىكى تۈز يولدىمۇ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالغان بولاتتى. كۆزى كۆرمەيدىغان ئادەم قانداقمۇ توغرا يولدا ماڭالىسۇن؟!

كاپىرلارنىڭ تۈزكورلۇقى، گۇناھكارلارنىڭ ئاسىيلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى مايمۇن، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىگە ياكى ئۇلارنى تاشقا، ياغاچ ۋە تۆمۈرگە ئوخشاش قاتتىق جىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار تۇرغان يەرلىرىدىلا ئولتۇرۇپ قالىدىغان، يا ئالدىغا ماڭالمايدىغان ياكى كەينىگە قايتالمايدىغان بولۇپ قالاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەگەر شۇنداق قىلاي دېسە ئەلۋەتتە قىلاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى ئۇنداق قىلىشنى خالىمىغان.

بۇ سانسىز ۋە كاتتا نېمەتلەرنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۇنى رازى قىلىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى تۈزكورلۇق قىلدى، ئاللاھ تائالانى ئاشكارا ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلدى.

يۇقىرىقى بايانلار كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ

ئىمان ئېيتماسلىقتىكى بارلىق ئۆزرىلىرىنى بىكارغا چىقارغان، ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا پەزل-كەرەملىرىنى نامايان قىلغان بايانلاردۇر.

﴿بىز كىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساق، ئۇنى (دەسلەپتىكى ئاجىزلىق ھالىتىگە) قايتۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟﴾ ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، بەزى ئىنسانلارنىڭ «ئەگەر ئۆمرىمىز يار بەرسە ئۇنداق قىلىمىز، مۇنداق قىلىمىز» دېگەنگە ئوخشاش گەپلىرىگە رەددىيە بېرىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئەمەللەرنى تېنى ساق، كۈچى بار ۋە ئۆزى ياش چاغلىرىدا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىشىپ ماڭىدۇ. ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر﴾[1].

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ھىدايەت تېپىشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يېتىدىغان ئۇزۇن بىر ئۆمۈر ئاتا قىلدى. ﴿أَوَلَمْ نُعَمِّرْكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَن تَذَكَّرَ﴾ يەنى ﴿سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز-نەسىھەت ئالالىغۇدەك ئۆمۈر بەرمىدۇقمۇ؟﴾[2]. شۇنى بىلىش كېرەككى، ياش چوڭايغانسېرى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئادەمنىڭ بەدىنى ھەر جەھەتتىن ئاجىزلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۆسۈشى توختاپ كېيىنگە يانىدۇ، كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە ئەسلەش ئىقتىدارى كېيىنگە قاراپ چېكىنىدۇ. بوۋاق يېگەنسېرى ئۇنىڭ تېنى چوڭايسا، قېرىلار يېگەنسېرى ئۇلارنىڭ تېنى كىچىكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرْذَلِ ٱلْعُمُرِ لِكَىْ لَا يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْـًٔا﴾ يەنى ﴿ئاراڭلاردا ئۆمۈرنىڭ ئەڭ ناچار (قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھەتتا بۇرۇن بىلگەنلىرىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ﴾[3].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. ئەمما ئۇنىڭ بەندىلىرىنى بۇ

[1] رۇم سۈرىسى: 54-ئايەت.
[2] فاتىر سۈرىسى: 37-ئايەت.
[3] نەھل سۈرىسى: 70-ئايەت.

دۇنيادا رەسۋا قىلماستىن، ئۇلارنىڭ جازالىرىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈر-گەنلىكى ئۇلارغا مۇشۇ دۇنيادا قىلغان رەھىم-شەپقىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2. ئىنسان ئەقلىنىڭ ۋە بەدىنىنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە، ئاندىن يەنە ئاجىزلىققا قايتىشى، ئوزۇقلىنىشىنىڭ بالىلارنىڭ تېنىنى چوڭىيىشقا، ياشانغانلارنىڭ تېنىنى كىچىكلەشكە ئېلىپ بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردۇر.

## ◄ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىر ئەمەسلىكى

﴿وَمَا عَلَّمْنَٰهُ ٱلشِّعْرَ وَمَا يَنۢبَغِى لَهُۥٓ ۚ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَقُرْءَانٌ مُّبِينٌ
٦٩ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيًّا وَيَحِقَّ ٱلْقَوْلُ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ٧٠ أَوَلَمْ يَرَوْا۟
أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَآ أَنْعَٰمًا فَهُمْ لَهَا مَٰلِكُونَ ٧١
وَذَلَّلْنَٰهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ ٧٢ وَلَهُمْ فِيهَا مَنَٰفِعُ
وَمَشَارِبُ ۖ أَفَلَا يَشْكُرُونَ ٧٣ وَٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لَّعَلَّهُمْ
يُنصَرُونَ ٧٤ لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَهُمْ وَهُمْ لَهُمْ جُندٌ مُّحْضَرُونَ ٧٥
فَلَا يَحْزُنكَ قَوْلُهُمْ ۘ إِنَّا نَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ٧٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

69-70- بىز ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەدكە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق، ئۇنىڭغا (شېئىر) مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يەتكۈزۈۋاتقىنى پەقەت (قەلبى) تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر.

71-ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن چارۋىلارنى ياراتتۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردۇر.

72-ئۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ.

73-ئۇلار شۇ چارۋىلاردىن پايدىلىنىدۇ، سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار (بۇ نېمەت-لەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟

74ـ مۇشرىكلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى.

75ـ ھالبۇكى، (ئۇ ئىلاھلار) ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇلار شۇ ئىلاھلار ئۈچۈن ھازىرلانغان قوشۇندۇر.

76ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىمىز.

### تەپسىرى

شېئىر ئەدەبىياتنىڭ بىر ژانىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بار. شېئىر ئومۇمەن قاپىيەنى ئاساس قىلىدۇ، تەسەۋۋۇرغا تايىنىدۇ، شېئىردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر كۆپ قوللىنىلىدۇ. شائىرلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا راستچىللىق ۋە ھەققانىيلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلالماي قالىدۇ. شائىرلارنىڭ تولىسى «قۇرئان كەرىم» مۇنۇ ئايەتتە سۈپەتلىگەندەكتۇر: ﴿وَٱلشُّعَرَآءُ يَتَّبِعُهُمُ ٱلْغَاوُۥنَ ﴿٢٢٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّهُمْ فِى كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ ﴿٢٢٥﴾ وَأَنَّهُمْ يَقُولُونَ مَا لَا يَفْعَلُونَ﴾ يەنى ﴿شائىرلارغا ئازغۇنلار ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ۋادىدا تېڭىرقاپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلارنى دەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا شېئىرىيەت تازا گۈللەنگەن بولۇپ، شائىرلار ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش يولىدا يالغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىككىلەنمەيتتى. شېئىرىيەت بەزى شائىرلارنىڭ بايلارنى ۋە كاتتىباشلارنى ماختاپ بېرىپ پۇل تاپىدىغان كەسپىگە ئايلانغان ئىدى. چۈنكى، جاھىلىيەتتىكى بايلار، قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆزلىرىنى ماختاپ شېئىر ئوقۇغانلارغا ئايىماستىن پۇل بېرەتتى. شۇ زامانلاردىكى شائىرلىق پۇل تېپىشنىڭ كەسپى بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، يالغانچىلىقنىڭ ۋاسىتىسى بولغانلىقتىن، پەزىلەتلىك كىشىلەر شېئىر ۋە شائىرلىقتىن يىراق تۇراتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شېئىر ئوقۇمىغان، شېئىر ئوقۇش ئۇنىڭغا لايىقمۇ ئەمەس ئىدى. كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىشتا، ئۇنى بەزىدە شېئىر دېسە، بەزىدە سېھىر دەيتتى. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ شېئىرغا ياكى سېھىرگە

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 224ـ226ـ ئايەتلەر.

ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم ئوبدان بىلەتتى.

«قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ بۇ كۇفرى سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ، قۇرئاننىڭ شېئىر ئەمەسلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شائىر ئەمەسلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا شېئىر ئۆگەتمىگەنلىكىنى ۋە شېئىرنىڭ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەسلىكىنى جاكارلىغان. «قۇرئان كەرىم» ئەدەبىي جەھەتتە ئىنتايىن بەدىئىي ۋە پاساھەتلىك كالام بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ شېئىر ئەمەس، شېئىرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى، مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە شىپا، ئۇلارنىڭ دەردىگە داۋادۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ھايات، ۋىجدانى ئويغاق كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىمان بىلەن ياشىتىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان.

توغرا، «قۇرئان كەرىم»دىن پەقەت قەلبى ھايات، ۋىجدانى ئويغاق، تەپەككۇرى پارلاق كىشىلەرلا ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ ۋە شۇنداق كىشىلەرلا ئۇنىڭ ھىدايىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما قەلبى ئۆلگەنلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. ﴿فَإِنَّكَ لَا تُسْمِعُ ٱلْمَوْتَىٰ وَلَا تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا وَلَّوْاْ مُدْبِرِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە (يەنى قەلبى ئۆلگەن كاپىرلارغا ھەقنى) ئاڭلىتالمايسەن، ئارقىسىنى قىلىپ (سەندىن) يۈز ئۆرۈگەن گاسلارغىمۇ دەۋەتنى ئاڭلىتالمايسەن﴾[1].

مانا بۇ سەۋەبتىن كاپىرلارغا ئازاب تېگىشلىك بولغان. چۈنكى، ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن، ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىنى كۇفرى-مەئسىيەت بىلەن بۇلغىۋەتكەن گۇناھكارلاردۇر. ئۇلار جىسمى تىرىك بولسىمۇ، روھى ۋە ئەقلى ئۆلۈك ئىنسانلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئۆلۈكلەردىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ ۋە ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ؟ ياكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمەمدۇ؟ ياكى ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرەلمەيۋاتامدۇ؟

ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق ياراتقانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار بىز ئۆز قۇدرىتىمىز بىلەن يارىتىپ ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ، بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئۈستىگە مىنىدۇ، يۈك ئارتىدۇ ۋە بەزىسىنى ئىشقا سالىدۇ، بەزىسىنى بوغۇزلاپ ئۇنىڭ

---

[1] رۇم سۈرىسى: 52-ئايەت.

گۆشىنى يەيدۇ. ئىنسان ئۇزىدىن كۈچلۈك ۋە چوڭ ھايۋانلارنىمۇ باشقۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىگە سالالايدۇ. ئىنسان شۇنچىلىك كۆپ نېمەتكە ئېرىشىپ تۇرۇپ، بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ياراتقۇچىغا شۈكۈر قىلمىسا بولامدۇ؟

ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ سانسىز نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنسا بولامدۇ؟

بەزى ئىنسانلار ئەقىلسىزلىقىدىن ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىدىن بەزىسىنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلاردىن مەدەت تىلىدى ۋە ئۇلارغا چوقۇندى. ئۇلار بۇ ساختا ئىلاھلارنىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈ- زەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ قوغداشقا قادىر ئەمەسلىكىنى، بېشىغا قونغان چىۋىننى ئۈركۈتۈشكىمۇ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەقلىنى ئىشلەتمىدى.

بۇ دۇنيادا ئاشۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغان مۇشرىكلار قىيامەت كۈنىدە ئاشۇ ئىلاھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئازابقا ھازىر بولىدۇ. ﴿لَا يَسْتَطِيعُونَ نَصْرَهُمْ وَهُمْ لَهُمْ جُندٌ مُّحْضَرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۇلارغا بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنىڭ چوقۇنغان ئىلاھلىرى ئۇلارغا قىلچە ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇلارنى زىيان- زەخمەتتىن قوغدىيالمايدۇ. ئۇ مۇشرىكلار ئاشۇ ئىلاھلىرى ئۈچۈن ھازىر بولغۇچى قوشۇندۇر. مۇپەسسىرلەر ﴿مُّحْضَرُونَ﴾ يەنى ﴿ھازىرلانغان﴾ دېگەن سۆزگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ نەدە ھازىر بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا ھازىر بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە ئۇلار مۇشۇ دۇنيادا ئىلاھلىرىنى قوغدايدىغان قوشۇندۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادەنىڭ تەپسىرى ئەڭ توغرىدۇر»[1]. يەنى مۇشرىكلار ئاشۇ ساختا ئىلاھلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھازىرلانغان قوشۇن بولۇپ، ئاشۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ئۇلارنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. ئەمما بۇ ساختا ئىلاھلار ئۇلارنى قوغدىيالمايدۇ، ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ زىتىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ھالىغا قايغۇرۇپ

[1] «تفسير الطبري» 20- توم، 552- بەت.

كەتمىگەن، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپمىغانلىقى ئۈچۈن بىئارام بولمىغىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى سۆزلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن. چۈنكى، رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئەھۋالىنى، ئاشكارا قىلغانلىرىنىڭ ۋە يوشۇرغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىدۇ ۋە ئۇلارنى شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن جازاغا تارتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** «قۇرئان كەرىم» كاپىرلار بىلجىرلىغاندەك شېئىر ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، بەلكى مۆجىزىدۇر.

**2.** «قۇرئان كەرىم» قەلبى ئويغاق بولغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتابتۇر.

**3.** «قۇرئان كەرىم» ئۆلۈكلەرگە ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تىرىكلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئۆگۈتتۇر.

**4.** ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئېھسانلىرىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش ئىنساندىن تەلەپ قىلىنغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر.

### ◄ تىرىلىش دەلىللىرى

﴿أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٧٧﴾
وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِىَ خَلْقَهُۥ ۖ قَالَ مَن يُحْىِ ٱلْعِظَٰمَ وَهِىَ رَمِيمٌ
﴿٧٨﴾ قُلْ يُحْيِيهَا ٱلَّذِىٓ أَنشَأَهَآ أَوَّلَ مَرَّةٍ ۖ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ
﴿٧٩﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلشَّجَرِ ٱلْأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَآ أَنتُم مِّنْهُ
تُوقِدُونَ ﴿٨٠﴾ أَوَلَيْسَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِقَٰدِرٍ عَلَىٰٓ أَن
يَخْلُقَ مِثْلَهُم ۚ بَلَىٰ وَهُوَ ٱلْخَلَّٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨١﴾ إِنَّمَآ أَمْرُهُۥٓ إِذَآ أَرَادَ شَيْـًٔا
أَن يَقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٨٢﴾ فَسُبْحَٰنَ ٱلَّذِى بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ
شَىْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٨٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

77ـئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق. مانا

ئەمدى ئۇ (رەببىگە قارشى) ئوپئوچۇق خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى.

78ـ ئۇ بىزگە (چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈ- رەلەيدۇ؟» دېدى.

79ـ ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر».

80ـ ئۇ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئوت ياقىسىلەر.

81ـ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىر. ئاللاھ ئاجايىپ ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

82ـ ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇـ دە، ئۇ دەرھال بولىدۇ.

83ـ ھەربىر نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قولىدا بولغان ئاللاھ پاكتۇر، سىلەر (ئاخىر) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مۇشرىكلارنىڭ مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇ- ۋېلىشتىن ئىبارەت قىلمىشىنىڭ خاتالىقىغا، ساختىلىقىغا ۋە ئازغۇنلۇقىغا رەددىيە بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىشتەك ئازغۇنلۇقىغا رەددىيە بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ سەپسە- تىلىرى ئەقلىي دەلىللەر بىلەن بىتچىت قىلىنغان.

## ◄ تەپسىرى

ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىر ئىنسان ئويلاپ كۆرمەمدۇ؟ ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟ بىزنىڭ ئۇنى شۇ ئەرزىمەس سۇ – ئابمەنىيدىن ياراتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەمدى بىز بىلەن جېدەللىشىدىغان خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۇ نېمىسىگە ئىشىنىپ بۇنچىلىك ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ؟ ئۇ ياراتقۇچىسىغا تەڭ كېلەلەمدۇ؟

كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى ئەقىل ۋە دىن قوبۇل قىلالمايدىغان بىر ئەخمەقلىقتۇر.

ئەللامە ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، سۇددىي ۋە قەتادە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى ئۇبەي ئىبنى خەلەف چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئۇنىڭغا بۇ سۆڭەكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئى مۇھەممەد! قاراپ باققىنە، ئاللاھ چىرىپ كەتكەن مۇشۇ سۆڭەكنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ھەئە، ئاللاھ ئەلۋەتتە سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ، ئاندىن سېنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن دوزاخقا تاشلايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق. مانا ئەمدى بولسا ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ شۇ ئەرزىمەس سۇ-ئابىمەنىيدىن يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى بىزگە كۆرسىتىپ، بۇ سۆڭەككە كىم جان كىرگۈزىدۇ؟ دېيىشى تولىمۇ ئەخمەقلىق ۋە تولىمۇ ئىنساپسىزلىقتۇر. ئىنساننى يوقتىن بار قىلغان زات ئەمدى ئۇنىڭ چىرىگەن سۆڭەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەمدۇ؟ بارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىنمۇ ياكى يوقنى بار قىلىشمۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەممىسى ئاساندۇر.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟ دېگەن كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ﴿ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ﴾ چۈنكى، دەسلەپتە ئۇنى يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زات ئۈچۈن ئۇنى چىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئەسلىگە قايتۇرۇش تېخىمۇ ئاساندۇر. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىيىن ئىش يوقتۇر.

ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىڭلارنى يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلىشقا قادىر بولغان زات تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر.

كاپىرلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن نەرسە شۇ ئىدىكى، ھاياتلىقتىن تامامەن چىقىپ كەتكەن، ھەتتا چىرىپ، تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكىلى ئاز قالغان بۇ سۆڭەكلەرگە قانداق جان كىرىدۇ؟ كىم ئۇنى تىرىلدۈرۈپ ئىنسان قىلالايدۇ؟

ئەمما، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقىغا جاۋاب بېرىشتە، ئالدى بىلەن ﴿ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ﴾ دەپ قىسقا ھەم

---

[1] «تفسير ابن كثير» 6-توم، 593-بەت.

مەنىلىك بىر جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، خۇددى كاپىرلار مىسال كەلتۈرگەندەك، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا بېرىدىغان رەددىيەنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەن بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟﴾.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارغا ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بىر نەرسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ يېشىل (يەنى ھۆل) دەرەختىن ئوت ياندۇرۇشتۇر. ئىنسانلار ئوت قالاۋاتقان ياغاچلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە يېشىل دەرەخ بولسىمۇ، ئاكاتسىيە دەرىخىگە ئوخشىغان بەزى دەرەخلەر ھۆل ھالىتىدە كۆيىدىغان دەرەختۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ: ﴿ئۇ سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر﴾ دېگەن خەۋىرى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن راست خەۋەردۇر.

ئاسمان ۋە زېمىندەك چوڭ نەرسىلەرنى ياراتقان زات ئىنساندەك ئاجىز بىر مەخلۇقاتنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟! ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان، تولىمۇ ماھىر بىر ياراتقۇچىدۇر. مۇنداق كامالىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان بىر زاتنىڭ ئىنسان ۋە باشقىلارنى يارىتىشى، ئاندىن يەنە ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشى نورمال ئەھۋالدۇر. بۇ ئىشنىڭ ئەجەبلىنىدىغان، ھەيران قالىدىغان يېرى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەڭداشسىز ياراتقۇچى ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن يارىتىش، پەيدا قىلىش شۇنچىلىك ئاسانكى، قانداقلا بىر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەپ ئەمر قىلىدۇ-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ. ھەربىر نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا بارچە كەمچىلىكلەردىن ۋە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ كاپىرلار سۈپەتلىگەن نالايىق سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە پاك ئىكەنلىكىنى تىل ۋە دىل بىلەن ئىپادىلەش نېمىدېگەن گۈزەل ھە!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇنازىرىلەردە ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرۈشنىڭ قارشى تەرەپنى قا-

يىل قىلىشتىكى رولى ئالاھىدە چوڭدۇر.

2. ئاللاھ تائالا كاپىرلار سۈپەتلىگەن سۈپەتلەردىن ئەلۋەتتە پاك ۋە مۇكەممەلدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى ياكى بالىسى ۋەياكى ياردەمچىسى يوقتۇر. ئۇ شۇنداق يېگانە ئىلاھتۇر.

3. كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، بار قىلىش ۋە يوق قىلىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر.

# سافغات سۈرىسى

سافغات سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 182 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىسپاتلاش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەش، مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغانلىقىنى، مۆئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سۈرىدە يەنە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرى بىلەن بولغان كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار مەنسۇپ قىلغان سۈپەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش، مۇشرىكلارنىڭ جىنلار ۋە پەرىشتىلەر ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايىتىدىكى ﴿سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر﴾ دېگەن مەنىدىكى ﴿ٱلصَّٰٓفَّٰتِ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ راستلىقى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَٱلصَّٰٓفَّٰتِ صَفّٗا ١ فَٱلزَّٰجِرَٰتِ زَجۡرٗا ٢ فَٱلتَّٰلِيَٰتِ
ذِكۡرًا ٣ إِنَّ إِلَٰهَكُمۡ لَوَٰحِدٞ ٤ رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا
وَرَبُّ ٱلۡمَشَٰرِقِ ٥ إِنَّا زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِزِينَةٍ ٱلۡكَوَاكِبِ ٦

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 197- بەت.

وَحِفۡظٗا مِّن كُلِّ شَيۡطَٰنٖ مَّارِدٖ ۝٧ لَّا يَسَّمَّعُونَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ ٱلۡأَعۡلَىٰ
وَيُقۡذَفُونَ مِن كُلِّ جَانِبٖ ۝٨ دُحُورٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ وَاصِبٌ ۝٩ إِلَّا
مَنۡ خَطِفَ ٱلۡخَطۡفَةَ فَأَتۡبَعَهُۥ شِهَابٞ ثَاقِبٞ ۝١٠ فَٱسۡتَفۡتِهِمۡ أَهُمۡ
أَشَدُّ خَلۡقًا أَم مَّنۡ خَلَقۡنَآۚ إِنَّا خَلَقۡنَٰهُم مِّن طِينٖ لَّازِبِۭ ۝١١ بَلۡ
عَجِبۡتَ وَيَسۡخَرُونَ ۝١٢ وَإِذَا ذُكِّرُواْ لَا يَذۡكُرُونَ ۝١٣ وَإِذَا رَأَوۡاْ ءَايَةٗ
يَسۡتَسۡخِرُونَ ۝١٤ وَقَالُوٓاْ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا سِحۡرٞ مُّبِينٌ ۝١٥ أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا
تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ۝١٦ أَوَءَابَآؤُنَا ٱلۡأَوَّلُونَ ۝١٧ قُلۡ نَعَمۡ
وَأَنتُمۡ دَٰخِرُونَ ۝١٨ فَإِنَّمَا هِيَ زَجۡرَةٞ وَٰحِدَةٞ فَإِذَا هُمۡ يَنظُرُونَ ۝١٩
وَقَالُواْ يَٰوَيۡلَنَا هَٰذَا يَوۡمُ ٱلدِّينِ ۝٢٠ هَٰذَا يَوۡمُ ٱلۡفَصۡلِ ٱلَّذِي كُنتُم
بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ۝٢١

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

**1-4-** سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن، بۇلۇتلارنى قوزغىتىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر.

**5-**(ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر، شۇنداقلا مەشرىقلەرنىڭ رەببىدۇر.

**6-**شەكسىزكى، بىز يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق.

**7-**ئۇنى ھەربىر ئاسىي شەيتاندىن قوغدىدۇق.

**8-9-** (ئۇ شەيتانلار) ئاسماندىكى پەرىشتىلەر (نىڭ سۆزلىرى)نى ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇلار ھەر تەرەپتىن (ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن) ئېتىلىپ قوغلىنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دائىملىق ئازاب بار.

**10-**(ئاسمان خەۋەرلىرىدىن) ئوغرىلىقچە بىرەر نەرسە ئاڭلىۋالغان، ئاندىن كۆيدۈرگۈچى ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ (كۆيدۈرۈپ تاشلىغان) شەيتان بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

11-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلاردىن (يەنى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن) سوراپ باققىن! ئۇلارنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ياكى (ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ) مەخلۇقاتنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق.

12-بەلكىم سەن (ئۇلارنىڭ ئىنكارىدىن) ھەيران قالغانسەن، ھالبۇكى ئۇلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ.

13-ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، قوبۇل قىلمايدۇ.

14-ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا مەسخىرە قىلىشىدۇ.

15-17- ئۇلار: «بۇ پەقەت ئوپئوچۇق سېھىردۇر، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستتىنلا تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيدۇ.

18-ئېيتقىنكى، «ھەئە، سىلەر خار ھالەتتە تىرىلىسىلەر».

19-(ئۇ تىرىلىش) قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ-دە شۇھامان ئۇلار (ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولۇپ) قارىشىپ تۇرىدۇ.

20-ئۇلار: «ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر» دەيدۇ.

21-(ئۇلارغا) مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان ھۆكۈم كۈنىدۇر (دېيىلىدۇ).

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىبادەت ئۈچۈن سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان ياكى ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ ھاۋادا قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن شاماللارغا بۇيرۇق قىلىپ بۇلۇتلارنى قوزغىتىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئۇنى زىكىر قىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

مەلۇمكى، «ئاللاھ تائالا قايسىبىر مەخلۇقاتنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلسا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر. ئەمما بىز قەسەم قىلماقچى بولغىنىمىزدا، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ياكى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرەرسى بىلەن قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. ئاللاھ تائالانىڭ بەزى مەخلۇقاتى بىلەن قەسەم قىلغانلىقى شۇ مەخلۇقاتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: ﴿وَٱلشَّمۡسِ

﴿وَضُحَىٰهَا﴾ يەنى ﴿قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،...﴾[1]، ﴿وَٱلَّيۡلِ إِذَا يَغۡشَىٰ﴾ يەنى ﴿(قاراڭغۇلۇقى ھەممە نەرسىنى) قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،... ﴾[2]، ﴿وَٱلۡعَصۡرِ﴾ يەنى ﴿زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،... ﴾[3] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى»[4].

﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر﴾ بۇ ئايەت يۇقىرىقى قەسەمنىڭ جاۋابىدۇر. كېيىنكى ﴿(ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر، شۇنداقلا مەشرىقلەرنىڭ رەببىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ ئىسپاتى ئورنىدا كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئىلىم-ھېكمىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

وفي كل شيءٍ له آية　　　تدل على أنه واحد

ھەر نەرسىدە ئاللاھ ئۈچۈن بار ئالامەت،
بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

قۇياشنىڭ چىقىدىغان ئورۇنلىرى بەلگىلىك بولۇپ، ھەر كۈنى باشقا بىر ئورۇندىن چىقىدۇ. ﴿مەشرىقلەرنىڭ رەببى﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتىكى﴿مەشرىقلەر﴾ قۇياش چىقىدىغان ئورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

﴿شەكسىزكى، بىز يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ﴾.
ھەقىقەتەن يۇلتۇزلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈۋاتقان ئورنى، شەكلى ۋە نۇرى بىلەن يەر جاھانغا زىننەت ۋە گۈزەللىكتۇر. يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماننى زىننەتلەشتىن باشقا يەنە شەيتانلارنى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشتىن توسۇش ۋە ئوت پارچىسى بولۇپ ئۇلارنى ئېتىپ چۈشۈرۈشتەك خىزمەتلىرى بار. شەيتانلار ئىنسانلار بىلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى زېمىندىكى پالچىلارغا يەتكۈزۈشكە بىرىنچى ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆرۈنۈپ باقىدۇ، ئەمما ئۇلار كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنىڭ قوغلاپ ئېتىشى بىلەن يەرگە دومىلاپ چۈشىدۇ

[1] شەمس سۈرىسى: 1-ئايەت.
[2] لەيل سۈرىسى: 1-ئايەت.
[3] ئەسر سۈرىسى: 1-ئايەت.
[4] «التفسير الواضح» 3- توم، 199- بەت.

ۋە پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمايدۇ. شەيتانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان جازاسى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، شەيتانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى بەزىدە قوغلانسىمۇ، بەزىدە قوغلانمايتتى. بەزى جايلاردىن قوغلانسىمۇ، يەنە بەزى جايلاردىن قوغلانمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، شەيتانلار ئاسماننىڭ ھەر تەرىپىدىن قوغلىنىدىغان، كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنىڭ قوغلاپ ئېتىشى بىلەن يەرگە دومىلاپ چۈشىدىغان، نەتىجىدە، پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچبىرىنى ئاڭلىيالمايدىغان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن پالچىلارنىڭ بازىرى كاساتلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئاسمان خەۋەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان بولغان. شۇڭا ھازىرقى زاماندىكى پالچىلارنىڭ ھەممىسى ئوپئوچۇق كاززاپلاردۇر. ئۇلار ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، شەيتانلار ئۇلارغا غەيبنىڭ خەۋەرلىرىدىن ھېچ نەرسىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار ئالدىغا كەلگەن بەزى ئەخمەق ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ رەڭگى-رويىغا ۋە شۇ چاغدىكى روھىي كەيپىياتىغا قاراپ يالغان سۆزلىرى بىلەن ئالدايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىن سۈرىسىدە جىنلارنىڭ سۆزى مۇنداق ھېكايە قىلىنغان: ﴿وَأَنَّا لَمَسْنَا ٱلسَّمَآءَ فَوَجَدْنَٰهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا ۝٨ وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَٰعِدَ لِلسَّمْعِ ۖ فَمَن يَسْتَمِعِ ٱلْـَٔانَ يَجِدْ لَهُۥ شِهَابًا رَّصَدًا﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا چىقىشقا ئۇرۇنغان ئىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. شەكسىزكى، بىز (ئىلگىرى) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا (خەۋەر) تىڭشاش ئۈچۈن ئولتۇراتتۇق. ئەمدى كىمكى تىڭشاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ (ئۆزىنى) كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارغا يولۇقىدۇ﴾[1].

پالچىلارنىڭ غەيبلەرگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «من أتى كاهناً أو عرافاً فصدقه بما يقول فقد كفر بما أنزل على محمد» يەنى «كىمكى پالچىغا ياكى رەمچىگە بېرىپ ئۇنىڭ غەيبتىن ئېيتقان سۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ ماڭا كەلگەن دىننى ئىنكار قىلغان بولىدۇ»[2] دەپ

---

[1] جىن سۈرىسى: 8-9-ئايەتلەر.

[2] «سنن أبي داود» 41-توم، 15-بەت، 381-ھەدىس، «مسند أحمد» 2-توم، 429-بەت، 9532-ھەدىس.

كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى شۇنداق چەكسىز، ئۇنىڭ ياراتقان مەۋجۇداتلىرى شۇنداق كاتتا ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشقان كاپىرلاردىن سوراپ باقايلى، ئاللاھ تائالا ئۇچۇن سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ ياكى سىلەردىن نەچچە ھەسسە چوڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان ئاسمان، زېمىننى، قۇياش ۋە ئاي قاتارلىق كاتتا مەۋجۇداتنى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ھەممىسى ئوخشاشتۇر، ھەممىسى ئوڭايدۇر. شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن ئەلۋەتتە چوڭ ئىشتۇر. ﴿لَخَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَكْبَرُ مِنْ خَلْقِ ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ بىر ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1].

﴿شەكسىزكى، بىز ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئادەمنى) يېپىشقاق لايدىن ياراتتۇق﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تۇپراقتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە يېپىشقاق لاي ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يېپىشقاق لايدىن ياراتقان. ئىنسان شۇنداق ئاددىي نەرسىدىن يارىتىلغان بىر مەخلۇق تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلسا بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى تۇپراق جىنسىدىن تۇرسا، ئۇ قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنىڭ تۇپراقتىن تىرىلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلسا بولامدۇ؟ ياراتقۇچى ئۇچۇن ئۇنى تۇپراقتىن چىقىرىش قىيىنمۇ؟ ھەرگىز قىيىن ئەمەس. چۈنكى، بارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يوقنى بار قىلىشتىن ئەلۋەتتە ئوڭايدۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارنىڭ شۇ تەڭداشسىز ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، يەنە ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ھەيران قالىسەن، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئەجەبلىنىسەن. بۇ كاپىرلار بولسا سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا، ھەرگىز ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا سۆزۈڭگە قۇلاق سالمايدۇ، قانداقلا بىر ئايەت تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار دەرھال ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، ئۇنى سېھىر ياكى شېئىر دەپ تۆھمەت قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە سېنى

---

[1] غافىر سۈرىسى: 57-ئايەت.

مەسخىرە قىلىپ، ﴿بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستتىنلا تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟﴾ يەنى بىز ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسەك، سۆڭەكلىرىمىز چىرىپ كەتسىمۇ، يەنە بىز تىرىلىپ ئورنىمىزدىن تۇرامدۇق؟ دېدى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇ كاپىرلارغا جاۋاب بېرىپ، «ھەئە! ھەممىڭلار تىرىلىسىلەر، ئاندىن سىلەر ۋە سىلەرگە ئوخشىغان كاپىرلار ئىنتايىن خار ۋە رەسۋا بولغان ھالدا دوزاخقا ھەيدىلىسىلەر، رەببىم سىلەرنى دەسلەپ قانداق ياراتقان بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا شۇ پېتىڭلار بىلەن بارىسىلەر» دېيىشكە بۇيرۇغان.

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان چاغدىكى قاتتىق ئاۋاز بىلەن جىمى ئىنسانلار تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ، ئاندىن مەھشەرگاھقا (ھېساب بېرىش مەيدانىغا) ھازىر بولۇپ قاراپ تۇرۇشىدۇ. كاپىرلار بۇ ۋاقىتتا قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. ﴿ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا! مانا بۇ قىيامەت كۈنىدۇر﴾ دەپ پەرياد قىلىشىدۇ. ئۇلارغا پەرىشتىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەمدى ھەسرەت-نادامەتنى تازا چېكىڭلار! مانا سىلەر دۇنيادا ئىنكار قىلغان قىيامەت كۈنىدە تۇرۇۋاتىسىلەر، بىلىڭلاركى، بۇ كۈن ھەق بىلەن باتىل، ياخشى بىلەن يامان ئايرىلىدىغان ئايرىش كۈنىدۇر، ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى ئالىدىغان ھۆكۈم كۈنىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بىرەر مەسىلىنى تەكىتلەشتە مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرسى بىلەن قەسەم قىلىشى شۇ مەخلۇقاتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

2. ﴿ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر﴾ دېگەن تەۋھىد ئەقىدىسى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق شوئارىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقىدا كۆپلىگەن ھېكمەتلەر ۋە ئالىي مەقسەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان.

4. جىنلارنىڭ ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىش يولى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن تامامەن توسۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، جىنلارنىڭ نامىدىن سۆزلىگەن

پالچىلار كاززاپلاردۇر.

5. ئىنساننىڭ ئەسلىسى تۇپراقتۇر.

6. ھەق دىننى يەتكۈزۈش يولىدا ئەزىيەتلەرگە ئۇچراش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەرقانداق بىر دەۋەتچىنىڭ شەرەپلىك قىسمىتىدۇر.

7. ئۆلۈم كەلگەندە ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبە پايدىسىزدۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

﴿ٱحۡشُرُواْ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ وَأَزۡوَٰجَهُمۡ وَمَا كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ٢٢ مِن دُونِ
ٱللَّهِ فَٱهۡدُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلۡجَحِيمِ ٢٣ وَقِفُوهُمۡۖ إِنَّهُم مَّسۡـُٔولُونَ ٢٤
مَا لَكُمۡ لَا تَنَاصَرُونَ ٢٥ بَلۡ هُمُ ٱلۡيَوۡمَ مُسۡتَسۡلِمُونَ ٢٦ وَأَقۡبَلَ
بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ يَتَسَآءَلُونَ ٢٧ قَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَأۡتُونَنَا عَنِ
ٱلۡيَمِينِ ٢٨ قَالُواْ بَل لَّمۡ تَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ ٢٩ وَمَا كَانَ لَنَا عَلَيۡكُم
مِّن سُلۡطَٰنِۭۖ بَلۡ كُنتُمۡ قَوۡمٗا طَٰغِينَ ٣٠ فَحَقَّ عَلَيۡنَا قَوۡلُ رَبِّنَآۖ إِنَّا
لَذَآئِقُونَ ٣١ فَأَغۡوَيۡنَٰكُمۡ إِنَّا كُنَّا غَٰوِينَ ٣٢ فَإِنَّهُمۡ يَوۡمَئِذٖ فِي
ٱلۡعَذَابِ مُشۡتَرِكُونَ ٣٣ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَفۡعَلُ بِٱلۡمُجۡرِمِينَ ٣٤ إِنَّهُمۡ كَانُوٓاْ
إِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ يَسۡتَكۡبِرُونَ ٣٥ وَيَقُولُونَ أَئِنَّا لَتَارِكُوٓاْ
ءَالِهَتِنَا لِشَاعِرٖ مَّجۡنُونِۭ ٣٦ بَلۡ جَآءَ بِٱلۡحَقِّ وَصَدَّقَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ٣٧
إِنَّكُمۡ لَذَآئِقُواْ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَلِيمِ ٣٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

22ـ23ـ (ئاللاھ پەرىشتىلەرگە دەيدۇ) زۇلۇم قىلغانلارنى، ئۇلارنىڭ ھەمراھـ ـلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرىنى ھېساب مەيدانىغا توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا ھەيدەڭلار.

24ـ ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار سوراق قىلىنىدۇ».

25ـ (ئاندىن ئۇلارغا كايىپ): «سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىر- بىرىڭلارغا ياردەم قىلىشمايۋاتىسىلەرغۇ؟» (دېيىلىدۇ).

26ـ بەلكى ئۇلار بۇ كۈندە (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىدۇر.

27ـ ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ مالامەت قىلىشىدۇ.

28ـ ئۇلار (باشلامچىلىرىغا) : «سىلەر بىزگە بىز ياخشىلىق دەپ ئويلىغان تەرەپتىن كېلەتتىڭلار (يەنى بىزنى توغرا يولغا باشلىغاندەك كۆرۈنۈپ ئىماندىن توساتتىڭلار)» دەيدۇ.

29ـ (باشلامچىلار) ئېيتىدۇ: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىمان ئېيتـ-ـمىدىڭلار.

30ـ بىزنىڭ سىلەرنى زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى، بەلكى ئۆزۈڭلار ھەدـ-دىدىن ئاشقۇچى بىر قەۋم ئىدىڭلار.

31ـ رەببىمىزنىڭ (ئازابلاش ھەققىدىكى) ھۆكمى بىزگە تېگىشلىك بولدى. شۇڭا بىز (بۇ ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىلارمىز.

32ـ سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى ئۆزىمىزمۇ راستىنلا ئازغان ئىدۇق».

33ـ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ كۈندە ئازابتا ئورتاقتۇر.

34ـ بىز ھەقىقەتەن گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق (مۇئامىلە) قىلىمىز.

35ـ چۈنكى ئۇلارغا «بىر ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوق» دېيىلسە، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى.

36ـ ئۇلار: «بىز بىر مەجنۇن شائىرنى دەپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟» دەيتتى.

37ـ (ياق، مۇھەممەد سىلەر تۆھمەت قىلغاندەك ئەمەس) بەلكى ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ (ھەقلىقىنى) ئىسپاتلىدى.

38ـ (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىيسىلەر.

### تەپسىرى

ئى پەرىشتىلەر! ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان مۇشرىكلارنى، ئۇلارنىڭ بۇ يولدىكى ھەمراھلىرىنى، ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنغان بۇت، ھەيكەل، تاش، يۇلتۇز، ھايۋان قاتارلىق ساختا مەبۇدلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېساب مەيدانىغا (مەھشەر-گاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلاڭلار. چۈنكى، ئۇلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇلىرىدۇر.

«ئاللاھ تائالانى قويۇپ مەخلۇقاتقا چوقۇنغۇچىلار ۋە چوقۇنۇلغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىدۇ، ئەمما مەريەم ئوغلى ئىيسا، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە نادانلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغان ياخشى زاتلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. يەنى بۇ زاتلار باشقىلارنىڭ ئۇلارغا چوقۇنغانلىقى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ ۋە دوزاخقا كىرمەيدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى دوزاخقا تاشلاشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇشقا ۋە ئۇلاردىن سوئال-سوراق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنداق قىلىش كاپىرلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارنى قىلمىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ پۇشايمان قىلدۇرۇش ھەم خارلاش ئۈچۈندۇر.

توغرا، ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىشتىن ئىلگىرى چوقۇم سوراققا تارتىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلاردىن نېمىلەر سورىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى سورىلامدۇ؟ ياكى ئەمەللىرى سورىلامدۇ؟ ياق! ئۇلاردىن بۇ ئىشلار سورالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقى، ئەمەللىرىنىڭ يامانلىقى ئېنىق. بەلكى ئۇلاردىن ﴿سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلىشمايۋاتىسىلەرغۇ؟﴾ دەپ سورىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم قىلىپ، ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇ كۈندە خورلانغان ھالدا باش ئېگىپ تۇرۇشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە نەپرەت بىلەن قارىشىپ مالامەتلا قىلىشىدۇ.

ئۇلار نېمە دەپ مالامەت قىلىشىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەگەشكۈچىلەر باشلامچىلارغا: ﴿سىلەر بىزگە بىز ياخشىلىق دەپ ئويلىغان تەرەپتىن كېلەتتىڭلار (يەنى بىزنى توغرا يولغا باشلىغاندەك كۆرۈنۈپ ئىماندىن توساتتىڭلار)﴾ دەپ مالامەت قىلىدۇ. ئەمما باشلامچىلار ئۇلارنىڭ بۇ مالامەتلىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە ئارتىلغان گۇناھنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنداق ئەمەس، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىمان ئېيتمىدىڭلار﴾ يەنى ئەسلىدە سىلەرنىڭ دىلىڭلار ئىماننى قوبۇل قىلمايتتى، كاپىرلىقنى ياقتۇراتتى، شۇڭا سىلەر ئىمان ئېيتىشتىن ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن باش تارتتىڭلار. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، بىز قانداقلارچە سىلەرنى ئىماندىن توسقان بولۇپ قالدۇق؟ زادى بىزدە سىلەرنى كۇفرىغا زورلىغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت ياكى ھۆكۈمرانلىق يوق ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلا ھەقىقەتتىن ئازغان قەۋم ئىدىڭلار.

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 202- بەت.

﴿قَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَأۡتُونَنَا عَنِ ٱلۡيَمِينِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلۡيَمِينِ﴾ دېگەن سۆز توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «قەتادە بۇ سۆزنى ‹بىزگە يامانلىقنى زىننەتلەپ ياخشىلىقتەك كۆرسىتىپ ئالدايتتىڭلار› دەپ تەپسىر قىلغان، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ‹بىزنى مەجبۇرلاش ۋە قەھر قىلىش بىلەن ئازدۇرغان ئىدىڭلار› دەپ تەپسىر قىلغان، يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ‹قەسەم قىلغان ئادەم كىشىلەرنى گېپىگە ئىشەندۈرگەنگە ئوخشاش سىلەرمۇ بىزنى باتىلغا شۇنداق ئىشەندۈرگەن ئىدىڭلار› دەپ تەپسىر قىلغان»[1]. چۈنكى،﴿ٱلۡيَمِينِ﴾ دېگەن سۆز ئەرەبلەردە قەسەم، ئوڭ تەرەپ، ياخشىلىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قەھر دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئەرەبلەر «ئوڭ»دىن خۇش بېشارەت ئالىدۇ، «سول»دىن شۇملۇق ھېس قىلىدۇ. ئۇلار «ئوڭ»دىن ياخشىلىق كۈتىدۇ، «سول»دىن يامانلىق كۈتىدۇ. «ئوڭ»نىڭ ئەرەبلەردە زور ئەھمىيىتى بار. ئەرەبلەر ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار «ئوڭ»غا زور ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: ئوڭ قول بىلەن يېيىش، ئوڭ قول بىلەن ئېلىش، ئوڭ قول بىلەن بېرىش، ئاغزىنى چايقىغاندا ئوڭ قولنى ئىشلىتىش، ئوڭ قول بىلەن كۆرۈشۈش، ئوڭ قول بىلەن يېزىش دېگەنگە ئوخشاش. قىيامەت كۈنى ياخشىلارنىڭ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ. ئەرەبلەر ئوڭ تەرەپنى ياخشىلىق كېلىدىغان تەرەپ، ئىشەنچ قىلىنىدىغان تەرەپ دەپ بىلىدۇ. شۇڭا بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەتنى«سىلەر بىزگە بىز ئىشىنىدىغان ۋە ياخشىلىق دەپ ئويلايدىغان تەرەپلەردىن كېلىپ بىزنى ئىماندىن توساتتىڭلار»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. يۇقىرىقى تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسى توغرا دەپ قارىلىدۇ.

ئەگەشكۈچىلەر بىلەن باشلامچىلار ئەنە شۇنداق بىر-بىرىگە مالامەت قىلىشقان ۋە ئۆز گۇناھلىرىنى بىر-بىرىگە ئارتىپ قويماقچى بولغان بولسىمۇ، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ جازاسىنى چېكىشتىن باشقا چارىسى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ﴿رەببىمىزنىڭ (ئازابلاش ھەققىدىكى) ھۆكمى بىزگە تېگىشلىك بولدى. شۇڭا بىز (بۇ ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىلارمىز﴾ دېگەن ئېتىراپى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى ئازابلاش ھەققىدىكى ھۆكمى بارلىق كاپىرلارنى ۋە جىمى گۇناھكارلارنى دوزاختا تاشلاشنى ئىرادە قىلغان ھۆكۈمدۇر. ﴿لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى

[1] «تفسير القرطبي» 25- توم، 69- بەت.
[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 203- بەت.

﴿مەن جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلارنىڭ (ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىڭ) ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ ۋەدىنى ئوچۇقلىغان.

﴿سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى، ئۆزىمىزمۇ ئازغان ئىدۇق﴾ يەنى بىز ئۆزىمىزمۇ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن ئازغۇنلاردىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن سىلەرنىمۇ ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلدۇق، ئەمما بىز سىلەرنى زورلىمىدۇق، چۈنكى، بىزدە سىلەرنى زورلىغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت ياكى ھۆكۈمرانلىق يوق ئىدى. بەلكى ئۆزۈڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بىزنىڭ دەۋىتىمىزنى قوبۇل قىلدىڭلار ۋە بىزگە قوشۇلدۇڭلار. شۇڭا سىلەر بىزنى ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، بىز ئۆزىمىزمۇ ئېزىپ كەتكەن ئادەملەر ئىدۇق. سىلەر تارتقان زىياننى بىزمۇ ئوخشاشلا تارتىۋاتىمىز.

قانداقلا بولمىسۇن، ئەگەشكۈچىلەر بىلەن باشلامچىلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ئازابنى تېتىشتا ئورتاقتۇر. ئۇلار ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ، جازانى بىر-بىرىگە يۈكلەپ قويۇپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئىنسانلارغا ئەقىل ئاتا قىلغان ۋە يول تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەن، ئاندىن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار شۇ ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىۋالغان. شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالىنىشقا تېگىشلىكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى قاتتىق بولۇپ، گۇناھكارلار ئۇنىڭ جازا-سىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. مەيلى كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارغان باشلامچىلار بولسۇن، مەيلى ئەگەشكۈچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى جازادىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتاتتى، دىننى ۋە ئۇنىڭغا چاقىرغۇچىلارنى مەسخىرە قىلاتتى، مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمايتتى ۋە ئۇلارنى خار كۆرەتتى. ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ: ﴿بىز بىر مەجنۇن شائىرنى دەپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟﴾ دەيتتى. چۈنكى، مەككە كاپىرلىرى «قۇرئان كەرىم»نى بەزىدە شېئىر دېسە، بەزىدە سېھىر دەيتتى، يەنە بەزىدە ئەپسانە دەيتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسا بەزىدە مەجنۇن، بەزىدە سېھىرگەر، يەنە بەزىدە شائىر دەپ تۆھمەت قىلاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىنىڭ ھېچبىرىنىڭ تۈتامى يوق

[1] سەجدە سۈرىسى: 13-ئايەت.

ئىدى، ھەممىسى ئاساسسىز بىلجىرلاشلار بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىر كۈچى ئالدىدا چارىسىز قالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا شۇنداق ھەر خىل تۆھمەتلەرنى توقۇيتتى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار تۆھمەت قىلغاندەك مەجنۇن ياكى شائىر ۋەياكى سېھىرگەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەق دىنىنى ۋە دىللارغا شىپا بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ كەلگەن، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، كاپىرلارنىڭ بۇ پەيغەمبەرگە قىلغان تۆھمەتلىرى ۋە دۈشمەنلىكى سەۋەبلىك ئاخىرەتتە چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كاپىرلار ئۈچۈن راستتىنلا دەھشەتلىك ۋە تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

2. قىيامەت كۈنى كۇفرىدا، زۇلۇمدا، جىنايەتتە ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تىپلىرى بىلەن بىر يەرگە توپلىنىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىنى بىر-بىرىگە ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوقتۇر.

4. ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان تۆھمەتلىرىنى «قۇرئان كەرىم» بىر-بىرلەپ رەت قىلغان.

### ◄ ئىخلاسمەنلەر جەننەتتە

﴿وَمَا تُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٣٩﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ
﴿٤٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ رِزْقٌ مَّعْلُومٌ ﴿٤١﴾ فَوَٰكِهُ وَهُم مُّكْرَمُونَ ﴿٤٢﴾ فِي
جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٤٣﴾ عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٤﴾ يُطَافُ عَلَيْهِم بِكَأْسٍ
مِّن مَّعِينٍ ﴿٤٥﴾ بَيْضَآءَ لَذَّةٍ لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٤٦﴾ لَا فِيهَا غَوْلٌ وَلَا هُمْ
عَنْهَا يُنزَفُونَ ﴿٤٧﴾ وَعِندَهُمْ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرْفِ عِينٌ ﴿٤٨﴾ كَأَنَّهُنَّ
بَيْضٌ مَّكْنُونٌ ﴿٤٩﴾ فَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٥٠﴾ قَالَ

قَآئِلٌ مِّنۡهُمۡ إِنِّي كَانَ لِي قَرِينٌ ﴿٥١﴾ يَقُولُ أَءِنَّكَ لَمِنَ ٱلۡمُصَدِّقِينَ ﴿٥٢﴾
أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَدِينُونَ ﴿٥٣﴾ قَالَ هَلۡ أَنتُم
مُّطَّلِعُونَ ﴿٥٤﴾ فَٱطَّلَعَ فَرَءَاهُ فِي سَوَآءِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٥٥﴾ قَالَ تَٱللَّهِ إِن
كِدتَّ لَتُرۡدِينِ ﴿٥٦﴾ وَلَوۡلَا نِعۡمَةُ رَبِّي لَكُنتُ مِنَ ٱلۡمُحۡضَرِينَ ﴿٥٧﴾
أَفَمَا نَحۡنُ بِمَيِّتِينَ ﴿٥٨﴾ إِلَّا مَوۡتَتَنَا ٱلۡأُولَىٰ وَمَا نَحۡنُ بِمُعَذَّبِينَ ﴿٥٩﴾ إِنَّ
هَٰذَا لَهُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٦٠﴾ لِمِثۡلِ هَٰذَا فَلۡيَعۡمَلِ ٱلۡعَٰمِلُونَ ﴿٦١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

39ـ(ئى كاپىرلار!) سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر.

40ـ(بۇ جازادىن) ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرىلا ساقلىنىپ قالىدۇ.

41ـ42ـ ئەنە شۇلار مەلۇم رىزىقتىن ـ تۈرلۈك مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام قىلىنىدۇ.

43ـ44ـ ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە، تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.

45ـ46ـ ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

47ـئۇنىڭدا ئەقىلنى بۇزىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ.

48ـ49ـ ئۇلارنىڭ يېنىدا (ئەرلىرىدىن) باشقىلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، خۇددى (ئەتىۋارلاپ) ساقلانغان (ئاقلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە) تۇخۇمدەك، شەھلا كۆزلۈك (جۈپلەر) بولىدۇ.

50ـئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ ئەھۋال سورىشىدۇ.

51ـ53ـئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر يېقىنىم بار ئىدى، ئۇ: (ماڭا) ‹سەنمۇ راستتىنلا (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) ئىشىنىدىغانلاردىنمۇ؟ بىز ئۆلۈپ تۇپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، (بىز تىرىلدۇرۇپ) بىزگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىلەمدۇ؟› دەيتتى».

54ـئۇ (يېنىدىكىلەرگە): «سىلەر ئۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟» دەيدۇ.

55ـئۇ قاراپلا ئۇنى دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ.

56ـئۇ (مۇئمىن ئادەم) ئېيتىدۇ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قالغان ئىكەنسەن.

57ـئەگەر رەببىمنىڭ (ھىدايەتتىن ئىبارەت) نېمىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلار قاتارىدىن بولار ئىكەنمەن.

58ـ59ـبىز تۇنجى ئۆلۈمىمىزدىن باشقا ئەمدى ئۆلمەيمىز ۋە ئازابقىمۇ دۇچار بولمايمىز ئەمەسمۇ؟

60ـشەكسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە كاتتا ئۇتۇقتۇر.

61ـئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق (زور ئۇتۇققا ئېرىشىش يولىدا) ئىشلىسۇن».

## تەپسىرى

ئى كاپىرلار! سىلەر پەقەت كۇفرىلىق، مۇشرىكلىك قاتارلىق دۇنيادىكى چېغىڭلاردا سادىر قىلغان قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر. بۇ جازادىن ئاللاھ تائالانىڭ تاللانغان بەندىلىرىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار جازاغا تارتىلمايدۇ، ئازابتىن يىراق قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە مۇۋەپپەق بولغان، ھاياتىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان ئېسىل رىزىق، تۈرلۈك شېرىن مېۋىلەر بار. جەننەت ئەھلى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىززەت-ئىكرام قىلىنغان ھالدا بۇ مېۋىلەردىن كەڭتاشا بەھرىمەن بولىدۇ. جەننەت ئەھلى ئۈچۈن بۇ ماددىي مۇكاپاتلاردىنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىززەت-ئىكرامىدىن ئىبارەت مەنىۋى مۇكاپاتنىڭ قىممىتى چوڭدۇر. ئۇلار جەننەت قەسىرلىرىدىكى تەختلەردە ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ، جەننەتلەردە جېدەل-ماجىرا، كۆڭۈلسىزلىك ۋە غەم-قايغۇ دېيىلگەن نەرسىلەرگە ئورۇن يوق، پەقەت خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق، كۆڭۈل ئازادىچىلىكىلا بولىدۇ. ئالتۇن قەدەھلەرگە تولدۇرۇلغان شارابلار جەننەتنىڭ ياش مۇلازىملىرىنىڭ قوللىرى بىلەن ئايلىنىپ تۇرىدۇ، جەننەت ئەھلى كۆڭلى ئىشتىھا قىلغانلىرىنى تەلەپ قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئەمما جەننەتنىڭ شارابلىرى بۇ دۇنيانىڭ هاراقلىرىدەك ئادەمنىڭ ئەقلىنى بۇزمايدۇ. شۇڭا بۇ شارابلارنى ئىچكۈچىلەر مەست بولمايدۇ، قالايمىقان سۆزلىمەيدۇ، راھەتسىزلىك ھېس قىلمايدۇ. دېمەك، ئاخىرەتنىڭ شارابلىرى بۇ دۇنيانىڭ ھاراقلىرىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئاقلىقتا، پاكلىقتا ۋە سۈزۈكلۈكتە خۇددى كۈن نۇرىنى كۆرمىگەن ۋە ھېچبىر قول تەگمەستىن ئەتىۋارلاپ ساقلانغان ئاپئاق تۇخۇملارغا ۋە مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان، ھېچكىم تۇتۇپ باقمىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بار. جەننەت ئەھلى بۇ ھۆرلەر بىلەن قانغۇچە كۆڭۈل ئاچىدۇ ۋە ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

جەننەت ئەھلىگە پات-پات ناھايىتى لەززەتلىك شارابلار كەلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئۇزۇن-ئۇزۇن مۇڭدىشىپ ۋە دۇنيادىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ ئولتۇرىدۇ. شۇ جەرياندا ئولتۇرۇشتىكىلەردىن بىرى دۇنيادىكى ئەھۋاللاردىن سۆز ئېچىپ دەيدۇكى، مېنىڭ بىر يېقىنىم بار بولۇپ، ئۇ مېنىڭ ئەقىدەمگە قايىل ئەمەس ئىدى، ھەمىشە مېنىڭ مۇسۇلمانلىقىمنى مەسخىرە قىلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلاتتى، بىر كۈنى ئۇ ماڭا كايىغان ھالدا، «سەنمۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ھەق دەيدىغانلاردىنمۇ؟ سەن بۇنىڭغا راستتىنلا ئىشىنەمسەن؟ قىيامەت دېگەن راستتىنلا بولامدۇ؟ بىز ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن ۋە سۆڭەكلىرىمىزمۇ چىرىپ كەتكەندىن كېيىن، تىرىلىپ قەبرىمىزدىن تۇرۇپ، بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىمىزدىن ھېساب بېرەمدۇق؟» دەيتتى.

ئاندىن بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەن ئادەم ئەتراپىدا ئولتۇرغان جەننەت ئەھلىگە، «دوزاختىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر كۆرۈپ باقامسىلەر؟ بەلكى مەن سىلەرگە سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن كاپىر يېقىنىمنىمۇ كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن» دېگەن مەنىدە تەكلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە دوزاخ ئەھلىگە قارايدۇ ۋە ئۇ ئادەم ھېلىقى كاپىر يېقىنىنى دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان ھالدا كۆرىدۇ. ئۇ ئادەم ھېلىقى كاپىر يېقىنىغا قاراپ مۇنۇلارنى دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنى ئازدۇرۇپ، ئىماندىن چىقىرىپ ھالاك قىلغىلى تاس قالغان ئىكەنسەن، ئەگەر رەببىمنىڭ مېنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتى بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ ساڭا ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭغا ئوخشاش دوزاخقا تاشلانغانلارنىڭ قاتارىدىن بولغان بولاتتىمكەن».

جەننەت ئەھلى شۇنداق مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان پەزل-كەرەملىرى ھەققىدىكى سۆزلەرگە يۆتكىلىدۇ ۋە ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا بىر-بىرىگە دېيىشىدۇ: بىز ئەمدى جەننەتتە مەڭگۈ قالىمىز، دۇنيادا بىرىنچى قېتىم ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ھېچ ئۆلمەيمىز، دوزاخ ئەھلىگە ئوخشاش ئازاب چەكمەيمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ

نېمىدېگەن قالتىس نىجاتلىق! بۇ نېمىدېگەن كاتتا نېمەت! نېمىدېگەن چوڭ ئۇتۇق! نېمىدېگەن زور بەخت! بۇنداق مەڭگۈلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەركىم ياخشى ئىشلىسۇن! بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىگە ئالدىنىپ قالماي، ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت-سائادىتىنى ۋە ئۈزۈلمەس نېمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەس-بەستە ئىشلىسۇن!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارغا شۇ گۇناھىغا تېگىشلىك جازا بېرىشى ئۇنىڭ ئادالىتىدىن، ياخشى ئىش قىلغانلارغا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن ئارتۇق مۇكاپات بېرىشى ئۇنىڭ پەزل-كەرەمىدىندۇر.

2. جەننەت ئەھلى جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋەتلەرنى ۋە تۈرلۈك نېمەتلەرنى تەسۋىرلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نېمەتلەر بۇ دۇنيادىكى نېمەتلەرگە ئوخشىمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلى بولغان مۇئمىنلەرنى دوزاخ ئەھلى بولغان كاپىرلار بىلەن سۆزلەشتۈرۈشى، ئۇلارنى بىر-بىرىگە كۆرسىتىشى جەننەت ئەھلىنى خۇشال قىلىش ۋە دوزاخ ئەھلىنى ھەسرەت چەككۈزۈش ئۈچۈندۇر.

4. يامان دوستلاردىن يىراق تۇرۇش، خۇسۇسەن، بالىلارنى ئەخلاقسىز، تەربىيەسىز دوستلاردىن يىراق تۇتۇپ تەربىيەلەش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

5. ئاخىرەتتە ئۆلۈم يوقتۇر. جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، دوزاخ ئەھلىدىن بولغان كاپىرلارمۇ دوزاختا مەڭگۈلۈك قالىدۇ، مۇئمىنلەردىن بولغان ئاسىي-گۇناھكار كىشىلەر گۇناھىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمانى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ دوزاختىن چىقىرىلىدۇ ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ.

### ◄ دوزاخ زالىملارنىڭ تۇرار جايىدۇر

﴿أَذَٰلِكَ خَيۡرٞ نُّزُلًا أَمۡ شَجَرَةُ ٱلزَّقُّومِ ﴿٦٢﴾ إِنَّا جَعَلۡنَٰهَا فِتۡنَةٗ لِّلظَّٰلِمِينَ
﴿٦٣﴾ إِنَّهَا شَجَرَةٞ تَخۡرُجُ فِيٓ أَصۡلِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٦٤﴾ طَلۡعُهَا كَأَنَّهُۥ رُءُوسُ
ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٦٥﴾ فَإِنَّهُمۡ لَأٓكِلُونَ مِنۡهَا فَمَالِـُٔونَ مِنۡهَا ٱلۡبُطُونَ ﴿٦٦﴾ ثُمَّ
إِنَّ لَهُمۡ عَلَيۡهَا لَشَوۡبٗا مِّنۡ حَمِيمٖ ﴿٦٧﴾ ثُمَّ إِنَّ مَرۡجِعَهُمۡ لَإِلَى ٱلۡجَحِيمِ

﴿إِنَّهُمْ أَلْفَوْا۟ ءَابَآءَهُمْ ضَآلِّينَ ﴿٦٩﴾ فَهُمْ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمْ يُهْرَعُونَ ﴿٧٠﴾
وَلَقَدْ ضَلَّ قَبْلَهُمْ أَكْثَرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٧١﴾ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا فِيهِم مُّنذِرِينَ
﴿٧٢﴾ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ
ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿٧٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

62ـ زىياپەت بولۇشقا بۇ (نېمەتلەر) ياخشىمۇ؟ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟

63ـ بىز زەققۇمنى زالىملار ئۈچۈن ئازاب (دەرىخى) قىلدۇق.

64ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر.

65ـ ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ.

66ـ ئۇلار چوقۇم شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تولدۇرىدۇ.

67ـ ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە قايناپ تۇرغان ئارىلاشما سۇنى ئىچىدۇ.

68ـ ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئەلۋەتتە دوزاخ بولىدۇ.

69ـ 70ـ شەكسىزكى، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنى ئازغۇنلۇقتا كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا تېزلا ئەگىشىپ كەتتى.

71ـ (ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن) ئىلگىرى، بۇرۇنقىلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتەن ئازغان ئىدى.

72ـ شەكسىزكى، بىز ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) لەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

73ـ سەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

74ـ ئۇلاردىن پەقەت ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرىلا مۇستەسنا.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، مۆئمىنلەرنىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ھازىرلانغان جەننەت نېمەتلىرى ياخشىمۇ ياكى دوزاخ ئەھلىنىڭ تامىقى بولغان زەققۇم دەرىخىمۇ؟ زادى بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ياخشى؟

بىز ھىدى سېسىق، تەمى ئاچچىق كېلىدىغان زەققۇم دەرىخىنى كاپىرلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا سىناق، ئاخىرەتتە ئازاب قىلدۇق. چۈنكى، كاپىرلار

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن، قانداقمۇ دوزاخنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئوت ئىچىدە يېشىل دەرەخ ئۆسىدۇ؟ دەپ ھەيران قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەيدۇ. مانا بۇ زەققۇم دەرىخىنىڭ بۇ دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈن سىناق بولغىنى، ئەمما بۇ دەرەخنىڭ ئازاب بولغىنى ئاخىرەتتە كاپىرلارنىڭ قاتتىق ئاچلىقتىن بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇشى، ئاچچىق مېۋىنى يەپ قاتتىق ئازابلىنىشى ۋە بىر تەرەپتىن دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشىدۇر. كاپىرلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

زەققۇم دەرىخى دوزاخنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆسىدىغان، مېۋىسىنىڭ كۆرۈنۈشى قورقۇنچلۇق ۋە سەتلىكتە خۇددى شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدىغان بىر دەرەختۇر[1].

دوزاخ ئەھلى دوزاختا زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تولدۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاچلىقى پەسەيمەيدۇ، قورسىقى تويمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلۇقىغا قايناپ تۇرغان ئارىلاشما قىزىق سۇ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاچلىق دەردىگە چىدىيالماي زەققۇمنى يەيدۇ، ئۇسسۇزلۇققا تاقەت قىلالماي قايناق سۇنى ئىچىدۇ.

ئەللامە زەمەخشەري «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە، ﴿ثُمَّ إِنَّ لَهُمْ عَلَيْهَا لَشَوْبًا مِّنْ حَمِيمٍ﴾ دېگەن ئايەتتە «ثُمَّ» يەنى (ئاندىن) دېگەن سۆزنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرىنچىسى، دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتتىق ئاچلىقتىن زەققۇم دەرىخىنىڭ ئاچچىق ۋە قىزىق مېۋىسى بىلەن قورسىقىنى تولدۇرىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭدىنمۇ قىزىق ۋە سېسىق ئارىلاشما سۇ بىلەن سۇغىرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ يەيدىغان تامىقىنىڭ سېسىق پۇرايدىغان ۋە ئاچچىق تېتىيدىغان زەققۇم ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئايەتتە قايناپ تۇرغان ئارىلاشما سۇدىن ئىبارەت ئالدىنقىسىدىنمۇ ئازابلىق نەرسىنى بايان قىلىشتا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى «ئاندىن» دېگەن سۆز بىلەن ئايرىغان. بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ زەققۇمنى يەپ ئازابلىنىشى بىلەن قايناپ تۇرغان ئارىلاشما سۇنى ئىچىپ ئازابلىنىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق ۋاقىت ئۆتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى

---

[1] ئەرەبلەردە چىرايلىق مەنزىرىنى پەرىشتىگە، سەت مەنزىرىنى شەيتانغا ئوخشىتىدىغان ئادەت بار.

شۈكى، دوزاخ ئەھلى ئۆزىنىڭ ئەك ئاستىنقى قەۋەتتىكى قارارگاھىدىن زەققۇم دەرىخى بار جايغا بارىدۇ، قورسىقىنى زەققۇم دەرىخىنىڭ ئاچچىق مېۋىسى بىلەن تولدۇرىدۇ ۋە قىزىق ئارىلاشما سۇنى ئىچىدۇ، ئاندىن يەنە دوزاخنىڭ ئەك ئاستىنقى قەۋىتىدىكى قارارگاھىغا قايتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئارىسىنى «ئاندىن» دېگەن سۆز بىلەن ئايرىغانلىقىنىڭ مەنىسى مۇشۇدۇر»[1].

«قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنىڭ بۇنداق دەھشەتلىك ئازابقا تېگىشلىك بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئوچۇقلىغان: چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ھەقىقەتنى ئىزدىمەيتتى، توغرا دىنغا ئەگەشمەيتتى، پەقەتلا ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسىگە قارىغۇلارچە ئەگىشەتتى، ئۇلارنىڭ خۇراپاتلىرىغا ۋارىسلىق قىلاتتى، ئەقلىنى ئىشلەتمەيتتى، تەپەككۇر قىلمايتتى.

ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتتىن ئازغانلار سېنىڭ قەۋمىڭلا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ قەۋمىڭدىن ئىلگىرى، بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ كۆپ سانلىقى توغرا دىندىن ئازغان ۋە ساختا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئۇلارغا ئاللاھ تائالا ئارقا-ئارقىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دەپ، ئۇلار دەۋەت قىلغان دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەر خىل ئازابلار بىلەن جازالاپ يەر يۈزىدىن يوق قىلدى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تاللانغان بەندىلىرىنى داۋاملىق قوغداپ كەلدى، ئۇلارنى كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلدى. ئۇلاردىكى ۋاپىغا يەتكەن ئىخلاسمەنلىك، ئىتائەتمەنلىك ۋە ۋاپادارلىق يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە داخىل قىلدى. ﴿ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا سادىق بولغان مۆئمىنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بىزلەرنىمۇ شۇنداق بەختلىك مۆئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قورقۇتۇش ۋە ئۈمىدلەندۈرۈش دەۋىتىنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

2. تەقلىدچىلىك ئىسلامدا قوبۇل قىلىنمايدىغان ناچار ئادەت بولۇپ،

[1] «تفسير الكشاف» 5-توم، 214-بەت.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆز ئەقلى ۋە ۋىجدانى بىلەن ئىش كۆرۈشكە چاقىرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا بەزى گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا بەرمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە گۇناھكارلارنى ھالاك قىلىپ، ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بۇ خۇددى توپان بالاسى ۋە پىرئەۋننىڭ غەرق بولغانلىقىغا ئوخشاش.

### ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَلَقَدْ نَادَىٰنَا نُوحٌ فَلَنِعْمَ ٱلْمُجِيبُونَ ﴿٧٥﴾ وَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥ مِنَ
ٱلْكَرْبِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٦﴾ وَجَعَلْنَا ذُرِّيَّتَهُۥ هُمُ ٱلْبَاقِينَ ﴿٧٧﴾ وَتَرَكْنَا
عَلَيْهِ فِى ٱلْـَٔاخِرِينَ ﴿٧٨﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰ نُوحٍ فِى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٩﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ
نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨١﴾ ثُمَّ أَغْرَقْنَا
ٱلْـَٔاخَرِينَ ﴿٨٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

75ـ نۇھ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن) بىزگە ئىلتىجا قىلدى (بىز ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلدۇق)، بىز نېمىدېگەن ياخشى قوبۇل قىلغۇچى!

76ـ بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى چوڭ بىر بالا (توپان بالاسى)دىن قۇتقۇزدۇق.

77ـ ئۇنىڭ نەسلىنىلا (يەر يۈزىدە) داۋاملىشىدىغان قىلدۇق.

78ـ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى نامىنى) قالدۇردۇق.

79ـ جاھان ئەھلىدىن نۇھقا سالام بولسۇن!

80ـ بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

81ـ ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.

82ـ ئاندىن بىز قالغانلارنى (كاپىرلارنى) غەرق قىلدۇق.

## تەپسىرى

بۇلار ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان ئەھۋالى، ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە كاپىرلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ تەپسىلاتى بولۇپ، بۇ تەپسىلات پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى[1]، ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچىسى بولغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن باشلىنىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى يىللارچە ئىمانغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقانسېرى، ئۇ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن قەۋمىگە قارشى ياردەم بېرىشىنى ۋە قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشىنى تىلىگەن ئىدى، ھەتتا ئۇ: ﴿وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ دَيَّارًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾[2] دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ ئۇزۇن يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى ۋەقە ئىدى. چۈنكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى 950 يىل ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، قالغانلىرىغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى كۇفرىدىن ۋە ئاسىيلىقتىن باشقىسىنى زىيادە قىلمىغان ئىدى.

نىھايەت، ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا چىن يۈرەكتىن سەمىمىي قىلغان دۇئالارنى ئەلۋەتتە ئىجابەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇناجاتلارنى ئېيتقۇچىلارنىڭ ياخشى ئاڭلىغۇچى، سەمىمىي تىلەكلەرنى ئېيتقۇچىلارنىڭ ياخشى قوبۇل قىلغۇچى، دۇئالارنى ئېيتقۇچىلارنىڭ ياخشى ئىجابەت قىلغۇچى زات- ھە! ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى توپان بالاسىدىن سالامەت قۇتقۇزۇپ قالدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر كېمە ياساشقا ۋە ئۇ كېمىگە ئىمان ئېيتقانلارنى چىقىرىشقا ئەمر قىلغان ئىدى. ئۇلار كېمىگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن،

---

[1] ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ۋە تۇنجى پەيغەمبەر بولسىمۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىر قەۋمگە ئەۋەتىلىپ، ئۇلارغا دىنىنى دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن مۇجادىلە قىلغان تۇنجى پەيغەمبەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى دېيىلىدۇ.

[2] نۇھ سۈرىسى: 26-ئايەت.

دۇنيانى توپان بالاسى باسقان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىققۇالغانلاردىن باشقا ھېچكىم ھايات قالمىغان. توپان بالاسى توختىغاندىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن يېنىدىكى مۆئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە كېمىدىن چۈشۈپ زېمىندا قايتىدىن يەرلەشكەن. بۇ سەۋەبتىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى دەپ ئاتالغان. ﴿قِيلَ يَٰنُوحُ ٱهْبِطْ بِسَلَٰمٍ مِّنَّا وَبَرَكَٰتٍ عَلَيْكَ وَعَلَىٰٓ أُمَمٍ مِّمَّن مَّعَكَ ۚ وَأُمَمٌ سَنُمَتِّعُهُمْ ثُمَّ يَمَسُّهُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿دېيىلدىكى: «ئى نۇھ! سەن بىز تەرەپتىن ساق ۋە سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا چۈشكەن ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (دۇنيا ھاياتىدىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار (كۇفرلىقى تۈپەيلىدىن) بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا ئۇچرايدۇ»﴾[1].

توپاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىققۇالغان مۆئمىنلەرنىلا ھايات قالدۇرغان. چۈنكى، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى غەرق بولۇپ تۈگەشكەن ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى كېيىنكىلەر ئۈچۈن يادىكار قىلدى. شۇڭا پۈتۈن ساماۋى دىن ئەھلى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ياد ئېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ نامىنى ئۇلۇغلايدۇ. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلار پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشنى ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاشنى ئىماننىڭ بىر پارچىسى دەپ ھېسابلايدۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامغىمۇ دۇئا ۋە سالاملىرىنى يوللايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەت ئۈچۈن جان پىدا قىلغانلارنى، ياخشى ئىش قىلغانلارنى ۋە ھەق يولدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارنى ئەنە شۇنداق ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

ئايەتتىكى ﴿ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ دېگەن سۆز ياخشى ئىش قىلغۇچىلار، ياخشىلىق قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلىگەنلەر دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندەك، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغۇچىلار، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگۈچىلەر دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قەۋمىنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇلارغا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، قەۋمىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە، زىيانكەشلىكلىرىگە سەۋر قىلغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ ئۆتكەن ئۇلۇغلۇق پەيغەمبەردۇر.

ئەمدى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بۇ دۇنيادىكى مۇكاپات قايسى

[1] ھۇد سۈرىسى: 48-ئايەت.

دېگەندە، ئۇنىڭ نامىنىڭ تا قىيامەتكىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يادلىنىپ تۇرۇشىدۇر. بۇنىڭدىنمۇ كاتتا مۇكاپات بولامدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىر-مۇئمىن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دۇنيادىكى جىمى ئىنسانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەن.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىكنى ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن ئۇلۇغلۇق پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك بەندىلىرىنىڭ قاتارىدا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زۇلۇمغا ۋە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلاَثَةٌ لَا يَرُدُّ اللهُ دُعاءَهُمْ: الذَّاكِرُ اللهَ كَثِيراً ، والمَظْلُومُ ، والإِمامُ المُقْسِطُ» يەنى «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ. ئۇلار: ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىدىغان ئادەم، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم، ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىدۇر»[1].

2. ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، ئىخلاس بىلەن ئىش كۆرۈش مەقسەتكە يېتىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىزلىككە ئېرىشىدۇ.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِنَّ مِن شِيعَتِهِۦ لَإِبۡرَٰهِيمَ ٨٣ إِذۡ جَآءَ رَبَّهُۥ بِقَلۡبٖ سَلِيمٍ
٨٤ إِذۡ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦ مَاذَا تَعۡبُدُونَ ٨٥ أَئِفۡكًا ءَالِهَةً دُونَ
ٱللَّهِ تُرِيدُونَ ٨٦ فَمَا ظَنُّكُم بِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٨٧ فَنَظَرَ نَظۡرَةً فِي

[1] «الدعاء الطبراني» 1- توم، 392-بەت، 1316-ھەدىس، «شعب الإيمان البيهقي» 2-توم، 104-بەت، 582-ھەدىس. ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

ٱلنُّجُومِ ﴿٨٨﴾ فَقَالَ إِنِّي سَقِيمٌ ﴿٨٩﴾ فَتَوَلَّوْاْ عَنْهُ مُدْبِرِينَ ﴿٩٠﴾ فَرَاغَ إِلَىٰٓ
ءَالِهَتِهِمْ فَقَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ ﴿٩١﴾ مَا لَكُمْ لَا تَنطِقُونَ ﴿٩٢﴾ فَرَاغَ
عَلَيْهِمْ ضَرْبًۢا بِٱلْيَمِينِ ﴿٩٣﴾ فَأَقْبَلُوٓاْ إِلَيْهِ يَزِفُّونَ ﴿٩٤﴾ قَالَ أَتَعْبُدُونَ مَا
تَنْحِتُونَ ﴿٩٥﴾ وَٱللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ ﴿٩٦﴾ قَالُواْ ٱبْنُواْ لَهُۥ بُنْيَٰنًا
فَأَلْقُوهُ فِي ٱلْجَحِيمِ ﴿٩٧﴾ فَأَرَادُواْ بِهِۦ كَيْدًا فَجَعَلْنَٰهُمُ ٱلْأَسْفَلِينَ ﴿٩٨﴾
وَقَالَ إِنِّي ذَاهِبٌ إِلَىٰ رَبِّي سَيَهْدِينِ ﴿٩٩﴾ رَبِّ هَبْ لِي مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ
﴿١٠٠﴾ فَبَشَّرْنَٰهُ بِغُلَٰمٍ حَلِيمٍ ﴿١٠١﴾

### تەرجىمىسى

83ـ ئىبراھىمۇ ئەلۋەتتە نۇھنىڭ دىنىغا تەۋە كىشىلەردىن ئىدى.

84ـ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە ساغلام دىل بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى.

85ـ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟

86ـ سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟

87ـ سىلەر ئالەملەرنىڭ رەببىنى قانداق گۇمان قىلىۋاتىسىلەر؟ (يەنى سىلەرنى جازالىمايدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟)» دېگەن ئىدى.

88ـ 89ـ ئۇ يۇلتۇزلارغا بىر قارىۋېتىپ: «مەن كېسەل بولۇپ قالدىم» دېدى.

90ـ ئاندىن ئۇلار ئۇنى تاشلاپ كېتىشتى.

91ـ 92ـ ئىبراھىم ئاستا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا باردى، (ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ) : «(ئالدىڭلارغا قويۇلغان تاماقلاردىن) يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟» دېدى.

93ـ ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، بار كۈچى بىلەن ئۇلارنى چېقىشقا باشلىدى.

94ـ ئۇلار (يەنى ئىبراھىمنىڭ قەۋمى) ئۇنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كېلىشتى.

95ـ ئىبراھىم: «ئۆزۈڭلار ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟

96ـ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى ياراتقان ئاللاھتۇر» دېدى،

97ـ ئۇلار: «ئىبراھىم ئۈچۈن بىر قورۇق ياساڭلار، ئاندىن ئۇنى (شۇ قورۇق

ئىچىدىكى) ئوتقا تاشلاڭلار» دېدى.

98ـ ئۇلار ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان ئىدى، بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق.

99ـ ئىبراھىم: «مەن رەببىم (بۇيرۇغان يەر)گە ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ.

100ـ ئى رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن» دېدى.

101ـ شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

### ◄ تەپسىرى

«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، ئۇنىڭ قىسسىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ كەينىگە تىزىلغانلىقى قىسسىگە تولىمۇ مۇناسىپ بىر گۈزەللىك قوشقان. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا توپان بالا-سىدا غەرق بولۇشتىن قۇتقۇزغان بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتتا كۆيۈپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىدۇ ۋە نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر بولغاندەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بىلەن بىردەك بولۇپ، پەقەت شەرىئەت ئەھكاملىرىلا پەرقلىق ئىدى»[1].

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا بارچە يامانلىقتىن ۋە ھەرقانداق بىر بۇزۇق ئەقىدىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان ساغلام ۋە پاك دىل بىلەن يۈزلەنگەن، ئۇنىڭ ئەڭ كاتتا نېمەتلىرىگە، ئەڭ ئالىي ئىنئاملىرىغا ئېرىشكەن ۋە پەيغەمبەرلىككە تاللانغان زات ئىدى. ﴿وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَآ إِبۡرَٰهِيمَ رُشۡدَهُۥ مِن قَبۡلُ وَكُنَّا بِهِۦ عَٰلِمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ئىبراھىمنى بۇرۇنلا ھىدايەت قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىنى) بىلەتتۇق﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋەت يولىغا ئاتلىنىپ، تۇنجى بولۇپ ئاتىسى ئازەرگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە نەسىھەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىدۇ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 212- بەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 51ـ ئايەت.

ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك خۇراپاتلىرىنى ئەيىبلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا كايىپ: ﴿سىلەر نېمىگە چوقۇنۇۋاتىسىلەر؟﴾ دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارغا كايىشقا باشلاپ: ﴿سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنامسىلەر؟ سىلەر ئالەملەرنىڭ رەببىنى قانداق گۇمان قىلىۋاتىسىلەر؟ (يەنى سىلەرنى جازالىمايدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟)﴾ يەنى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق تۇرۇقلۇق، سىلەر ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ سىلەر زادى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا ھەققىدە قانداق گۇماندا بولۇۋاتىسىلەر؟ ئۇنى سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار سەۋەبلىك جازا بەرمەيدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھەرگىز بۇنداق تەرك ئەتمەيدۇ، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ ۋە بۇ قەبىھ قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى سىلەرگە ئەلۋەتتە تېتىتىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپ ئىزدىنىدىغان، كۆپ تەپەككۇر قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە چەكسىز قۇدرىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇكەممەل تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن-ئۇزۇن پىكىر يۈرگۈزىدىغان زات ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ تەپەككۇرغا چۆكۈپ كەتكەن ئىدى، بۇ يۇلتۇزلارنى كىم پەيدا قىلدى؟ ئۇلار قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟ ئۇلارنى كىم ھەرىكەتكە سېلىۋاتىدۇ؟ كۈندۈزدە بۇ يۇلتۇزلار نەگە كېتىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان سوئاللار ئىدى. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك بەزى ھەقىقەتلەرنى ئىدراك قىلىش يولىدا دەسلەپكى ئىزدىنىشى ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەر يىلى بۇتلىرىنى قۇتلۇقلاپ بايرام ئۆتكۈزەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ بۇتلارنى قۇتلۇقلاش بايرىمىغا قاتناشماسلىق ئۈچۈن باھانە ئىزدەشكە باشلاپ، ئاخىر ئۆزىنى كېسەل كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىگە چوقۇنۇشقا مەيلى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بۇ توغرىدا مۇنازىرىلىشىدۇ. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولمايدۇ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئەجدادلىرىدىن بېرى چوقۇنۇلۇپ كەلگەن بۇتلارنى ئۇنىڭ ھاقارەتلىشىگە قاتتىق نارازى بولىدۇ، ئۇلار ئاخىر ئۇنىڭغا سۆزدە تەڭ كېلەلمىگەنلىكتىن، ئۇنى تەرك ئېتىدۇ ۋە بايرامغا كېتىپ قالىدۇ. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇن ھالدا

ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئۇ جايدا قەۋمىنى مات قىلىشنى پىلانلايدۇ.

بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلار بۇ بۇتلارنى تاماق يەيدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن لەززەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ ئېلىپ كېلەتتى ۋە بۇتلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ كېتەتتى. ئاندىن بۇتخانا خادىملىرى بۇ تاماقلاردىن تويغۇدەك يەپ بولۇپ، كىشىلەرگە بۇتلارنىڭ تاماق يەيدىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنىڭ يېنىغا بارغىنىدا، بۇتلارنىڭ ئالدىدا تاماقلار بار ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بۇ بۇتلارنى مەسخىرە قىلغان ھالدا، ئۇلارغا: ﴿(ئالدىڭلارغا قويۇلغان بۇ تاماقلارنى) يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟﴾ يەنى سىلەر ئالدىڭلاردىكى تاماققا قول ئۇزىتىشقىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان قانداق ئاجىز ئىلاھلارسىلەر؟ قېنى سۆزلىمەمسىلەر؟ سىلەرنى سۆزلەشتىن كىم توسۇپ قويغاندۇ؟ دەيدۇ ۋە بۇتلارنى بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپ چېقىشقا باشلايدۇ.

بۇتپەرەس قەۋم بىرلىرىنىڭ بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تېزلىكتە يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چاققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كايىپ: «بىز ئۇلارغا چوقۇ-نۇۋاتساق، سەن ئۇلارنى چېقىپ تاشلامسەن؟» يەنى بىزنىڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرىمىزغا مۇنداق يامانلىق قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ قانداقمۇ ئۇلارنى چېقىپ تاشلىدىڭ؟ دېيىشكە باشلايدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سوغۇق قانلىق بىلەن ئۇلارغا كايىپ تۇرۇپ: ﴿ئۆزۈڭلار ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى ياراتقان ئاللاھتۇر﴾ يەنى سىلەرنى ۋە سىلەر بۇ بۇتلارنى ياسىغان خام ئەشيالارنى، شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن تاشتىن ۋە ياغاچتىن ياسىۋالغان مۇشۇ بۇتلارنى ئىلاھلىرىمىز دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارغا چوقۇنامسىلەر؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بۇ ئۆتكۈر جاۋابلىرى ۋە كەسكىن سۆزلىرى ئالدىدا نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ «ئەجدادلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن ئىكەن» دېيىشتىن باشقا جاۋابى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق چوڭ بىر سۇيىقەست پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

ئاندىن ئۇلار: ﴿ئىبراھىم ئۈچۈن بىر قورۇق ياساڭلار، ئاندىن ئۇنى (شۇ قورۇق ئىچىدىكى) ئوتقا تاشلاڭلار﴾ يەنى ئىبراھىم ئۈچۈن چوڭ بىر قورۇق ياساپ چىقىپ، ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇڭلار، ئاندىن ئوتنى يېقىپ، ئوت تازا كۆيگەندە ئىبراھىمنى ئۇنىڭغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىدى. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەھشەتلىك ئوت دۆۋىسىگە تاشلانغان بولسىمۇ، ئۇ ئوتتا كۆيمىدى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمىدى. ئاخىر ئوتنىڭ ئىچىدىن ساق-سالامەت چىقتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئوتقا: ﴿قُلْنَا يَنَارُ كُونِى بَرْدًا وَسَلَـٰمًا عَلَىٰٓ إِبْرَٰهِيمَ﴾ يەنى ﴿ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بولۇپ بەرگىن﴾[1] دەپ ئەمر قىلغان ئىدى.

ئەسلىدە ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى بويىچە شۇنداق بىر ۋەھشىي پىلاننى تۈزۈپ چىققان ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك پىلانى ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانىنى بەربات قىلىۋەتتى، نەتىجىدە، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىش پىلانىدا مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق يولدا ۋە توغرا دىندا ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ كۆزى ئالدىدا ئىسپاتلاپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتا كۆيمىگەنلىكى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بىر مۆجىزە ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ سۇيىقەستىدىن ئامان قالغاندىن كېيىن: ﴿مەن رەببىم (بۇيرۇغان يەر)گە ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ﴾ يەنى مەن بۇ كۇفرى دىياردىن ئايرىلىپ، رەببىم ماڭا ئەمر قىلغان شام زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ كېتىمەن، چۈنكى، رەببىم ماڭا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىمدا ئەلۋەتتە يول كۆرسىتىدۇ ۋە مېنى يېتەكلەيدۇ، دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىدا ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ: ﴿ئى رەببىم! ماڭا ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾ دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى دەرھال ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل پەرزەنت بىلەن خۇش خەۋەر بەردى.

«كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىدىكى: ﴿شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾ دېگەن

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 69-ئايەت.

ئايەتتە خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئوغۇلنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە، زارىيات سۈرىسىدىكى: ﴿وَبَشَّرُوهُ بِغُلَامٍ عَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۇنىڭغا بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى﴾[1] دېگەن ئايەتتە ۋە ھىجر سۈرىسىدىكى ﴿قَالُواْ لَا تَوْجَلۡ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ عَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا ناھايىتى بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز» دېدى﴾ [2] دېگەن ئايەتتە خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئوغۇلنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن»[3].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دىنىنىڭ ئەسلى بىر بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئېتىقاد قىلغان دىن ئىسلام دىنى ئىدى. بۇ دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن تاكامۇللاشقان.

2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىخلاس بابىدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئىخلاسى ۋايىغا يەتكەن. ئۇنىڭ زالىم نەمرۇد تەييارلىغان ئوتقا تاشلىنىش يولىدا جىبرىلنىڭ «ياردەمگە ھاجىتىڭ بارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا: «ساڭا يوق، رەببىمنىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىشى ماڭا يېتەرلىكتۇر» دېگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

3. ئىبادەتنى ۋە دۇئانى ئاللاھ تائالاغا قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغىمۇ قىلىش ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ يالغۇز ئىبادەت قىلىنىش ۋە دۇئا قىلىنىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

4. يەر يۈزىدىكى تۇنجى ھىجرەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى ھېسابلىنىدۇ.

## ◄ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە قۇربانلىق قىسسىسى

﴿فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ ٱلسَّعۡيَ قَالَ يَٰبُنَيَّ إِنِّيٓ أَرَىٰ فِي ٱلۡمَنَامِ أَنِّيٓ أَذۡبَحُكَ

[1] زارىيات سۈرىسى: 28- ئايەت.
[2] ھىجر سۈرىسى: 53-ئايەت.
[3] ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىدنىڭ «الإسلام سؤال وجواب» تور بېكىتى، 108912- نومۇرلۇق سوئال.

فَٱنظُرۡ مَاذَا تَرَىٰۚ قَالَ يَٰٓأَبَتِ ٱفۡعَلۡ مَا تُؤۡمَرُۖ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ
ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٠٢﴾ فَلَمَّآ أَسۡلَمَا وَتَلَّهُۥ لِلۡجَبِينِ ﴿١٠٣﴾ وَنَٰدَيۡنَٰهُ
أَن يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ ﴿١٠٤﴾ قَدۡ صَدَّقۡتَ ٱلرُّءۡيَآۚ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ
﴿١٠٥﴾ إِنَّ هَٰذَا لَهُوَ ٱلۡبَلَٰٓؤُاْ ٱلۡمُبِينُ ﴿١٠٦﴾ وَفَدَيۡنَٰهُ بِذِبۡحٍ عَظِيمٖ ﴿١٠٧﴾
وَتَرَكۡنَا عَلَيۡهِ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ﴿١٠٨﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ ﴿١٠٩﴾ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١١٠﴾ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١١١﴾ وَبَشَّرۡنَٰهُ بِإِسۡحَٰقَ
نَبِيّٗا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١١٢﴾ وَبَٰرَكۡنَا عَلَيۡهِ وَعَلَىٰٓ إِسۡحَٰقَۚ وَمِن ذُرِّيَّتِهِمَا
مُحۡسِنٞ وَظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ مُبِينٞ ﴿١١٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

102ـ ئۇ (ئوغۇل) ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ئويلاپ باققىنە! قانداق قارايسەن؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن».

103ـ106ـ ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنۇپ، (ئىبراھىم ئۇنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنىچە ياتقۇزغان ۋاقىتتا، بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! سەن راستتىنلا ئۇ چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. شەكسىزكى، بۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر سىناقتۇر» دەپ نىدا قىلدۇق.

107ـ بىز ئۇنىڭ (ئوغلىنىڭ) ئورنىغا (جەننەتتىن چىققان) چوڭ بىر قۇربانلىق (قوچقار)نى بەردۇق.

108ـ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق.

109ـ ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!

110ـ بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

111ـ شەكسىزكى، ئۇ بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

112ـبىز ئۇنىڭغا سالىھلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق.

113ـئىبراھىمغا ۋە ئىسھاققا بەرىكەت ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن (رەببىگە تائەت-ئىبادەتنى) ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارمۇ، (كۇفـ-ـرى- مەئسىيەت بىلەن) ئۆزىگە ئوپئوچۇق زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ.

### تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممىدى ياكى ئىسھاق ئەلەيھىسسا-لاممىدى؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، «ساھابىلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، تابىئىنلاردىن كەئب ئەل ئەھبار، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە، مەسرۇق، ئىكرىمە، ئەتائ، مۇقاتىل، سۇددىي قاتارلىقلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغۇلنىڭ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ھەسەن بەسرى، مۇجاھىد قاتارلىقلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغۇلنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن»[1]. مۇپەسسىرلەردىن ئەللامە تەبەرىي، بەغەۋىي، قۇرتۇبىي قاتارلىقلار ئالدىنقىلارنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى كەسىر، مۇھەممەد ئەمىن شىنقىيتىي، مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر، جازائىرىي قاتارلىقلار كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە تەپسىر قىلغان. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرى بار. قۇربانلىق قىسسىسى بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن كېيىن، ﴿بىز ئۇنىڭغا سالىھلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ كەلگەنلىكى قۇربانلىققا تەييار قىلىنغان ئوغۇلنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئەمەس، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىشارەت ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىسسىسىدىن كېيىن بېرىلگەن.

قۇربانلىق قىلىنماقچى بولغان ئوغۇلنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىبراھىم ئە-

[1] «تفسير البغوي» 7- توم، 46- بەت.

لەيھىسسالام قەۋمىدىن ئايرىلىپ، ئايالى سارە ۋە قېرىندىشىنىڭ ئوغلى لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە شام زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ ماڭغان چېغىدا، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۆزىگە ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلىگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا ٱعْتَزَلَهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۖ وَكُلًّا جَعَلْنَا نَبِيًّا﴾ يەنى ﴿ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشقان چاغدا، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق﴾[1]. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىققا ھازىر قىلىنغان ئوغلى خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئوغلىنىڭ ئۆزىدۇر. خۇش خەۋەر بېرىلگىنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدۇر.

«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغۇلنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، قۇربانلىق مەككىدە بولغان، شامدا ئەمەس. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ مەككىدە ياشىغان، شامدا ئەمەس. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەر مەككىدە ئىدى، شامدا ئەمەس. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى سارە شامدا ئىدى»[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۆزىگە ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلىگەن ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسمائىل ئىسىملىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېغىر بېسىق، سالماق، دىيانەتلىك بىر پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاتىسىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا ياردەم قىلالىغۇدەك بولغاندا، ئاتىسى ئۇنىڭغا توساتتىنلا: ﴿ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ئويلاپ باققىنە! قانداق قارايسەن؟﴾ دەيدۇ. شۇ ئېنىقكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھىينىڭ بىر پارچىسىدۇر. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆرگەن چۈشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشنىڭ يولىغا كىرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ئىشنى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ رايىنى ئېلىشنى خالايدۇ ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئوغلىغا ئوچۇق ئېيتىدۇ. بۇ ئىتائەتچان ئوغۇلنىڭ جاۋابى ئاتىسى كۈتكەن يەردىن

[1] مەريەم سۈرىسى: 49-ئايەت.

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 4- توم، 419- بەت.

چىقىدۇ-دە، ئاتىسىغا: ﴿ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن﴾ دەيدۇ. مانا بۇ يەردە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانىدىكى ساداقەت، راستچىللىق ۋە ئەخلاقىدىكى ۋايىغا يەتكەن ئىتائەتمەنلىك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاتا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىنى بوغۇزلاپ ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، ئىككىسى قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىگە ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرۈپ، ئاتا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا تەييار بولىدۇ، ئوغۇلمۇ ئۆزىنىڭ تاتلىق جېنىنى ئاللاھ ئۈچۈن بېرىشكە ھازىر بولىدۇ. بۇ ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدەك ئىتائەتمەنلىك ئابىدىلىرى ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەر تۈرلۈك ئىمتىھان ۋە سىناقلىرىغا تەييار تۇرغان، نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن ئۈلگىلىك زاتلاردۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان ھالدا قۇربانلىق ئۈچۈن ھازىرلىنىپ ئۆيدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئاتا ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يېنىچە ياتقۇزىدۇ ۋە پىچاقنى ئۇنىڭ بويىنىغا سالىدۇ، ئەمما پىچاق كەسمەيدۇ، پىچاقنى يەنە سۈرىدۇ، يەنە كەسمەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئوغلىنى قەتئىي بوغۇزلىيالمايدۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولىدۇ. شۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق يۇقىرى ئۇپۇقتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نىدا قىلىپ: ﴿ئى ئىبراھىم! سەن راستتىنلا ئۇ چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ. بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز. شەكسىزكى، بۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر سىناقتۇر﴾ يەنى سەن ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسىڭنى، سەمىمىيىتىڭنى ۋە ئىتائەتمەنلىكىڭنى ئەمەلىيىتىڭ بىلەن ئىسپاتلىدىڭ، بۇيرۇلغاننى ئىككىلەنمەي ئورۇنداشقا تۇتۇش قىلدىڭ. ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىنى، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى، تائەت-ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنى خۇددى سېنى مۇكا-پاتلىغاندەك مۇكاپاتلايدۇ. ساڭا كەلگەن بۇ ئىش راستتىنلا ئوپئوچۇق بىر سىناق ئىدى، سەن بۇ سىناقتىن ئۆتتۈڭ، دەيدۇ.

نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر سېمىز

قوچقارنى بەردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىن بىر قوچقار چىقىرىپ بېرىلگەن ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇربانلىق قىلىپ تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتقان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، ئۇلار ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن باشقىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاللاھ تائالاغا ساداقەت كۆرسەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىتائەتمەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ساداقەتنىڭ ۋە بۇ ئىتائەتمەنلىكنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ نام-نىشانىسىنى كېيىنكىلەرنىڭ قەلبىدە يادلىنىدىغان، مەدھىيە ئوقۇلىدىغان ۋە ئۈلگە قىلىنىدىغان قىلىپ قالدۇردى. بۇنىڭدىنمۇ كاتتا مۇكاپات بارمۇ دۇنيادا؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مىسلىسىز ساداقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا مۇنداق تەڭداشسىز مۇكاپاتنى ئاتا قىلدى. ساماۋى دىن ئەھلىنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىش بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا يەنە ئىسھاق ئىسىملىك بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭمۇ پەيغەمبەرلەردىن بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇربان ھېيت كۈنىدە قۇربانلىق قىلىش ئىبادىتى يولغا قويۇلغان بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ چوڭ بايرام ئىدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىنىڭ تولۇقلىنىشى، ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشى، شېرىك ئەقىدىسىنىڭ بەربات قىلىنىشى ۋە بارلىق يولسىزلىقلارغا خاتىمە بېرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسۇلمانلار خۇشاللىق ئىزھار قىلىدىغان بىر مۇبارەك كۈن ئىدى. بۇ خۇشاللىق كۈنىمۇ ئاسان قولغا كەلمىگەن. چۈنكى، بۇ يولدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق كۆپلىگەن قۇربانلىقلارنى بەرگەن، مال، جان ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسە بۇ يولدا پەيدا قىلىنغان.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمانلار! بىز ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش، ئىسلام شوئارىنى ياڭرىتىش ۋە ئۇنىڭ بايرىقىنى قايتىدىن تىكلەش يولىدا ھەر نەرسىمىزنى پىدا قىلىشقا ھەر زامان ھازىر بولۇشىمىز لازىم.

«قۇرئان كەرىم»نى قانۇن قىلىش، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ سەلتەنىتىنى

قايتۇرۇپ كېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھە-لىرىدە تەتبىق قىلىش يولىدا قىممەتلىك ھەر نەرسىمىزنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمدارلار چىققتى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىچىدىن توغرا يولدا مېڭىپ ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ۋە ئازغۇنلۇققا پېتىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ بولدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇق مەسىلىسىدە نەسەبنىڭ ئەھمىيىتى يوق. مەيلى سىز قانداق ئۇلۇغ ئادەمنىڭ پەرزەنتى بولۇپ كېتىڭ، قانداق ئېسىل ئائىلىدىن كەلگەن بولۇڭ، سىزنىڭ قەدىر-قىممىتىڭىز پەقەتلا ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىگە قاراپ بولىدۇ.

◄ **مۇھىم نۇقتىلىرى**

1. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشى ئۆرنەكتۇر. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىپ قۇربان قىلىنىشىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاتىسىغا: ﴿ئى ئاتا! سەن نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن﴾ دېگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

2. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان بارلىق ئىشلاردا ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئىپادىلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا ئىخلاسىنىڭ مۇكاپاتىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تولۇق بەرگۈچىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر زات ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى ئۇنىڭ دۇنيادا بارلىق ساماۋى دىن ئەھلىنىڭ مەدھىيەسىگە سازاۋەر بولۇپ، نامىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە تا قىيامەتكىچە ياد قىلىنىشىدۇر.

◄ **مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى**

﴿وَلَقَدۡ مَنَنَّا عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ١١٤ وَنَجَّيۡنَٰهُمَا وَقَوۡمَهُمَا مِنَ
ٱلۡكَرۡبِ ٱلۡعَظِيمِ ١١٥ وَنَصَرۡنَٰهُمۡ فَكَانُواْ هُمُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ١١٦ وَءَاتَيۡنَٰهُمَا

ٱلْكِتَٰبَ ٱلْمُسْتَبِينَ ﴿١١٧﴾ وَهَدَيْنَٰهُمَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿١١٨﴾ وَتَرَكْنَا
عَلَيْهِمَا فِى ٱلْأَٔخِرِينَ ﴿١١٩﴾ سَلَٰمٌ عَلَىٰ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٠﴾ إِنَّا كَذَٰلِكَ
نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢١﴾ إِنَّهُمَا مِنْ عِبَادِنَا ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٢٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

114ـ شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغىمۇ (پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىش بىلەن) ئېھسان قىلدۇق.

115ـ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى چوڭ بالادىن قۇتقۇزدۇق.

116ـ بىز ئۇلارغا ياردەم بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غالىبلارغا ئايلاندى.

117ـ ئۇ ئىككىيلەنگە (تەۋراتتىن ئىبارەت) روشەن بىر كىتابنى بەردۇق.

118ـ ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىدۇق.

119ـ كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق.

120ـ مۇساغا ۋە ھارۇنغا سالام بولسۇن!

121ـ بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

122ـ ئۇ ئىككىسى ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشتىن ئامان قالغانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر سىناقتىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى بايان قىلىدۇ. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىك كاتتا نېمەت ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھېكمەت ئاتا قىلغان ۋە «تەۋرات»تىن ئىبارەت نۇرلۇق كىتابنى بەرگەن، ئاندىن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ئازاد قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ئىسرائىل ئەۋلادىنى خالىغانچە ئازابلايتتى، خورلايتتى، ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇراتتى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى

زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئىبرىلىگەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئىنئام قىلىشنى ئىرادە قىلدى-دە، ئۇلارنى دۈشمەنلىرى بولغان پىرئەۋن قوشۇنلىرىغا غالىب قىلدى، ئۇلارنى دېڭىزدىن سالامەت ئۆتكۈزۈپ، پىرئەۋن قوشۇنلىرىنى دېڭىزدا غەرق قىلىپ يوق قىلىۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە «تەۋرات»نى بەرگەن ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەرلەردىن قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ نام-نىشانىسىنى كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە يادلىنىدىغان قىلىپ قالدۇردى. ئاللاھ تائالا تائەت-ئىبادەتنى، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆئمىن بەندىلىرىدىن ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزغانلىقى، پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ھالاك قىلىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىگە ئىگە قىلغانلىقى ئىسرائىل ئەۋلادىغا قىلغان كاتتا ئىنئامى ئىدى.

2. ئاللاھ تائالا تائەت-ئىبادەتنى، دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ.

### ◄ ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِنَّ إِلْيَاسَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ۝١٢٣ إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ أَلَا تَتَّقُونَ ۝١٢٤
أَتَدْعُونَ بَعْلًا وَتَذَرُونَ أَحْسَنَ ٱلْخَٰلِقِينَ ۝١٢٥ ٱللَّهَ رَبَّكُمْ وَرَبَّ
ءَابَآئِكُمُ ٱلْأَوَّلِينَ ۝١٢٦ فَكَذَّبُوهُ فَإِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ ۝١٢٧ إِلَّا عِبَادَ
ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ۝١٢٨ وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِى ٱلْءَاخِرِينَ ۝١٢٩ سَلَٰمٌ عَلَىٰٓ إِلْ
يَاسِينَ ۝١٣٠ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ۝١٣١ إِنَّهُۥ مِنْ عِبَادِنَا
ٱلْمُؤْمِنِينَ ۝١٣٢﴾

### تەرجىمىسى

123-ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن ئىدى.

124-126- ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە: «(ئاللاھتىن) قورقمامسىلەر؟ سىلەر ئەڭ گۈزەل ياراتقۇچى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار، ئىلگىرىكى ئاتا-بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببى بولغان ئاللاھنى قويۇپ بەئلىگە[1] چوقۇنامسىلەر؟» دېگەن ئىدى.

127-ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شۇڭا، ئۇلار چوقۇم (جەھەننەمگە) ھازىر قىلىنىدۇ.

128-پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

129-كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ (ياخشى) نامىنى قالدۇردۇق.

130-ئىلياسقا سالام بولسۇن!

131-بىز ھەقىقەتەن (تائەت-ئىبادەتنى) مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايمىز.

132-ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر.

### تەپسىرى

ئىلياس ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر-لەرنىڭ قاتارىدىن بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ: ئى قەۋمىم! ئاللاھ تائالادىن قورقمامسىلەر؟ ئەڭ مۇكەممەل ياراتقۇچى، سىلەرنىڭمۇ ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكى ئەجداد-لىرىڭلارنىڭمۇ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ يوق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر؟ دېگەن ئىدى.

ئەمما ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يالغانغا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا جەھەننەمدە

[1] بەئلى-ھازىرقى لۇۋاندىكى بىر ۋادىدا ياشىغان ئاھالىلار چوقۇنىدىغان بىر بۇتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋادىنىڭ ئاھالىسىگە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. («تەپسىرى بەيزاۋى» 2-توم، 2301-بەت).

ئازابلىنىش پۈتۈلۈپ كەتتى، ئۇلار قىيامەت كۈنىدە جەھەننەمگە كىر- گۈزۈلىدۇ ۋە ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىيدۇ. ئىلىياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر بۇ ئازابتىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلار ئىلىياس ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن ھەق دىنغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئىلىياس ئەلەيھىسسالامنىڭ نام- نىشانىسىنى قالدۇردى. ئاللاھ تائالانىڭ سالامى ۋە ئامانلىقى ئىلىياس ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن!

ئاللاھ تائالا تائەت- ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ. ئىلىياس ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىدىندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش نىجاتلىق، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش ھالاكەتتۇر.

2. پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ سەرخىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش- ئىزلىرى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۈلگىدۇر.

3. ھەق يولىدا ئىخلاس قىلغان ۋە قېتىرقىنىپ ئىشلىگەنلەرنىڭ مۇكا- پاتى ئىككىلا ئالەمدە تولۇق بېرىلىدۇ.

### ◄ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِنَّ لُوطًا لَّمِنَ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٣٣﴾ إِذۡ نَجَّيۡنَٰهُ وَأَهۡلَهُۥٓ أَجۡمَعِينَ ﴿١٣٤﴾ إِلَّا
عَجُوزًا فِي ٱلۡغَٰبِرِينَ ﴿١٣٥﴾ ثُمَّ دَمَّرۡنَا ٱلۡأٓخَرِينَ ﴿١٣٦﴾ وَإِنَّكُمۡ لَتَمُرُّونَ
عَلَيۡهِم مُّصۡبِحِينَ ﴿١٣٧﴾ وَبِٱلَّيۡلِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿١٣٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

133-لۇتمۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەردىن ئىدى.

134 ـ 135 ـ بىز ئۇز ۋاقتىدا لۇتنى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قالغان قېرى ئايالدىن باشقا تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق.

136 ـ ئاندىن قالغانلارنى ھالاك قىلدۇق

137 ـ 138 ـ (ئى مەككىلىكلەر!) سىلەر ئۇلارنىڭ (خارابىلىرى) ئۈستىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

## ◄ تەپسىرى

لۇت ئەلەيھىسسالامۇ قەۋمىنى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ قەۋمىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەزەپ قىلىپ ئازاب ياغدۇردى.

ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرى ئايالىدىن باشقا تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزدى، ئاندىن قالغان كاپىرلارنى ھالاك قىلدى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرى ئايالى ئىنكارچى قەۋمىنىڭ تەرەپدارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ قاتارىدا ھالاك بولۇپ توگەشتى. ئۇلارنىڭ خارابىگە ئايلانغان دىيارى بۇ ھالاكەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ھالدا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆز پېتىچە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ دىيارى مەككىلىكلەرنىڭ دىيارىدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

ئى مەككىلىك كاپىرلار! سىلەر سەپەرلىرىڭلاردا ئۇلارنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان دىيارىدىن ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئۆتىسىلەر ۋە بۇ جايلادا ئىلگىرى قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالامسىلەر؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ توغرا يولنى تاپامسىلەر؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئىجازەت بەرمىگۈچە ھېچكىم ھېچكىمگە، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىگىمۇ شاپائەت قىلالمايدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

2. كائىناتنىڭ هادىسىلىرى، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن هالاكەتلەر تەپەككۇر قىلىپ ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

## ◄ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿١٣٩﴾ إِذْ أَبَقَ إِلَى ٱلْفُلْكِ ٱلْمَشْحُونِ ﴿١٤٠﴾
فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ ٱلْمُدْحَضِينَ ﴿١٤١﴾ فَٱلْتَقَمَهُ ٱلْحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٌ ﴿١٤٢﴾
فَلَوْلَآ أَنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلْمُسَبِّحِينَ ﴿١٤٣﴾ لَلَبِثَ فِى بَطْنِهِۦٓ إِلَىٰ يَوْمِ
يُبْعَثُونَ ﴿١٤٤﴾ ۞ فَنَبَذْنَٰهُ بِٱلْعَرَآءِ وَهُوَ سَقِيمٌ ﴿١٤٥﴾ وَأَنۢبَتْنَا عَلَيْهِ
شَجَرَةً مِّن يَقْطِينٍ ﴿١٤٦﴾ وَأَرْسَلْنَٰهُ إِلَىٰ مِا۟ئَةِ أَلْفٍ أَوْ يَزِيدُونَ ﴿١٤٧﴾
فَـَٔامَنُوا۟ فَمَتَّعْنَٰهُمْ إِلَىٰ حِينٍ ﴿١٤٨﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

139-يۇنۇسمۇ ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەردىن ئىدى.

140-ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قېچىپ، (ئادەم بىلەن) تولۇپ كەتكەن بىر كېمىگە چىقىۋالدى.

141-يۇنۇس (كېمىدىكىلەر بىلەن) چەك تاشلاشتى[1]، نەتىجىدە، ئۇ دېڭىزغا تاشلىنىدىغانلاردىن بولۇپ چىقتى (شۇنىڭ بىلەن دېڭىزغا تاشلاندى).

142-ئۇ ئۆزىگە مالامەت قىلىپ تۇرغان ھالىتىدە، ئۇنى بىر كىت يۇتۇۋەتتى.

143-144- ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، كىتنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى.

145-بىز ئۇنى (كىتنىڭ قارنىدىن دېڭىز ساھىلىدىكى) بىر قۇرغاق جايغا ئاتتۇق. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىنى زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

146-ئۇنىڭ ئۈستىگە (سايە تاشلاپ تۇرسۇن دەپ) بىر تۈپ كاۋا ئۆستۈرۈپ

[1] كېمىدە ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، يولۇچىلاردىن بىرىنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن كېمىدىكىلەر ئۆزئارا چەك تاشلاشقان بولۇپ، چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالغان ۋە ئۇ دېڭىزغا تاشلانغان.

بەردۇق.

**147**ـئۇنى بىز يۈز مىڭ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كىشىگە(پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق.

**148**ـئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى مەلۇم مۇددەتكىچە (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلدۇق.

## ◄ تەپسىرى

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ھازىرقى ئىراقنىڭ نەينەۋا شەھىرىنىڭ ئاھالىسىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە ئۇ ئۆز ئىسمى بىلەن تۆت يەردە كەلگەن.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى مۇنداق: ئۇ ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قەۋمىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىگە، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى ئىنكار قىلىشقا دەۋەت قىلغان. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشى قاتتىق ئېغىر كەلگەنلىكتىن، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغان، قەلبى دەردكە تولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنى تاشلاپ كېتىپ قالغان.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دېڭىز بويىغا بارغىنىدا ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بىر كېمىنى ئۇچرىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىقىۋېلىپ دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار قىرغاقتىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. كېمىدىكى يولۇچىلار كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتمىگەندە، ئاقىۋەتنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تەخمىن قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىدىكى يۈكلەرنى دېڭىزغا تاشلايدۇ. ئەمما كېمە يېنىكلىمەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆز ئارىسىدا چەك تاشلىشىپ، چەك كىمگە چىقسا، ئۇنى سۇغا تاشلاپ كېمىنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق دېڭىزدا غەرق بولۇپ ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ قېلىش كويىغا چۈشىدۇ. دېگەندەك، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا چەك تاشلايدۇ. ئەمما چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالىدۇ. ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا قايىل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىشكە

ئۇلارنىڭ كۆڭلى قىيمايدۇ ۋە چەكنى قايتا تاشلايدۇ، ھەتتا ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق چەكمۇ يەنىلا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىدۇ. نىھايەت، ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىدۇ.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دېڭىزغا تاشلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشنى قىلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ، قەۋمىنىڭ ئىمانسىزلىقىغا سەۋر قىلالمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە چىدىمىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئىشىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلايدۇ. شۇ ئەسنادا بىر كىت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى يۇتۇپ كېتىدۇ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كىتنىڭ قارنىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تاكى ئاللاھىي شەپقەت ئۇنى قۇتقۇزغانغا قەدەر قالىدۇ. ئۇ كىتنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، توختىماستىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ۋە تەھلىل ئېيتىدۇ. ﴿فَنَادَىٰ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ أَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇ (كىتنىڭ ئىچىدىكى) قاراڭغۇلۇقتا: «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ ئىلتىجا قىلدى﴾[1].

ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ ۋە كىتكە ئۇنى سىرتقا ئېتىشنى ئەمر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قارنىدىن دېڭىز ساھىلىدىكى بىر قۇرغاق جايغا ئاتىدۇ. ئۇ چاغدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنى زەئىپلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تاشلانغان يەردە، ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىر تۈپ قاپاقنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى نەينەۋا شەھرىدىكى 100مىڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئاھالىگە پەيغەمبەر قىلىپ قايتا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىدۇ، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، بىر ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ھاياتلىقتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئىمان ئېيتقانلار مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەنە شۇنداق بەختلىك ھاياتتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ﴿وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٍ

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 87ـ ئايەت.

مُّسَمًّى وَيُؤْتِ كُلَّ ذِى فَضْلٍ فَضْلَهُۥ ۖ وَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ كَبِيرٍ﴾ يەنى ﴿سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى بەلگىلەنگەن ئەجىلىڭلار توشقىچە ئوبدان ياشىتىدۇ، ھەربىر ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىپ، ئادالەتلىك ئىش قىلىش ئۈچۈن بەزى تەقسىماتلارنى چەك تاشلاش ئارقىلىق ھەل قىلىش ئەۋزەلدۇر.

**2.** زور قىيىنچىلىقلارغا ياكى بالايىئاپەتلەرگە يولۇققاندا، ناماز ئوقۇش، زىكىر، تەسبىھ ئېيتىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپتۇر.

**3.** راھەت-پاراغەتلىك كۈنلەردە ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇمىغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۇلار قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئۇنتۇمايدۇ.

**4.** پەيغەمبەرلەر ئىچىدە قەۋمى پۈتۈنلەي ئىمان ئېيتقان بىرلا پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى، ئۇ كىتنىڭ قارنىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نەينەۋا خەلقىنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە مۇنازىرە

﴿فَٱسْتَفْتِهِمْ أَلِرَبِّكَ ٱلْبَنَاتُ وَلَهُمُ ٱلْبَنُونَ ﴿١٤٩﴾ أَمْ خَلَقْنَا ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ
إِنَٰثًا وَهُمْ شَٰهِدُونَ ﴿١٥٠﴾ أَلَآ إِنَّهُم مِّنْ إِفْكِهِمْ لَيَقُولُونَ ﴿١٥١﴾ وَلَدَ ٱللَّهُ
وَإِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٥٢﴾ أَصْطَفَى ٱلْبَنَاتِ عَلَى ٱلْبَنِينَ ﴿١٥٣﴾ مَا لَكُمْ
كَيْفَ تَحْكُمُونَ ﴿١٥٤﴾ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٥﴾ أَمْ لَكُمْ سُلْطَٰنٌ مُّبِينٌ ﴿١٥٦﴾
فَأْتُوا۟ بِكِتَٰبِكُمْ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٥٧﴾ وَجَعَلُوا۟ بَيْنَهُۥ وَبَيْنَ
ٱلْجِنَّةِ نَسَبًا ۚ وَلَقَدْ عَلِمَتِ ٱلْجِنَّةُ إِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ ﴿١٥٨﴾ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ
عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٥٩﴾ إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلْمُخْلَصِينَ ﴿١٦٠﴾ فَإِنَّكُمْ وَمَا

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 3-ئايەت.

تَعۡبُدُونَ ﴿١٦١﴾ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ بِفَٰتِنِينَ ﴿١٦٢﴾ إِلَّا مَنۡ هُوَ صَالِ ٱلۡجَحِيمِ
﴿١٦٣﴾ وَمَا مِنَّآ إِلَّا لَهُۥ مَقَامٌ مَّعۡلُومٌ ﴿١٦٤﴾ وَإِنَّا لَنَحۡنُ ٱلصَّآفُّونَ ﴿١٦٥﴾ وَإِنَّا
لَنَحۡنُ ٱلۡمُسَبِّحُونَ ﴿١٦٦﴾ وَإِن كَانُواْ لَيَقُولُونَ ﴿١٦٧﴾ لَوۡ أَنَّ عِندَنَا ذِكۡرًا
مِّنَ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿١٦٨﴾ لَكُنَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿١٦٩﴾ فَكَفَرُواْ بِهِۦۖ
فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿١٧٠﴾

### تەرجىمىسى

149-(ئى پەيغەمبەر!) مۇشرىكلاردىن سوراپ باققىنكى، قىزلار رەببىڭگە، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمىكەن؟

150-ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار كۆرۈپتىكەنمۇ؟

151-152- بىلىڭلاركى، ئۇلار ئۇيئۇچۇق يالغاننى توقۇپ: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

153-ئاللاھ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟

154-سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقلارچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟

155-ئويلاپ باقمامسىلەر؟

156-ياكى بۇنىڭغا ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟

157-ئەگەر (گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، كىتابىڭلار (بولسا) ئەكىلىپ بېقىڭلار.

158-ئۇلار ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەسەب ئويدۇردى. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئازابقا) ھازىر قىلىنىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ.

159-ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

160-لېكىن ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا بۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار ئاللاھقا تۆھمەت قىلمايدۇ ۋە ئازابقا دۇچار بولمايدۇ).

161-163- (ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار دوزاخقا كىرىدىغان كىشىدىن باشقا ھېچكىمنى ئاللاھقا قارشى ئازدۇرالمايسىلەر.

164-(پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى): «بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار.

165-شەكسىزكى، بىز (تائەت-ئىبادەتتە) سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغۇچىلارمىز.

166-بىز ئەلۋەتتە (ئاللاھقا) تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز».

167-169- شەكسىزكى، (مۇشرىكلار) ھەمىشە: «ئەگەر بىزدە بۇرۇنقىلار-نىڭكىدەك بىرەر كىتاب بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بولاتتۇق» دەيتتى.

170-(ئۇ كىتاب كېلىۋىدى) ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلار (بۇ ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كەلگۈسىدە بىلىپ قالىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىن بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى مۇشرىكلارنىڭ شېرىك ئەقىدىسىنىڭ ساختىلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ باتىل ۋە ساختا ئەقىدىسى تەنقىد قىلىنغان، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى، ئاندىن ھەركىمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تولۇق ھېساب بېرىدىغانلىقى ۋە ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ھەقىقەتلەر روشەن دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەكىتلەنگەن.

بۇ سۈرىدە ھەربىر قەۋمگە (ياكى ھەربىر مىللەتكە) ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ھىدايەت تېپىپ توغرا يولغا كىرگەنلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى ئىخچام ھالدا بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئەقلى ساغلام كىشىلەر قوبۇل قىلالمايدىغان ۋە ھېچقانداق بىر دىن راۋا كۆرمەيدىغان باتىل تەقسىماتقا رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، مۇشرىك ئەرەبلەر، خۇسۇسەن، ئەرەبلەرنىڭ جۇھەينە، خۇزائە، مەلىھ ۋە ئابدۇددار قەبىلىلىرى پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ باتىل

ئېتىقادىغا: ﴿قىزلار رەببىڭگە، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمىكەن؟ ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار كۆرۈپتىكەنمۇ؟﴾ دەپ كايىش بىلەن رەددىيە بەرگەن. ئۇلارنىڭ قىزلارنى ئاللاھ تائالاغا، ئوغۇللارنى بولسا ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرەتتى، ئوغۇللارنى قىزلاردىن ئەۋزەل بىلەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاياللىرىنىڭ قىز تۇغۇشىنى خالىمايتتى. ﴿وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِٱلْأُنثَىٰ ظَلَّ وَجْهُهُۥ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ ﴿٥٨﴾ يَتَوَٰرَىٰ مِنَ ٱلْقَوْمِ مِن سُوٓءِ مَا بُشِّرَ بِهِۦٓ ۚ أَيُمْسِكُهُۥ عَلَىٰ هُونٍ أَمْ يَدُسُّهُۥ فِى ٱلتُّرَابِ ۗ أَلَا سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە قىز بالىسى بولغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، قاتتىق غەزەپتىن چىرايى قارىداپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئۇ قىزنى نومۇسقا چىداپ ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپراققا (تىرىك) كۆمۈۋېتەمدۇ؟ (بۇنى ئويلاپ)، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. قاراڭلار! ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم نېمىدېگەن قەبىھ!﴾[1].

ئۇلار قىزلارنى ئاللاھ تائالاغا، ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ باتىل ئېتىقادى ئارقىلىق ئۆزلىرى يامان كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ قىلغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىشتە: ﴿ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار كۆرۈپتىكەنمۇ؟﴾ دېگەن. ئەلۋەتتە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشىنى كۆرمىگەن ۋە بىلمەيدۇ. پەقەت ئۇلار شۇنداق يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

ئۇلارنىڭ يەنە بىر يالغانچىلىقى قايسى دېگەندە، ئۇلارنىڭ «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشىدۇر. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق دەلىل-پاكىتى يوق تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالاغا پەرزەنتنى مەنسۇپ قىلىشىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىدىن، شۇنداقلا بارلىق سۈپەتلەشلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر.

﴿ئاللاھ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟﴾ يەنى سىلەر قانداقچە بۇنداق يالغان سۆزنى قىلىپ يۈرىسىلەر؟ ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتى تۇرسا، ئۇ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟ قىزلار ئاللاھ تائالانىڭ پەرزەنتلىرىمۇ؟ بۇنى سىلەرگە كىم ئېيتتى؟ قايسى كىتابتا

[1] نەھل سۈرىسى: 58-59-ئايەت.

يېزىلىپتۇ؟ سىلەرنىڭ بۇ يالغان ھۆكۈمىڭلار نېمىدېگەن يامان! ئازراق ئەقلى بار ئادەم سىلەرنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭلارنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. سىلەر باتىلغا قانچىلىك چۆكۈپ كەتكىنىڭلارنى ئويلاپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ بۇ خۇسۇستا دەلىل-ئىسپاتىڭلار بارمۇ؟ ئەقىل تەرەپتىنمۇ بۇ باتىل سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمەيسىلەر. چۈنكى، بۇ خۇراپاتلىرىڭلارغا ھېچكىم قايىل بولمايدۇ. ئەمدى ناۋادا نەقىل يەنى ساماۋى كىتابتىن بىرەر دەلىلىڭلار بولسا، قېنى ئۇنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، بىز ئۇنى كۆرۈپ باقايلى!

ئەمەلىيەتتە بۇ تەلەپ مۇشرىكلار ئۇچۇن ئاسمانغا چىقىڭلار دېگەندىنمۇ قىيىن بىر تەلەپ ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بايان قىلىدۇكى، بىر كۆپ قۇرەيشنىڭ بەزى كاپىرلىرى «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى رەسۋا قىلىش ۋە مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن «ئۇ قىزلارنىڭ ئانىسى كىم ئىكەن؟» دەپ سورىغان. ئۇلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئۇ قىزلارنىڭ ئانىسى جىنلاردۇر» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ﴿ئۇلار ئاللاھ بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەسەب ئويدۇردى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَقَدْ عَلِمَتِ ٱلْجِنَّةُ إِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، «جىنلار ئۆزلىرىنىڭ (ئازابقا) ھازىر قىلىنىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنى ئەگەر مۇشرىكلار بىلجىرلىغاندەك، ئاللاھ تائالا بىلەن جىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا جىنلارنى قانداقمۇ ئازابلايدۇ؟ ھالبۇكى، تۇغقاندارچىلىق تۇغقانلىرىنى ئازابلاشقا يول قويمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن جىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار دېگەن دەۋاسى بىكار قىلىنغان بولىدى[2]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَقَدْ عَلِمَتِ ٱلْجِنَّةُ إِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى «جىنلار ئۆزلىرىنىڭ ھېساب مەيدانىغا ھازىر قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە تەبەرىي ھەر ئىككى مەنىنى بايان قىلىپ، ئالدىنقىسىنى كۈچلۈك دەپ قارىغان.

---

[1] «تفسير الطبري» 21-توم، 121-بەت.

[2] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 4- توم، 430- بەت.

ئى مەككىلىكلەر! سىلەر ئاشۇ جىنلارچىلىك بولالمىدىڭلارمۇ؟ قېنى سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار؟ قېنى سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ يارىتىلغانلىقىڭلار؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ مۇنداق نالايىق سۈپەتلەشلىرىدىن ۋە تۆھمەتلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتكە: «پەرىشتىلەر مۇشرىكلارنىڭ (قىيامەت كۈنى ئازابقا) هازىر قىلىنىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان[1].

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۇرگەن، ئۇنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەم چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرىلا بۇنداق ئەمەس، يەنى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىمەيدىغان، ئۇنىڭغا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان ۋە هىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىلغان ۋە تاللانغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنى شەيتانلار ئازدۇرالمايدۇ. ﴿قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٨٢﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ ٱلْمُخْلَصِينَ﴾ يەنى ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ هەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنادۇر»﴾[2].

ئى مۇشرىكلار! سىلەر بۇنى بىلگەن بولساڭلار، شۇنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، سىلەر ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ساختا مەبۇدلىرىڭلار پەقەت سىلەرگە ئوخشاش دوزاخقا مەهكۇم بولغانلاردىن باشقا هېچكىمنى ئازدۇرۇپ كېتەلمەيسىلەر ۋە هېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ تەقدىرى ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە يول تاللاش ئىختىيارى بەرگەن. ئاخىرەت كۈنىدە شۇ ئىختىيارغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن هېساب ئالىدۇ ۋە ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىدۇ.

ئەمما سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ بىلجىرلىغان پەرىشتىلەر سىلەرنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىڭلارنى رەت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ

[1] «التفسير الميسر» 452- بەت.

[2] ساد سۈرىسى: 82-83-ئايەتلەر.

ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار. شەكسىزكى، بىز (تائەت-ئىبادەتتە) سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز. بىز ئەلۋەتتە (ئاللاھقا) تەسبىھ ئېيتقۇچىلار-مىز﴾ يەنى تائەت-ئىبادەتتە بىزدىن ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى ۋە مەلۇم ۋەزىپىسى بار. ئەمما كائىناتنىڭ نىزامى ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش ئىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ.

توغرا، پەرىشتىلەردىن بەزىسى ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىش بىلەنلا بەند بولۇپ تۇرسا، بەزىسى ئۇنىڭغا رۇكۇ قىلىش بىلەنلا بەند بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشتىن باشقىسىنى قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە ئۇلار توغرۇلۇق خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەنلا بەند بولۇپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا ئۆزلىرىنى ئاتۇۋەتكەن، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمايدىغان، گۇناھ قىلمايدىغان بەندىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ ئەھۋالى شۇنداق تۇرسا، مەككە مۇشرىكلىرى قانداقچە ئۇلارغا چوقۇنىدۇ؟ قانداقچە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەۋالىدۇ؟

مۇشرىك ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋە-تىلىشتىن ئىلگىرى، باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلسە ياكى ئۆزلىرىنىڭ نادان ۋە قالاق بىر مىللەت ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئەگەر بىزنىڭمۇ بىرەر ساماۋى كىتابىمىز بولسا ئىدى، بىز ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئاۋۋال ئىمان كەلتۈرىدىغان مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق دەيتتى. دېگەندەك، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ساماۋى كىتاب – «قۇرئان كەرىم» كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشمىدى. ئۇلار بۇ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى قىيامەت كۈنى چوقۇم كۆرىدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنىدە مال-دۇنيا ۋە بالىلار ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئىمان بىلەن تولغان سالامەت قەلبلا ئەسقاتىدۇ. يەنى ئېتىقادى توغرا بولۇپ، قەلبى پاك بولغانلارلا نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، ئاشۇلارلا مۇرادىغا يېتىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ساختىلىق ۋە باتىل ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتسىمۇ، ھەقىقەت ئالدىدا ھەرگىزمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، كىچىكىپ بولسىمۇ، ھەقىقەت غەلىبە قىلماي قالمايدۇ.

2. دىنىي مەسىلىلەردە ئەڭ كۈچلۈك دەلىل-ئىسپات «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىستۇر.

3. ئاللاھ تائالا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر.

4. ھەربىر ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

5. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەنلا بولىدىغان، گۇناھسىز بەندىلەردۇر.

6. نامازدا سەپنى تۈز قىلىش ۋە ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىش ساۋاب جەھەتتىن ياخشىدۇر.

### ◄ ئىرادىنى كۈچەيتىش

﴿وَلَقَدۡ سَبَقَتۡ كَلِمَتُنَا لِعِبَادِنَا ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٧١﴾ إِنَّهُمۡ لَهُمُ ٱلۡمَنصُورُونَ
﴿١٧٢﴾ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿١٧٣﴾ فَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿١٧٤﴾
وَأَبۡصِرۡهُمۡ فَسَوۡفَ يُبۡصِرُونَ ﴿١٧٥﴾ أَفَبِعَذَابِنَا يَسۡتَعۡجِلُونَ ﴿١٧٦﴾ فَإِذَا نَزَلَ
بِسَاحَتِهِمۡ فَسَآءَ صَبَاحُ ٱلۡمُنذَرِينَ ﴿١٧٧﴾ وَتَوَلَّ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿١٧٨﴾
وَأَبۡصِرۡ فَسَوۡفَ يُبۡصِرُونَ ﴿١٧٩﴾ سُبۡحَٰنَ رَبِّكَ رَبِّ ٱلۡعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ
﴿١٨٠﴾ وَسَلَٰمٌ عَلَى ٱلۡمُرۡسَلِينَ ﴿١٨١﴾ وَٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٨٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

171- شەكسىزكى، بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىزگە ئالدىن بەرگەن (مۇنداق) سۆزىمىز بار ئىدى:

172- «ئۇلار چوقۇم ياردەمگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

173- بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر».

174- (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار (يەنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار) بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن.

175- سەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ.

176-ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟.

177- ئازاب ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تۇرغان يېرىگە چۈشكەن چاغدا ئۇلار-نىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!

178-ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن.

179-سەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغىن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ.

180-قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

181-پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن!

182-جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە ئەرەب مۇشرىكلىرىنى قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىدىغان بايانلارنى كەلتۈرگەن.

## تەپسىرى

بىزنىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بەندىلىرىمىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىمىز ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىدىغانلىقىمىز ھەققىدىكى ۋەدىمىز ئالدىنئالا ئۇلارغا بېرىلىپ بولغان. بۇ ۋەدە ﴿كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغۡلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِيٓۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ يېزىۋەتكەن﴾ [1] دېگەن ئايەتتە ئىپادىسىنى تاپقان. غالىب كېلىش ۋە غەلىبە قىلىش دېگەن روشەن دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قارشى تەرەپنى مۇنازىرىدە يېڭىش بىلەن بولغىنىدەك، قورال كۈچىگە تايىنىپ دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش بىلەن ۋە دۆلەت قۇرۇش بىلەنمۇ بولىدۇ. مۇئمىن ئادەم ھەر زامان ۋە ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى غالىب كەلگۈچى دەپ بىلىشى لازىم. گەرچە ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بەزى ئىشلاردا مەغلۇبىيەتكە

---

[1] مۇجادەلە سۈرىسى: 21-ئايەت.

ئۈچرىسىمۇ، ئۇ ئۆز ئېتىقادىنىڭ ھەقلىقىنى نامايان قىلىشتا ئەلۋەتتە غالىبتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ دىنى ھەق، دەستۇرى بولغان«قۇرئان كەرىم» ھەق، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭ ئەقىدىسىمۇ ھەقتۇر. ھەقىقەتنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرى ۋە ھۆججەتلىرى ھەر ۋاقىت كۈچلۈك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ﴿بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتتە، «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىسنى ھايات دەستۇر قىلغان، كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرى ۋە جەۋر-زۇلۇملىرى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ئىمانىنى جاكارلاپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلارغا ئىشارەت قىلغان ۋە ئۇلار توغرۇلۇق توختالغان. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىپ ئۇلارنى سەلتەنەتلىك قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كېلەچەكتىكى چوڭ غەلىبىدىن خۇش بېشارەت بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەيدۇكى، سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغان بۇ كاپىرلاردىن بىر مەزگىل يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان جازا كەلگەنگە قەدەر ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، كۈزىتىپ تۇرغىنكى، سەن يېقىن كېلەچەكتە ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلارنى كۆرىسەن، ئۇلارمۇ شۇ ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ.

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى، خۇسۇسەن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك باشلىرىغا كېلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بايان قىلغان ئايەتلەر ئوقۇپ بېرىلگەن چاغدا، ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلاتتى، بۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمەيتتى ۋە قاچان كېلىدۇ ئۇ ئازاب؟ ئى مۇھەممەد! ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، قېنى شۇ ئازابنى بىزگە تېزرەك كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟ دەيتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئالدىراپ كېتىۋاتامدۇ؟﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. ئاندىن ئۇلار تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئازابنىڭ قانداق

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: ﴿ئازاب ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تۇرغان يېرىگە چۈشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بۇ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!﴾ يەنى ئازاب ئۇلارنى خۇددى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن زور بىر قوشۇندەك ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالى بەكمۇ يامان بولىدۇ، ئۇلار بۇ ئازابتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ۋە پۇتۇنلەي مەغلۇپ قىلىنىدۇ. ئايەتتە «ئەتىگەن»نى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت شۇكى، كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابلار ھەمىشە ئۇلار غەپلەتتە قالغان سەھەر ۋاقىتلىرىدا كەلگەن، ئادەتتە دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىمۇ، كۆپىنچە سەھەر ۋاقتى ھەممە ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! شۇڭا سەن ئۇلاردىن ۋاقىتلىق يۈز ئۆرۈپ تۇرغىن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل كارىڭ بولمىسۇن. كۆزىتىپ تۇرغىنكى، سەن يېقىن كېلەچەكتە ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلارنى كۆرىسەن، ئۇلارمۇ شۇ ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَأَبْصِرْ فَسَوْفَ يُبْصِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى: سەن ئۇلارنى باشلىرىغا كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇشنى توختاتمىغىن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنى يامان بىر ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغىن، ئۇلار ئازاب ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن چاغدا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿قۇدرەت ئىگىسى بولغان رەببىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!﴾ بۇ ئايەت مۇشۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىغا كەلتۈرۈلگەن بىر گۈزەل تۈگەنچىدۇر. چۈنكى، بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىشىگە، ئۇنىڭغا پەرزەنتنى ۋە شېرىكنى مەنسۇپ قىلىشىغا قاتتىق رەددىيە بېرىلگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈن ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. خۇددى بۇ سۈرە شۇنداق چىرايلىق بايانلار بىلەن ئاخىرلاشقاندەك، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەمەللىرىمۇ شۇنداق گۈزەللىكلەر ۋە ياخشىلىقلار بىلەن ئاخىرلىشىشى كۈتۈلگەن.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، بارچە ئەيىب-نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، مەر-

تۇۋىسى كاتتا، ئورنى يۈكسەكتۇر.

ئايەتتە كەلگەن﴿ٱلْعِزَّةِ﴾ ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىگە، چەكسىز ئىلىم-ھېكمىتىگە ۋە مۇتلەق ئىرادە ۋە خاھىش ئىگىسى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان سۆزدۇر.

ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ سالامى يېتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە جىمى مۇئمىنلەر-نىڭ سالامى پەيغەمبەرلەرگە بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. دۇرۇد ۋە دۇئالار بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇئمىنلەرگە بولسۇن! ئامىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. چۈنكى، مەككىنىڭ ئازاد قىلىنىشى، مۇشرىك كۈچلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلىشىشىدىن ئىبارەت ۋەدىلەر مۇسۇلمانلار ئاجىز ۋاقىتتا بېرىلگەن ۋە ئۇزۇنغا قالماي ئەمەلگە ئاشقان ۋەدىلەر ئىدى.

2. ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنى ھەقىقەتتە مەھكەم تۇرىدىغان، ئىمان ۋە ئەخلاقتا ئۈلگە بولىدىغان، توغرا ئىش قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىرى پەيغەمبەرلەردۇر.

# ساد سۈرىسى

ساد سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، **88** ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسى مۇنازىرە قىلىنىپ ئۇنىڭغا ئەجەللىك رەددىيەلەر بېرىلگەن. داۋۇد، سۇلەيمان ۋە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ قىسسىلىرىگە ئوخشاش بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدىغان بەزى قىسسىلەر بايان قىلىنغان. ئاندىن مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش قىسسىسى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلغانلىقى زىكىر قىلىنغان[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاساسسىز دەلىللەرنى ۋە سەپسە-تىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿صٓ﴾ «ساد» دېگەن ھەرپ بىلەن ئاتالغان بۇ ھەرپ مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ھەرپلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

﴿صٓۚ وَٱلۡقُرۡءَانِ ذِي ٱلذِّكۡرِ ١ بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِي عِزَّةٖ وَشِقَاقٖ
٢ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِن قَبۡلِهِم مِّن قَرۡنٖ فَنَادَواْ وَّلَاتَ حِينَ مَنَاصٖ
٣ وَعَجِبُوٓاْ أَن جَآءَهُم مُّنذِرٞ مِّنۡهُمۡۖ وَقَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ هَٰذَا سَٰحِرٞ
كَذَّابٌ ٤ أَجَعَلَ ٱلۡأٓلِهَةَ إِلَٰهٗا وَٰحِدًاۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيۡءٌ عُجَابٞ ٥
وَٱنطَلَقَ ٱلۡمَلَأُ مِنۡهُمۡ أَنِ ٱمۡشُواْ وَٱصۡبِرُواْ عَلَىٰٓ ءَالِهَتِكُمۡۖ إِنَّ هَٰذَا
لَشَيۡءٞ يُرَادُ ٦ مَا سَمِعۡنَا بِهَٰذَا فِي ٱلۡمِلَّةِ ٱلۡأٓخِرَةِ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا
ٱخۡتِلَٰقٌ ٧ أَءُنزِلَ عَلَيۡهِ ٱلذِّكۡرُ مِنۢ بَيۡنِنَاۚ بَلۡ هُمۡ فِي شَكّٖ مِّن

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 229- بەت.

ذِكۡرِيۚ بَل لَّمَّا يَذُوقُواْ عَذَابِ ﴿٨﴾ أَمۡ عِندَهُمۡ خَزَآئِنُ رَحۡمَةِ رَبِّكَ
ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡوَهَّابِ ﴿٩﴾ أَمۡ لَهُم مُّلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَاۖ
فَلۡيَرۡتَقُواْ فِي ٱلۡأَسۡبَٰبِ ﴿١٠﴾ جُندٞ مَّا هُنَالِكَ مَهۡزُومٞ مِّنَ ٱلۡأَحۡزَابِ
﴿١١﴾ كَذَّبَتۡ قَبۡلَهُمۡ قَوۡمُ نُوحٖ وَعَادٞ وَفِرۡعَوۡنُ ذُو ٱلۡأَوۡتَادِ ﴿١٢﴾ وَثَمُودُ
وَقَوۡمُ لُوطٖ وَأَصۡحَٰبُ لۡـَٔيۡكَةِۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡأَحۡزَابُ ﴿١٣﴾ إِن كُلٌّ إِلَّا كَذَّبَ
ٱلرُّسُلَ فَحَقَّ عِقَابِ ﴿١٤﴾ وَمَا يَنظُرُ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا صَيۡحَةٗ وَٰحِدَةٗ مَّا لَهَا
مِن فَوَاقٖ ﴿١٥﴾ وَقَالُواْ رَبَّنَا عَجِّل لَّنَا قِطَّنَا قَبۡلَ يَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٦﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ2ـ ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). ۋەز-نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى (ئى پەيغەمبەر! سەن ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەردىنسەن)، لېكىن كاپىرلار ھاكاۋۇرلۇق ۋە (ساڭا قارشى) دۈشمەنلىك ئىچىدىدۇر.

3ـبىز ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىدۇق، (ئازاب كەلگەندە) ئۇلار پەرياد قىلىشتى. ھالبۇكى، ئۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى.

4ـئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلگەنـلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، ئۇ كاپىرلار: «بۇ ئۇچىغا چىققان يالغانچى سېھىرگەردۇر.

5ـئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلىۋالدىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش» دېدى.

6ـئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ (ئۇلارغا): «سىلەر ئىلاھـلىرىڭلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇڭلار. بۇ (مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان ئىش ئۇنىڭ نوپۇزغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە پىلانلىق بولۇۋاتقان بىر ئىشتۇر.

7ـبىز بۇنى ئاخىرقى دىن (خىرىستىيان دىنى) دا ئاڭلىمىغان ئىدۇق، بۇ

پەقەت ئۆيدۇرمىدۇر.

8-قۇرئان ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا نازىل بولۇپتۇمۇ؟» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مېنىڭ زىكرىم (قۇرئان) توغرۇلۇق شەكتىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مېنىڭ ئازابىمنى تېخى تېتىمىدى (ئەگەر تېتىغان بولسا بۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى).

9-ئۇلاردا ھەممىگە غالىب، ناھايىتى كەرەملىك رەببىڭنىڭ رەھمەت خە-زىنىلىرى بارمۇ؟

10-ياكى ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەر-سىلەر-نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىگىمۇ؟ (ئەگەر شۇنداق بولسا) ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ ئاسمانغا چىقىپ باقسۇن.

11-ئۇلار بىر قانچە گۇرۇھتىن ئۇيۇشقان ۋە مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولغان بىر قوشۇندۇر.

12-13- ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇھ قەۋمى، ئاد قەۋمى ۋە كۆچلۈك سەلتەنەت ئىگىسى بولغان پىرئەۋن، سەمۇد قەۋمى، لۇت قەۋمى ۋە ئەيكەلىكلەرمۇ (ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى، ئەنە شۇلار (پەيغەمبەرلەرگە قارشى) ئۇيۇشقان گۇرۇھلار ئىدى.

14-(ئۇلاردىن) ھەربىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ-لارغا مېنىڭ ئازابىم تېگىشلىك بولدى.

15-بۇلار (يەنى مەككىلىك مۇشرىكلار سۈرنىڭ) قىلچە كېچىكتۈرۈلمەيدىغان بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ.

16-ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ) «ئى رەببىمىز! ھېساب كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن، (سەن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابتىن) نېسىۋىمىزنى تېزرەك بەرگىن» دېيىشتى.

## ◄ تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر بىرىنچى ئايەتنىڭ ﴿ذِى ٱلذِّكْرِ﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇقاتىل، زەھھاك قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «باياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددىي قاتارلىقلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «شەرەپلىك قۇرئان» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى، قەتادە قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ «ۋەز-نەسىھەتنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان قۇرئان» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئاخىرقىسىنى كۆچلەندۈرۈپ، مۇنداق دېگەن: «ئەڭ توغرا تەپسىر ‹قۇرئان سىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر› دېگەن تەپسىردۇر. چۈنكى، ئاللاھ بۇنىڭغا ﴿لېكىن كاپىرلار ھاكاۋۇرلۇق ۋە (ساڭا قارشى) دۈشمەنلىك ئىچىدىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرگەن. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ قۇرئاننى سېنىڭ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلغان ئىكەن، سەن ئۇلارغا ئۇنىڭ بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى، كاپىرلار ئىمان ئېيتىشتىن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ساڭا ۋە مۇئمىنلەرگە قارشى ئۆچ - ئاداۋەت ئىچىدە تۇرماقتا»[1].

«قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى ئۈچ خىل سۈپەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنى ھايات دەستۇرى قىلىپ، كۆرسەتمىلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلغان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپلىك ھاياتقا ئىگە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىززىتىگە، ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ﴿لَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ كِتَٰبٗا فِيهِ ذِكۡرُكُمۡۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان) نى نازىل قىلدۇق. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟﴾ [2]، ﴿وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر﴾[3].

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى، ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش يولىنى ۋە ياخشى- ياماننى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن كىتابتۇر. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت يولىنىڭ خەرىتىسى سىزىپ بېرىلگەن. ﴿وَنَزَّلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ تِبۡيَٰنٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُسۡلِمِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت، رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[4].

«قۇرئان كەرىم» پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن مۇئمىنلەرگە ۋەز-

[1] «تفسير الطبري» 21-توم، 141-بەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 10- ئايەت.
[3] زۇخرۇف سۈرىسى: 44-ئايەت.
[4] نەھل سۈرىسى: 89-ئايەت.

نەسىھەت ۋە ئۆگۈت مەنبەسىدۇر. ﴿وَإِنَّهُۥ لَتَذْكِرَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) تەقۋادارلار ئۈچۈن ئۆگۈتتۇر﴾[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەت ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە ئىكەنلىكىدە، شۇنداقلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئەڭ چوڭ پاكىت ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مەككىلىك كاپىرلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتىشتىن، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن يۈز ئۆرۈمەكتە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. قىسقىسى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇراپىي ئېتىقادىنى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرىنى توغرا ۋە ھەق دەپ بىلگەنلىكتىن، مەغرۇرلىنىپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ نەق ھەقىقەت بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈمەكتە، يەنە تېخى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە چىڭ تۇرماقتا.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿بَلِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فِى عِزَّةٍ وَشِقَاقٍ﴾ دېگەن ئايەتنى «مەككىدىكى قۇرەيش كاپىرلىرى ئۈچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلىك، دۈشمەنلىك ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۆچمەنلىك ئىچىدىدۇر»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، مەككىلىك مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان مۇشرىكلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇراتتى، ئۇنى قوغداش يولىدا مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك يامانلىقلارنى قىلاتتى.

مەككە كاپىرلىرى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن باشلىرىغا كەلگەن ھالاكەتلەردىن ھېچ ئىبرەت ئالمايدۇ. ﴿بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىدۇق، (ئازاب كەلگەندە) ئۇلار پەرياد قىلىشتى. ھالبۇكى، ئۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى﴾ يەنى ئىلگىرىكىلەرمۇ خۇددى مەككە كاپىرلىرىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلغان، ئۇلار كۆرسەتكەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئاندىن ئۇلارغا ئازاب كەلگەندە، داد-پەرياد قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلىشتى. ئەمما بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلارغا ئازابتىن قۇتۇلۇش

[1] ھاققە سۈرىسى: 48- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 21- توم، 141- بەت.

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكىلەر مەككىلىكلەرگە قارىغاندا ھەر تەرەپتىن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك قەۋملەر ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، ھالاكەتنى توسۇپ قالالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئىبرەتلىك شەكىلدە ھالاك قىلىندى. مەككىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالامدۇ؟

كاپىرلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە ئۇچىغا چىققان ھاكاۋۇرلۇقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىپ، شانلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ﴿قۇرئان ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا نازىل بولۇپتۇمۇ؟﴾ يەنى ئارىمىزدا بايلىقتا، شۆھرەتتە، مەنسەپتە تونۇلغان شۇنچە كۆپ كىشىلەر بار تۇرۇقلۇق، بۇ قۇرئان ئۇلاردىن بىرەرسىگە نازىل قىلىنماستىن، «ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىمى» دېيىلىدىغان، ئاشۇ مۇھەممەدكە نازىل قىلىنىپتۇمۇ؟ دېيىشتى. چۈنكى، ئۇلار مەنسەپ بىلەن ھۆكۈمدارلىقنىڭ پۇلى ۋە كۈچى بارلارغا كەلگىنىدەك، پەيغەمبەرلىكنىڭمۇ پۇلى كۆپ، ئابرۇيلۇق، جەمەتى كۈچلۈك ئادەملەرگە كېلىشىنى كۈتەتتى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەرلىك مەككە ياكى تائىفتىكى كاتتىباشلارنىڭ بىرەرسىگە كەلمەستىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك بايلىقتا يوق، مەنسەپتە يوق، ئاددىي-ساددا ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر كىشىگە كەلگەنلىكىگە ھەيران قالاتتى. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قايىل بولماي تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ ئوقۇپ بېرىۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان، ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان، ھېسسىياتنى ئويغىتىدىغان پەۋقۇلئاددە تەسىرى ئاستىدا قالاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «سېھىرگەر»، «قۇرئان كەرىم»نى بولسا «سېھىر» دەپ تۆھمەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ بىردۇر، ئىبادەت ئۇنىڭغىلا قىلىنىدۇ» دېگەن چاقىرىقىدىن ھەيران قېلىپ، ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟﴾ دەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان كۆپلىگەن ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇپ ئادەتلەنگەن ۋە دۇنيادىكى ھەربىر ئىشنى بىر ئىلاھ قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، «بىر ئىلاھ» ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلالمىغان ۋە بۇنداق ئەقىدىدىن ھەيران قالغان ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا مەككىنىڭ كاتتىباشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-

لامنىڭ ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى سۆكمەسلىكىنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنداقتا، سىلەر بىرلا كەلىمىنى ئېيتىڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، پۈتۈن ئەرەبلەر سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا كىرىدۇ، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەرمۇ سىلەرگە بويسۇنىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار: «قايسى كەلىمە ئۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇ ‹ئاللاھتىن باشقا ھېچقىقي ئىلاھ يوقتۇر› دېگەن شاھادەت كەلىمىسىدۇر» دەيدۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى كاپىرلار: «بىر ئىلاھ؟ بىز بۇنداق سۆزنى ئاخىرقى دىن خىرىستىيان دىنىدىنمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدۇق، بۇ پەقەتلا ئويدۇرمىدۇر» دېيىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار توغرۇلۇق ﴿صٓ ۚ وَٱلْقُرْءَانِ ذِى ٱلذِّكْرِ﴾ دېگەن ئايەتتىن ﴿إِنْ هَـٰذَآ إِلَّا ٱخْتِلَـٰقٌ﴾ دېگەن ئايەتلەرگىچە بولغان يەتتە ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

شۇنىڭ بىلەن مەككىنىڭ مۇشرىك كاتتىباشلىرى ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ئاۋام خەلققە مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلىدۇ: «سىلەر ئەجدادلىرىڭلاردىن باشلاپ مېڭىپ كېلىۋاتقان يولۇڭلاردا مېڭىشنى دا-ۋاملاشتۇرۇڭلار، دىنىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار، مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار. مۇھەممەدنىڭ ‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› دېگەن تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى قەتئىيلىك بىلەن ئىنكار قىلىشى ئەلۋەتتە بىزگە قارشى ئۇيۇشتۇرۇلغان قارىنىش ۋە بىزنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن پىلانلىق قىلىۋاتقان ئىشىدۇر. شۇڭا سىلەرمۇ ئۆز دىنىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار».

مۇقاتىل ﴿إِنَّ هَـٰذَا لَشَىْءٌ يُرَادُ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئىسلامنىڭ كۈچەيگەنلىكى مۇشرىكلارغا ئېغىر كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ‹ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئىسلامنىڭ كۈچلىنىشى پىلانلانغان ئىشتۇر› دېدى»[2]. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «بۇ ئىش زاماننىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن خاپىلىقلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا بىزگە سەۋر قىلىشتىن ۋە ئۆز دىنىمىزدا چىڭ تۇرۇشتىن باشقا چارە يوق دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

«مەككە مۇشرىكلىرى يەنە مۇنداق دەيتتى: ‹مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ بىر ئىلاھ مەسىلىسىنى ئاخىرقى ساماۋى

---

[1] «سنن الترمذي» 12-توم، 44-بەت، 3539 - ھەدىس.

[2] «تفسير القرطبي» 15- توم، 137- بەت.

دىن بولغان خرىستىيان دىنىدىن (ياكى ئەرەبلەر ئەڭ ئاخىر ئېتىقاد قىلغان دىنلاردىنمۇ) ئاڭلىمىغان ئىدۇق. بۇ ئېتىقاد زادى نەدىن كەلدى؟ ئۇ چوقۇم مۇھەممەد توقۇپ چىققان يالغاندۇر، ئۇ پەقەت ئويدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس›. چۈنكى، مەككە مۇشرىكلىرى تۆۋەندىكى مەسىلىلەر توغرۇلۇق چوڭقۇر شەكتە ئىدى:

1. پەيغەمبەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققانلىقى،

2. كائىناتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنىڭ بىر ئاللاھنىڭلا ئىلكىدە ئىكەنلىكى،

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغانلىقى.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلار كەلتۈرگەن يۇقىرىقى ئۈچىنچى شەك-شۈبھىگە ئىنتايىن كەسكىن ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا تەپسىلىي جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەكلىرىگە ئايرىم رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمىغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان ئىكەن، قالغان ئىككىسىمۇ ئىسپاتلانغان بولاتتى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىشى بىلەن بارچە شەك-شۈبھىلەر ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كېتەتتى»[1].

بىزدەك ئابرۇيلۇق ۋە مەنسەپلىك كىشىلەر تۇرغان يەردە، بۇ قۇرئان ئارىمىزدىن بىرەرسىمىزگە نازىل قىلىنماي، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنامدىكەن؟ ئۇ قانداقلارچە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولۇشتىن ئىبارەت بۇنداق كاتتا شەرەپكە ئىگە بولىدىكەن؟

بۇنداق شۈبھىلەر قەدىمىي شۈبھىلەر بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچبىر يېڭىلىق يوق. چۈنكى، مۇنداق دېيىش پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ سەپسەتىسىدۇر. ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق دېگەن ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ: ﴿أَءُلۡقِيَ ٱلذِّكۡرُ عَلَيۡهِ مِنۢ بَيۡنِنَا بَلۡ هُوَ كَذَّابٌ أَشِرٌ﴾ يەنى ﴿ئارىمىزدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىنىپتۇمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بىر يالغانچىدۇر، مۇتەكەببىردۇر﴾[2] دېيىشكەن ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 232- بەت.

[2] قەمەر سۈرىسى: 25-ئايەت.

﴿وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ عَلَىٰ رَجُلٖ مِّنَ ٱلۡقَرۡيَتَيۡنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەردىكى بىرەر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾[1] دېدى.

ئاللاھ تائالا ئۇ كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى بايان قىلىپ دەيدۇكى: ﴿ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مېنىڭ زىكرىم (قۇرئان) توغرۇلۇق شەكتىدۇر﴾ يەنى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مېنىڭ كىتابىم ۋە سۆزۈم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار بۇ ھەقتە شەك ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەجدادلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش ۋە مۇھاكىمە قىلىش دېگەنلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان، جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان بىر قەۋم بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشى ئۇلارنى توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەر ۋە ئالامەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن توسۇپ قويماقتا. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە توغرا ۋە ھەققانىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، بەزىدە ئۇنى سېھىر دېسە، بەزىدە شېئىر، دەپ تۆھمەت قىلىدۇ.

بۇ ئۇلارنىڭ ئازابنى تېتىپ كۆرمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئەگەر ئۇلار مېنىڭ ئازابىمنى تېتىپ كۆرگەن بولسا، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھەقلىقىمنى ۋە مەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىرلىرى باركى، ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە نە ھەقىقەتكە، نە ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنـ-ـغانلىقىنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىنكار قىلىشىدۇ؟ ئاللاھ تائالا تاللاش ھوقۇقىنى ئۇلارغا بەرگەنمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ قولىدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى بارمىدى؟ ياق! ئۇلاردا بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى يوق. شەكسىزكى، پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى رەھمەت خەزىنىلىرى قولىدا بولغان ۋە ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان زاتلا بېرەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر. دېمەك، پەيغەمبەرلىكنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئاتا قىلالمايدۇ ۋە ھېچكىمنى پەيغەمبەرلىككە تاللىيالمايدۇ.

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-ئايەت.

ھەقىقەت شۇكى، پەيغەمبەرلىك كاتتا نېمەت ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىدۇر، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تاللىشىغا ئېتىراز قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسى بولۇپ، كىمنى، قاچان ۋە قانداق تاللاشنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئىنسانلار ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقىدىن، ھۆكۈمرانلىقىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ، ھەتتا زامان تەرەققىي قىلىپ، ئۇلار ئاسمانغا چىقىپ كۆرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلەلمەيدۇ.

ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا كاپىرلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ئىلگىرىكى قەۋملەر ئېچىدىنمۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دەيدىغانلار كۆپ چىققان. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئاد قەۋمى، پىرئەۋن تەۋەلىرى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان سەمۇد قەۋمى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە مەديەن ئاھالىسى[1] بۇنىڭ مىسالى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەرگە قارشى توپلانغان ۋە مەغلۇبىيەتتە ئالدىنئالا پۈتۈلۈپ كەتكەن گۇرۇھلار بولۇپ، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، ھەر تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن ھالاك قىلىنغان. مەسىلەن: پىرئەۋن سۇدا غەرق قىلىنغان بولسا، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلىنغان. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا قېتىپ قالغان بولسا، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى يەرگە دۈم كۆمتۈرۈلگەن.

﴿وَفِرۡعَوۡنُ ذُو ٱلۡأَوۡتَادِ﴾ دېگەن ئايەتنى «قوزۇقلارنىڭ ئىگىسى پىرئەۋن» دەپ تەپسىر قىلغان مۇپەسسىرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، پىرئەۋن جازالىماقچى بولغان كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى تۆت قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرەتتى، شۇڭا ئۇ «قوزۇقلارنىڭ ئىگىسى» دەپ ئاتالغان. ئەمما كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئايەتنى ﴿كۈچلۈك سەلتەنەت ئىگىسى بولغان پىرئەۋن﴾ دەپ تەپسىر قىلغان.

مەككە مۇشرىكلىرىمۇ بىرلا ئاۋازنى كۈتىدۇ. بۇ ئاۋاز ئىسرافىل

[1] مەديەن ئاھالىسى-قەدىمقى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربى شىمالىدا، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تەبۇك رايونىغا يېقىن بىر جايدا ياشىغان. ئۇلار «ئەيكەلىكلەر» ۋە «يېشىل ۋادىنىڭ ئاھالىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىم سۈر چالدىغان ئاۋازى بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىپ ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتا تېگىشلىك جازاسىنى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغاندەك، بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي ھالاك قىلمايدىغانلىقىنى ۋە گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا ئەنفال سۈرىسىدە: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[1] دېگەن.

مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي ھالاك قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، ﴿ئى رەببىمىز! ھېساب كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن (سەن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابتىن) نېسىۋىمىزنى تېزرەك بەرگىن﴾ دېگەن. چۈنكى، ئۇلار ھېساب كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، شۇنداق مەسخىرە قىلاتتى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈرىلەرنى قەسەم بىلەن باشلىشى شۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان مەخلۇقاتىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەمما ئىنسان ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلسا بولمايدۇ.

2. يارا تقۇچىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش پەقەت جاھالەتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىنىئالا بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتا مەيدانىغا چىقماقتا.

4. كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلارنى ئاللاھ تائالا بەزى بالايىئاپەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ھەقىقەتكە قايتمىغانلارنى چوڭ

[1] ئەنفال سۈرىسى: 33-ئايەت.

ئازاب بىلەن ھالاك قىلىندۇ. بۇ خۇددى پىرئەۋننىڭ قىسسىسىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا پىرئەۋن تەۋەلىرىگە ئاۋۋال چېكەتكە، قان، پاقا، ئاچارچىلىق قاتارلىق توققۇز تۈرلۈك بالايىئاپەت ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىبرەت ئالمىغان ۋە ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سۇدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلىۋەتكەن.

## ◄ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱذۡكُرۡ عَبۡدَنَا دَاوُۥدَ ذَا ٱلۡأَيۡدِۖ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿١٧﴾
إِنَّا سَخَّرۡنَا ٱلۡجِبَالَ مَعَهُۥ يُسَبِّحۡنَ بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِشۡرَاقِ ﴿١٨﴾ وَٱلطَّيۡرَ
مَحۡشُورَةٗۖ كُلّٞ لَّهُۥٓ أَوَّابٞ ﴿١٩﴾ وَشَدَدۡنَا مُلۡكَهُۥ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡحِكۡمَةَ وَفَصۡلَ
ٱلۡخِطَابِ ﴿٢٠﴾ ۞ وَهَلۡ أَتَىٰكَ نَبَؤُاْ ٱلۡخَصۡمِ إِذۡ تَسَوَّرُواْ ٱلۡمِحۡرَابَ ﴿٢١﴾
إِذۡ دَخَلُواْ عَلَىٰ دَاوُۥدَ فَفَزِعَ مِنۡهُمۡۖ قَالُواْ لَا تَخَفۡۖ خَصۡمَانِ بَغَىٰ
بَعۡضُنَا عَلَىٰ بَعۡضٖ فَٱحۡكُم بَيۡنَنَا بِٱلۡحَقِّ وَلَا تُشۡطِطۡ وَٱهۡدِنَآ إِلَىٰ
سَوَآءِ ٱلصِّرَٰطِ ﴿٢٢﴾ إِنَّ هَٰذَآ أَخِي لَهُۥ تِسۡعٞ وَتِسۡعُونَ نَعۡجَةٗ وَلِيَ نَعۡجَةٞ
وَٰحِدَةٞ فَقَالَ أَكۡفِلۡنِيهَا وَعَزَّنِي فِي ٱلۡخِطَابِ ﴿٢٣﴾ قَالَ لَقَدۡ ظَلَمَكَ
بِسُؤَالِ نَعۡجَتِكَ إِلَىٰ نِعَاجِهِۦۖ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡخُلَطَآءِ لَيَبۡغِي بَعۡضُهُمۡ
عَلَىٰ بَعۡضٍ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَقَلِيلٞ مَّا هُمۡۗ وَظَنَّ
دَاوُۥدُ أَنَّمَا فَتَنَّٰهُ فَٱسۡتَغۡفَرَ رَبَّهُۥ وَخَرَّۤ رَاكِعٗاۤ وَأَنَابَ۩ ﴿٢٤﴾ فَغَفَرۡنَا
لَهُۥ ذَٰلِكَۖ وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلۡفَىٰ وَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ﴿٢٥﴾ يَٰدَاوُۥدُ إِنَّا
جَعَلۡنَٰكَ خَلِيفَةٗ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱحۡكُم بَيۡنَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ
ٱلۡهَوَىٰ فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَضِلُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ
لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدُۢ بِمَا نَسُواْ يَوۡمَ ٱلۡحِسَابِ ﴿٢٦﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

17ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن ۋە

كۆچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن. ئۇ ھەقىقەتەن (ئاللاھقا) ئىتائەتمەن بەندە ئىدى.

18ـ شەكسىزكى، بىز (ئۇنىڭغا) تاغلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۇ تاغلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى (داۋۇد بىلەن) بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى.

19ـ قۇشلارنىمۇ (ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۇلارمۇ) توپلىشىپ تۇرۇپ، ھەربىرى داۋۇدقا ئەگىشىپ تەسبىھ ئېيتاتتى.

20ـ بىز ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەتنى (پەيغەمبەر-لىكنى) ۋە (ھەق ـ ناھەقنى) ئايرىپ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدۇق.

21ـ 22ـ (ئى پەيغەمبەر!) دەۋاگەرلەرنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبادەتگاھنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، داۋۇدنىڭ يېنىغا كىرىۋىدى، داۋۇد ئۇلاردىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز بىر ـ بىرىمىزگە يولسىزلىق قىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى.

23ـ (ئۇلارنىڭ بىرى) «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ توقسان توققۇز ساغلىقى بار، مېنىڭ بىرلا ساغلىقىم بار ئىدى، قېرىندىشىم ئاشۇ (بىرلا ساغلىق) نىمۇ ماڭا بەرگىن دەۋالىدۇ، ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى» دېدى.

24ـ داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇ-ۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستتىنلا ساڭا ئۇۋال قىپتۇ. شېرىكلەرنىڭ تولىسى بىر ـ بىرىگە (شۇنداق) يولسىزلىق قىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇنداقلار بەكمۇ ئازدۇر». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلىپ، رەببىدىن مەغپىرەت تىلىدى، سەجدىگە باش قويدى ۋە (ئاللاھقا) تەۋبە قىلدى.

25ـ بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئەلۋەتتە ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يېقىنلىققا ۋە گۈزەل بىر ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ.

26ـ ئى داۋۇد! شەكسىزكى، بىز سېنى يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىن، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب (ئېلىنىدىغان) كۈننى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ قىلىۋاتقان بىھۇدە سۆزلىرىگە سەۋر

قىلغىن، بىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا كۆچلۈك بەندىمىز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىگىن. ئۇ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا تولۇق ئىتائەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى «بەندىمىز» دەپ سۈپەتلى-گەنلىكى دەرگاھىدا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ۋە ھۆر-مەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ شۇنداق ھۆرمەتلەپ: ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ﴾ يەنى ﴿قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەيلى دەپ بەندىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن بىز ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ (بارچە كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇر﴾[1] دېگەن.

«ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ 10 سۈپىتىنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ئەمر قىلغان. بۇ سۈپەتلەر: سەۋرچانلىق، ئىتائەتچانلىق، ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش، تائەت-ئىبادەتتە كۈچلۈك بولۇش، كۆپ تەۋبە قىلىش، ئاللاھ تائالاغا كۆپ تەسبىھ ئېيتىش، ئاللاھ تائالانىڭ تاغلارنى، قۇشلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىشى، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىك قاتارلىقلاردۇر»[2].

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى 10 سۈپىتىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكتىن بىرىنى بىزگە بىلدۈرۈشنى ئىرادە قىلغان ۋە سۆزنى ﴿دەۋاگەرلەرنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟﴾ يېگەن ئەسكەرتىش مەنىسىدىكى سوئال بىلەن باشلىغان. چۈنكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بۇ قىسسە قەدىمكى زامانلاردىن بېرى تالاش-تارتىش ماۋزۇسى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىسسە «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردا ئادەمنى سەسكىنىدۈرىدىغان شەكىلدە خۇراپاتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىككە قەتئىي

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 1-ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 235- 236- بەتلەر.

لايىق كەلمەيدىغان سەلبىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن.

بىز مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن جىمى پەيغەمبەرلەرنى ھەرقانداق گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ۋە ھەرقانداق ئەخلاقسىزلىقتىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. چۈنكى، كۆرۈۋاتىمىزكى، ئىسلاھاتچىلار ئادەتتىكى ئىنسانلار ئەمەس، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن ۋە ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئەلۋەتتە يىراق تۇرىدۇ. نورمال ئىنسانلار شۇنداق بولغان يەردە، پەيغەمبەرلەر شۇنداق بولۇشقا تېخىمۇ لايىق ۋە تېخىمۇ ھەقلىقتۇر. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ چىقىرىلغان روھى پاك، ئالىيجاناب زاتلار بولۇپ، ئۇلاردىن ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قەدىمدە بەزى مۇپەسسىرلەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى توقۇلمىلىرىنى ئۆز تەپسىرلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈگەن. ئەمما ئىمام فەخرۇددىن رازىي ۋە قازى بەيزاۋىغا ئوخشىغان ئۆلىمالار بۇ خىلدىكى توقۇلمىلارنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ كەلگەن. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە تارقالغان بولمىغۇر قىسسىلەرمۇ مەزكۇر خۇراپىي قىسسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

بىز بۇ قىسسىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پاك پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ زىنا-ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن ھالدا داۋاملاشتۇرىمىز. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئەسكەر قوماندانىنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى ئېلىۋالغان، زىنا قىلغان دېگەنگە ئوخشىغان، بىر پەيغەمبەرگە ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بىر مۇئمىن ئادەمگىمۇ ياراشمايدىغان توقۇلما قىسسىلەرنى بايان قىلىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئەخلاق-پەزىلەتتە ئەڭ ئۈلگىلىك پەيغەمبەر ۋە ئادالەتلىك ھۆكۈمدار، دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىمان جەھەتتە ۋە جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بەندە ئىكەنلىكى، ھەممە ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغانلىقى، تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرىدىغانلىقى، تەقۋادارلىقى، ئادىللىقى، ئىپپەتلىك ئىكەنلىكى، ئەخلاق-پەزىلەتلىك ۋە ئالىيجاناب ئىكەنلىكى قاتارلىق ئېسىل سۈپەتلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر.

«قىسسىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى

كۈچلۈك ۋە سەلتەنەتلىك پادىشاھ ئىدى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بولغىنىدەك خىزمەتچىلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان ماددىي مەنپەئەتلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مۇنداق بىرىنىڭ دۈشمەنلىك بولۇپ قېلىشى نورمال ئەھۋال. بىر كۈنى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرىدىغانلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىر رەزىل سۇيىقەستنى پىلانلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولۇپ، ئۇ ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىبادەتگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرمەي، تېمىدىن ئاتلاپ ئۇنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ ۋە ئۇلار تۇيۇقسىز مۇنداق ئوغرىدەك كىرگەنلىكى ئۈچۈن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىبادەت ئۈستىدە كۆرگەچكە ئۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىغان رەزىل سۇيىقەستلىرى ئىشقا ئاشماي قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار دەرھال بىر يالغاننى ئويدۇرۇپلا، ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن پەتىۋا سورىغىلى كىرگەنلىكلىرىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار يالغاندىن ئەرز بايان قىلىپ: ﴿قورقمىغىن، بىز بىر-بىرىمىزگە يولسىزلىق قىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾ دەيدۇ. ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىجازەتسىز ھالدا تۇيۇقسىزلا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، داۋۇد ئەلەيھىسسالام قورقۇپ كەتكەن ۋە ئۇلارنى يامان نىيەت بىلەن كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان. بۇ ۋەقەلىك داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر سىناق ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار توغرۇلۇق يامان گۇماندا بولغانلىقى ئۈچۈن، سەجدىگە باش قويۇپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىدۇ»[1].

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئىككىسىنىڭ راستتىنلا دەۋاگەرلەر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىجازەت سورىماستىنلا، تامدىن ئاتلاپ چۈشكەنلىكىدىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام قورقۇپ كېتىپ، ئۇلار ھەققىدە يامان گۇماندا بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنىمۇ ئويلىغان. بۇ ئىش داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر سىناق ياكى بىر پىتنە بولغان ئىدى. ئاندىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىنىڭ راستتىنلا دەۋاگەرلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ يامان نىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇلار ھەققىدە يامان گۇماندا بولغانلىقى ۋە ھەتتا ئۇلاردىن ئۆچ ئالماقچى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلىغان ۋە بۇ خاتالىقى ئۈچۈن دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا

[1] التفسير الواضح» 3- توم، 237-236- بەتلەر.

سەجدە قىلىپ يەرگە يىقىلغان.

ئەمدى دەۋاگەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىرى: ﴿شۇبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ توقسان توققۇز ساغلىقى بار، مېنىڭ بىرلا ساغلىقىم بار ئىدى، قېرىندىشىم ئاشۇ (بىرلا ساغلىق) نىمۇ ماڭا بەرگىن دەۋاتىدۇ، ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويىدى﴾ دېگەن. يەنى مېنىڭ بۇ قېرىندىشىم ئۆزىنىڭ توقسان توققۇز ساغلىقى بار تۇرۇقلۇق، مېنىڭ بىرلا ساغلىقىمنىمۇ ئېلىۋالماقچى بولدى، مەن ھەققىمنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن بولساممۇ، سۆزدە ئۇ مېنى يېڭىپ قويىدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا قارشى تەرەپتىن بۇ دەۋانىڭ راست-يالغانلىقىنى سورىماستىنلا، ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىپ: ﴿ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستتىنلا ساڭا ئۇۋال قىپتۇ﴾ دېگەن. بەلكى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ ئالدىراقسانلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلغان، ئاندىن ئارقىدىنلا بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىدىگەن، يەرگە يىقىلىپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان ۋە تەۋبە قىلغان. ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ بۇ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋەتكەن. چۈنكى، ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن گۇناھ سانالمايدىغان ئىشلارنى پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن گۇناھ قاتارىدىن سانايدۇ. نەتىجىدە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ھوشيارلىقى، تەقۋادارلىقى ۋە ئادىللىقى ئارقىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شۇڭا ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ناھايىتى ياخشى، ئىشلىرى غەلىبىلىك بولغان.

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىك ۋەزىپىسى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا: ﴿ئى داۋۇد! شەكسىزكى، بىز سېنى يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىن، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب (ئېلىنىدىغان) كۈننى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾ دەيدۇ. يەنى بىز سېنى يەر يۈزىدە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېكىتىپ بەرگەن قانۇن-تۈزۈملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان بىر ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلىدۇق. شۇڭا سەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولغىن، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭ سېنى ئۇلار ئۈچۈن ئادالەتلىك بولماسلىققا

ئىلىپ بارمىسۇن. چۈنكى، سەن ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىسەن. شۇڭا سەن ھەرگىز نەپسى خاھىشىڭغا بويسۇنمىغىن. چۈنكى، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، سەن چوقۇم توغرا يولدىن ئىزىپ كېتىسەن. توغرا يولدىن ئىزىپ كەتكەن ئادەم بۇ دۇنيادا زىيان تارتىپلا قالماستىن، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ. ﴿ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب (ئېلىنىدىغان) كۈننى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ بويسۇندۇرۇپ بېرىلىشىگەنلىكى، ھەتتا قۇشلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتقانلىقى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

2. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاۋازىنىڭ گۈزەللىكى ۋە قىرائىتىنىڭ مۇڭلۇقلۇقى بىلەن مەشھۇر پەيغەمبەر ئىدى.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلىشتا، ئۇنى چىدامچانلىقتا ۋە سەۋرچانلىقتا ئۈندەشتە ئالاھىدە پايدىلىق بولغان.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەنلەرنى بەئەينى قىسسە قىلىپ بېرىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

5. ھەرقانداق بىر سوتچىنىڭ ياكى قازىنىڭ دەۋادا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاپ بولۇپ، ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىشى شەرتتۇر.

6. ھەرقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش زۆرۈردۇر.

7. ھەر ئىشتا ئادالەتلىك بولۇش پەرزدۇر.

### ◄ مۇكاپات ۋە جازانىڭ زۆرۈرلۈكى

﴿وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَٰطِلًا ۚ ذَٰلِكَ ظَنُّ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ ۚ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿٢٧﴾ أَمْ نَجْعَلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَٱلْمُفْسِدِينَ فِى ٱلْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ ٱلْمُتَّقِينَ

كَٱلۡفُجَّارِ ﴿٢٨﴾ كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ إِلَيۡكَ مُبَٰرَكٞ لِّيَدَّبَّرُوٓاْ ءَايَٰتِهِۦ وَلِيَتَذَكَّرَ
أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٢٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27ـبىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، بۇ كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى هالىغا ۋاي!

28ـبىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى گۇناهكارلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟

29ـ(ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئۇلارنىڭ (ئەتراپلىق) تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.

### ◄ تەپسىرى

بىز ئاسمان، زېمىن ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ هېچقايسىسىنى مەقسەتسىز، بىكارغا ياراتمىدۇق، بەلكى ئۇلارنى مۇئەييەن مەقسەت ۋە هېكمەت بىلەن ياراتتۇق. بۇلار ئالدى بىلەن ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى، تەڭداشسىز ئىلىم-هېكمىتى، ئۇلۇغلۇقى ۋە يارىتىش هەم ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدىكى ماهارىتى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىدۇ. بۇلار ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانلارنى ئاخىرەتتە تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ۋە بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تولۇق هېساب ئېلىپ، ياخشىلارغا مۇكاپات، يامانلارغا جازا بېرىدىغانلىقىنىڭ هەق ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئەمما «كائىنات ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان، ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەيدۇ» دەيدىغان سەپسەتە كاپىرلارنىڭ گۇمانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانى ھەقىقەت ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ، هاياتىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇئمىنلەرنى ئاخىرەت ئالىمىگە ئىشەنمەيدىغان، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كاپىرلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئىش كۆرگەن تەقۋادارلارنى هاياتىنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناهكارلار بىلەن ئوخشاش

قىلامدۇق؟ بۇ ئىككى پىرقە قانداقمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىسۇن؟ بۇلارغا قانداقمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمىز؟ ئەلۋەتتە، ئوخشاش قىلمايمىز. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئوخشاش بولمىغاندەك ئاخىرەتتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تەقۋادار مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، گۇناھكار كاپىرلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

«ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق، ھايات پەقەتلا مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتتۇر» دەيدىغان سەپسەتە ھاياتلىقنىڭ نىزامى بىلەن تامامەن زىتلىشىدىغان خۇراپاتتۇر. چۈنكى، بۇ دۇنيادىكى تەڭسىزلىكلەر بىلەن ناھەقچىلىكلەرنىڭ ھېسابىنى سورايدىغان بىر ئادالەتلىك كۈننىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. ئىنسان تەبىئىتىمۇ مۇشۇنداق بىر ئادالەتلىك كۈننىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ كۈندە كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەر ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا نېمەتلىرىنى بۇ دۇنيادا كاپىر-مۇسۇلمان، تەقۋا-پاسىق ھەممىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرى ۋە جەننىتى مۇئمىنلەرگە، جازاسى، ئازابى كاپىرلارغا بولىدۇ.

مۇئمىن بىلەن كاپىر، تەقۋا بىلەن گۇناھكار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھاياتى بۇ دۇنيادىمۇ ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى، مۇئمىن ئادەم مەڭگۈلۈك سائادەت يولىنى تاللىغان ۋە ئاخىرەتنىڭ جەننىتىنى قەلبىدە ياشاتقانلىقتىن، بۇ دۇنيادىمۇ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھايات كەچۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇنداقتا، ئاشۇنداق بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ يولى قايسى؟ شەكسىزكى، ئۇنىڭ يولى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەنلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا ھىدايەت، مۇئمىنلەرگە رەھمەتتۇر. ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۈگۈت ئالىدۇ. ﴿(ئى پەيغەمبەر! بۇ قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئۇلارنىڭ (ئەتراپلىق) تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ مىسالى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر.

2. ئەقىل ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئۇنى يولىدا ئىشلىتەلىگەنلەر پايدىسىنى كۆرەلەيدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» مەنىسىنى چۈشىنىپ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان مۇبارەك كىتابتۇر.

### ◄ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَوَهَبۡنَا لِدَاوُۥدَ سُلَيۡمَٰنَۚ نِعۡمَ ٱلۡعَبۡدُ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ٣٠ إِذۡ عُرِضَ عَلَيۡهِ
بِٱلۡعَشِيِّ ٱلصَّٰفِنَٰتُ ٱلۡجِيَادُ ٣١ فَقَالَ إِنِّيٓ أَحۡبَبۡتُ حُبَّ ٱلۡخَيۡرِ عَن
ذِكۡرِ رَبِّي حَتَّىٰ تَوَارَتۡ بِٱلۡحِجَابِ ٣٢ رُدُّوهَا عَلَيَّۖ فَطَفِقَ مَسۡحَۢا
بِٱلسُّوقِ وَٱلۡأَعۡنَاقِ ٣٣ وَلَقَدۡ فَتَنَّا سُلَيۡمَٰنَ وَأَلۡقَيۡنَا عَلَىٰ كُرۡسِيِّهِۦ
جَسَدٗا ثُمَّ أَنَابَ ٣٤ قَالَ رَبِّ ٱغۡفِرۡ لِي وَهَبۡ لِي مُلۡكٗا لَّا يَنۢبَغِي
لِأَحَدٖ مِّنۢ بَعۡدِيٓۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ ٣٥ فَسَخَّرۡنَا لَهُ ٱلرِّيحَ تَجۡرِي
بِأَمۡرِهِۦ رُخَآءً حَيۡثُ أَصَابَ ٣٦ وَٱلشَّيَٰطِينَ كُلَّ بَنَّآءٖ وَغَوَّاصٖ ٣٧
وَءَاخَرِينَ مُقَرَّنِينَ فِي ٱلۡأَصۡفَادِ ٣٨ هَٰذَا عَطَآؤُنَا فَٱمۡنُنۡ أَوۡ أَمۡسِكۡ
بِغَيۡرِ حِسَابٖ ٣٩ وَإِنَّ لَهُۥ عِندَنَا لَزُلۡفَىٰ وَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ٤٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30ـ بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! شەكسىزكى، ئۇ (ئاللاھقا) بەكمۇ ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى.

31ـ ئۆز ۋاقتىدا بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئېسىل يۈگۈرۈك ئاتلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

32ـ33ـ ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن بۇلارنى رەببىمنى ئەسلەتكەنلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم» دېدى. نىھايەت، ئاتلار كۆزدىن غايىب بولغان ۋاقىتتا، «ئۇلارنى ماڭا قايتۇرۇپ كېلىڭلار» دېدى. (ئاتلار قايتۇرۇپ كېلىنگەندى) سۇلەيمان ئۇلار-نىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

34ـ35ـ بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلاپ قويدۇق، ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ بىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ): «رەببىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان بىر ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇ-

چىسەن» دەپ تەۋبە قىلدى.

36ـبىز سۈلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى.

37ـ38ـ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇستا بىناكار ۋە غەۋۋاس شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنە زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان نۇرغۇن شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

39ـ(بىز سۈلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ ئىنئامىمىزدۇر، (باشقىلارغا) بەرگىن ياكى بەرمىگىن، (سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ».

40ـشەكسىزكى، سۈلەيمان بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يېقىنلىققا ۋە گۈزەل جايغا ئىگە بولىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن تارتقان ئەزىيەتلىرىگە تەسەللى بېرىش ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ سىناقلارغا دۇچ كەلگەن پەيغەمبەرلەردىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ھەم پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر بولۇپ، سۈلەيمان ئەلەيھىسسالاممۇ دادىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ناھايىتى ئىتائەتمەن، كۆپ تەۋبە قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالاغا كۆپ تەسبىھ ئېيتىدىغان زات ئىدى. بىر كەچقۇرۇنلۇقى سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل يۈگۈرۈك ئاتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارغا قىزىقىپ قېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇياش پاتىدۇ. نەتىجىدە، سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىنى قازا قىلىۋېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇ قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿فَطَفِقَ مَسۡحَۢا بِٱلسُّوقِ وَٱلۡأَعۡنَاقِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان. «قەتادە، سۇددىي قاتارلىقلار ئايەتنى ‹سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئاتلارنىڭ سەۋەبى بىلەن نامازنى قازا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلاشقا باشلىدى› دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ

ئايەتنى ‹سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى ۋە بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى› دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىنى توغرا دەپ قارايمىز. چۈنكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھايۋانلارنى ئازابلىمايتتى، ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى سەۋەبسىز ھالاك قىلىۋەتمەيتتى. سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاتلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەسىر نامىزىنى قازا قىلىۋەتكەنلىكى راست. ئەمما بۇ ئىشتا ئاتلارنىڭ گۇناھى يوق»[1].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن باقاتتى ۋە شۇ مەقسەت تۈپەيلى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى ئاتلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلدى، ئۇ ئاتلارنى ھاياجان بىلەن كۆزدىن كەچۈردى، ھەتتا ئاتلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنگە قەدەر ئاتلارغا قاراپ قالدى. ئاندىن بۇ ئاتلارنى قايتا يېنىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتلار قايتىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى، سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇ ئاتلارنى سېغىنغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى ۋە پاچاقلىرىنى سىلاپ چىقتى»[2].

مۇپەسسىرلەر ﴿بىز ھەقىقەتەن سۈلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلاپ قويدۇق﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿سىنىدۇق﴾ دېگەن سۆزدىن ئاللاھ تائالانىڭ سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنى قانداق سىنىغانلىقى ۋە نېمە بىلەن سىنىغانلىقى توغرۇلۇق ھەر خىل قىسسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزى مۇپەسسىرلەر: ئاللاھ تائالا سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنى مال-مۈلۈكىدىن ۋە ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قىلىش بىلەن سىنىغان دېسە، بەزىلىرى ئۇنى كېسەللىككە گىرىپتار قىلىش بىلەن سىنىغان، دېگەن. مۇپەسسىرلەر ﴿ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلاپ قويدۇق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتتىكى ﴿جەسەت﴾ دېگەن سۆزدىن شەيتان مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە ئايەتنى ئاللاھ تائالا سۈلەيمان ئەلەيھىسسالامنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەختىگە شەيتاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان، دەپ تەپسىر قىلغان[3].

---

[1] «تفسير الطبري» 21- توم، 194-195- بەتلەر.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 241- بەت.

[3] «تفسير الطبري» 21- توم، 196- بەت.

«ئەمما ئەبۇ سۇئۇد، فەخرۇددىن رازى، ئالۇسى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر شەيتاننىڭ بىرەر پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىشىنىڭ مۇمكىن ئە-مەسلىكىنى ۋە مۇنداق دېيىشنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان»[1]. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿جەسەت﴾ تىن مەقسەت سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى، ئۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق تەختىدە خۇددى جانسىز جەسەتتەك ئولتۇرغانلىقىنى، ئاندىن يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە قايتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەبۇ سۇئۇد، فەخرۇددىن رازى، ئالۇسى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇنى كۈچلەندۈرگەن ۋە ھازىرقى زامان مۇپەسسىرلىرىنىڭ كۆپ سانلىقمۇ بۇنى كۈچلەندۈرگەن.

تەپسىرى جەزائىري، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەردە مەزكۇر ئايەت ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس بىلەن تەپسىر قىلىنغان: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قال سليمان بن داود عليهما السلام: لأطوفن الليلة على مائة امرأة ، أو تسع وتسعين ، كلهن يأتي بفارس يجاهد في سبيل الله ، فقال له صاحبه: قل إن شاء الله ، فلم يقل: إن شاء الله ، فلم يحمل منهن إلا امرأة واحدة ، جاءت بشق رجل ، والذي نفس محمد بيده ، لو قال:إن شاء الله ، لجاهدواْ في سبيل الله فرسانا أجمعون» يەنى «سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ‹مەن بۇ كېچە چۆرىلىرىمدىن يۈز ياكى توقسان توققۇز ئايالغا كىرىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن پەرزەنتكە ھامىلىدار بولىدۇ› دېگەندە، ھەمراھى ئۇنىڭغا ‹﴿ئاللاھ خالىسا﴾ دېگىن› دېگەن بولسىمۇ، ئۇ دېمەيدۇ ۋە ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە كىرىدۇ، ئەمما ئۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدىن بىرلا ئايال ھامىلىدار بولىدۇ. بىراق ئۇ ئايال يېرىم بەدەنلىك بىر مېيىپ ئوغۇلنى تۇغىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سۇلەيمان ﴿ئاللاھ خالىسا﴾ دېگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ئوغۇللارنى تۇغۇپ بەرگەن بولاتتى»[2]. يۇقىرىقى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ھەدىستىكى بەدىنىنىڭ يېرىمى

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 241- بەت.

[2] «صحيح البخاري» 12ـتوم، 44ـبەت، 3539ـھەدىس، «صحيح مسلم» 5ـتوم، 88ـبەت، 4379 - ھەدىس.

يوق ئوغۇل ئايەتتىكى ﴿جەسەت﴾ نىڭ ئۆزىدۇر.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿رەببىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن﴾ دېگەن سۆزىدىن بەزى مۇپەسسىرلەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن بەند بولۇپ قېلىپ، ئەسىر نامىزىنى قازا قىلىۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغان دېسە، يەنە بەزىسى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇ كېچە توقسان توققۇز ئايالغا كىرىمەن دېگەندە «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلغان دەيدۇ. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكى ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر گۇناھسىز زاتلار بولۇپ، ئۇلار گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشتىن يىراقتۇر، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان بىر پاك پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق، ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَاأَيُّهَا النَّاسُ تُوبُوا إِلَى اللهِ وَاسْتَغْفِرُوهُ، فَإِنِّي أَتُوبُ إِلَى اللهِ، وَأَسْتَغْفِرُهُ فِي كُلِّ يَوْمٍ مِائَةَ مَرَّةٍ» يەنى«ئەي ئىنسانلار! ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، شەكسىزكى، مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن ۋە كەمچىلىكلىرىمگە تەۋبە قىلىمەن»[1].

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ: ﴿رەببىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان بىر ھۆكۈمرانلىق ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن﴾ دەپ تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلىپ باقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان ھۆكۈمرانلىق، پادىشاھلىق ۋە كاتتا سەلتەنەت ئاتا قىلدى. ﴿بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى. ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇستا بىناكار ۋە غەۋۋاس شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنە زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان نۇرغۇن شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن شامال سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى ئاستىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇناتتى ۋە

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 4- توم، 260-بەت. ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان 1452-ھەدىس.

ئۇ خالىغان جايلارغا لەرزان ماڭاتتى. شۇنىڭدەك شەيتانلار بىلەن جىنلار[1] ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى، ئۇلارنى خالىغانچە ئىشقا سالاتتى، ئۇلار سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كاتتا ئىمارەتلەرنى، ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنى سالاتتى، دېڭىزلارغا شۇڭغۇپ ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى ئېلىپ چىقاتتى. يەنە نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتلار زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان ھالدا ئىشلەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرى بولۇپ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇلارنى قانداق شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە قانداق ئىشلارغا سېلىشتا مۇتلەق ئەركىن ئىدى، قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇنداق ئىختىيارنى ۋە شۇنداق كاتتا سەلتەنەتنى بەرگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىرى ۋە ئاقىۋىتى تولىمۇ ياخشى ئىدى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى پەرزەنت ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ نېمىتى بولۇپ، ئاتا-ئانا ئۇنىڭ پايدىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ.

2. گۇناھ سادىر قىلىپ قويغان ھامان تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى تۈزەتكەن بەندە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىقتۇر.

3. ئۆتمۈشلەردىكى جەڭ ئاتلىرى زامانىمىزدىكى زامانىۋى قورallarنىڭ رولىنى ئوينايتتى.

4. ئاللاھ تائالاغا قىلىدىغان ئەڭ توغرا ۋەسىلە ئۆزى قىلغان ئەڭ ياخشى ئەمەلنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر.

5. ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەرگە جىنلارنى ۋە شامالlarنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئەمەس.

## ◄ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿وَٱذۡكُرۡ عَبۡدَنَآ أَيُّوبَ إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلشَّيۡطَٰنُ بِنُصۡبٍ

[1] شەيتانلار بىلەن جىنلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئوتتىن ئىبارەت بىر بولۇپ، شەيتانلار ئۇلارنىڭ مۇتلەق كاپىرلىرىدۇر، ئەمما جىنلارنىڭ ئىچىدىن مۆئمىنلىرىمۇ، كاپىرلىرىمۇ باردۇر.

وَعَذَابٍ ﴿٤١﴾ ٱرۡكُضۡ بِرِجۡلِكَۖ هَٰذَا مُغۡتَسَلُۢ بَارِدٞ وَشَرَابٞ ﴿٤٢﴾ وَوَهَبۡنَا
لَهُۥٓ أَهۡلَهُۥ وَمِثۡلَهُم مَّعَهُمۡ رَحۡمَةٗ مِّنَّا وَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٤٣﴾
وَخُذۡ بِيَدِكَ ضِغۡثٗا فَٱضۡرِب بِّهِۦ وَلَا تَحۡنَثۡۗ إِنَّا وَجَدۡنَٰهُ صَابِرٗاۚ نِّعۡمَ
ٱلۡعَبۡدُ إِنَّهُۥٓ أَوَّابٞ ﴿٤٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

41ـ(ئى پەيغەمبەر!) بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە (دۇئا قىلىپ): «شەيتان ماڭا كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلغان ئىدى.

42ـبىز ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» (دېدۇق)، ئۇ يەرنى تەپكەندىن كېيىن، بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭغا) «مانا بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق).

43ـبىز ئۇنىڭ (ئالەمدىن ئۆتكەن) ئەھلى-ئەۋلادىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ (يېڭىدىن) بەردۇق. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) بىزدىن بىر رەھمەتتۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (سەۋرنىڭ نەتىجىسى غەلىبە ئىكەنلىكىنى خا-تىرىلىتىدىغان) نەسىھەتتۇر.

44ـبىز (ئۇنىڭغا) «قولۇڭغا بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن، قەسىمىڭنى بۇزمىغىن»[1] (دېدۇق). بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىنتايىن سەۋرچان ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (ئاللاھقا) ناھايىتى ئىتائەت قىلغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ سەۋرچان بەندىمىز ۋە چىداملىق پەيغەمبىرىمىز ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ئەسلىگىن، ئۇنىڭ قىسسىسىنى قەۋمىڭگە ئېيتىپ بەرگىن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ ئۆزىنىڭ

---

[1] ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەل ۋاقتىدا، ئايالىنىڭ ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان بىر خاتا سۆزى سەۋەبلىك، ساقايغاندا ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايالنىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ياخشى خىزمەتلىرى يۈزىسىدىن ئۇنى بىر باغلام چۆپ بىلەن ئايالنى بىر قېتىم ئۇرۇش ئارقىلىق قەسىمىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان. («تەپسىر نەسەفى» 4ـتوم، 66ـبەت).

كېسەل سەۋەبلىك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ دۇئا قىلغان ئىدى.

«مۇپەسسىرلەر ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قىسسىنى بايان قىلىشىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى شەيتان قاتتىق زىيانغا ئۇچراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تېنىنى كېسەل قىلغان، مال-مۈلۈكىنى يوق قىلىۋەتكەن، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئاخىر كىشىلەر قاچىدىغان ۋە سەسكىنىدىغان بىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغان، دەيدۇ. بۇ ئويئوچۇق ئۇيدۇرما قىسسىدۇر. چۈنكى، مەخلۇقاتنى ياشىتىش، ئۆلتۈرۈش، ساق قىلىش ۋە كېسەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، بىر پەيغەمبەرنىڭ كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان ۋە سەسكىنىدىغان كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان سۈپەتلەردىن، ئەيىبلەردىن ۋە ناچار قىلىقلاردىن پاك قىلغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلار كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالسۇن؟!

شەيتاننىڭ قولىدا باشقىلارنى كېسەل قىلىش كۈچى بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسەل قىلىپ ھالاك قىلماسمىدى؟ توغرا، شەيتان ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنى، ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. ئەمما شەيتانغا سانلار ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ياكى ئۇلارنى كېسەل قىلىش ھوقۇقىنى كىم بېرىپتۇ؟ شەيتاندا شۇنداق قۇدرەت بارمۇ؟ ياق! ھەرگىز يوق. شەيتان پەقەت كۆڭۈللەرگە ۋەسۋەسە سالالايدۇ، خالاس. شەيتاننىڭ قىيامەت كۈنىدىكى مۇنۇ ئېتىراپىمۇ بۇ دېگەنلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَٰنٍ إِلَّآ أَن دَعَوْتُكُمْ فَٱسْتَجَبْتُمْ لِى﴾ يەنى ﴿مېنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك كۈچۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت سىلەرنى (كۇفرىلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر دەۋىتىمنى قوبۇل قىلدىڭلار﴾[1].

شەيتانلار ئازدۇرۇشتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئازدۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ چوڭ قىلىدىغىنى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە يامانلىقنىڭ ۋەسۋە-سىلىرىنى سېلىشتۇر. ﴿قَالَ فَبِعِزَّتِكَ لَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٨٢﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 22-ئايەت.

ٱلۡمُخۡلَصِينَ﴾ يەنى ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنادۇر﴾[1].

مەزكۇر قىسسىنىڭ يەنە بىرى، شەيتان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ زېھنىگە بولمىغۇر خىياللارنى سېلىش بىلەن ئۇنى ۋەسۋەسە قىلغان ۋە ھەرقانداق بىر ئىنساننى ئازدۇرماقچى بولغاندەك ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئازدۇرماقچى بولغان، دەيدۇ. ئەمما شەيتاننىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا قانداق شەكىلدە ۋەسۋەسە قىلغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى كېسەلدىن قۇتقۇزۇشنى ئىرادە قىلىپ، پۇتى بىلەن يەرنى تېپىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يەرنى تەپكەندىن كېيىن، ئۇ جايدىن بىر شېرىن بۇلاق ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: بۇ سۇ ئىچسەڭمۇ، يۇيۇنسەڭمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنسا كېسەلدىن ساقىيىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھيى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەلدىن ساقىيىدۇ.

﴿بىز ئۇنىڭ (ئالەمدىن ئۆتكەن) ئەھلى-ئەۋلادىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ (يېڭىدىن) بەردۇق. (بۇلارنىڭ ھەممىسى) بىزدىن بىر رەھمەتتۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (سەۋرنىڭ نەتىجىسى غەلىبە ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىتىدىغان) نەسىھەتتۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇن ھادىسىلەرگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئەھلى- ئەۋلادىنىڭ ئورنىغا بۇرۇنقىسىدىن كۆپەرەك قىلىپ قايتىدىن ئەھلى-ئەۋلاد ئاتا قىلدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان كاتتا رەھمىتى ئىدى. بۇ يەنە ئەقىل ئىگىلىرىگە چىدامچانلىقنىڭ ۋە سەۋرچانلىقنىڭ نەتىجىسى غەلىبە ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىتىدىغان ئىلاھىي نەسىھەت ئىدى.

﴿بىز (ئۇنىڭغا) «قولۇڭغا بىر باغلام چىۋىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن، قەسىمىڭنى بۇزمىغىن (دېدۇق)﴾. چۈنكى، قەسەمنى بۇزۇش ياخشىلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا قەسىمىنىمۇ بۇزمايدىغان ۋە ئايالىنىمۇ قىينىمايدىغان ھېكمەتلىك بىر چارىنى ۋەھيى قىلغان بولۇپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئايالىنى بىر باغلام

[1] ساد سۈرىسى: 82-83-ئايەتلەر.
[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 243- بەت.

چىقىش يولى بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇش ئارقىلىق قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن قىيىن سىناقلار بىلەن سىنالغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئۇ چىدامىلىق، نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغۇچى، مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچى، ياخشى بەندە بولۇپ تاللانغان.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسى مۇشۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ئۈچىنچى قىسسە بولۇپ، ھەممىسى ئاللاھ يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا چىدامىلىق بولۇشنىڭ، بالا-قازاغا سەۋر-تاقەت قىلىشنىڭ ۋە ئاخىردا غەلىبە قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرى ئىدى. بۇ قىسسىنىڭ ئىگىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە نائىل بولغان زاتلاردۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى بولۇپ، ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىكى چىنلىق ۋە راستچىللىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

2. ئاللاھ تائالا بەزى بەندىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش ۋە ساۋابىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنى قىيىن سىناقلارغا دۇچار قىلىش بىلەن سىنايدۇ.

3. چىدامچانلىقنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى كاپالەتلىكتۇر.

4. بىلمىگەنلەرنى ئىشەنچلىك، تەقۋادار ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىش لازىم.

5. قەسەمنى بۇزغان ئادەم قەسەمنى بۇزغانلىقنىڭ كاپارىتىنى تۆلىشى لازىم.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نەسلى

﴿وَٱذۡكُرۡ عِبَٰدَنَآ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ أُوْلِي ٱلۡأَيۡدِي وَٱلۡأَبۡصَٰرِ
٤٥ إِنَّآ أَخۡلَصۡنَٰهُم بِخَالِصَةٖ ذِكۡرَى ٱلدَّارِ ٤٦ وَإِنَّهُمۡ عِندَنَا لَمِنَ
ٱلۡمُصۡطَفَيۡنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ٤٧ وَٱذۡكُرۡ إِسۡمَٰعِيلَ وَٱلۡيَسَعَ وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ وَكُلّٞ
مِّنَ ٱلۡأَخۡيَارِ ٤٨ هَٰذَا ذِكۡرٞۚ وَإِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ لَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ٤٩ جَنَّٰتِ

عَدۡنٍ مُّفَتَّحَةً لَّهُمُ ٱلۡأَبۡوَٰبُ ﴿٥٠﴾ مُتَّكِـِٔينَ فِيهَا يَدۡعُونَ فِيهَا بِفَٰكِهَةٍ
كَثِيرَةٍ وَشَرَابٍ ﴿٥١﴾ ۞ وَعِندَهُمۡ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرۡفِ أَتۡرَابٌ ﴿٥٢﴾ هَٰذَا
مَا تُوعَدُونَ لِيَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ﴿٥٣﴾ إِنَّ هَٰذَا لَرِزۡقُنَا مَا لَهُۥ مِن نَّفَادٍ ﴿٥٤﴾

## تەرجىمىسى

45ـ(ئى پەيغەمبەر!) كۈچلۈك ۋە پاراسەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن.

46ـبىز ئۇلارنى ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان ئالاھىدە خىسلەتكە ئىگە قىلدۇق.

47ـئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە تاللانغان ياخشى كىشىلەردۇر.

48ـسەن ئىسمائىلنى، ئەليەسەئنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.

49ـ(ئى پەيغەمبەر!) بۇ (قۇرئان ساڭا ۋە قەۋمىڭگە كاتتا) شەرەپتۇر، تەقۋا-دارلارغا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە گۈزەل بىر مەنزىل بار.

50ـ(ئۇ گۈزەل مەنزىل) دەرۋازىلىرى ئۇلارغا ئوچۇق تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر.

51ـئۇلار ئۇ جەننەتلەردە (تەختلەرگە) يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن مېۋىلەر-نى، شەربەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

52ـئۇلارنىڭ يانلىرىدا باشقىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ياش قۇرامى ئوخشاش جۈپلىرى بولىدۇ.

53ـ(ئى تەقۋادارلار!) بۇ قىيامەت كۈنى سىلەرگە (بېرىلىدىغانلىقى) ۋەدە قىلىنغان نېمەتتۇر.

54ـشەكسىزكى، بۇ بىزنىڭ ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىغان ئىنئامىمىزدۇر.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۇلار تائەت-ئىبادەتتە كۈچلۈك، دىندا بەسىرەتلىك (پاراسەتلىك ۋە يىراقنى

كۆرەر) زاتلار ئىدى. بىز ئۇلارنى ھەمىشە ئاخىرەت يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئىخلاسمەن، گۈزەل خىسلەتلىك ۋە سەمىمىيەتلىك كىشىلەر قىلغان ئىدۇق. ئۇلار ئاخىرەت يۇرتىنى قەتئىي ئەستىن چىقارمايدىغان، ئۆزلىرىنى رەببى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن زاتلار ئىدى. چۈنكى، ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئاتالغان ئادەملا شۇنداق ئىخلاسمەن، شۇنداق پاراسەتلىك، شۇنداق يىراقنى كۆرەر، چىداملىق ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولالايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئالاھىدە تاللانغان، ياخشى كىشىلەردۇر﴾ دېگەن ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئىسمائىل، ئەلىيەسە ۋە زۇلكىفل قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىمۇ بايان قىلىپ بەرگىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللانغان، ياخشى بەندىلەردىن ئىدى.

مۇپەسسىرلەر ﴿هَٰذَا ذِكۡرٌۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي، جازائىرىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر «بۇ ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيادا شان-شەرەپتۇر ۋە گۈزەل بىر ئەسلىمىدۇر» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە تەبەرىي بۇ ئايەتكە ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇ (قۇرئان ساڭا ۋە قەۋمىڭگە كاتتا) شەرەپتۇر﴾ دەپ مەنە ئېيتقان[1]. ئەللامە بەغەۋىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەرمۇ شۇنداق مەنە ئېيتقان. بۇ زۇخرۇف سۈرىسىدىكى ﴿وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٌ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر﴾[2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي بۇ ئايەتكە ئىككى خىل مەنە ئېيتىشقا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلار تەرىپىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەقۋادارلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى ماۋزۇغا يۆتكىلىشتىن ئاۋۋال ﴿هَٰذَا ذِكۡرٌۚ﴾ يەنى ‹بۇ بايانلار مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنى بىر ئەسلىتىشتۇر› دېگەن. ئاندىن تەقۋادارلارنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا يۆتكەلگەن. ﴿هَٰذَا ذِكۡرٌۚ﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ‹بۇ ئاشۇ پەيغەمبەرلەر

---

[1] «تفسير الطبري» 21- توم، 220- بەت.

[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 44- ئايەت.

ئۈچۈن شان-شەرەپتۇر ۋە مەڭگۈلۈك ئەسلەتمىدۇر› دەپ تەپسىر قىلىشقىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئاۋۋالقىسى كۈچلۈكتۇر»[1].

تەقۋادارلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى، تولىمۇ ئېسىل ۋە ناھايىتى گۈزەل بىر مەنزىل بار بولۇپ، ئۇ گۈزەل مەنزىل ئۇلار ئۈچۈن ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە ھەشەمەتلىك تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن ۋە شەربەتلىرىدىن خالىغانلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ئۆزلىرىدىن باشقىسىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ئىنسان ياكى جىننىڭ قولى تېگىپ باقمىغان، شەھلا كۆزلۈك، ياش قۇرامى بىر-بىرىگە ئوخشاش، ناھايىتى چىرايلىق جۈپلىرى بولىدۇ.

مانا بۇلار ئاخىرەت يۇرتىنى ئۈمىد قىلىپ، جەننەتنى ئارزۇ قىلىپ، ئاللاھ يولىدىكى جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىدامچانلىق كۆرسەتكەن تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان مۇكاپاتلاردۇر. بۇلار ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئاتا قىلىنىدىغان تۈگىمەس رىزىقلاردۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْمُؤْمِنُ الْقَوِيُّ خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللهِ مِنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيفِ وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ احْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ وَاسْتَعِنْ بِاللهِ وَلاَ تَعْجِزْ وَإِنْ أَصَابَكَ شَيْءٌ فَلاَ تَقُلْ لَوْ أَنِّى فَعَلْتُ كَانَ كَذَا وَكَذَا. وَلَكِنْ قُلْ قَدَرُ اللهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ فَإِنَّ لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَانِ» يەنى «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر، ھەممىسىدە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشقا قىزىققىن، ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىق قىلمىغىن. ناۋادا بېشىڭغا بىرەر خاپىلىق كەلسە، ‹كاشكى ئۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى› دېگەن گەپنى قىلمىغىن، لېكىن ‹ئاللاھنىڭ تەقدىرى شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ› دېگىن. چۈنكى، ‹كاشكى› دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىنى ئاچىدۇ»[2] دېگەن.

2. ئاخىرەتنى ئەستىن چىقارماسلىق ياخشىلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، بۇ تائەت-ئىبادەتلەرگە ھەيدەكچى بولىدۇ ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا

---

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 26-توم، 190-بەت.

[2] «صحيح مسلم» 8-توم، 56-بەت، 6945 - ھەدىس.

تۇرتكە بولىدۇ.

3. ئىسلامدا تەقۋالىقنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىدىغان ئىككىنچى بىر مەرتىۋە يوقتۇر. چۈنكى، تەقۋادار بولغانلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر.

4. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، تۈگەنچىسى يوق نېمەتلەردۇر.

### ◄ دوزاخ ئەھلىنىڭ خۇسۇمەتلىرى

﴿هَٰذَاۚ وَإِنَّ لِلطَّٰغِينَ لَشَرَّ مَـَٔابٖ ۝٥٥ جَهَنَّمَ يَصۡلَوۡنَهَا فَبِئۡسَ ٱلۡمِهَادُ
۝٥٦ هَٰذَا فَلۡيَذُوقُوهُ حَمِيمٞ وَغَسَّاقٞ ۝٥٧ وَءَاخَرُ مِن شَكۡلِهِۦٓ أَزۡوَٰجٌ
۝٥٨ هَٰذَا فَوۡجٞ مُّقۡتَحِمٞ مَّعَكُمۡ لَا مَرۡحَبَۢا بِهِمۡۚ إِنَّهُمۡ صَالُواْ ٱلنَّارِ ۝٥٩
قَالُواْ بَلۡ أَنتُمۡ لَا مَرۡحَبَۢا بِكُمۡۖ أَنتُمۡ قَدَّمۡتُمُوهُ لَنَاۖ فَبِئۡسَ ٱلۡقَرَارُ ۝٦٠
قَالُواْ رَبَّنَا مَن قَدَّمَ لَنَا هَٰذَا فَزِدۡهُ عَذَابٗا ضِعۡفٗا فِي ٱلنَّارِ ۝٦١ وَقَالُواْ
مَا لَنَا لَا نَرَىٰ رِجَالٗا كُنَّا نَعُدُّهُم مِّنَ ٱلۡأَشۡرَارِ ۝٦٢ أَتَّخَذۡنَٰهُمۡ
سِخۡرِيًّا أَمۡ زَاغَتۡ عَنۡهُمُ ٱلۡأَبۡصَٰرُ ۝٦٣ إِنَّ ذَٰلِكَ لَحَقّٞ تَخَاصُمُ أَهۡلِ
ٱلنَّارِ ۝٦٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

55-56- بۇ (تەقۋادارلارنىڭ ئەھۋالىدۇر، ئەمما كۇفرىدا ۋە گۇناھتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر، ئۇ جەھەننەمدۇر. ئۇلار ئۇنىڭغا كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

57-بۇ (يۇقىرى ھارارەتلىك) قىزىق سۇدۇر، قان-يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن.

58-يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلارمۇ بار.

59-(ئازغۇنلار دوزاختا كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرىغا): «بۇ گۇرۇھمۇ سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر» (دېيىلىدۇ. باشلامچىلار) «ئۇلارغىمۇ ياخشىلىق يوق، چۈنكى ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر»

(دەيدۇ).

60ـ(ئەگەشكۈچىلىرى): «بەلكى سىلەرگە ياخشىلىق يوق، بۇ (ئازاب)نى بىزگە سىلەر ئېلىپ كەلدىڭلار، بۇ (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!» دەيدۇ.

61ـ(ئەگەشكۈچىلىرى يەنە): «ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى كىم ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ دوزاخ ئىچىدىكى ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن» دەيدۇ.

62ـ(باشلامچىلىرى) ئېيتىدۇ: «بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېساب-لايدىغان ئادەملەرنى (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟

63ـبىز ئۇلارنى (دۇنيادا خاتا) مەسخىرە قىلىپ قالدۇقمۇ ياكى(ئۇلار بۇ يەردە بولسىمۇ) كۆزلەر ئۇلاردىن ئېغىپ كەتتىمۇ؟»».

64ـدوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا مۇشۇنداق خۇسۇمەتلىشىشى مۇقەررەردۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردىكى بايانلار مۇسۇلمانلارنىڭ تەقۋادارلىرى ھەققىدە بولۇپ، بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ زالىملىرى ئۈستىدە توختالغان. چۈنكى، ياخشىلارنىڭ بايانىغا يامانلارنىڭ بايانىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرۈش «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى تەقۋادارلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئاخىرقى قارارگاھى ئەنە شۇنداق گۈزەل بولىدۇ. ئەمما كۇفرىلىقتا، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتە ھەددىدىن ئاشقانلارغا كەلسەك، ئۇلارنى ئىنتايىن يامان بىر ئاقىۋەت كۈتمەكتە. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىلىدۇ، جەھەننەمدە دەھشەتـلىك ئوت ئىچىدە ئازابلىنىدۇ. بۇ زالىملار جەھەننەمدە ئۆزلىرى ئۈچۈن ھازىرلىغان ئازاب نېمىدېگەن قاتتىق، نېمىدېگەن دەھشەتلىك! توغرا، زالىملار جەھەننەمنى ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى پەيدا قىلدى ۋە ئۇ يەردىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىمۇ ئۆزلىرى ھازىرلىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بۇ ئازابنى تېتىشقا تېگىشلىكتۇر. شۇڭا ئۇلارغا: ﴿قاتتىق ئازابنى تېتىڭلار﴾ دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەھەننەمدىكى ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ بىلەن ئىنتايىن

يىرگىنىشلىك قان-يىرىڭدۇر. ئۇلارغا يەنە بۇنىڭدىن باشقا قانداقلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدىغان تۈرلۈك-تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بار.

بۇ دۇنيادا ئىماندىن كۇفرىنى ئەۋزەل كۆرۈپ، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭغانلار، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەنلەر، ئۇلارغا يولباشچى بولغانلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا بىر-بىرىدىن ئادا-جۇدا بولىدۇ، بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ، بىر-بىرى بىلەن خۇسۇمەتلىشىدۇ ۋە ئۇلاردىن ھەربىرىنىڭ ئازابنى بىر-بىرىگە يۈكلەپ قويۇپ قۇتۇلغۇسى كېلىدۇ. ئەمما ھەيھات! بۇنداق قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ دۇنيادا كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇق يولىدا ماڭغانلار، ئازغۇنلارغا ئەگەشكەنلەر ۋە يولباشچىلار ھەممىسى ئازابتىن بولغان تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى تولۇق ئالىدۇ. ﴿ٱلۡأَخِلَّآءُ يَوۡمَئِذِۭ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوٌّ إِلَّا ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت تەقۋادارلارلا ئۇنداق بولمايدۇ﴾ [1]. چۈنكى، مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىكى دوستلۇق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى قىيامەت كۈنىدىمۇ داۋاملىشىدۇ. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى ئازغۇنلۇق يولىدىكى دوستلۇق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ دوستلۇقى قىيامەت كۈندە دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ.

قىيامەت كۈنى ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن تولۇق ھېساب بېرىش ئىشى ئاخىرلىشىپ، دوزاخ ئەھلى دوزاختا ھەيدەلگەن چاغدا، دۇنيادا كىشىلەرگە كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقتا باشلامچى بولغانلار ئالدى بىلەن دوزاختا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دوزاختا كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلار يولباشچىلارغا كۆرسىتىلىپ، ﴿بۇ گۇرۇھمۇ سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر﴾ دېيىلىدۇ. يولباشچىلار دۇنيادا ئۆزلىرى ئازدۇرغان ۋە ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن ئەگەشكۈچىلىرى توغرۇلۇق: ﴿ئۇلارغىمۇ ياخشىلىق يوق، چۈنكى، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دوزاختىكى ئورنى ھەرگىز كەڭ، ئازادە بولمايدۇ، ئۇلار ئەڭ قاتتىق ئازابلارنى تارتىدۇ، دەيدۇ.

ئەمدى دوزاختا تاشلانغان ئەگەشكۈچىلەر ئۇلارغا قارشى نېمە دەيدۇ؟

ئۇلار دەيدۇكى: ﴿بەلكى سىلەرگە ياخشىلىق يوق، بۇ (ئازاب)نى بىزگە سىلەر ئېلىپ كەلدىڭلار، بۇ (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!﴾ يەنى

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 67-ئايەت.

ئەسلىدە سىلەر ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشمەسلىككە لايىقسىلەر. سىلەر ھېچبىر يەردە، ھەتتا جەھەننەمدىمۇ قارشى ئېلىنمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر دۇنيادا بىزنى ئازدۇرۇش ۋە سېپىڭلارغا قوشۇۋېلىش ئارقىلىق بۇ ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار. شۇڭا بۇ ئازابقا سىلەر بىزدىن بەكرەك تېگىشلىك. مانا ئەمدى، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئاخىرقى قارارگاھىمىز جەھەننەم بولدى، بۇ جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى كىم ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ دوزاخ ئىچىدىكى ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن﴾ يەنى بىزنىڭ دۇنيادىكى ئازغۇن يولباشچىلىرىمىزغا جەھەننەم ئازابىنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلغىن، ئۇلارنى بىزنى ئازابلىغاندىن بەكرەك ئازابلىغىن.

زالىملار ئىنتايىن ھەسرەت-نادامەت چەككەن ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا، بىر-بىرىگە قارىشىپ: «بىز دۇنيادىكى چېغىمىزدا، يامان ئادەملەر دەپ سانايدىغان ۋە ھېچبىر ياخشىلىقى يوق دەپ بىلىدىغان ھېلىقى مۇسۇلمانلارنى بۈگۈن جەھەننەمدە كۆرمەيمىزغۇ؟ بىز ئۇلارنى دۇنيادىكى چاغدا كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلغان ئەمەسمىدۇق؟ يا بىز ئۇلارنى خاتا مەسخىرە قىلىپ قالدۇقمۇ؟ ياكى ئۇلار بۇ يەردە بولسىمۇ بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇلاردىن ئېغىپ كەتتىمۇ؟ قېنى ئۇلار؟» دېيىشىدۇ.

دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا ئۆزئارا بۇنداق خۇسۇمەتلىشىشى، دەتالاش قىلىشى ۋە بىر-بىرىنى ئەيىبلىشى مۇقەررەردۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دوزاخ ئەھلىنىڭ: ﴿بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟﴾ دېگەن سۆزىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىكى يوقسۇللاردىن بىلال، سۇھەيب ۋە ئەممار قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[1]. يەنى دوزاختىكىلەر: بىلال قېنى؟ ياسىر قېنى؟ ئۇلار بۇ جايدا كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ يا بىز دۇنيادا ئۇلارنى يامان ئادەملەر دەپ خاتا مەسخىرە قىلىپ قويدۇقمۇ؟ ياكى ئۇلار بۇ يەردە بىز بىلەن بار بولسىمۇ، بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇلارنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟ توغرا، ئى كاپىرلار! سىلەرنىڭ ئۇلارنى دۇنيادا خاتا مەسخىرە قىلىپ قالغىنىڭلار راست، ئۇلارنىڭ دوزاختا سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسلىكىمۇ راستتۇر. چۈنكى، ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە نېمەتلىنىۋاتىدۇ.

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 248-بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زۇلۇمدا ۋە كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى جازاسى ھەممىدىن قاتتىق بولىدۇ.

2. ئازغۇن يولباشچىلار بىلەن ئەگەشكۈچىلەر قىيامەت كۈندە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ.

3. كىشىلەرنىڭ تەقى-تۇرقىغا قاراپ ئۇلارغا باھا بەرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاددىي سانالغان نۇرغۇن ئادەملەر ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر.

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنىڭ دەلىللىرىدىن

﴿قُلْ إِنَّمَآ أَنَا۠ مُنذِرٌۖ وَمَا مِنْ إِلَٰهٍ إِلَّا ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّارُ ﴿٦٥﴾ رَبُّ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفَّٰرُ ﴿٦٦﴾ قُلْ هُوَ نَبَؤٌاْ
عَظِيمٌ ﴿٦٧﴾ أَنتُمْ عَنْهُ مُعْرِضُونَ ﴿٦٨﴾ مَا كَانَ لِىَ مِنْ عِلْمٍ بِٱلْمَلَإِ
ٱلْأَعْلَىٰٓ إِذْ يَخْتَصِمُونَ ﴿٦٩﴾ إِن يُوحَىٰٓ إِلَىَّ إِلَّآ أَنَّمَآ أَنَا۠ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٧٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

65-(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، غالىب بىر ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر.

66-(ئۇ ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر، (كاپىرلارنى جازالاشتا) ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر».

67-68- (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بۇ (قۇرئان) چوڭ بىر خەۋەردۇر. سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتىسىلەر.

69-پەرىشتىلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق) مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغدا، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم.

70-پەقەت مەن ئوپئوچۇق بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇ».

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ پايدىسى بولىدىغان ۋە سۆزلىرىم قەلبىگە تەسىر قىلىدىغان ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بىر پەيغەمبەرمەن. ھەممىگە غالىب ۋە قەھر قىلغۇچ كۈچكە ئىگە بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. مەن سىلەرنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردۇم ۋە سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، مۇشرىكلىك ئەقىدىسىنى ئىنكار قىلىدىغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئېلىپ كەلدىم. مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ رەببىدۇر، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، ھەددىدىن ئاشقان كاپىرلارنى تارمار قىلىشتا ۋە زالىملارنى جازالاشتا ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىباندۇر.

ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بۇ شانلىق قۇرئان ھەقىقەتەن چوڭ خەۋەردۇر، بۇ چاقچاق ئەمەس ياكى قۇرۇق گەپ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتىسىلەر. ئى قەۋمىم! مەن كەلتۈرگەن بۇ دەلىل-ئىسپاتلار ئالدى بىلەن مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى ئوپئوچۇق نامايان قىلىپ تۇرماقتا، مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغان «قۇرئان كەرىم» ماڭا گۇۋاھ بولماقتا.

ئى ئىنسانلار! ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلىشقان ئەھۋالىدىن مېنىڭ ھېچبىر خەۋىرىم يوق ئىدى، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنى ماڭا ۋەھيى يولى بىلەن بىلدۈردى. بۇمۇ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ بىر دەلىلىدۇر. چۈنكى، مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

«قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئەقىللەرنى لال قىلغان، تالانتلىق شائىر-لارنى ۋە يېڭىلىپ باقمىغان ئەدىبلەرنى قايىل قىلىۋەتكەن شانلىق كىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، بەكمۇ ئاددىي-ساددا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن بىر پەيغەمبەرگە نازىل بولغانلىقىمۇ ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا بىرەر مۇئەللىمدە ئوقۇ-

مىغان، بىرەر نەرسە يېزىپ باقمىغان بولۇپ، ئۇ 40 يىللىق ھاياتىنى شۇنداق تىنچقىنە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىپ، ئۇ پەيغەمبەرلىككە تاللانغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** پەيغەمبەرلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش ۋە دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

**2.** پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلىم مەنبەسى ۋەھيى بولۇپ، ئۇلار ۋەھيىگىلا تايىنىدۇ.

### ◄ ئادەمنىڭ يارىتىلىش قىسسىسى

﴿إِذۡ قَالَ رَبُّكَ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي خَٰلِقُۢ بَشَرٗا مِّن طِينٖ ٧١ فَإِذَا سَوَّيۡتُهُۥ
وَنَفَخۡتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُۥ سَٰجِدِينَ ٧٢ فَسَجَدَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ
كُلُّهُمۡ أَجۡمَعُونَ ٧٣ إِلَّآ إِبۡلِيسَ ٱسۡتَكۡبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٧٤ قَالَ
يَٰٓإِبۡلِيسُ مَا مَنَعَكَ أَن تَسۡجُدَ لِمَا خَلَقۡتُ بِيَدَيَّۖ أَسۡتَكۡبَرۡتَ أَمۡ
كُنتَ مِنَ ٱلۡعَالِينَ ٧٥ قَالَ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡهُ خَلَقۡتَنِي مِن نَّارٖ وَخَلَقۡتَهُۥ
مِن طِينٖ ٧٦ قَالَ فَٱخۡرُجۡ مِنۡهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٞ ٧٧ وَإِنَّ عَلَيۡكَ لَعۡنَتِيٓ
إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ٧٨ قَالَ رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ٧٩ قَالَ
فَإِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ٨٠ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡوَقۡتِ ٱلۡمَعۡلُومِ ٨١ قَالَ فَبِعِزَّتِكَ
لَأُغۡوِيَنَّهُمۡ أَجۡمَعِينَ ٨٢ إِلَّا عِبَادَكَ مِنۡهُمُ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ٨٣ قَالَ فَٱلۡحَقُّ
وَٱلۡحَقَّ أَقُولُ ٨٤ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكَ وَمِمَّن تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ أَجۡمَعِينَ
٨٥ قُلۡ مَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مِنۡ أَجۡرٖ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُتَكَلِّفِينَ ٨٦ إِنۡ
هُوَ إِلَّا ذِكۡرٞ لِّلۡعَٰلَمِينَ ٨٧ وَلَتَعۡلَمُنَّ نَبَأَهُۥ بَعۡدَ حِينِۭ ٨٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**71**-(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن چوقۇم لايدىن

بىر ئادەم يارىتىمەن.

72ـ73ـئۇنى مەن بىجىرىم قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا، دەرھال ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار» دېۋىدى، پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى سەجدە قىلدى.

74ـپەقەت ئىبلىسلا (سەجدە قىلمىدى، ئۇ) بويۇنتاۋلۇق قىلىپ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.

75ـئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئىككى قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن سېنى نېمە توستى؟ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتامسەن ياكى سەن يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىنمۇ؟».

76ـئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى.

77ـ78ـ ئاللاھ: «سەن جەننەتتىن يوقال! سەن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ، ساڭا ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىگە قەدەر مېنىڭ لەنىتىم يېغىپ تۇرسۇن» دېدى.

79ـئىبلىس: «ئى رەببىم! ئۇنداقتا، سەن ماڭا (ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەرسەڭ» دېدى.

80ـ81ـ ئاللاھ: «شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلگۈچىلەردىنسەن» دېدى.

82ـئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن.

83ـئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا مۇستەسنادۇر».

84ـ(ئاللاھ) ئېيتتىكى: «(مېنىڭ سۆزلىرىم) ھەقتۇر، مەن ھەقىقەتەنلا سۆز-لەيمەن،

85ـئەلۋەتتە سەن بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى توشقۇزىمەن».

86ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن بۇنىڭغا (يەنى دىنىي يەتكۈز-گەنلىكىمگە) سىلەردىن قىلچە ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (بۇيرۇلمىغان ئىشنى قىلىپ) ئۆزىنى جاپاغا سالغۇچىلاردىن ئەمەسمەن[1].

[1] بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «مەن ئاللاھ ئېيتمىغاننى ئويدۇرۇپ چىقارغۇچىلاردىن ئەمەسمەن» دەپ تەپسىر قىلغان.

87ـ ئۇ (قۇرئان) پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن نەسىھەتتۇر.

88ـ ئۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىنىڭ (راست ئىكەنلىكىنى) بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر».

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش مەسىلىسى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشقانلىقى قىسقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇنىڭ تەپسىلىي بايانى ھەققىدە توختالغان. بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارنى بارچە ئالەملەردىن ۋە جىمى مەخلۇقاتتىن ئارتۇق قىلغانلىق پەزل-كەرەمىنىڭ بايانى بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ تەپسىرى

مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن. شۇڭا سىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا رەببىم بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئۆز ئەينى يەتكۈزىمەن. مەن ۋە قەۋمىم بۇ ۋەقەلىكلەرنى بىلمەيتتۇق، رەببىم ماڭا بۇلارنى ۋەھيى يولى بىلەن بىلدۈردى. ئۆز ۋاقتىدا رەببىم پەرىشتىلەرگە ئۇزىنىڭ تۇپراقتىن بىر ئىنسان يارىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى تولۇق يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىگە ئاساسەن پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلدى، پەقەت ئىبلىس سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى، مۇتەكەببىرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى. ئىبلىس ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئىدى، ئەمما ئۇ پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى. ﴿كَانَ مِنَ ٱلْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِۦٓ﴾ يەنى ﴿ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾[1] دېگەن ئايەت ئىبلىسنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى ئوچۇق ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، ئىبلىس جىنلاردىن كېلىپ چىققان بىر مەخلۇق بولۇپ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتكەن.

ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتىن

[1] كەھف سۈرىسى: 50ـ ئايەت.

باش تارتقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ ۋە غەزەپ قىلىپ: ﴿ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن سېنى نېمە توستى؟ تەكەببۇرلۇق قىلىۋاتامسەن ياكى سەن يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىنمۇ؟﴾ دېگەن. يەنى مەن ئالاھىدە ياراتقان بۇ ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن سېنى توسۇپ قويغان نەرسە زادى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىسەن؟ سەن بۇ قىلىقىڭ بىلەن ئورۇنسىز ھالدا چوڭچىلىق قىلىۋاتامسەن ياكى ئۆزۈڭنى شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن ساناپ قالدىڭمۇ؟

مەلۇمكى، بۇ سوئاللار ئىبلىسنىڭ قىلىقىنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭ بۇ ھاماقەتلىكىنى تەنقىدلەش ئۈچۈن سورالغان.

ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە تەبىئىتىگە يەرلەشكەن ناچارلىقىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئاللاھ تائالاغا: ﴿مەن ئۇنىڭدىن ئەۋزەل. مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾ دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئىبلىسنىڭ بۇ تەكەببۇرلۇقى سەۋەبلىك ئۇنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى يېغىپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئىبلىس ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىدىن ۋە رەھمىتىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىنى دەرھال ھالاك قىلىۋەتمەسلىكىنى ۋە ئۆزىگە قىيامەت كۈنىگە قەدەر مۆھلەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئىبلىس ئەسلىدە ئىنسان ئەۋلادىنى ئازدۇرۇپ ئۆزىگە ئوخشاش ئاسىي-گۇناھكارلاردىن قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئادەمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۇ تەلەپنى قويغان. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ داۋام قىلىشىنى تەقەززا قىلغان.

ئىبلىس ئاللاھ تائالانىڭ مۆھلىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاللانغان ئىخلاسمەن بەندىلىرىدىن باشقا، پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن ۋە ئىنسانلاردىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق گۇناھكارلار بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، شەيتان ئىمانى مۇستەھكەم، ئىرادىسى كۈچلۈك ۋە ئاللاھ تائالاغا

باغلانغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى شەيتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان، ئىمانى ئاجىز، نەپسى-ھەۋىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدىغان كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىبلىسقا: ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، مېنىڭ سۆزلىرىم شەكسىز ھەقىقەتتۇر، مەن پەقەت ھەقىقەتنىلا سۆزلەيمەن. مەن شۇنداق دەيمەنكى، ئەي ئىبلىس! مەن جەھەننەمنى سەن بىلەن، سېنىڭ ئەۋلادىڭ بولغان شەيتانلار بىلەن ۋە ئادەم ئەۋلادىدىن ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلار بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن.

ئى مەككىلىك كاپىرلار! مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى ۋە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدىم، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىبلىسنىڭ قىسسىلىرىگە ئوخشاش ئىلگىرى سىلەرمۇ، مەنمۇ ۋە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان راست قىسسىلەرنى ئېلىپ كەلدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئى مۇشرىكلار! مەن سىلەرگە قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلدۈرگەنلىكىمگە، سىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ئەجىر، مۇكاپات ياكى ھەق تەلەپ قىلمايمەن، دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى مال-دۇنياسىدا مېنىڭ كۆزۈم يوق، مەن ئۆزۈمدە بولمىغاننى بار دەپ دەۋا قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمەن، ئاللاھ تائالا ماڭا بۇيرۇمىغان ئىشنى قىلىدىغان ياكى ئاللاھ تائالا بۇيرۇمىغان سۆزلەرنى ئېيتىدىغان ۋەياكى ئۆزىنى زورلاپ مەسئۇلىيەت ئاستىغا ئالىدىغانلاردىنمۇ ئەمەسمەن. سىلەر مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسىلەر. چۈنكى، مەن ئاراڭلاردا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، بارلىق ئىشلىرىمنى تەپسىلي بىلىسىلەر.

مېنىڭ سىلەرگە يەتكۈزگەنلىرىم پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ماڭا كەلگەن ۋەھىيدۇر، بۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن نۇر ۋە ھىدايەتتۇر، كىشىلەرگە ئۈگۈت ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر، ئۇنىڭدا ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىپ بېرىدىغان روشەن ئايەتلەر بار،

---

[1] ھىجر سۈرىسى: 42-ئايەت.

ئىنسانىيەتكە رەھمەت، مۇئمىنلەرگە شىپا بار.

سىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ ۋە مەلۇماتلىرىنىڭ چوقۇم راست ئىكەنلىكىنى بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر. ﴿سَنُرِيهِمْ ءَايَٰتِنَا فِى ٱلْءَافَاقِ وَفِىٓ أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ ۗ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (ھەممىدە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى ئۇلارغا) يېتەرلىك (دەلىل) ئەمەسمۇ؟﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھەسەتخورلۇق ئىدى.

2. ئىبلىسنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار تا قىيامەتكىچە ئادەم ئەۋلادىغا بولغان دۈشمەنلىكىنى توختاتمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار شەيتانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

3. كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش، قۇرئان ئۆگىتىش، ۋەز-نەسىھەت قىلىش قاتارلىق دىنىي ئىشلارغا ھەق تەلەپ قىلماسلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرغانلىقىغا ئۇلاردىن ھەق سورىمىغان.

4. قەسەم پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرەرسى بىلەنلا بولىدۇ. مەسىلەن: «ۋەللاھى»، «تەللاھى» ۋە «بىللاھى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋەرلىرى بىر-بىرلەپ ئەمەلگە ئاشماقتا.

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53-ئايەت.

# زۇمەر سۈرىسى

زۇمەر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 75 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ 53-ئايىتىدىن 55-ئايىتىگىچە بولغان قىسمىنى مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. بۇ سۈرە ئۆزىدىن ئالدىنقى سۈرە – ساد سۈرىسىگە ئوخشاش «قۇرئان كەرىم»نى تونۇشتۇرۇش بىلەن باشلانغان ۋە ئۇنىڭدىكى بايانلارنى تولۇقلىغان بولۇپ، بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر كۆپرەك بايان قىلىنغان[1].

بۇ سۈرىدە يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن ئىبارەت ئىككى ئىنساندىن كۆپەيگەنلىكى، ئاندىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى، بىر كۈنى بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ۋە قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ تىرىلىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقى، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. يەنە ھەرقانداق بىر مەككە سۈرىسىدە بولغىنىدەك مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئېتىقادىغا كۈچلۈك رەددىيەلەر بېرىلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغا خالىس قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە مۇشرىكلىك ئەقىدىسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 71-ۋە 73-ئايەتلەردە كەلگەن «توپ-توپ» دېگەن مەنىدىكى ﴿زُمَرًا﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتكە توپ-توپ بولۇپ قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلىقى

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 253- بەت.

ۋە كاپىرلارنىڭمۇ جەھەننەمگە توپ-توپ بولۇپ ھەيدىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَكِيمِ ١ إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ
ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ فَٱعۡبُدِ ٱللَّهَ مُخۡلِصٗا لَّهُ ٱلدِّينَ ٢ أَلَا لِلَّهِ ٱلدِّينُ
ٱلۡخَالِصُۚ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ
إِلَى ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ فِي مَا هُمۡ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَۗ إِنَّ
ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَنۡ هُوَ كَٰذِبٞ كَفَّارٞ ٣ لَّوۡ أَرَادَ ٱللَّهُ أَن يَتَّخِذَ وَلَدٗا
لَّٱصۡطَفَىٰ مِمَّا يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ سُبۡحَٰنَهُۥۖ هُوَ ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-بۇ كىتاب (ھەممىگە) غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

2-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، ساڭا بىز ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتابنى نازىل قىلدۇق، سەن دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىپ ئىبادەت قىلغىن.

3-بىلىڭلاركى، خالىس دىن ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ تۇتۇۋالغانلار: «بىز بۇلارغا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز» (دەيدۇ). شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرى ئۈستىدە (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھېچقانداق يالغانچىنى ۋە ھەددىدىن ئاشقان كاپىرنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

4-ئەگەر ئاللاھ بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقاتىدىن خالىغاننى تالليۋالاتتى. ئاللاھ (بالىسى بولۇشتىن) پاكتۇر، (بەندىلىرىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن) قەھر قىلغۇچى يېگانە ئاللاھتۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇكەممەل، بايان قىلىش ئۇسلۇبى

ناھايىتى ئېسىل، ھەممە نەرسە ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ھەقىقەتنى ۋە ئادالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب ھەممىگە غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى، پادىشاھلىقى ۋە سەلتەنىتى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن، دانالىق بىلەن قىلغۇچى ۋە ھەر ئىشنى جايىدا، توغرا ئورۇنلاشتۇرغۇچى زاتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچكىمگە ھاجىتى يوق، ئەكسىچە ھەممە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئالدىنقى زۆرۈرىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىلا «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق سۆز ئاچقاندىن كېيىن، بۇ كىتاب نازىل قىلىنغان زات-ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭغا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ھەقىقەتنى ۋە ئادالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدۇق، ئۇ شەكسىز ھەق كىتابتۇر، ئۇنىڭدا ھېچبىر شەك يوقتۇر، ئۇنىڭدىكى تەلىماتلار، كۆرسەتمىلەر ۋە ئەمر-پەرمانلار مۇئمىنلەرنىڭ تولۇق ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن دىنىنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن!

بىلىڭلاركى، خالىس دىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر! يەنى خۇراپاتتىن، باتىلدىن ۋە سەپسەتىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان ساپ دىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدۇر. باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسى باتىلدۇر. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» بىزنى ئېتىقادتا ۋە ئىبادەتلەردە ئىخلاسمەن، ئەمەلىيەتچان، راستچىل ۋە سەمىمىي بولۇشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىخلاس قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، شۇنداقلا بارچە ياخشى ئەمەلنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالغانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ باتىل دىنىنى ۋە خۇراپىي ئېتىقادىنى ئاقلاش ئۈچۈن ﴿بىز بۇلارغا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾ دەيدۇ. ئەمما ئۇلاردىن: «سىلەرنى كىم

ياراتقان؟ رەببىڭلار كىم؟ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟ يامغۇرنى كىم ياغدۇرۇپ بېرىدۇ؟» دەپ سورالسا، ئۇلار دەرھال «ئاللاھ!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يەنە ئۇلاردىن «ئۇنداقتا، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟» دەپ سورالغىنىدا، ئۇلار يەنىلا شۇ سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ﴿بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرى راستتىنلا ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرالامدۇ؟ ياق! بۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرى ئۇلارغا ياردەم قىلمىدى؟ ﴿فَلَوْلَا نَصَرَهُمُ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ قُرْبَانًا ءَالِهَةَۢ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا) يېقىنلىق ئىزدەيمىز دەپ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرى (ئازاب كەلگەن چاغدا) ئۇلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمىدى؟﴾[1].

مۇشرىكلار ئەسلىدە بۇتلارنى ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرىنى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە ياكى شاپائەتچى بولىدۇ، دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، شاپائەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، شاپائەت قىلىش ھەققىنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرىگە بېرىدۇ. ﴿أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُفَعَآءَۚ قُلْ أَوَلَوْ كَانُواْ لَا يَمْلِكُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَعْقِلُونَ ﴿٤٣﴾ قُل لِّلَّهِ ٱلشَّفَٰعَةُ جَمِيعًاۖ لَّهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۖ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٤٤﴾﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارنى شاپائەتچى قىلىۋالدىمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئۇ ئاتالمىش شاپائەتچىلەر ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ، يەنە ئۇلارنى شاپائەتچى قىلىۋالامسىلەر؟». ئېيتقىنكى، «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاندىن سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»﴾[2].

مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغۇچىلارنىڭ سەپسەتىسى ھەربىر پادىشاھنىڭ ياردەمچىلىرى، ۋاستىچىلىرى بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭمۇ ياردەمچىلىرى ۋە ۋاستىچىلىرى بار، دېيىشتىن ئىبارەت باتىل سۆزدۇر. ئەمەلىيەت ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. چۈنكى، ياراتقۇچى بىلەن مەخلۇقات ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار تۇرسا، ئاللاھ تائالانى دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىغا ۋە رەئىس جۇمھۇرلىرىغا ئوخشىتىشقا

---

[1] ئەھقاف سۈرىسى: 28-ئايەت.

[2] زۇمەر سۈرىسى: 43-44- ئايەتلەر.

بولامدۇ؟ ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىگە بىۋاسىتە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ۋاسىتىنى قوبۇل قىلسۇن؟!

ئاللاھ تائالا ئەقىدىسى توغرا بولغان مۇئمىنلەر بىلەن ئەقىدىسى باتىل مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا قىيامەت كۈنى چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مۇئمىنلەر بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ شۇ ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەمما شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا دىن نامىدىن يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان ھەرقانداق بىر كاززاپنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، دەلىل - پاكىتلىرىنى ئىنكار قىلغان ھەرقانداق كاپىرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلمايدۇ.

مۇشرىكلار يەنە ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلىپ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيتتى. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادىغا بىر قانچە ئورۇندا رەددىيە بەرگەن. بۇ ئورۇندا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆز مەخلۇقاتىدىن بىرەرسىنى بالا قىلىپ تۇتۇشنى خالىسا ۋە ئۆزىنىڭ بالىسى بولۇشىنى ئىرادە قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇنى سىلەر تۆۋەن كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىۋالغان قىزلاردىن ئەمەس، بەلكى سىلەر پەخىرلىنىپ ئۆزۈڭلارغا مەنسۇپ قىلىۋالغان ئوغۇللاردىن تاللىۋالغان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنداق بولۇشتىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نە بالىغا، نە ياردەمچىگە ھاجىتى يوقتۇر. ئەكسىچە، ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاجدۇر.

ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ۋە ئويدۇرۇپ چىققان يالغانلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۈستۈندۇر ۋە مۇكەممەلدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىدا، جىمى سۈپەتلىرىدە، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ، ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشۈپ قالمايدۇ. ئۇ شۇنداق تەڭداشسىز، يېگانە ئىلاھتۇر.

ھەممىگە غالىب ۋە ھەممىدىن قۇدرەتلىك بىر زاتنىڭ قانداقمۇ بالىغا ھاجىتى بولۇپ قالسۇن؟! بالا تېپىش ۋە بالىنى ئارزۇ قىلىش دېگەنلەر مەخلۇقاتقا خاس ئىشلار تۇرسا، ياراتقۇچى قانداقمۇ مەخلۇقاتىغا ئوخشاش بولسۇن؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى شەك قوبۇل قىلماي-دىغان ھەقىقەتتۇر.

2. تەۋھىد ئەقىدىسى ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق ئەقىدىسىدۇر.

3. شېرىك ئەقىدىسى ئويئوچۇق خۇراپات ۋە ئازغۇنلۇقتۇر.

4. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئۇ ئەقىل ۋە دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرەت كامالىنىڭ ئالامەتلىرىدىن

﴿خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۖ يُكَوِّرُ ٱلَّيْلَ عَلَى ٱلنَّهَارِ وَيُكَوِّرُ
ٱلنَّهَارَ عَلَى ٱلَّيْلِ ۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجْرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۗ
أَلَا هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفَّٰرُ ﴿٥﴾ خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ
مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْأَنْعَٰمِ ثَمَٰنِيَةَ أَزْوَٰجٍ ۚ يَخْلُقُكُمْ فِى
بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ خَلْقًا مِّنۢ بَعْدِ خَلْقٍ فِى ظُلُمَٰتٍ ثَلَٰثٍ ۚ ذَٰلِكُمُ
ٱللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ ٱلْمُلْكُ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ فَأَنَّىٰ تُصْرَفُونَ ﴿٦﴾ إِن تَكْفُرُوا۟
فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ عَنكُمْ ۖ وَلَا يَرْضَىٰ لِعِبَادِهِ ٱلْكُفْرَ ۖ وَإِن تَشْكُرُوا۟
يَرْضَهُ لَكُمْ ۗ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۗ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ
فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

5. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە سەير قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

6. (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرنى بىر جان (ئادەم ئەلەيھىسسالام)دىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتى (ھەۋۋا) نى ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن ئەركەك-چىشى بولۇپ، سەككىزنى[1] سىلەر ئۈچۈن ياراتتى. ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ

[1] بۇ يەردە، تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىدىن ئەركەك-چىشى بولۇپ، جەمئىيسەككىز ھايۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. (شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن) قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

7. ئەگەر سىلەر كاپىر بولساڭلار، (ئۇنتۇماڭلاركى) ئاللاھ سىلەردىن بىھاجەتتۇر. ئۇ بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ شۈكۈرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ، ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئاندىن سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، شۇ چاغدا ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر، ئىلاھلىقتا، ھۆكۈمرانلىقتا، پادىشاھلىقتا ۋە جىمى سۈپەتلىرىدە يېگانە بولغان، ھەمراھقا، ياردەمچىگە، بالىغا ۋە شېرىككە موھتاج بولمىغان زاتتۇر. ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە ئالەملەرنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ياراتمىدى، بەلكى ھەممىنى ھېكمەت بىلەن، بىرەر مەقسەت ۋە غايە بىلەن ياراتتى. ئاللاھ تائالا يەنە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر-بىرىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان قىلدى، كۈن بىلەن ئاينى بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇلارنىڭ ھەربىرى مەلۇم سىستېما ۋە ئىنتىزام بىلەن مۆئەييەن ۋاقىتقىچە شۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاندىن قىيامەت قايىم بولغان كۈنى ئاسمان بىلەن زېمىن يېرىلىدۇ، ئاللاھ تائالا كۈن بىلەن ئاينى تۈپلايدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتى ھازىرقى ھالىتىدىن باشقىچە ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، جىمى ئىنسانلارنىڭ بىرلا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەۋۋانىڭمۇ شۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن يارىتىلغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردىن ئەركەك-چىشى قىلىپ سەككىزنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا ئومۇمىي بولغان بىر ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ.

ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئانا قورسىقىدىكى ئەھۋالى ۋە بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان تەرەققىياتىدۇر. ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِن سُلَٰلَةٍ مِّن طِينٍ ۝١٢ ثُمَّ جَعَلْنَٰهُ نُطْفَةً فِى قَرَارٍ مَّكِينٍ ۝١٣ ثُمَّ خَلَقْنَا ٱلنُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا ٱلْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا ٱلْمُضْغَةَ عِظَٰمًا فَكَسَوْنَا ٱلْعِظَٰمَ لَحْمًا ثُمَّ أَنشَأْنَٰهُ خَلْقًا ءَاخَرَ ۚ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ أَحْسَنُ ٱلْخَٰلِقِينَ﴾ يەنى ﴿بىز (تۇنجى ئىنسان (ئادەم)نى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق.-ئاندىن بىز ئۇ (ئادەمنىڭ ئەۋلادى)نى ئابىمەنىي ھالىتىدە پۇختا قارارگاھقا (بالىياتقۇغا) يەرلەشتۇردۇق. ئاندىن ئابىمەنىينى ئەلەققە[1] ئايلاندۇردۇق، ئاندىن ئەلەقنى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بۇ بىر پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى باشقىچە (مۇكەممەل) بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق. ئىنتايىن ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر﴾[2]. مانا بۇ ئىنسان ئانىسىنىڭ قارنىدا ئۈچ قات پەردە-بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بالىياتقۇ ۋە ئانىنىڭ قورسىقى-ئىچىدە باشتىن كەچۈرىدىغان باسقۇچلاردۇر. ئەنە شۇ ھەممىنى ياراتقان ئۇلۇغ رەببىڭلار ئاللاھ تائالادۇر. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەممىگە ھامىيدۇر، ھۆكۈمرانلىق يالغۇز ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشقا بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلارغا موھتاج ئەمەس، ئىبادىتىڭلارنىڭ پايدىسى پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالاغا بەندىلىرىنىڭ گۇناھ-مەئسىيىتى زىيان يەتكۈزەلمىگەندەك، ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادىتىمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ كۇفرىلىقىغا ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشىغا رازى بولمايدۇ. شۇڭا كۇفرىلىقنى تاللىغانلارنىڭ كۇفرىلىقى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگىدۇر، بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالاغا ھېچبىر زىيان يەتمەيدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ سانسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇ سىلەردىن رازى بولىدۇ ۋە سىلەرنى كاتتا مۇكاپاتلار بىلەن تارتۇقلايدۇ. ﴿لَّقَدْ رَضِىَ ٱللَّهُ عَنِ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ ٱلشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِى قُلُوبِهِمْ فَأَنزَلَ ٱلسَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَٰبَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مۇئمىنلەر ساڭا (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلىۋاتقاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن

[1] ئەلەق-تاللانغان ئۇرۇق دېگەنلىك بولۇپ، ھەج سۈرىسىنىڭ 5-ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتتا چۈشەندۈرۈش بېرىلدى.

[2] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 12-14-ئايەتلەر.

ھەقىقەتەن رازى بولدى﴾[1].

ئى ئىنسانلار! شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، ھېچبىر گۇناھكار باشقا بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالانمايدۇ. بەلكى ھەربىر ئىنسان ئۆز گۇناھىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆزىلا تارتىدۇ. ھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدۇر. چۈنكى، ھەممىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىغا بارىسىلەر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ قەلب قاتلىرىدىكىلەرنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كائىناتتىكى سانسىزلىغان ئالامەت ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

2. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغان ئىنسانلارنىڭ ھالى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئىمانىنىڭ دەلىللىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمما كۇفرىنىڭ دەلىلى يوقتۇر. شۇنداقتىمۇ دۇنيادا مۆئمىنلەردىن كاپىرلار كۆپ بولماقتا.

3. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىدىن بىھاجەتتۇر. ئەمما پۈتۈن مەۋجۇدات ئاللاھ تائالاغا موھتاج.

4. قىيامەت كۈنى – ئادالەت كۈنىدۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئىنتايىن چەكسىز بولۇپ، ئۇ ئىلمى بىلەن جىمى مەخلۇقاتنى قورشاپ تۇرىدۇ.

### ◄ مۆئمىن بىلەن كاپىر

﴿وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُۥ مُنِيبًا إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُۥ نِعْمَةً مِّنْهُ نَسِىَ مَا كَانَ يَدْعُوٓا۟ إِلَيْهِ مِن قَبْلُ وَجَعَلَ لِلَّهِ أَندَادًا لِّيُضِلَّ عَن سَبِيلِهِۦ ۚ قُلْ تَمَتَّعْ بِكُفْرِكَ قَلِيلًا إِنَّكَ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلنَّارِ ﴿٨﴾ أَمَّنْ هُوَ قَٰنِتٌ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ سَاجِدًا وَقَآئِمًا يَحْذَرُ ٱلْءَاخِرَةَ وَيَرْجُوا۟ رَحْمَةَ

[1] فەتھ سۈرىسى: 18-ئايەت.

رَبِّهِۦۗ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٩﴾

## تەرجىمىسى

8ـ ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر بالايىئاپەت كەلسە، ئۇ رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ (ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ) ئۆز پەزلىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىكلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئېيتقىنكى، «سەن كۇفرىلىقىڭ بىلەن تۇرۇپ، (بۇ دۇنيادىن ئازراق) مەنپەئەتلىنىۋالغىن، سەن چوقۇم دوزاخ ئەھلىدىنسەن.

9ـ(ئاشۇ كاپىر ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇپ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشى)مۇ؟» (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ (بۇنىڭدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ».

## تەپسىرى

مۇشرىكلارنىڭ ئىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئوپئوچۇق دەلىللەر قۇياشنىڭ نۇرىدەك روشەن چاقناپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ ياكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بۇتلارغا چوقۇنىدۇ ۋە ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشى شۇكى، ئۇلارنىڭ بېشىغا بىرەر بالايىئاپەت كەلسە ياكى چوڭ زىيان-زەخمەت يەتسە ۋەياكى ئېغىر كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۆز پەزل-كەرەمى بىلەن ئۇلارغا نېمەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قويغان ياكى ئۇلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن ياكى ئېغىر كېسەلدىن شىپالىق بەرگەن ۋەياكى ئۇلارنى باشلىرىغا كەلگەن

كۆلپەت ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلار شۇ ھامان بۇرۇنقى مۇشرىكلىك ھالىتىگە قايتىۋالىدۇ ۋە بۇتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بۇرۇن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ قىلغان دۇئاسىنى بولسا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ﴿وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَـٰنَ ٱلضُّرُّ دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُۥ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَآ إِلَىٰ ضُرٍّ مَّسَّهُۥ ۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئىنساننىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلسە، ئۇ ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا يەتكەن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، ئۇ گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾[1].

ئىنسان ئەنە شۇنداق تۇزكور ۋە ناشۈكۈردۇر. ﴿إِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٌ﴾ يەنى ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن رەببىگە قارىتا بەكمۇ تۇزكوردۇر﴾[2]. مۇشرىك ئىنسانغا نىسبەتەن ھەقىقەت شۇنچە ئوچۇق ۋە روشەن تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدۇ، نەتىجىدە باشقىلىرىنىمۇ ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. ئى كاپىر ئىنسان! سەن كۇفرىلىقىڭ بىلەن تۇرۇپ، بۇ پانىي دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىنىۋالغىن، ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇۋالغىن. چۈنكى، سەن بەرىبىر دوزاخ ئەھلىسەن، سېنىڭ بارىدىغان جايىڭ چوقۇم دوزاخ بولىدۇ. ئەمما مۇئمىن ئىنسان بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ بارىدىغان جايى جەننەتتۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەببىنىڭ رەھمىتىنى ۋە مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كاپىر ئىنسان بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس! بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى بولغان كىشىلەرلا تونۇپ يېتەلەيدۇ، ياخشى بىلەن ياماننىڭ پەرقىنى ئاشۇلارلا بىلەلەيدۇ.

كاپىر بىلەن مۇئمىن قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟ ھەقىقەتنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر بىلەن ھەقىقەتنى بىلمىگەن ۋە ئىزدەنمىگەن، نەتىجىدە ئازغۇنلۇققا پاتقانلار باراۋەر بولامدۇ؟ ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ.

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 12-ئايەت.
[2] ئادىيات سۈرىسى: 6-ئايەت.

ھەقىقەتنى بىلمىگەنلەر، توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ، ئۇلار توغرا يولنى تاپالمايدۇ. بۇ دېگەنلىرىمىزدىن پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى بولغان مۆئمىنلەرلا ئىبرەت ئالىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان پەقەت ئىمان بىلەنلا مۇكەممەل ئىنسان بولالايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن ئازغانلىق دوزاخنىڭ يولىنى تاللىۋالغانلىقتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىتائەتمەن مۆئمىن بىلەن گۇناھكار كاپىر ئوخشاش بولمىغاندەك، بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر ئوخشاش بولمايدۇ. ئىبادەتلەرنى بىلىپ قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى بىلمىسىمۇ ئەگىشىپ قىلغانلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. شۇڭا ئىبادەتلەرنى بىلىپ قىلىش لازىم. مەلۇمكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن بىرىدۇر.

### ◄ تەقۋالىق، ئىخلاس ۋە گۇناھتىن قېچىش

﴿قُلۡ يَٰعِبَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمۡۚ لِلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ فِي هَٰذِهِ
ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٞۗ وَأَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٌۗ إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجۡرَهُم
بِغَيۡرِ حِسَابٖ ١٠ قُلۡ إِنِّيٓ أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱللَّهَ مُخۡلِصٗا لَّهُ ٱلدِّينَ ١١
وَأُمِرۡتُ لِأَنۡ أَكُونَ أَوَّلَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ١٢ قُلۡ إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ
رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ ١٣ قُلِ ٱللَّهَ أَعۡبُدُ مُخۡلِصٗا لَّهُۥ دِينِي ١٤
فَٱعۡبُدُواْ مَا شِئۡتُم مِّن دُونِهِۦۗ قُلۡ إِنَّ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ
أَنفُسَهُمۡ وَأَهۡلِيهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَا ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ١٥
لَهُم مِّن فَوۡقِهِمۡ ظُلَلٞ مِّنَ ٱلنَّارِ وَمِن تَحۡتِهِمۡ ظُلَلٞۚ ذَٰلِكَ يُخَوِّفُ
ٱللَّهُ بِهِۦ عِبَادَهُۥۚ يَٰعِبَادِ فَٱتَّقُونِ ١٦ وَٱلَّذِينَ ٱجۡتَنَبُواْ ٱلطَّٰغُوتَ
أَن يَعۡبُدُوهَا وَأَنَابُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰۚ فَبَشِّرۡ عِبَادِ ١٧ ٱلَّذِينَ
يَسۡتَمِعُونَ ٱلۡقَوۡلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحۡسَنَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَىٰهُمُ ٱللَّهُۖ

وَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمْ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَـٰبِ ﴿١٨﴾ أَفَمَنْ حَقَّ عَلَيْهِ كَلِمَةُ ٱلْعَذَابِ
أَفَأَنتَ تُنقِذُ مَن فِى ٱلنَّارِ ﴿١٩﴾ لَـٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ رَبَّهُمْ لَهُمْ غُرَفٌ
مِّن فَوْقِهَا غُرَفٌ مَّبْنِيَّةٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ لَا
يُخْلِفُ ٱللَّهُ ٱلْمِيعَادَ ﴿٢٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

10ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(ئاللاھ دېدىكى) ئى ئىمان ئېيتقان بەندىلىرىم! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، بۇ دۇنيادا (ئەمەل ـ ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭدۇر، پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ھېسابسىز بېرىلىدۇ».

11ـئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن مەن دىننى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم،

12ـھەمدە (بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

13ـئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، (قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت) بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن».

14ـئېيتقىنكى، «مەن دىنىمنى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئىبادەت قىلىمەن.

15ـ(ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ خالىغىنىڭلارغا چوقۇنۇڭلار!» ئېيتقىنكى، «ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلسىدىكىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر.

16ـئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنى شۇ (ئازاب) بىلەن قورقۇتىدۇ». ئى بەندىلىرىم! مەندىن قورقۇڭلار!

17ـ18ـ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغان ۋە ئاللاھ تەرەپكە يول ئالغان كىشىلەرگە (بۇ دۇنيادا ھىدايەت، ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا (قۇرئان ۋە ھەدىسكە) ئەگىشىدىغان بەندىلىرىمگە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ئەقىللىق كىشىلەردۇر.

19ـ(ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن ئازابلاش ھۆكمى چۈشكەن ئادەم (نى سەن ھىدا-
يەت قىلالامسەن)، سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟

20ـ ئەمما رەببىدىن قورققانلارغا (جەننەتتە) قەۋەت-قەۋەت سېلىنغان، ئاس-
تىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان سارايلار بار. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر،
ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا، ئۇلارنى تەقۋالىققا ۋە ئىتائەتمەنلىككە بۇيرۇشقا ئەمر قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختسىزلىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ قالقىنىدۇر. تەقۋالىق قىلىش دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان ئادەم چوقۇم پايدا تاپىدۇ، ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇچىلارنى دۇنيادا ئەزىز قىلىشقا ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاشقا ۋەدە قىلغان.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەقىقىي نىجاتلىققا ئېرىشىش ۋە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يالغۇز ئىمانلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى تەقۋالىق كېرەك. ئىمان ئەڭ ئاساسلىق نىجاتكار بولسىمۇ، تەقۋالىق بىلەن ياخشى ئەمەل بۇ ئىمانغا نىسبەتەن ئىككى قاناتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ-دە، بۇ ئىماننى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرىدۇ. خۇددى ئۇچارقانات ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچقاندەك، ئىمان تەقۋالىق بىلەن ياخشى ئەمەل سايىسىدا ئاللاھ تائالاغا ئۆرلەيدۇ. ﴿إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ﴾ يەنى ﴿ياخشى سۆزلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا بىزگە مۇئمىنلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشتا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەقۋالىققا ھەممىدىن بەك موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بەزى كىشىلەرنىڭ «بىز مۇسۇلمان بولدۇق، بۇ

[1] فاتىر سۈرىسى: 10- ئايەت.

بىزگە يېتىدۇ» دەپ ئەمەل قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت سانىشى چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان ئادەم ياخشى ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. دىن دېمەك ئىبادەت دېگەنلىكتۇر. تەبىئىيكى، «ئىبادەت» دېگەن سۆزدىن ھەرگىزمۇ شۇ ۋاقتى، قائىدە-تەرتىپى بەلگىلەنگەن چەكلىك ئىبادەتلەرلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى، ھاياتىنىڭ ھەربىر مىنۇتى ۋە ھەربىر لەھزىسى ئىبادەت سانىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتى ھۆكۈم سۈرمەيدىغان مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ھاياتلىقىدا تەتبىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئۆزرە قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇ قوبۇل بولمايدىغان ئۆزرىدۇر. چۈنكى، ھەركىم قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا ﴿فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ مَا ٱسْتَطَعْتُمْ﴾ يەنى ﴿كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار﴾ [1] دەپ بۇيرۇغان. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئاۋۋال ئۆزىدە ۋە ئۆيى ئىچىدە، ئاندىن جەمئىيەتتە تەتبىق قىلىشتىن باشلاش كېرەك. ئۇلارنى ئۆزىدە ۋە ئۆيىدە تەتبىق قىلالمىغانلار جەمئىيەتتە ھەرگىز تەتبىق قىلالمايدۇ. ھەرقانداق ئىش كىچىكىدىن باشلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئۇل تېمى ئائىلە. ئۆز ئائىلىسىدە ئىسلامنى تەتبىق قىلالمىغان ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتە ئۇنى تەتبىق قىلىمەن دېگىنى يالغان.

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ﴿ھەقىقەتەن مەن دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەمدە (بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋەلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىنى چىڭ تۇتقان، ئۇنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغان، دىنىنى ئاللاھقىلا خاس قىلغان، ئىخلاس بىلەن تەقۋالىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە مۇسۇلمانلىقىم مەندىن تەلەپ قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن رەببىمدىن قورقىمەن، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا لايىق بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر. دىنىمنى، ئەقىدەمنى

[1] تەغابۇن سۈرىسى: 16-ئايەت.

ۋە بارچە ئىخلاسىمنى بىر ئاللاھقىلا بېغىشلىغان ھالدا، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىمەن. چۈنكى، مەن ھاياتىمنى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا ئاتىدىم.

﴿(ئى مۇشرىكلار!) سىلەر ئاللاھنى قويۇپ خالىغىنىڭلارغا چوقۇنۇڭلار!﴾ بۇ مۇشرىكلارغا كايىش ۋە قاتتىق ئەيىبلەش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، گويا ئۆزۈڭلار خالىغان ساختا ئىلاھلىرىڭلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، چۈنكى، سىلەر بىلىشكە تېگىشلىكلەرنى بىلدىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ پايدا-زىيىنىنى پەرق ئېتەلەيسىلەر، ئەمدى بىلگىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار! ئۇزاققا قالماي بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىيسىلەر، دېگەنلىكتۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلار ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى ھەم ئۆزلىرىنى ھەم ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بىلىڭلاركى، بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر. قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنى دوزاختا ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ. يەنى ئۇلار ھەر تەرەپتىن قورشالغان ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئاقىۋەتتە زىيان تارتىشتىن ساقلىنىپ قالسۇن دەپ، ئۇلارنى شۇنداق دەھشەتلىك ئازابلار بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە دەيدۇكى، ئى بەندىلىرىم! مەندىنلا قورقۇڭلار! ئۆزۈڭلارنى مۇنداق قاتتىق ئازابلارغا لايىق قىلماڭلار، مېنىڭ غەزىپىمگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار!

ئەمدى مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان بۇت، ھەيكەل، كۈن، ئاي، ئوت، يۇلتۇز قاتارلىق تەبىئەت كۈچلىرىدىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق تۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالا تەرەپكە يول ئالىدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ھىدايەتكە مۇۋەپپەق بولۇش، ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىش ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغان بەندىلىرىمگە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلار ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھەقىقىي ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن دوزاخقا كىرىدىغانلىقى بەلگىلىنىپ كەتكەنلەرنى ھىدايەت قىلالمايسەن، ئۇلارنى

يولغا كەلتۈرەلمەيسەن. سەن دوزاخ چوڭقۇرلۇقىدا بولغانلارنى قۇتقۇزالامسەن؟ ياق! سەن ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىيەلمەيسەن، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، دوزاخقا مەنسۇپ بولغانلارنىمۇ ئۇنىڭدىن چىقىرالمايسەن. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىنىنى ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلدە تەتبىق قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. ئەمما ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِى مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهْدِى مَن يَشَآءُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شۈبھىسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاشقا بولغان قاتتىق ھېرىسمەنلىكى بىراۋنى يېنىۋاتقان ئوتتىن قۇتقۇزماقچى بولغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان.

ئەمدى، رەببىنىڭ غەزىپىگە لايىق بولۇپ قېلىشتىن ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورققانلارغا كەلسەك، ئۇلار جەننەتلەردە قەۋەت - قەۋەت سېلىنغان، قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي سارايلارغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان ۋەدىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالادىنمۇ راستچىل كىم بولسۇن؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** پەيغەمبەرلىك ئاللاھ تائالادىن كەلگەن كاتتا نېمەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا شۇ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى سائادەت يولىغا يېتەكلىگەن.

**2.** ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا تەقۋادار بولۇپ، يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرچان بولغانلار ئەڭ سائادەتمەن ئىنسانلاردۇر.

**3.** يالغۇز ئىبادەت قىلىنىش بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر.

**4.** ئىسلام دىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك كاتتا شەرەپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شان-شەرىپى ئىسلام ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن بولىدۇ.

**5.** بۇ دۇنيادىكى زىيان-زەخمەتلەر قانچىلىك چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىيانلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسە

[1] قەسەس سۈرىسى: 56-ئايەت.

سانالمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي زىيان ئاخىرەتلىكتىن زىيان تارتىشتۇر.

6. دوزاخ ئەھلى بولىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتكەن، دىلى كور ئىنسانلارغا دەۋەتنىڭ ۋە ۋەز-نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

7. تەقۋادار مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە تەييارلىغان مۇكاپاتلىرى بەكمۇ چوڭدۇر.

## ◄ بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىتى

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَلَكَهُۥ يَنَٰبِيعَ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا مُّخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ حُطَٰمًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

21-(ئى پەيغەمبەر!) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇ-رىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن رەڭگارەڭ زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن ئۇنى شاخ-شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇلاردا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر پەند-نەسىھەت بار.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق داۋاملىق يوق پانىي ئالەم بولۇپ، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىمۇ پانىيدۇر. بۇ دۇنياغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنياغا ئىشەنچ قىلغان ئادەم ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ ئاجىز ۋە چىدامسىز بىر نەرسىگە ئىشەنچ باغلىغان بولىدۇ. بۇ دۇنيا ئاللاھ تائالا بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، يامغۇر يەرگە سىڭىپ ئۈنگەندىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاشۇ بۇلاق سۈيى بىلەن رەڭگى، شەكلى، پۇرىقى ۋە تەمى ھەر خىل بولغان زىرائەتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ، ئاندىن بۇ زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ سارغىيىپ، ئاخىر قۇيقۇرۇق قاقشال بولۇپ شاخ-شۇمبىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. دۇنيانىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداقتۇر. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە پايدىلىق ئۈگۈت بار.

توغرا، ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەم بىلىدۇكى، دۇنيانىڭ ئۆمرى خۇددى جانلىقلارنىڭ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆمرىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئۆمرى قانچىلىك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، چوقۇم بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ﴿كُلُّ شَيۡءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجۡهَهُۥ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە پۇختا تەدبىرىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرى ئىنساننى ئىمانغا ئېلىپ بارىدۇ.

2. سۇ جىمى جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىدۇر.

### ◄ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە قەلبنىڭ ئېچىلىشى

﴿أَفَمَن شَرَحَ ٱللَّهُ صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِ فَهُوَ عَلَىٰ نُورٖ مِّن رَّبِّهِۦۚ فَوَيۡلٞ
لِّلۡقَٰسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٍ ﴿٢٢﴾ ٱللَّهُ
نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ
ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ
هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٍ
﴿٢٣﴾ أَفَمَن يَتَّقِي بِوَجۡهِهِۦ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ وَقِيلَ لِلظَّٰلِمِينَ
ذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ﴿٢٤﴾ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَأَتَىٰهُمُ
ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٢٥﴾ فَأَذَاقَهُمُ ٱللَّهُ ٱلۡخِزۡيَ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ
ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿٢٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

22ـ ئاللاھ كۆڭلى-كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچقان ۋە بۇنىڭ سايىسىدا رەببىنىڭ نۇرى (ھىدايىتى) ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى قېتىپ كەتكەن ئازغۇن ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟ ئاللاھنىڭ زىكرى (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈگەنلىكتىن

[1] قەسەس سۈرىسى: 88ـئايەت.

دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئەنە شۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتىدۇر.

23-ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى پاساھەت ۋە بالاغەتتە) بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ (مۆئمىنلەرگە بولغان) رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ.

24-قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابتىن ئۆزىنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشقان ئادەم (ئامانلىق ئىچىدىكى ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟ (ئۇ كۈندە) زالىملارغا: «قىلغان گۇناھىڭلارنىڭ جازاسىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

25-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلاردىن (يەنى قەۋمىڭدىن) ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلگەن ئىدى.

26-ئاللاھ ئۇلارغا بۇ دۇنيادا خارلىقنى تېتىتتى. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ چوڭدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) بىلسە ئىدى (ئەلۋەتتە ۋەز-نەسىھەت ئالغان بولاتتى).

## ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»دىن ئۆگۈت ئالىدىغان، ئىلاھىي نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر غەيبكە ئىشىنىدىغان، دىللىرىنى ئاللاھ تائالا ئىسلامغا ئاچقان ۋە توغرا يولدا ماڭغان مۆئمىنلەردىن ئىبارەت ئەقىل ئىگىلىرىدۇر. بۇنداق كىشىلەر ھەقىقەتتىن ئېزىپ كەتكەن، قەلبى كور، دىلى قاتتىق ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ بۇ ئىككىسى باراۋەرمۇ؟ ياق! بۇلار ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇلار قەتئىي باراۋەر ئەمەس. ئاللاھ تائالا دىلىنى ئىسلامغا ئاچقان ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ساغلام ھالىتىنىڭ (فىترىتىنىڭ) تەلپىيى بويىچە ئىش قىلغان ئادەمدۇر. ﴿فَأَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفٗاۚ فِطۡرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيۡهَاۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن توغرا دىنغا-ئاللاھنىڭ دىنىغا يۈزلەنگىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان﴾[1]. ئېنىقكى، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى

---

[1] رۇم سۈرىسى: 30-ئايەت.

ساغلام ھالىتىنىڭ تەلپىي بويىچە ئىش قىلغان ئادەم ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بولغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈ-گەنلىكتىن ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن دىلى قېتىپ كەتكەن، كۆڭلى قارىيىپ كەتكەن ئاشۇ ئازغۇن كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، كۆڭلى سىقىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن ئادەملەردۇر.

ئاللاھ تائالا سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى، ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ چىرايلىقى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئايەتلىرى بەدىئىيلىكتە، پاساھەتتە ۋە گۈزەل ئىپادىلەشتە بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، قىسسىلىرى، ۋەز-نەسىھەتلىرى، يەنە بەزى مەزمۇنلىرى تەكرارلىنىدىغان مۇكەممەل بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئالدىدىن ياكى كەينىدىن، ھېچقانداق تەرىپىدىن باتىل يېقىنلىشالمايدىغان، مۆجىزىلىرى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلىدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە دەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز(قۇرئان)نى (ئايەتلىرى پاساھەت ۋە بالاغەتتە) بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان، ئۇلار ئۇنىڭدىن قىسسە بايان قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ﴿نَحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ أَحۡسَنَ ٱلۡقَصَصِ بِمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ وَإِن كُنتَ مِن قَبۡلِهِۦ لَمِنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ئېسىل قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىمىز. ئەلۋەتتە سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى (بۇ قىسسىلەردىن) خەۋەرسىز قالغانلاردىن ئىدىڭ﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان، ئۇلار ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ﴿أَلَمۡ يَأۡنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن تَخۡشَعَ قُلُوبُهُمۡ لِذِكۡرِ ٱللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ ٱلۡحَقِّ﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئەتكەندە ۋە نازىل قىلىنغان ھەقىقەت (قۇرئان ئايەتلىرىنى

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 3-ئايەت.

ئاڭلىغاندا) دىللىرى ئېرىيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان»[2].

﴿أَفَمِنۡ هَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ تَعۡجَبُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇشرىكلار!) بۇ سۆز (قۇرئان)دىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟﴾[3]، ﴿فَذَرۡنِي وَمَن يُكَذِّبُ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويغىن﴾[4]. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق ئېسىل كىتابتۇر. ئۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان ۋەھيىدۇر. ئۇنىڭدا قىسسىلەر، ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە ئەھكاملار ئەڭ ئېسىل شەكىلدە تەكرار بايان قىلىنىدۇ، ئەمما ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنى ئوقۇغانسېرى ئادەمنىڭ قىزىقىشى ۋە زوقى ئاشىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» شۇنداق بىر كىتابكى، مۇئمىنلەر ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى تىترەپ كېتىدۇ، ئاندىن رەببىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان كاتتا مۇكاپاتلىرىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشايدۇ. يەنى ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالا كاپىرلار ئۈچۈن ھازىرلىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان چېغىدا، كۆزلىرىدىن ياش ئاقىدۇ ۋە ئۇنىڭلىرى پەسسىيىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا قورقۇنچتىن بەدەنلىرى تىترەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە تەييارلىغان مۇكاپاتلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ياپراپ كېتىدۇ، دىلىنى خاتىرجەملىكنىڭ ۋە رازىمەنلىكنىڭ خۇش بېشارەتلىرى يورۇتۇۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى تولۇق ئارام تاپىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېگەن: «مەن چوڭ ئانام ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ‹ساھابىلەر قۇرئان ئوقۇلغاندا قانداق قىلاتتى؟› دەپ سورىدىم، ماڭا: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا، خۇددى ئاللاھ ئۇلارنى سۈپەتلىگەندەك ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، بەدەنلىرى تىترەپ كېتەتتى›[5] دېدى».

---

[1] ھەدىد سۈرىسى: 16-ئايەت.

[2] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 426-بەت.

[3] نەجم سۈرىسى: 59-ئايەت.

[4] قەلەم سۈرىسى: 44-ئايەت.

[5] «سنن سعيد بن منصور» 2-توم، 330-بەت، 95- ھەدىس.

«قۇرئان كەرىم» ھىدايەتنىڭ مەنبەسى ۋە توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ كىتاب بىلەن خالىغان بەندىلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. «بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، قۇرئان ئوقۇش ۋە ئاڭلاش دىللارنى ئېچىش، ساپلاشتۇرۇش ۋە نەپسىنى پاكلاشنىڭ بىرىنچى ئامىلىدۇر»[1].

ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېرىشىپ توغرا يولدا ماڭغان ئادەم بىلەن توغرا يولدىن ئازغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ بۇلار ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ. ﴿قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابتىن ئۆزىنى يۈزى بىلەن مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشقان ئادەم (ئامانلىق ئىچىدىكى ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمۇ؟ قىيامەت كۈنى قولى باغلانغانلىقتىن، جەھەننەمنىڭ قاتتىق ئازابىدىن يۈزى بىلەن ئۆزىنى قوغدىماقچى بولىدىغان ئادەم ھېچبىر ئازابقا ئۇچرىمايدىغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ بۇلار قانداقمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىسۇن؟ ئۇلارنىڭ بىرى، ھىدايەتتىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىر، يەنە بىرى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتى بىلەن توغرا يول تاپقان مۇئمىن تۇرسا؟ بۇلار تەڭ بولامدۇ؟

قىيامەت كۈنى زالىملارغا «سىلەر ئۆزۈڭلار سادىر قىلغان گۇناھلىرىڭلار ۋە بارلىق قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن تېگىشلىك بولغان بۇ ئازابنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازابىغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ دۇنيادا بەلگىلىگەن ئازابلارنى تولۇق تېتىتقان بولۇپ، بەزىسىنى يەرگە يۇتقۇزۇپ ھالاك قىلغان بولسا، بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلغان. يەنە بەزىسىنى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلغان بولسا، بەزىسىنى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەنلا مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلارنىڭ دىلى زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، زېمىنلارنىڭ ئىچىدە سۈنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە تېرىغان نەرسە ئۈنۈپ چىقىدىغانلىرىمۇ، سۈنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغانلىرىمۇ بولغىنىدەك، ئىنسانلارنىڭ دىللىرى ئىچىدە ھەقىقەتنىڭ چاقىرىقىغا يۇمشايدىغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىرىمۇ، قەتئىي يۇمشىمايدىغان ۋە چاقىرىقنى قوبۇل قىلمايدىغانلىرىمۇ بار.

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 266- بەت.

2. «قۇرئان كەرىم» خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىدا، ھۆكۈملىرىنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكىدە يېگانە كىتابتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغاندا دىلى يۇمشايدىغان ۋە ئۈنىڭدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ھېس قىلىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كىشىلەردۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن ئاخىرلاشقۇ.

5. ئىنسانلار ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا ئىشەنسە، ھەرگىز دىنىنى ئىنكار قىلمايتتى. دېمەك، بارچە بەختسىزلىكنىڭ بېشىدا ئىمانسىزلىق كېلىدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللار

﴿وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٍ لَّعَلَّهُمْ
يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٧﴾ قُرْءَانًا عَرَبِيًّا غَيْرَ ذِي عِوَجٍ لَّعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٢٨﴾
ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا رَّجُلًا فِيهِ شُرَكَآءُ مُتَشَٰكِسُونَ وَرَجُلًا سَلَمًا
لِّرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلًا ۚ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢٩﴾
إِنَّكَ مَيِّتٌ وَإِنَّهُم مَّيِّتُونَ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ إِنَّكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ عِندَ رَبِّكُمْ
تَخْتَصِمُونَ ﴿٣١﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

27-شەكسىزكى، بىز كىشىلەرنىڭ پەند-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.

28-ئۇلارنىڭ تەقۋادار بولۇشى ئۈچۈن، ھەرقانداق نۇقساندىن خالىي بولغان، ئەرەبچە قۇرئاننى (نازىل قىلدۇق).

29-ئاللاھ (سىلەرگە) بىر-بىرى بىلەن تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر قۇل بىلەن بىرلا خوجايىننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇلنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھالى ئوخشاشمۇ؟ (ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس). جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! ئەمما

كىشىلەرنىڭ تولىسى (ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ.

30-(ئى پەيغەمبەر!) شەكسىزكى، سەن ۋاپات بولىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ.

31-(ئى ئىنسانلار!) شۇنىڭدىن كېيىن سىلەر چوقۇم قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر-بىرىڭلار بىلەن دەۋالىشىسىلەر.

### ◄ تەپسىرى

بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۆزلىرى موھتاج بولىدىغان ھەممە نەرسە توغرۇلۇق تۈرلۈك مىساللارنى كەلتۈردۇق. بۇ قۇرئاننى كىشىلەر ۋەز-نەسىھەت ۋە ئۆگۈت ئالسۇن، شۇنىڭ بىلەن تەقۋادار مۇئمىنلەردىن بولۇپ بۇ دۇنيانىڭ ئىزتىراپلىرىدىن، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلانسۇن دەپ، ئەڭ پاساھەتلىك تىل - ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق. ﴿وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمٗا فَٱتَّبِعُوهُۖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ مېنىڭ توپتوغرا يولۇمدۇر، شۇڭا سىلەر مۇشۇ يولدا مېڭىڭلار﴾[1]. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»دە كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ۋە ئۆگۈت ئېلىشى ئۈچۈندۇر. ۋەز-نەسىھەت بىلەن ئۆگۈت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى ۋە ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئاساسلىق غايىسى بولغان تەقۋالىققا تۈرتكە بولىدۇ. تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇئمىن ئادەم بىلەن مۇشرىك ئادەم توغرۇلۇق كۆپلىگەن خوجايىنلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىرلا قۇل بىلەن بىرلا خوجايىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇلنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. بۇ خوجايىنلار بۇ بىرلا قۇلدىن بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان خىزمەتلەرنى تەلەپ قىلغىنىدا، خوجايىنلار ئۇنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ قالسا، ئەھۋال قانداق بولماقچى؟ بۇ بىر قۇل خوجايىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى رازى قىلىپ بولالامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىرلا خوجايىنىنىڭ ئىلكىدىكى قۇل ئۇنى ئەلۋەتتە رازى قىلالايدۇ. بۇ مىسالدا كۆپ ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىك ئادەم كۆپ خوجايىنلارنىڭ ئىلكىدە بولغان قۇلغا، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان مۇئمىن ئادەم بىرلا خوجايىنىنىڭ ئىلكىدە بولغان قۇلغا ئوخشىتىلغان.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 153-ئايەت.

خۇددى بىرلا خوجايىنىنىڭ ئىلكىدە بولغان قۇل خوجايىنىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ ئۇنى رازى قىلالىغاندەك، مۇئمىن ئادەممۇ بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى رازى قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ئاللاھتىن باشقىسىنى رازى قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغان كاپىر ئادەم بىلەن ياكى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىك ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ باراۋەر ئەمەس. ئاللاھ تائالاغا شۈكرىكى، ئۇ بىزنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى قىلدى ۋە بىزنى ئۆزىنىڭ ھەق يولىغا ھىدايەت قىلدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا بىزنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، ھەرگىزمۇ بۇ كاتتا نېمەتكە سازاۋەر بولالمىغان بولاتتۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەن ۋە مۇشۇنداق ئىبرەتلىك مىساللاردىنمۇ مەنپەئەت ئالمىغانلارنى ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرۇپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! شەكسىزكى، سەن ۋاپات بولىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنىدە رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر-بىرىڭلار بىلەن دەۋالىشىسىلەر. شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان مۇسۇلمانلار! كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قايغۇرماڭلار، يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەسىلىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. مەلۇمكى، مىساللار مەقسەت قىلىنغان مەنىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئەپلىك يولىدۇر.

2. ئىمان بىلەن كۇفرى ئوخشاش بولمىغاندەك، بۇ ئىككىسىنىڭ نەتىجىسىمۇ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى، مۇئمىن مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك يولىنى تاللىغان كىشى بولسا، كاپىر مەڭگۈلۈك ئاۋارىچىلىقنى ۋە بەختسىزلىكنى تاللىۋالغان كىشىدۇر.

4. قىيامەت كۈنىدىكى مەھكىمە ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى تەجەللى قىلىدىغان، ھەقىقىي مەنىدىكى ئادالەت مەھكىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا

بارلىق ئىختىلاپلار ۋە بارلىق دەۋالار ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

### ◄ ئەڭ زالىم كىم ۋە ئەڭ راستچىل كىم؟

﴿فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَذَبَ عَلَى ٱللَّهِ وَكَذَّبَ بِٱلصِّدْقِ إِذْ جَآءَهُۥٓۚ
أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٣٢﴾ وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدْقِ
وَصَدَّقَ بِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُتَّقُونَ ﴿٣٣﴾ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ رَبِّهِمْۚ
ذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٣٤﴾ لِيُكَفِّرَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ أَسْوَأَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟
وَيَجْزِيَهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٣٥﴾ أَلَيْسَ ٱللَّهُ
بِكَافٍ عَبْدَهُۥۖ وَيُخَوِّفُونَكَ بِٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦۚ وَمَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ
فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٣٦﴾ وَمَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّضِلٍّۗ أَلَيْسَ ٱللَّهُ
بِعَزِيزٍ ذِى ٱنتِقَامٍ ﴿٣٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

32ـ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان، ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟

33ـ بۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن كىشىلەرـ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر.

34ـ35ـ ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نېمەتلەر بار. مانا بۇ بۇرۇن قىلىپ قويغان ئەڭ يامان ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلىشىنى كۆزلەپ (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

36ـ ئاللاھ بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقىلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.

37ـ ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچبىر ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ (ھەممىگە) غالىب، (كاپىرلارنى) جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن چوقۇم بىر كۈنى ۋاپات بولىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا بارلىق مەۋجۇدات پانىيلىققا مەھكۇمدۇر، ھەممە جان ئىگىسى چوقۇم ئۆلىدۇ. ئاندىن سىلەر بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت ئالەمگە بارغاندىن كېيىن، رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر-بىرىڭلار بىلەن دەۋالىشىسىلەر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى تولۇق نامايان قىلىدۇرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ھەممىدىن بەك زۇلۇم قىلىدىغان ئادەم كىم؟ «ئاللاھنىڭ شېرىكى بار»، «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەپ جۆيلۈش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا شېرىكنى ۋە بالىنى مەنسۇپ قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى قۇرئاننى ۋە ئىسلام دىنىنى) ھېچ ئويلاپ باقماستىنلا ئىنكار قىلىۋەتكەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە مەنسۇپ قىلمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلىق ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. بۇ ھەرقانداق بىر زۇلۇمدىن ئېغىر ۋە چوڭ زۇلۇمدۇر.

بۇنداق زالىملارغا جەھەننەمدە ئورۇن يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! چۈنكى، جەھەننەم مۇشۇنداقلار ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئازابى ئۇلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر. ﴿حَسۡبُهُمۡ جَهَنَّمُ يَصۡلَوۡنَهَاۖ فَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ﴾ يەنى ﴿دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان بارارجاي!﴾ [1]، يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى جازالاش ئۈچۈن، جەھەننەم ئۇلارغا ئەلۋەتتە يېتەرلىك جازادۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلَّذِي جَآءَ بِٱلصِّدۡقِ وَصَدَّقَ بِهِۦٓ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەريي پىشقەدەم مۇپەسسىرلەر ئېيتقان مەنىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتنىڭ ﴿وَٱلَّذِي جَآءَ بِٱلصِّدۡقِ﴾ دېگەن قىسمىدىن ﴿لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ﴾ دېگەن شاھادەت كەلىمىسى، ﴿وَصَدَّقَ بِهِۦٓ﴾

---

[1] مۇجادەلە سۈرىسى: 8-ئايەت.

دېگەن قىسمىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەن. قەتادە ﴿وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدۡقِ﴾ دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ﴿وَصَدَّقَ بِهِۦٓ﴾ دىن مۇئمىنلەر مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەن. سۇددىي ﴿وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدۡقِ وَصَدَّقَ بِهِۦٓ﴾ دېگەن ئىككىلىسىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. يەنە بەزىلەر ﴿جَآءَ﴾دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ﴿بِٱلصِّدۡقِ﴾ دىن قۇرئان، ﴿وَصَدَّقَ بِهِۦٓ﴾ دىن مۇئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرىسى ﴿وَٱلَّذِى جَآءَ بِٱلصِّدۡقِ وَصَدَّقَ بِهِۦٓ﴾ دېگەن ئايەت تەۋھىد ئەقىدىسىگە، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

«قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت شەكسىز ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەر- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب – «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە ھەممىنى تولۇق بايان قىلغان ئۇلۇغ دەستۇر ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن كىشىلەر- ئەنە شۇلار ھەقىقىي تەقۋادارلاردۇر. ئۇلارغا قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا نازۇنېمەتلەردىن ۋە ئالىي مۇكاپاتلاردىن خالىغانلىرى بار. جەننەتتىلا ئەمەس، بەلكى ھېساب مەيدانىدا ۋە ھەرقانداق قىيىن ئۆتكەللەردە ئۇلارغا خالىغانلىرى بار ۋە جىمى ئوڭايلىقلار بار. مانا بۇ بۇرۇن ئۆزلىرى بىلىپ - بىلمەي قىلىپ قويغان ئەڭ يامان ئىشلىرىنى، سادىر قىلغان ھەرقانداق گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆچۈرۈۋېتىشىنى ۋە ئۆزلىرىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلىشىنى كۆزلەپ بارچە ياخشى ئەمەللەرنى ۋە تائەت-ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئىخلاس بىلەن قىلغان تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

«بەزىلەر سورىشى مۇمكىن، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنىڭ ئەڭ يامان ئەمەللىرىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىدۇ، دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇلارنىڭ يامان ۋە ئەڭ يامان ئەمەللىرى بولامدۇ؟ ئاندىن ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان ئەمەللىرىنىلا كەچۈرەمدۇ؟ بۇلارنىڭ جاۋابى مۇنداق: تەقۋادار ئادەم ئاللاھ تائالادىن ھەممىدىن بەك قورققانلىقى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ھەممىدىن

[1] «تفسير الطبري» 21-بەت، 290-بەت.

بەك يىراق تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى كىچىك گۇناھلارمۇ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر كىچىك گۇناھ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چوڭ ۋە ئەڭ يامان ئەمەلدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتى، ۋايىغا يەتكەن تەقۋالىقى ۋە چىن ئىخلاسى يۈزىسىدىن، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ئەمەللەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرى بويىچە ‹ئەڭ يامان ئەمەللىرى› دەپ بايان قىلىنغان»[1].

ئاللاھ تائالا بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغداشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە مۇئمىن بەندىلىرىنى كاپىرلارنىڭ ھەر خىل سۇيىقەستلىرىدىن قوغداپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھەممىگە غالىبتۇر ۋە كاپىرلارنى جازالاشتا كەسكىندۇر.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئاللاھ تائالا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭ ھامىيلىقى ساڭا يېتىدۇ. مۇشرىكلار سېنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان بۇتلىرى بىلەن قورقۇتماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئۆزىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشى ۋە ھىدايەتنى ياقتۇرمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچبىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى قوغداشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلىرى بىلەن پەيغەمبەرنى قورقۇتماقچى بولغان ئازغۇنلارنىمۇ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ.

ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ساپ ھالىتى بويىچە ئىش قىلغانلىقى ۋە ھىدايەتكە بولغان مايىللىقى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان، ئۇنىڭغا توغرىلىقنى ئىلھام قىلغان ۋە قولىدىن تۇتقان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان تەڭداشسىز ئىلاھ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھەممىگە غالىب، مۇئمىن بەندىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرلارنى، زالىملارنى جازالىغۇچى زات ئەمەسمۇ؟!

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 270- بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يالغانچىلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەنلەردۇر.

2. ھەق دىننى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا دۇچار بولىدۇ.

3. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئېتىقادتا، ئەمەل-ئىبادەتتە سەممىي بولۇشقا چاقىرىدۇ.

4. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى تەقۋالىقنى ئاساس قىلغان ھالدا قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ئەلۋەتتە يۇقىرى بولىدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە نائىل بولغانلار ئەڭ بەختلىك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ھېچكىم توغرا يولدىن چىقىرالمايدۇ.

6. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە مېھرىبان بولغاندەك، زالىملارغا قاتتىقتۇر.

### مۇشرىكلار بىلەن مۇنازىرە

﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلْ
أَفَرَءَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ إِنْ أَرَادَنِىَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ هَلْ هُنَّ
كَٰشِفَٰتُ ضُرِّهِۦٓ أَوْ أَرَادَنِى بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَّ مُمْسِكَٰتُ رَحْمَتِهِۦ ۚ قُلْ
حَسْبِىَ ٱللَّهُ ۖ عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٣٨﴾ قُلْ يَٰقَوْمِ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ
مَكَانَتِكُمْ إِنِّى عَٰمِلٌ ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ
وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٤٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

38-ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياكى ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇنى توسۇۋېلىشقا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ كۈچى يېتەمدۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ماڭا

يېتەرلىكتۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ».

39-40- ئايەتلەر: «ئى قەۋمىم! قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە قىلىمەن. سىلەر رەسۋا قىلغۇچى ئازابنىڭ كىمگە كېلىدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر».

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، مۇشرىكلارنىڭ شۇنداق قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە تېگىشلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبنىڭ ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغان.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقان ئاشۇ مۇشرىكلاردىن «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دېمەك، ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئۇلار كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، قانداقلارچە ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىبادەت ۋە دۇئالارنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلمايدۇ؟

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئىبادەت ۋە دۇئالىرىڭلاردا ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان بۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلساڭلار ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ! ناۋادا ئاللاھ تائالا ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەتنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلار مېنى زىيان-زەخمەتتىن قوغداپ قالالامدۇ؟ ماڭا كەلگەن زىيان-زەخمەتنى بۇلار كۆتۈرۈۋېتەلەمدۇ؟ ناۋادا ئاللاھ تائالا ماڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، سىلەرنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرىڭلار بۇنى مەندىن توسۇپ قالالامدۇ؟ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىلاھ دەپ چوقۇنغان بۇتلىرى قانداقمۇ كىشىلەرگە پايدا-زىيان

يەتكۈزەلىسۇن؟!

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ ساختا ئىلاھلىرى بىلەن قورقۇتۇشقا تىرىشاتتى، ئۇنىڭغا «ئەگەر سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكۈشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساڭ، بۇ ئىلاھلىرىمىز چوقۇم سېنى جازالايدۇ» دەيتتى. تاشتىن، تۇپراقتىن ياسالغان بۇ بۇتلار قانداقمۇ بىراۋنى جازالىيالىسۇن؟!

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا كەسكىن قىلىپ شۇنداق دېگىنكى، ئاللاھ تائالا ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇ مېنى قوغداشقا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا مەن ئۇنىڭغىلا تەۋەككۈل قىلىمەن. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ياخشى مەدەتكار ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەقىقىي مۇئمىنلەر دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلسۇن، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىسۇن.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا يەنە شۇنى ئېيتقىنكى، ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە، ھازىرقى مۇشۇ ھالىتىڭلار ۋە ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىڭلار بويىچە ئىش قىلىۋېرىڭلار، خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىمەن. ئۇنتۇماڭلاركى، بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلىدىغان ۋە خار قىلىدىغان، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك داۋاملىشىدىغان ئازابنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى سىلەر ئۆزۈڭلار قالمايلا بىلىپ قالىسىلەر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ۋە تاللانغان بەندىلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئاللاھ تائالا كىمنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى تارمار قىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تەۋەككۈل قىلىش ئىبادەتتۇر. ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت سانىغۇچىلار ئالدىنىپ قالغانلاردۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ لِلنَّاسِ بِٱلۡحَقِّۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَلِنَفۡسِهِۦۖ
وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٍ ﴿٤١﴾ ٱللَّهُ

يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَاۖ فَيُمۡسِكُ
ٱلَّتِي قَضَىٰ عَلَيۡهَا ٱلۡمَوۡتَ وَيُرۡسِلُ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٢﴾ أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُفَعَآءَۚ
قُلۡ أَوَلَوۡ كَانُواْ لَا يَمۡلِكُونَ شَيۡـٔٗا وَلَا يَعۡقِلُونَ ﴿٤٣﴾ قُل لِّلَّهِ ٱلشَّفَٰعَةُ
جَمِيعٗاۖ لَّهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٤٤﴾ وَإِذَا ذُكِرَ
ٱللَّهُ وَحۡدَهُ ٱشۡمَأَزَّتۡ قُلُوبُ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِۖ وَإِذَا ذُكِرَ
ٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦٓ إِذَا هُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٤٥﴾ قُلِ ٱللَّهُمَّ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِ عَٰلِمَ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ أَنتَ تَحۡكُمُ بَيۡنَ عِبَادِكَ فِي مَا
كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿٤٦﴾ وَلَوۡ أَنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا
وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفۡتَدَوۡاْ بِهِۦ مِن سُوٓءِ ٱلۡعَذَابِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ وَبَدَا لَهُم
مِّنَ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يَكُونُواْ يَحۡتَسِبُونَ ﴿٤٧﴾ وَبَدَا لَهُمۡ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُواْ
وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ ﴿٤٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**41**ـ(ئى پەيغەمبەر!) ھەقىقەتەن بىز ساڭا بۇ كىتابنى ئىنسانلار (نى توغرا يولغا باشلاش) ئۈچۈن ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى (ئۇنىڭ بىلەن) ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا ئازغان بولىدۇ. سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن.

**42**ـئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جېنىنى ئۇخلىغان چاغدا (يېرىم) ئېلىپ تۇرىدۇ؛ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ جېنىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جېنىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى توشقۇچە) قويۇپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

**43**ـمۇشرىكلار ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارنى شاپائەتچى قىلىۋالدىمۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئۇ ئاتالمىش شاپائەتچىلەر ھېچ نەرسىگە ئىگە

بولالمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان تۇرسىمۇ، يەنە ئۇلارنى شاپا-
ئەتچى قىلىۋالامسىلەر؟»

44-ئېيتقىنكى، «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاسمانلار-
نىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاندىن سىلەر ئۇنىڭ دەر-
گاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».

45-ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدى-
غانلارنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقىلىرى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار
يايراپ كېتىدۇ.

46-ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، يوشۇ-
رۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ
قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە پەقەت سەن ھۆكۈم چىقىرىسەن».

47-ئەگەر يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، يەنە شۇنىڭدەك بىر
ھەسسە كۆپ نەرسە زالىملارنىڭ بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى قىيامەت
كۈنىدىكى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە فىدىيە قىلىپ بېرىۋەتكەن
بولاتتى. (ئۇ كۈندە) ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرى (دۇنيادىكى چاغلىرىدا)
ئويلاپ باقمىغان ئىشلار (ئازابلار) ئاشكارا بولىدۇ.

48-ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۆزلىرى
مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە دەلىل-پاكىتلارنى ئارقا-ئارقىدىن كەلتۈرۈپ، مۇشرىكلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىغا ۋە ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلىرىغا قارىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا رەددىيە بەرگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسانلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ھىدايەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، مۇشرىكلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەھۋاللارنى ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارغا

ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان ساماۋى كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ساڭا نازىل قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ھەق بىلەن ۋە ھېكمەت بىلەن نازىل قىلدى. كىمكى ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تاپسا ۋە توغرا يولدا مېڭىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ، كىمكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلماي ئېزىپ كېتىدىكەن ۋە ناتوغرا يوللاردا ماڭىدىكەن، ئۇنىڭ ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇ ئادەم كاپىرلىقى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەمما سەن ئى مۇھەممەد ئە-لەيھىسسالام! ئۇلارنىڭ بۇ تاللىشىدىن جاۋابكار ئەمەسسەن، ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن، ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچىمۇ ئەمەسسەن، سەن پەقەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزگۈچى ئەلچىسەن، ئەمما ھېساب ئېلىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى سەۋەبلىك قايغۇرمىغىن، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن.

ئىنسانلارنىڭ ئەجىلى توشقان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىگىرى-كېيىن قىلماستىن دەل ۋاقتىدا ئالىدۇ، ئەمما ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جېنىنى ئۇخلىغان چاغدا (يېرىم) ئېلىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. يەنى ئادەم ئۇخلىغان چاغدا، ئاللاھ تائالا جانىنىڭ تەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تاشقى تەرەپتىن ئۈزۈپ قويىدۇ، ئەمما ئۇ رەسمىي ئۆلگەن ۋاقىتدا جان بىلەن تەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىچكى ۋە تاشقى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈزۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم رەسمىي ئۆلىدۇ. ئەمما ئۇيقۇدىكى ۋاقىتتا ئادەم يېرىم ئۆلۈك ھالىتىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىن ئەجىلى توشقانلارنىڭ جېنىنى تۇتۇپ قېلىپ، ئەجىلى توشمىغانلارنىڭ جېنىنى ئەجىلى توشقانغا قەدەر قويۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەجىلى توشقان ۋاقىتقىچە ياشايدۇ. بۇ ﴿ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى توشقۇچە) قويۇپ بېرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

بۇ ئايەتلەردە، ئەقلىنى ئىشلىتىپ، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر ۋە ئالامەتلەر بار، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە

ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. چۈنكى، ئىنسان ھەر كۈنى «كىچىك ئۆلۈم» دەپ سۈپەتلەنگەن ئۇيقۇدىن ئويغىنىش ئارقىلىق ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. «ئۇخلىغىنىڭلاردەك ئۆلىسىلەر، ئويغانغىنىڭلاردەك تىرىلىسىلەر» دەيدىغان سۆز بار. مۇشرىكلار مۇنازىرىدە يېڭىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىنى مۇداپىئە قىلىش چارىلىرى تۈگەپ قالغىنىدا، ﴿مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ﴾ يەنى ﴿بىز بۇلارغا بىزنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾[1] دەپ جۆيلۈيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشى راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇ بۇتلارنى ئۆزلىرىچە شاپائەتچى قىلىۋالدى ۋە بۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ ھەقتە بىرەر ھۆكۈم چۈشۈرگەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قولىدا بۇ باتىل ئېتىقادىنى تەستىقلايدىغان بىرەر دەلىل-ئىسپات ۋەياكى بىرەر ساماۋى كىتاب يوق.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ بۇ بۇتلىرىڭلار ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان نەرسىلەر تۇرسا، ئۇلار سىلەرگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالامدۇ؟ سىلەرنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ۋە سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياسىۋالغان بۇ بۇتلىرىڭلار سىلەرگە شاپائەتچى بولالامدۇ؟ ئويلاپ كۆرمەمسىلەر؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ۋە ئۇنىڭ ئىختىيارىدىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىجازىتى بولماستىن ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى يالغۇز ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان زاتتۇر، ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايتىدۇ، ئىنسانلارمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ھەممە ئادەم بۇ دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلىڭلار.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان بۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن

---

[1] زۇمەر سۈرىسى: 3- ئايەت.

يەنە بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى سىقىلىپ ئۆزلىرى قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا قەلبى غەزەپ-نەپرەتكە تولۇپ كېتىدۇ-دە، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرتۇلگەن چىرايىدىن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ﴿وَإِذَا ذَكَرْتَ رَبَّكَ فِي ٱلْقُرْءَانِ وَحْدَهُۥ وَلَّوْاْ عَلَىٰٓ أَدْبَٰرِهِمْ نُفُورًا﴾ يەنى ﴿سەن قاچانكى قۇرئان (ئوقۇغان)دا رەببىڭنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇلار ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ﴾[1]. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ، خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ، مۇنداق ئىككى ئىشنى بايان قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك ۋە چەكسىز ئىلىم-ھېكمەتلىك زات ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە پەقەت سەن ھۆكۈم چىقىرىسەن﴾ دېگەن دۇئاسى، يەنە بىرى، مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىدۇر. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە، يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قولىدا بولسا، ئۇنى ۋە يەنە ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە كۆپ نەرسىنى شۇ كۈننىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن فىديە قىلىپ بېرىۋەتكۈسى كېلىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. جەھەننەمنىڭ ئازابى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، شۇ كۈندە ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋە ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئويلاپمۇ باقمىغان تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئاشكارا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولىدۇ. كاپىرلار شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقان شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىگە ۋە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلىرىغا نائىل بولىدۇ. كاپىرلارمۇ ئويلاپ باقمىغان ۋە ھېچ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىسا، مۇئمىنلەرمۇ كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئېسىل نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّآ أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە

[1] ئىسرا سۈرىسى: 46-ئايەت.

مۇكاپات يۈزىسىدىن (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا) ئۇلار ئۈچۈن ساقلانغان ھۇزۇر-ھالاۋەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴿[1].

ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكى ۋە ئىبادەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق ئايەتلەر، روشەن مۆجىزىلەر ۋە ئېنىق دەلىل-ئىسپاتلار ئوپئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشتىن قاچىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ شېرىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ۋەدىلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى، شېرىك ئەقىدىسىنى تەۋھىد ئەقىدىسىدىن ئۈستۈن كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇلار ئاخىرەتنىڭ شۇنداق دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە ھەقلىق بولىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئىنكار قىلغان ئازابنى ئاخىرەتتە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن چاغدا، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەيدۇ، ئەگەر فىديە بېرىپ قۇتۇلۇپ قېلىش مۇمكىن بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممىنى بېرىپ بولسىمۇ، شۇ قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما مۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىشتۇر، ئەمما ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىگە ئۇنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ ۋە خالىغان بەندىسىنى ئۇنىڭ تاللىشىغا ئاساسەن ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ.

2. ئۇيقۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالا-مەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلغۇچىلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى، شاپائەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىجازەت بەرمىگۈچە ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەنلا شاپائەت قىلالايدۇ.

---

[1] سەجدە سۈرىسى: 17-ئايەت.

4. دىلى كور بولغانلارغا ياخشى سۆز ياقمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار يالغان سۆزلەرگە ئىشىنىدۇ، باتىلغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

5. زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش ئەڭ ئاقىلانە ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقلا بىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، دەرھال ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلاتتى، كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزىدا مۇنۇ دۇئانى قىلاتتى: «اَللّٰهُمَّ رَبَّ جَبْرَائِيلَ وَمِيكَائِيلَ وَإِسْرَافِيلَ. فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ. عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ. أَنْتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ. اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِكَ إِنَّكَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ» يەنى «ئى ئاللاھ! ئى جىبرىلنىڭ، مىكائىلنىڭ، ئىسرافىلنىڭ رەببى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ! بەندىلىرىڭ ئىختىلاپلاشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم قىلغۇچىسەن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن مېنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتكە باشلىغىن. ھەقىقەتەن سەن خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن»[1].

6. ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن بىر نەرسىنى فىديە قىلىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ.

7. ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا ئۇچرايدۇ.

### ◄ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى

﴿فَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ضُرٌّ دَعَانَا ثُمَّ إِذَا خَوَّلْنَٰهُ نِعْمَةً مِّنَّا قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلْمٍۭ ۚ بَلْ هِىَ فِتْنَةٌ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٤٩﴾ قَدْ قَالَهَا ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَمَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٥٠﴾ فَأَصَابَهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُوا۟ ۚ وَٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مِنْ هَٰٓؤُلَآءِ سَيُصِيبُهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا كَسَبُوا۟ وَمَا هُم بِمُعْجِزِينَ ﴿٥١﴾ أَوَلَمْ يَعْلَمُوٓا۟

[1] «صەھىھ مۇسلىم» 2-توم، 185-بەت، 1847 - ھەدىس.

أَنَّ ٱللَّهَ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٢﴾

### تەرجىمىسى

49ـئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر بالايىئاپەت كەلسە، بىزگە ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن بىرەر نېمەت ئاتا قىلساق، ئۇ: «بۇ (نېمەت) ماڭا پەقەت ئۆز ئىلمىمدىن كەلدى» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر سىناقتۇر. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

50ـمۇنداق سۆزنى ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ قىلغان، ئۇلارنىڭ (دۇنيالىقتىن) قولىغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى.

51ـئۇلار قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ) ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغانلارمۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، ئۇلار ئازابىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ.

52ـئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

### تەپسىرى

بۇ يەردە كاپىرلاردىن ھەمىشە سادىر بولۇپ تۇرىدىغان تۇزكورلۇقلاردىن بىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر ۋە چوڭ بالايىئاپەتلەر كېلىپ، دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى ئەسقاتمىغان چاغدا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇرۇش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، قىيىنچىلىقنى ھەل بولغاندىن كېيىنلا، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش ۋە بۇرۇنقى يالۋۇرغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشتۇر. چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا يۈزەكى نەزەر بىلەن قارايدۇ، ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئۆز كۈچىمىزگە ۋە بىلىمىمىزگە تايىنىپ ھاسىل قىلدۇق، دەپ جۆيلۈيدۇ. ﴿قَالَ إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلۡمٍ عِندِيٓۚ﴾ يەنى ﴿قارۇن: «مەن بۇ بايلىقنى پەقەت مەندىكى ئالاھىدە بىلىم بىلەن ئېرىشتىم» دېدى﴾[1].

ئىنسان ئەنە شۇنداق ئالدىنىدۇ، ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ،

[1] قەسەس سۈرىسى: 78ـئايەت.

قۇتۇلۇشقا چارىسى قالمىغاندا، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ، قاچانكى، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، قىيىنچىلىقى ھەل بولسا، بۇنى ئاللاھ تائالادىن كۆرمەي، ئۆز ئىقتىدارىدىن ۋە ئۆز كۈچىدىن دەپ بىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىدىن كەلگەن نېمەتلەرنى ئۆزۈمنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارى بىلەن ھاسىل قىلدىم، دەپ جۆيلۈيدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىمانى بار، ھاياتىنى ياخشىلىق بىلەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان مۇئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار بارچە ياخشىلىقنىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ناۋادا ئۇلارغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە ياكى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسا، سەۋر قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار زىيان-زەخمەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇش، قىيىنچىلىقلارنى ئوڭشايلاشتۇرۇپ بېرىش پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەر ئىگە بولغان ئاز-تولا مال-دۇنياغا ياكى مەنسەپكە ۋەياكى شۆھرەتكە ئالدىنىپ مەغرۇرلانماڭلار. چۈنكى، سىلەرگە بېرىلگەن بۇ نېمەتلەر پەقەت سىلەرنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ، دەپ سىناش ئۈچۈندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىمتىھان ۋە سىناق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ تۇزكورلۇقنى ۋە ناشۈكۈرلۈكنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق سۆزلىرىنى بۇرۇنقى كاپىر قەۋملەرمۇ ئېيتقان. بۇ شۇنى دەلىللەيدۇكى، ناشۈكۈرلۈك، تۇزكورلۇق ئىنسان تەبىئىتىدە ئورۇن ئالغان قەدىمىي ئىللەتتۇر. ئىنسان ئەنە شۇنداق ئۇنتۇغاق ۋە مەغرۇر كېلىدۇ. ئۇ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئېرىشكەن ئاز-تولا ئامەتلىرىگە كۆرەڭلەپ مەغرۇرلىنىدۇ. ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ شۇنداق قىلاتتى ۋە ھەممىگە ئۆز ئىقتىدارىمىز ۋە بىلىمىمىز بىلەن ئېرىشتۇق، دەپ جۆيلۈيتتى. ئەمما ئۇلارنى كۆرەڭلەتكەن مال-دۇنيالىرى ۋە پەخىرلەنگەن ئوغۇللىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمىدى. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى. بۇنداق جازانىڭ مەككىلىك كاپىرلارغىمۇ كېلىشى مۇقەررەر. چۈنكى، بۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاز-تولا مال-دۇنياسىغا ۋە ئوغۇللىرىنىڭ

كۆپلۈكتە مەغرۇرلىنىپ، ﴿أَىُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا وَأَحْسَنُ نَدِيًّا﴾ يەنى ﴿ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟﴾[1] يەنى ئاشۇ يوقسۇل ۋە ئاجىز مۇسۇلمانلار گۇرۇھى ياخشىمۇ ياكى بىزمۇ؟ دەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان ئادەمنىڭ-گەرچە ئۇ كاپىر، نادان بولسىمۇ، رىزقىنى كەڭ قىلىدىغانلىقىنى ۋە خالىغان ئادەمنىڭ-گەرچە ئۇ مۆئمىن، بىلىملىك بولسىمۇ، رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ بۇنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۆزى بىلىدىغان بىرەر ھېكمەتكە ئاساسەن شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھېكمىتىنى بىلمەيدۇ.

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئاللاھ تائالانىڭ بىراۋنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى باياشات قىلغانلىقى ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىدىن ئەمەس، شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالانىڭ بىراۋنى يوقسۇل، تۇرمۇشىنى تارچىلىقتا قىلغانلىقى ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغانلىقىدىن ياكى ئۇنى جازالىغانلىقىدىن ئەمەس. بۇلارنىڭ ھېچبىرى كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ياكى بىلىم-سەۋىيەسىگە قاراپ بولمايدۇ. ھاياتلىق مۇساپىلىرىدە كۆرۈۋاتىمىزكى، بىلىم-سەۋىيەسى تۆۋەن، ئەقىل-پاراسىتىمۇ ئالاھىدە ئەمەس بەزىبىر ئادەملەر كاتتا بايلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر بايلىق بىلىم-سەۋىيەگە ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئاساسەن بېرىلىدىغان بولسا، بىلىمسىزلەر، ئەقىلسىزلەر نامراتلىقتا قالغان، بىلىملىكلەر ۋە ئەقىللىقلەرنىڭ ھەممىسى باي بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

«بۇ بايانلاردا بايلىق، يوقسۇللۇق، باياشاتلىق، تارچىلىق ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سەۋەبلەر ئىشقا يارىماي قالىدۇ. بۇلارنى پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىگە ئىشىنىدىغان قەۋملا چۈشىنىدۇ»[2].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان زىيان-زەخمەتلەرنىڭ تولىسى ئۆزىنىڭ گۇناھى ياكى خاتالىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَآ أَصَٰبَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ﴾ يەنى

[1] مەريەم سۈرىسى: 73-ئايەت.
[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 278- بەت.

﴿(ئى ئىنسانلار!) بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت سىلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلار سادىر قىلغان (گۇناھىڭلار) تۈپەيلىدىندۇر﴾[1].

2. بىراۋنىڭ ياكى بىرەر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پاراۋان بولۇشى، رىزقىنىڭ مول بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، شۇنداقلا بىراۋنىڭ ياكى بىرەر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تارچىلىقتا ئۆتۈشى ياكى رىزقىنىڭ تارلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى يامان كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس. بەلكى مۇنداق بولۇشى ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن نەپ ئالىدىغانلار يەنىلا ئىمانلىق كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار قەلبى ئويغاق كىشىلەردۇر. ئەمما كاپىرلار مەنىۋى ئۆلۈكلەردۇر. شۇڭا ئۇلارغا ئىلاھىي سۆزلەر تەسىر قىلمايدۇ.

4. زالىملار كېچىكىپ بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

### ◄ گۈزەل ۋەز-نەسىھەت

﴿قُلۡ يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ أَسۡرَفُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ لَا تَقۡنَطُواْ مِن رَّحۡمَةِ ٱللَّهِۚ
إِنَّ ٱللَّهَ يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًاۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ٥٣ وَأَنِيبُوٓاْ
إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَأَسۡلِمُواْ لَهُۥ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ ثُمَّ لَا
تُنصَرُونَ ٥٤ وَٱتَّبِعُوٓاْ أَحۡسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن قَبۡلِ
أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ بَغۡتَةٗ وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ٥٥ أَن تَقُولَ نَفۡسٞ
يَٰحَسۡرَتَىٰ عَلَىٰ مَا فَرَّطتُ فِي جَنۢبِ ٱللَّهِ وَإِن كُنتُ لَمِنَ ٱلسَّٰخِرِينَ
٥٦ أَوۡ تَقُولَ لَوۡ أَنَّ ٱللَّهَ هَدَىٰنِي لَكُنتُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ٥٧ أَوۡ تَقُولَ
حِينَ تَرَى ٱلۡعَذَابَ لَوۡ أَنَّ لِي كَرَّةٗ فَأَكُونَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٥٨
بَلَىٰ قَدۡ جَآءَتۡكَ ءَايَٰتِي فَكَذَّبۡتَ بِهَا وَٱسۡتَكۡبَرۡتَ وَكُنتَ مِنَ
ٱلۡكَٰفِرِينَ ٥٩﴾

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 30-ئايەت.

## تەرجىمىسى

53-(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

54-سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلار تەرەپكە يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.

55-56-سىلەر غەپلەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىشتىن، بىراۋنىڭ: «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ئىسىت! مەن راستتىنلا (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلغانلاردىن بولغان ئىكەنمەن» دەيدىغان كۈنگە قېلىشىدىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (كىتابلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار.

57-58- ياكى «ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، (مەنمۇ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولغان بولاتتىم» دەيدىغان، ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى (دۇنياغا) قايتىشىم مۇمكىن بولسا ئىدى، مەنمۇ (ئىمان ئېيتىپ، ئەمەل-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلاردىن بولغان بولاتتىم» دەيدىغان (كۈنگە قېلىشتىن بۇرۇن ئەڭ گۈزەل سۆز قۇرئانغا ئەگىشىڭلار)».

59-(ئۇ ئادەمگە) «سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا ئەمەس. ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ ئايەتلىرىم كەلگەن ئىدى، سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلغان، بويۇنتاۋلىق قىلىپ كاپىرلاردىن بولغان ئىدىڭ» (دېيىلىدۇ).

## نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇپەسسىرلەر ﴿قُلۡ يَٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ أَسۡرَفُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ لَا تَقۡنَطُواْ مِن رَّحۡمَةِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًاۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەككىلىكلەر ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ھىشام ئىبنى ئاس، ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ۋە مەن ئۈچىمىز ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ۋەدىلەشكەن ئىدۇق، ھىجرەتكە ئاتلىنىدىغان كۈنى مەن ۋە ئەيياش ئىككىمىز ھازىر

بولىدۇق، ئەمما ھىشام بىز بىلەن چىقالمىدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئىككىمىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. كېيىن مەدىنىدە، ھىجرەتكە ئاتلانمىغانلار ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەر تارقالدى. بىزمۇ ئۆز ئارىمىزدا، ‹ئاشۇلار ئاللاھنى تونۇغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، پىتنىگە چۈشۈپ قالدى (يەنى سىناقتىن ئۆتەلمەي قالدى)، ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولارمۇ؟› دەپ قالدۇق، زادى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بۇ سەۋەبلىك قاتتىق غەم-قايغۇغا چۆككەن ئىدى. شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿(ئى پەيغەمبەر! گۇناھ قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد-سىزلەنمەڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ئاندىن مەن بۇ ئايەتنى قولۇم بىلەن يېزىپ، ھىشامغا ئەۋەتىپ بەردىم»[1].

ھىشامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ماڭا ئايەت يەتكەن ھامان مەككىدىكى «زىتۇۋا» دېگەن جايغا چىقىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلدىم ۋە ئۇنىڭدىن ماڭا بۇ ئايەتنى چۈشىنىدىغان ئەقىل-پاراسەت بېرىشىنى تىلەپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن ئىلتىجا قىلدىم. ئاخىر بۇ ئايەتنىڭ بىزنىڭ ھەققىمىزدە نازىل بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم، ئاندىن دەرھال ھەرىكەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ھىجرەتكە ئاتلاندىم»[2]. بۇ توغرىدا يەنە باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىۋېرىپ، ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغان، ئۈستىگە نۇرغۇن گۇناھنى يۈكلىۋالغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، چۈنكى، ﴿إِنَّهُۥ لَا يَاْيْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْكَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾.[3] سىلەر يەنە ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىدىنمۇ ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ) بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئاللاھ

---

[1] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 384-بەت.
[2] «أسباب نزول القرآن للواحدي» 385-بەت.
[3] يۇسۇف سۈرىسى: 87-ئايەت.

تائالانىڭ كىتابىدىكى بۇ ئايەت ئاسىي-گۇناھكار بەندىلەر ئۈچۈن ئۈمىدنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرماسلىقى، تەۋبىنىڭ يولىنى تۇتۇشى ۋە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانماسلىقى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىنسان كۆپىنچە، ئۆزى سادىر قىلغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۆتمۈشلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ، «كاشكى ياخشى ئەمەل قىلىدىغان ۋە گۇناھ قىلمايدىغان مۆئمىنلەردىن بولسامچۇ!» دەپ ھەسرەتلىنىدۇ. ناۋادا مۇنداق كىشىلەرگە تەۋبىنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كېتىدۇ. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىنىڭ ئۈمىدلىك بولۇشى شەيتانىنىڭ يولىنى توسىدۇ. گاھىدا بىر گۇناھكار ئادەمنىڭ تەۋبىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئابىدنىڭ ئىبادىتىدىن ئەۋزەل بولۇپ قالىدۇ. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىرىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق ئادەم گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ خەتىرىنى تونۇغان ۋە تائەت-ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تېتىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن يۈزلەنگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئۈمىدسىزلىكتىن مەنئى قىلىدۇ، بىزگە ئۈمىدنىڭ ۋە تەۋبىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئاندىن بىزگە ﴿سىلەر ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلار تەرەپكە يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار﴾ دەپ ئەمر قىلىدۇ. تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش دېگەن ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ بويسۇنۇش بىلەن بولىدۇ.

ھەقىقىي تەۋبە توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا ٱلتَّوْبَةُ عَلَى ٱللَّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ فَأُو۟لَٰٓئِكَ يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٧﴾ وَلَيْسَتِ ٱلتَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ إِنِّى تُبْتُ ٱلْـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە پەقەت گۇناھ مەئسىيەتلەرنى نادانلىقتىن قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر،

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا بىز قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾[1].

﴿سىلەر غەپلەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىشتىن، بىراۋنىڭ: «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ئىسىت! مەن راستتىنلا (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلغانلاردىن بولغان ئىكەنمەن» دەيدىغان كۈنگە قېلىشىدىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار﴾ يەنى سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى تۇيۇقسىز كېلىپ، تەۋبە قىلىش ۋە ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن پۇرسىتىڭلار بولماي ھالاك بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەڭ توغرىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىڭلار. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا ئىلگىرى نازىل قىلغان «تەۋرات»، «زەبۇر» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ مۇكەممىلى، ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ گۈزىلىدۇر.

شۇڭا بىر كۈن كېلىپ: ﴿ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ئىسىت! مەن راستتىنلا (ئۇنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلغانلاردىن بولغان ئىكەنمەن﴾ دەپ ھەسرەت چېكىپ قېلىشتىن ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇشقا، ئۇنىڭ مەنئى قىلغانلىرىنى تەرك ئېتىشكە ئالدىراڭلار. چۈنكى، سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىدا يېتەرلىك پۇرسەت بار، ۋاقىت بار، شەرت-شارائىتمۇ بار. شۇڭا سىلەر پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىپ، پۇشايماندىن قوللىرىنى چىشلەپ قالىدىغان كۈنگە قېلىشتىن ساقلىنىڭلار، مۇنداق بىر كۈنگە قېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلارنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە توغرا يولنى تېپىۋېلىشقا ئالدىراڭلار.

سىلەر يەنە پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىپ: ﴿ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، (مەنمۇ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولغان بولاتتىم» دەيدىغان، ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى (دۇنياغا) قايتىشىم مۇمكىن بولسا ئىدى، مەنمۇ (ئىمان ئېيتىپ، ئەمەل-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلاردىن بولغان بولاتتىم﴾ دەيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار، مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى

[1] نىسا سۈرىسى: 17-18-ئايەتلەر.

ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار. چۈنكى، ئاخىرەتتە قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ياخشىلاردىن بولۇشتىن ئىبارەت قۇرۇق ئارزۇلار ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرگە بېرىلىدىغان جاۋاب: ﴿سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا ئەمەس. ھەقىقەتەن ساڭا مېنىڭ ئايەتلىرىم كەلگەن ئىدى، سەن ئۇلارنى ئىنكار قىلغان، بويۇنتاۋلىق قىلىپ كاپىرلاردىن بولغان ئىدىڭ﴾، ئەمدى ئازابنى يەتكۈچە تېتىغىن. بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆرگىن، دېيىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان كاتتا پەزلىدۇر.

2. تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش ئىبادەتتۇر، قانداقلا بىر گۇناھتىن كېيىن تەۋبە قىلىش پەرزدۇر.

3. كاپىرلارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋە ئاخىرەتتىكى تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ.

4. ئىنساندا ياخشى ئىش قىلىش ياكى يامان ئىش قىلىش ئىختىيارى بار. ئەمما ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشلارنى قىلغانلاردىن رازى، يامان ئىش قىلغانلاردىن رازى ئەمەستۇر.

### ◄ ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ

﴿وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ تَرَى ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسْوَدَّةٌ ۚ
أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٦٠﴾ وَيُنَجِّى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟
بِمَفَازَتِهِمْ لَا يَمَسُّهُمُ ٱلسُّوٓءُ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦١﴾ ٱللَّهُ خَـٰلِقُ كُلِّ
شَىْءٍ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ وَكِيلٌ ﴿٦٢﴾ لَّهُۥ مَقَالِيدُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ
وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٦٣﴾ قُلْ أَفَغَيْرَ
ٱللَّهِ تَأْمُرُوٓنِّىٓ أَعْبُدُ أَيُّهَا ٱلْجَـٰهِلُونَ ﴿٦٤﴾ وَلَقَدْ أُوحِىَ إِلَيْكَ وَإِلَى
ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ
ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٦٥﴾ بَلِ ٱللَّهَ فَٱعْبُدْ وَكُن مِّنَ ٱلشَّـٰكِرِينَ ﴿٦٦﴾ وَمَا قَدَرُوا۟

ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦ وَٱلۡأَرۡضُ جَمِيعٗا قَبۡضَتُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ مَطۡوِيَّٰتُۢ بِيَمِينِهِۦۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٦٧﴾

## تەرجىمىسى

60ـ سەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەر ئۈچۈن ئورۇن يوقمىكەن؟

61ـ ئاللاھ تەقۋادارلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق قۇتقۇزىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا ھېچبىر يامانلىق يەتمەيدۇ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ.

62ـ ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر.

63ـ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار زىيان تارتـ ـقۇچىلاردۇر.

64ـ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) «ئى نادانلار! مېنى ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟» دېگىن.

65ـ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن» دەپ ۋەھيى قىلىندى.

66ـ بەلكى سەن يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.

67ـ مۇشرىكلار ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

## تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى جازاسى، مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتلىرى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋھىد

چاقىرىقى بايان قىلىنغان.

﴿سەن ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن﴾ دېگەن ئايەتتىكى خىتاب گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان. شەكسىزكى، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغانلارنى توقۇپ چىقىپ، ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن، ئۇنىڭغا يالغاندىن بالا ۋە شېرىكلەرنى مەنسۇپ قىلىشقان. شۇڭا ھەربىر يالغانچى «قارا يۈز» بولغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان يالغانچىلارنىڭ يۈزلىرى قىيامەت كۈنى قاپقارا بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆرگىنىدە، قاتتىق قورقۇنچ ئاستىدا قالىدۇ، چىرايىدا غەم-قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتكە بويسۇنۇشتىن باش تارتقان بۇ مۇتەكەببىرلەر ئۈچۈن جەھەننەمدە ئورۇن يوقمىكەن؟ ئەلۋەتتە بار! مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان ۋە ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەن ھەرقانداق كاپىرنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە قىيامەت كۈنىدە ھېچقانداق قورقۇنچ بولمايدۇ، ئۇلار دۇنيادا قويۇپ كەتكەنلىرى ئۈچۈن ھەرگىز قايغۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ ئەكسىچە نۇرلۇق ۋە پارقىراق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئاخىرەتلىكىنىڭ غېمىنى قىلغان، بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مەيدان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلغان، ئاخىرەتكە پۇختا تەييارلىق قىلىپ مۇرادىغا يەتكەن كىشىلەردۇر. ئەڭ توغرىسى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقۋالىقى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نىجاتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەردۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق ياكى پالاكەت يەتمەيدۇ. ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ. چۈنكى، جەننەتتە ئۇلارنى قايغۇغا سالىدىغان ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىگە ھامىيدۇر. ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ھەممە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى ئۇنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم شېرىك بولالمايدۇ ۋە

ھېچكىم ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇنداق يېگانە ئىلاھتۇر.

ئىمام بەيھەقىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھېچكىم بۇنى مەندىن سوراپ باقمىغان ئىدى» دېگەن ۋە بۇلارنى ئوقۇغان: «لَا إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ ، وَاللّٰهُ أَكْبَرُ ، سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ ، اَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ. وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمُ ، هُوَ الأَوَّلُ وَالأَخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ ، يُحْيِ وَيُمَيْتُ ، بِيَدِهِ الْخَيْرُ ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ» يەنى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. ئۇنى بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ مەدھىيەلەيمەن، ئاللاھتىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. كاتتا مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسە يوق ۋاقتىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى، ھەممە نەرسە يوقالغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئاللاھ (دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن)ئاشكارىدۇر، كۆزلەرنىڭ كۆرۈشىدىن مەخپىيدۇر. مەخلۇقاتقا ھايات بەخش ئەتكۈچىدۇر ۋە ئەجىلى توشقاندا ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر، پۈتۈن ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»[1].

يۇقىرىقىلارنى ئوقۇغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا كۆپ ساۋاب بېرىدۇ، ئۇنى بارچە يامانلىقلاردىن ساقلاپ، ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىدۇ. بەزى ھەدىسلەردە كەلگىنىدەك، بۇلارنى ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئوقۇغان ئادەم ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ خەزىنىلىرى ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭغا بەرىكەت ياغىدۇ.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەنمۇ بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزدىن بەزىسىنى ئېتىراپ قىلغىن، بىزمۇ سېنىڭ ئىلاھىڭغا ئىمان ئېيتايلى» دېگەندە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ﴿ئى نادانلار! مېنى ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان. يەنى ئى ئەقىلسىز مۇشرىكلار! مەن ئەمدى، ھەممىنى ياراتقان، بارچە مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى جىمى

[1] «الدعاء للطبراني» 1– توم، 484-بەت، 1700- ھەدىس.

مەۋجۇداتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان، چەكسىز قۇدرەتلىك يېگانە ئىلاھ ـ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارغا چوقۇ-نىمەنمۇ؟ سىلەر مەندىن شۇنداق قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن ياسىۋالغان شۇ ئاڭلىماس ۋە كۆرمەس بۇتلارغا چوقۇنىمەنمۇ؟ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك! قانداقمۇ مەن ھەقىقەتنى بىلىپ، ئاللاھ تائالانى تونۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان شۇ بۇتلارغا چوقۇنىمەن؟

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقى ئايەتنى ۋەھيى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە: ﴿ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە: «ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ (بارلىق ياخشى) ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن» دەپ ۋەھيى قىلىندى﴾ دېگەن ئايەتنى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇشرىكلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەگەر قوبۇل قىلغان تەقدىردە، ئۇنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانى لايىق رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى، ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى، قەدرىلىمىدى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلمىدى، شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانى كەلىسە -كەلمەس سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى ۋە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان بۇتلارنى ئىلاھ قىلىپ چوقۇنۇپ ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالدى. ھالبۇكى، پايدا-زىيان پەقەت ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرى ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولىدىغان، ئاسمانلار ئۇنىڭ قولىدا قاتلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن ھاكىمىيەت بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئۇ چاغدا بارچە خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتىدۇ. مۇشرىكلارنى بۇ كۈندە نە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرى، نە ئۇلار «شاپائەتچىلىرىمىز» دەپ ئىشەنگەن ساختا ئىلاھلىرى دوزاختىن قۇتقۇزالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدە بەزى ئىنسانلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ قارىيىپ كېتىشى كۇفرىنىڭ ۋە دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇ كۈندە يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ نۇرلۇق بولۇپ كېتىشى ئىمانىنىڭ ۋە

جەننەت ئەھلى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا دۇئا قىلىپ، بىر نەرسە تىلەش ئەڭ ئۇچىغا چىققان ئازغۇنلۇقتۇر. چۈنكى، ھەممىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، ھەممىنى ئاللاھ تائالادىنلا تىلەش كېرەك.

3. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ. مۇنداق ئادەم قايتا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا موھتاج.

4. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلغانلىرىنى تەرك ئېتىش ئىبادەتتۇر.

### ◄ خالايىقلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

﴿وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا مَن
شَآءَ ٱللَّهُۖ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخۡرَىٰ فَإِذَا هُمۡ قِيَامٞ يَنظُرُونَ ٦٨ وَأَشۡرَقَتِ
ٱلۡأَرۡضُ بِنُورِ رَبِّهَا وَوُضِعَ ٱلۡكِتَٰبُ وَجِاْيٓءَ بِٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلشُّهَدَآءِ
وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٦٩ وَوُفِّيَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا
عَمِلَتۡ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِمَا يَفۡعَلُونَ ٧٠ وَسِيقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ
جَهَنَّمَ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا فُتِحَتۡ أَبۡوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَآ أَلَمۡ
يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَتۡلُونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ رَبِّكُمۡ وَيُنذِرُونَكُمۡ
لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ بَلَىٰ وَلَٰكِنۡ حَقَّتۡ كَلِمَةُ ٱلۡعَذَابِ عَلَى
ٱلۡكَٰفِرِينَ ٧١ قِيلَ ٱدۡخُلُوٓاْ أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَبِئۡسَ
مَثۡوَى ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ٧٢ وَسِيقَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ إِلَى ٱلۡجَنَّةِ زُمَرًاۖ
حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتۡ أَبۡوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ
طِبۡتُمۡ فَٱدۡخُلُوهَا خَٰلِدِينَ ٧٣ وَقَالُواْ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي صَدَقَنَا
وَعۡدَهُۥ وَأَوۡرَثَنَا ٱلۡأَرۡضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ ٱلۡجَنَّةِ حَيۡثُ نَشَآءُۖ فَنِعۡمَ أَجۡرُ
ٱلۡعَٰمِلِينَ ٧٤ وَتَرَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةَ حَآفِّينَ مِنۡ حَوۡلِ ٱلۡعَرۡشِ يُسَبِّحُونَ

بِحَمْدِ رَبِّهِمْۚ وَقُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْحَقِّۚ وَقِيلَ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧٥﴾

### تەرجىمىسى

68ـ سۇر چېلىنغان چاغدا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغان ھامان ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ (ھەيرانلىقتا) قاراپ تۇرىدۇ.

69ـ (قىيامەت كۈنىدە) زېمىن رەببىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ، (ھەربىر ئادەمنىڭ) نامە ـ ئەمەلى ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

70ـ ھەر ئادەم قىلغان ئەمەلىنىڭ بەدىلىنى (مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى) تولۇق ئالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

71ـ كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، نىھايەت، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە كەلگەن، ئەمما (كاپىرلار دوزاختا قالىدۇ دېگەن) ھۆكۈم (بىزدەك) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ.

72ـ (ئۇلارغا) «سىلەر (ئەمدى) جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!» دېيىلىدۇ.

73ـ تەقۋادارلار جەننەتكە توپ ـ توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، نىھايەت، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە سالام، خۇش كەپسىلەر، جەننەتكە مەڭگۈ تۇرۇش ئۈچۈن كىرىڭلار» دەيدۇ.

74ـ ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ بولۇپ) «بارچە ھەمدۇسانا بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بىزنى جەننەتنىڭ زېمىنىغا ۋارىس قىلغان ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئەمدى جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز. (ئاخىرەتلىك

ئۇچۇن) ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!» دەيدۇ.

75-(ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى) سەن پەرىشتىلەرنىڭ رەببىگە ھەمدۇسانا بىلەن تەسبىھ ئېيتقان ھالدا، ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) ئارىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە «بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىلىدۇ.

### تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىرادىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ كۈندە پادىشاھلىق ۋە ھاكىمىيەت بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ﴿لِّمَنِ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَۖ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ﴾ يەنى ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!﴾[1].

قىيامەت قايىم بولغان كۈندە سۇر چېلىشقا مەسئۇل پەرىشتە ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا بارلىق جانلىقلار ئۆلىدۇ، پەقەت سۇر چالغاندا ئۆلمەستىن، كېيىنرەك ئۆلۈشىنى ئاللاھ تائالا ئالدىن بەلگىلىۋەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار كېيىن ئۆلىدۇ. ﴿كُلُّ شَيۡءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجۡهَهُۥۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر﴾ [2]. يەنى مەيلى ئىلگىرى، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر.

ئاندىن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان چاغدا بارلىق خالايىق تىرىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ياكى نېمىلەرگە بۇيرۇلىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، قاراپ تۇرىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر﴿قاراپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى «ھەيرانلىقتا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. ئاندىن ئۇلار ھېساب مەيدانىغا (مەھشەرگاھقا) قاراپ تېز يۈرۈپ كېتىدۇ. ﴿يَوۡمَ يَخۡرُجُونَ مِنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ سِرَاعٗا كَأَنَّهُمۡ إِلَىٰ نُصُبٖ يُوفِضُونَ ٤٣ خَٰشِعَةً أَبۡصَٰرُهُمۡ تَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۚ ذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمُ ٱلَّذِي كَانُواْ يُوعَدُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلەردىن چىقىپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئۆزلىرىنى خورلۇق باسقان ھالدا، خۇددى تىكلەپ

---

[1] غافىر سۈرىسى: 16-ئايەت.

[2] قەسەس سۈرىسى: 88-ئايەت.

قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (ھېساب مەيدانىغا) يۈگۈرىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر﴾[1]، ﴿وَنُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلۡأَجۡدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ يَنسِلُونَ﴾ يەنى ﴿سۈر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەتلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈندە بىر قانچە خىل ھالەتنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

﴿(قىيامەت كۈندە) زېمىن رەببىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ﴾ يەنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولغان چاغدا، ھېساب مەيدانى ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر﴾ [3] دەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا-مىراجدىن قايتقان چاغدا، ساھابىلەرنىڭ «يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھنى كۆردىلىمۇ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «نُورٌ أَنَّى أَرَاهُ» يەنى «ئاللاھ نۇر تۇرسا، مەن ئۇنى قانداق كۆرەلەيمەن؟»[4] دېگەن.

ئۇ كۈندە ھەربىر ئادەمنىڭ نامە-ئەمەلى ھازىر قىلىنىپ، بەزىلەرنىڭ نامە-ئەمەلى ئوڭ قولىغا، بەزىلەرنىڭكىسى سول قولىغا بېرىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەرلەر كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن سورىلىدۇ، ئۇلاردىن كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەققىدە سورىلىدۇ ۋە ھەربىر ئۈممەتكە ياكى ھەربىر شەخسكە گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ. ﴿وَجَآءَتۡ كُلُّ نَفۡسٖ مَّعَهَا سَآئِقٞ وَشَهِيدٞ﴾ يەنى ﴿ھەر ئىنسان (ھېساب مەيدانىغا) بىر ھەيدىگۈچى ۋە بىر گۇۋاھچى بىلەن بىللە كېلىدۇ﴾ [5]. ئايەتتىكى «گۇۋاھچى»دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلەرمۇ بار. شۇ ئارىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا

---

[1] مەئارىج سۈرىسى: 43-44-ئايەتلەر.
[2] ياسىين سۈرىسى: 51-ئايەت.
[3] نۇر سۈرىسى: 35- ئايەت.
[4] «صحيح مسلم» 1-توم، 111-بەت، 461 - ھەدىس.
[5] قاف سۈرىسى: 21-ئايەت.

﴿لِّتَكُونُوا۟ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەرنىڭ (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىشىلەرگە (دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە) گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە بۇ پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى) سىلەرگە (تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە) گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[1].

شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئۈممەتكە ھەق دىنىنىڭ يەتكۈزۈلگەنلىكى توغرۇلۇق دەلىل-پاكىت تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاندىن ھەربىر ئىنسان دۇنيادىكى ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق ئالىدۇ. ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەللىرى زىيادە قىلىنمايدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆزىگە تېگىشلىك بولغانغا ئېرىشىدۇ. ﴿يَٰبُنَيَّ إِنَّهَآ إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِى صَخْرَةٍ أَوْ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ أَوْ فِى ٱلْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا ٱللَّهُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغلۇم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭ تەپسىلاتىدۇر:

﴿كاپىرلار جەھەننەمگە توپ-توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ﴾. كاپىرلارنىڭ قاتتىق قول پەرىشتىلەر تەرىپىدىن جەھەننەمگە ھەيدىلىدىغانلىقى ھەقتۇر. ئۇلار ھەيدەلگەندىمۇ ئادەتتىكىدەك ئەمەس، يۈزىچە ھەيدىلىدۇ. ﴿ٱلَّذِينَ يُحْشَرُونَ عَلَىٰ وُجُوهِهِمْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ أُو۟لَٰٓئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ سَبِيلًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار جەھەننەمگە يۈزلىرى بىلەن سۆرىلىپ توپلىنىدۇ. ئەنە شۇلار ئورنى ئەڭ يامان، يولى ئەڭ ئازغۇن كىشىلەردۇر﴾[3]. ئۇلار جەھەننەمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، جەھەننەمگە مەسئۇل بولغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر ئۇلارغا كايىغان ۋە ئاچچىقلانغان ھالدا، ﴿ئاراڭلاردىن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ بارلىقىدىن

[1] بەقەرە سۈرىسى: 143-ئايەت.
[2] لۇقمان سۈرىسى: 16-ئايەت.
[3] فۇرقان سۈرىسى: 34- ئايەت.

ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمىدى؟﴾ دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ مۇشۇ ئازابىدىن قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئازابقا لايىق بولغانلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇنداقلار ئاللاھ تائالانىڭ ﴿لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلۡجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى ﴿مەن جەھەننەمنى جىنلار ۋە ئىنسانلارنىڭ (ئىچىدىكى گۇناھكارلارنىڭ) ھەممىسى بىلەن چوقۇم تولدۇرىمەن﴾[1] دېگەن ۋەدىسىگە تېگىشلىك بولغانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يول تاللاشتىكى خاتالىقى ۋە كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن جەھەننەمگە كىرىدىغان بەختسىزلەر قاتارىدىن يېزىلىپ كەتكەنلەردۇر.

جەھەننەم ئەھلىگە يەنە پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ﴿سىلەر (ئەمدى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلار بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!﴾ دېيىلىدۇ. يەنى جەھەننەم ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن مۇتەكەببىرلەر ئۈچۈنلا ھازىرلانغان ئەڭ يامان قارارگاھتۇر.

ئەمدى، بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى ئۈمىد قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرگەن تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى كاپىرلارنىڭ تامامەن ئەكسىچە، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە خۇشاللىنارلىق بولىدۇ. ئۇلار رەببى تەرىپىدىن ھازىرلانغان ئېسىل جەننەتلەرگە ھەربىرى ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىنىڭ مەرتىۋىسى بويىچە، ھۆرمەت بىلەن، توپ-توپ شەكلىدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنى كۈتۈۋېلىشى خۇددى بىر مېھماندوست ئادەمنىڭ مېھمانلىرى كېلىشتىن ئاۋۋال مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، داستىخاننى ھازىرلاپ، مېھمانلىرىنىڭ راھىتى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ بولۇپ، مېھمانلىرىنى كۈتۈپ ئىنتىزارلىق بىلەن يولىغا قاراپ تۇرغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. جەننەت پەرىشتىلىرى جەننەت ئەھلىنى ئەنە شۇ مېھماندوست ئادەم مېھمانلىرىنى

---

[1] سەجدە سۈرىسى: 13-ئايەت.

كۆتۈۋالغاندەك ئىززەت-ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

جەننەت ئەھلى جەننەتنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا سالام بېرىش ۋە قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھازىر بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى كۆرۈپلا: سىلەرگە سالام، خۇش كەپسىلەر، قېنى مەرھەمەت! سىلەر مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرىپ ھۇزۇرلىنىڭلار، دەيدۇ. جەننەت ئەھلى بۇنداق كاتتا ئىززەت-ئىكراملارنى كۆرگەندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ۋە ۋايىغا يەتكەن رازىمەنلىك بىلەن چىن قەلبىدىن: ﴿بارچە ھەمدۇسانا بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بىزنى جەننەتنىڭ زېمىنىغا ۋارىس قىلغان ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئەمدى جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز. (ئاخىرەتلىك ئۈچۈن) ئىشلىگۈچىلەرنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!﴾ دەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىدە سەن پەرىشتىلەرنىڭ رەببىنىڭ بىرەر ئىشارىتىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقان، ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا ئەرشنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇئمىنلەر بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئۇلارنى جەننەتلەرگە ۋارىس قىلغانلىقىغا، ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغانلىقىغا شۈكۈر ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئۇلار ھەممە بىردەك: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!﴾ دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئۆز لايىقىدا ئۇلۇغلايدىغانلار ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان كىشىلەردۇر.

2. ئىنسانلار قىيامەت كۈنى چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىنى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولۇپ، ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمنى ئاللاھ تائالا چىقىرىدۇ، ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

3. ئىسلام ئۈممىتى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان، ئەڭ پەزىلەتلىك ئۈممەتتۇر.

**4.** دوزاختا مەنسۇپ بولغانلار دوزاختا سۆرەپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ، ئەمما جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتكە ھۆرمەت ۋە ئىززەت-ئىكراملار بىلەن باشلاپ مېڭىلىدۇ.

**5.** ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقانلار ۋە ئۆزىنى مۆئمىنلەردىن ئۈستۈن تۇتىدىغانلار قىيامەت كۈنى ئەڭ خار ۋە ئەڭ زەبۇن ھالدا ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدۇ.

**6.** ھەرقانداق بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، چىن قەلب قېتىدىن ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن: ﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ﴾ «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېيىش ئىنساني بۇرچتۇر ۋە كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرىدىغان گۈزەل سۆزدۇر.

# غافىر سۈرىسى

غافىر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 85 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن قەتادە بۇ سۈرىنىڭ 56-ۋە57-ئايەتلىرىنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»دە ﴿حمٓ﴾ دېگەن ھەرپلەر بىلەن باشلانغان يەتتە سۈرىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئىككىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿غَافِرِ﴾ «مەغپىرەت قىلغۇچى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، غافىر سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ھەققىدە مۇنازىرە قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۇلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، شۇنداقلا مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىردا يەنە پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى ھامان ۋە بېخىل باي قارۇن قاتارلىقلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇشرىكلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە بارچە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن[1]. بۇ سۈرە «مۇئمىن» سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بىلمەستىن تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى ھەقىقەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ◄ قۇرئان توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇچىلار

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿حمٓ ۝١ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ۝٢ غَافِرِ ٱلذَّنۢبِ

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 288-بەت.

وَقَابِلِ ٱلتَّوْبِ شَدِيدِ ٱلْعِقَابِ ذِى ٱلطَّوْلِ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ إِلَيْهِ
ٱلْمَصِيرُ ﴿٣﴾ مَا يُجَٰدِلُ فِىٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَلَا
يَغْرُرْكَ تَقَلُّبُهُمْ فِى ٱلْبِلَٰدِ ﴿٤﴾ كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَٱلْأَحْزَابُ
مِنۢ بَعْدِهِمْ ۖ وَهَمَّتْ كُلُّ أُمَّةٍۭ بِرَسُولِهِمْ لِيَأْخُذُوهُ ۖ وَجَٰدَلُوا۟ بِٱلْبَٰطِلِ
لِيُدْحِضُوا۟ بِهِ ٱلْحَقَّ فَأَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ عِقَابِ ﴿٥﴾ وَكَذَٰلِكَ
حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّهُمْ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ﴿٦﴾
ٱلَّذِينَ يَحْمِلُونَ ٱلْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُۥ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ
بِهِۦ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۖ رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا
فَٱغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا۟ وَٱتَّبَعُوا۟ سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ﴿٧﴾ رَبَّنَا
وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّٰتِ عَدْنٍ ٱلَّتِى وَعَدتَّهُمْ وَمَن صَلَحَ مِنْ ءَابَآئِهِمْ
وَأَزْوَٰجِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٨﴾ وَقِهِمُ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ۚ
وَمَن تَقِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُۥ ۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٩﴾

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ھامىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ3ـ (بۇ) مۇتلەق غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى، گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچى، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ئازابى قاتتىق، ئىنئام ئىگىسى ـ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

4ـ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا پەقەت كاپىرلارلا تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن.

5ـ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر)دىن بۇرۇن نۇھ قەۋمى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى (ئاد، سەمۇد قاتارلىق) جامائەلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغان ئىدى. ھەربىر

ئۈممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى تۇتۇپ جازالاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇلار ھەقنى يىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن باتىل (سۆزلەر) بىلەن مۇنازىرە قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنى ئازابقا تۇتتۇم. مېنىڭ ئازابىم قانداق ئىكەن؟

6ـشۇنىڭدەك (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە ئازاب ھەق بولغاندەك) رەببىڭنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلار توغرىسىدا: «ھەقىقەتەن ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن سۆزى ھەق بولدى.

7ـئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئەرشنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

8ـئى رەببىمىز! سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەرگە كىرگۈزگىن. سەن ھەقىقەتەن (ھەممىگە) غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.

9ـ(ئى رەببىمىز!) سەن ئۇلارنى يامانلىقلىرىنىڭ (ئاقىۋىتىدىن) ساقلىغىن، بۇ كۈندە سەن كىمنى يامانلىقلىرىنىڭ (ئاقىۋىتىدىن) ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن. مانا بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قولۇڭدىكى بۇ قۇرئان ساڭا رەببىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ كىتاب بولۇپ، ئۇ سېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بۇ كىتابقا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىش ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى، بۇ كىتاب ھەممىنى ياراتقان، ھەممىگە قادىر، مۇتلەق غالىب، بەندىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئەمەللىرىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچى، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچى، كاپىرلارنى، ئاسىي-گۇناھكارلارنى جازالاشتا كەسكىن، ئازابى قاتتىق، بارلىق ئاتا-ئېھسانلارنىڭ ۋە تۈرلۈك نېمەتلەرنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان زات ـ ئاللاھ

تائالانىڭ سۆزىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقەتلىك ۋە پەزل-كەرەملىك زات ئىكەنلىكى، ئۆزىدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق ئىكەنلىكى ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلىش، مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىش قاتارلىق بارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ يېگانە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىزگە ئېنىق مەلۇمات بەرگەن. ﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئى ئىنسانلار! سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا توپلىنىسىلەر، ئاندىن بۇ دۇنيادىكى ياخشى-يامان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق ھېساب بېرىسىلەر. شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان مۇكاپاتىنى ئالىدۇ ياكى جازاسىنى تارتىدۇ.

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاملىق بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتقاندا، باشقىلار ئۇنىڭغا: «ئۇ ئادەم ھاراققا بېرىلىپ كەتتى ۋە يولدىن چىقتى» دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ كاتىپىغا مۇنداق دەپ يېزىشنى ئەمر قىلىپ: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن! ﴿(بۇ) مۇتلەق غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى، گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچى، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ئازابى قاتتىق، ئىنئام ئىگىسى-ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر﴾ دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان ئاللاھقا سەن ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دېگەنلەرنى يازدۇرىدۇ ۋە ھېلىقى ئادەمگە ئەۋەتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئادەمگە ئۆمەرنىڭ خېتى يېتىپ بېرىشى بىلەن ئۇنى دەرھال ئوقۇشقا باشلايدۇ ۋە: «ئاللاھ مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋەدە قىپتۇ، مېنى قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپتۇ، ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپتۇ» دەيدۇ، ئارقىدىن قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم تەۋبىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، بارلىق گۇناھلىرىغا سەمىمىي تەۋبە قىلىدۇ، يامانلىقلاردىن قول ئۈزىدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەمنۇن بولىدۇ ۋە يېنىدىكىلەرگە: «بىراۋ ئېزىپ كېتىپ، شۇنداق يامان يوللارغا چۈشۈپ قالسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا مەندەك مۇئامىلە قىلىڭلار، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە ھىدايەت تىلەڭلار، ئۇنىڭغا قارشى شەيتاننىڭ ياردەمچىلىرى بولۇپ قالماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ[1].

---

[1] «تفسير الكشاف» 4-توم، 150-149-بەت.

«قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق ھەق كىتاب، يېگانە ھىدايەت مەنبەسى تۇرۇقلۇق، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىمۇ؟ ياق. بەزىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشتى، ھەتتا ئۇنى «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى» دېدى. ئۇلار يەنە ئۆز خىياللىرىدا ھەقىقەتنى ساختىلىق بىلەن ئاغدۇرماقچى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى سېھىر، شېئىر، ئىنسان ئۆگەتكەن سۆزلەر دەپ بىلجىرلىغان بولسىمۇ، بۇ تۆھمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇشتى. ئەمما ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ ۋە ھەرقانداق بىر مەسىلىدە ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كېرەك بولسا مۇنازىرە قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما ھەقىقەتنى سەپسەتىلەرگە تايىنىپ ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتى بىلەن ئۇيېئوچۇق ھەقىقەت ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئورۇندا: ﴿ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا پەقەت كاپىرلارلا تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ﴾ دېگەن. چۈنكى، مۇنداقلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە قارشى چىقىش، ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن ھالدا: ﴿ئۇلارنىڭ شەھەرلەرنى كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن﴾ دەيدۇ. يەنى ئۇ كاپىرلارنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى، دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن كەڭتاشا پايدىلىنىشى ۋە شەھەرلەر ئارا كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالداپ قويمىسۇن. بۇ نېمەتلەرنىڭ شۇنداق داۋاملىشىشىغا ھەرگىز ئىشەنمىگىن. چۈنكى، ئۇلار ۋاقىتلىق نېمەتلەر بولۇپ، ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار بۇ نېمەتلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مەڭگۈگە داۋاملىشىدىغان دوزاخ ئازابى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت قىلغانلىقى، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزگەنلىكى ۋە ھەقىقەتنى سەپسەتىلەرگە تايىنىپ ئاغدۇرۇپ تاشلاش خام خىيالى بىلەن قۇياشتەك چاقناپ تۇرغان ھەقىقەت توغرىسىدا بىھۇدە تالاش-تارتىش ۋە جېدەل قىلغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارغا قارشى چىققانلارنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قانۇنىيەت ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ

قەۋمى، ئاد قەۋمى، سەمۇد قەۋمى، پىرئەۋن تەۋەلىرى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارنىڭ دەۋەت يولىنى توسقان ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەر خىل ئازابلار بىلەن ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت بولغان. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا قارشى ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە ئۇرۇنغان گۇناھكار قەۋملەر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى ۋە تۈرلۈك سۇيىقەست پىلانلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋەتكەن ۋە ئۇلارنى تاقىيامەتكىچە كىشىلەرنىڭ تىلىدا ئىبرەت بولۇپ قالغۇدەك قاتتىق ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىۋەتكەن. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدى. چۈنكى، كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان، ئۇلارغا كەلگەن ھەقىقەتنى سەپسەتىگە تايىنىپ يېڭىش خىيالىدا ئۇلارغا قارشى چىققان گۇناھكار، گەدەنكەش قەۋملەر ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىبرەتلىك جازالىدى ۋە يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قانداق ئىكەن؟

﴿شۇنىڭدەك (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە ئازاب ھەق بولغاندەك) رەببىڭنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلار توغرىسىدا: «ھەقىقەتەن ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر» دېگەن سۆزى ھەق بولدى﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە قارشى بىرلەشكەن ۋە قوشۇن تەييارلىغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇ دۇنيادا مەغلۇبىيەت، ئاخىرەتتە دوزاخ بولىدىغانلىقى ھەققىدە رەببىڭنىڭ بەلگىلىمىسى ئۇلارغا ھەق بولدى. ساڭا قارشى توپلانغان قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ - ئەگەر پەيلىدىن يانمىسا - شۇنداق بولىدۇ. ئۇلارمۇ خۇددى ئىلگىرىكى كاپىرلارغا ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدۇ. بۇنىڭدا سەۋەبمۇ بىر، جازامۇ ئوخشاشتۇر. سەۋەب ئىنكار، جازا مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەتتۇر.

قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەن، قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئىدى. ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا نىسبەتەن سان جەھەتتە ئاز، كۈچ جەھەتتە ئاجىز ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەسەللى بەرگەن ۋە ئۇلارغا يېقىن كېلەچەكتىكى چوڭ غەلىبىدىن بېشارەت بەرگەن ھالدا بۇ مەنىدە دەيدۇكى: ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ

تۈرىدىغان ۋە ئەرشىنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە (ئۆزلىرىگە ئوخشاش) ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ﴾ يەنى رەببىڭنىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئەرشىنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان ۋە ئاللاھ تائالادىن ئەمر-پەرمان كۈتۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر ئۇنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ جىمى نۇقسانلاردىن ۋە ھەرقانداق بىر كەمچىلىكتىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ، ئۇنىڭغا مۇكەممەل رەۋىشتە ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەيدۇ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەق دىنىنىڭ يولىغا كىرگەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەق يولدا يۈرگەن ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغىمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىشىنى ۋە ئالىي جەننەتلەرگە كىرىشىنى تىلەيدۇ. ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱتَّبَعَتۡهُمۡ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَٰنٍ أَلۡحَقۡنَا بِهِمۡ ذُرِّيَّتَهُمۡ وَمَآ أَلَتۡنَٰهُم مِّنۡ عَمَلِهِم مِّن شَيۡءٖۚ كُلُّ ٱمۡرِيِٕۭ بِمَا كَسَبَ رَهِينٞ﴾ يەنى ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئىمان ئېيتىپ ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى (جەننەتتە) ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە مەسئۇلدۇر﴾[1].

مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿وَقِهِمُ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ﴾ دېگەن ئايەتكە قىلغان تەپسىرى بىر خىل بولمىغان. تەپسىر قۇرتۇبىيدا، قەتادەنىڭ: «ئۇلارنى يامانلىقلاردىن ساقلىغىن»[2] دەپ تەپسىر قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. تەپسىر تەبەرىيدە: «ئۇلارنى تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇنقى گۇناھلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ساقلىغىن»[3]، تەپسىر ئىبنى كەسىردە: «ئۇلارنى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىدىن ساقلىغىن»[4]، تەپسىرى جەلالەيندە: «ئۇلارنى يامانلىقلىرىنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن»[5] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكى كەسكىن ھەقىقەتتۇر.

---

[1] نۇر سۈرىسى: 21-ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 15-توم، 296-بەت.
[3] «تفسير الطبري» 21-توم، 357-بەت.
[4] «تفسير ابن كثير» 7-توم، 132-بەت.
[5] «تفسير الجلالين» 1-توم، 618-بەت.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يوللىرىدىن بىرىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلىقتا ھەددىدىن ئاشقان ۋە ھەق دىنغا قارشى تۇرغان زالىم قەۋملەرنى ھالاك قىلغانلىقى زامانىمىزدىكى زالىملار ئۈچۈن ئىبرەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا زالىملارنى كېچىكىپ بولسىمۇ جازالىماي قالمايدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا: «سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللّٰهِ الْعَظِيم» يەنى «ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ بۈيۈكتۇر» دەپ تەسبىھ ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «مَنْ قَالَ سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ فِي يَوْمٍ مِئَةَ مَرَّةٍ حُطَّتْ خَطَايَاهُ وَإِنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ الْبَحْر» يەنى «كىمكى ‹سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ اللّٰهِ الْعَظِيم› نى ھەر كۈنى 100 قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

5. ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ياخشى ئىشلارنى قىلغان مۆئمىن بەندىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى جەننەتتە ئۇلار بىلەن بىللە قىلىش ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ خۇش خەۋەردۇر.

## ◄ قىيامەتنىڭ ئەھۋالى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنَادَوۡنَ لَمَقۡتُ ٱللَّهِ أَكۡبَرُ مِن مَّقۡتِكُمۡ
أَنفُسَكُمۡ إِذۡ تُدۡعَوۡنَ إِلَى ٱلۡإِيمَٰنِ فَتَكۡفُرُونَ ١٠ قَالُواْ رَبَّنَآ أَمَتَّنَا
ٱثۡنَتَيۡنِ وَأَحۡيَيۡتَنَا ٱثۡنَتَيۡنِ فَٱعۡتَرَفۡنَا بِذُنُوبِنَا فَهَلۡ إِلَىٰ خُرُوجٖ مِّن
سَبِيلٖ ١١ ذَٰلِكُم بِأَنَّهُۥٓ إِذَا دُعِيَ ٱللَّهُ وَحۡدَهُۥ كَفَرۡتُمۡ وَإِن يُشۡرَكۡ
بِهِۦ تُؤۡمِنُواْۚ فَٱلۡحُكۡمُ لِلَّهِ ٱلۡعَلِيِّ ٱلۡكَبِيرِ ١٢ هُوَ ٱلَّذِي يُرِيكُمۡ
ءَايَٰتِهِۦ وَيُنَزِّلُ لَكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ رِزۡقٗاۚ وَمَا يَتَذَكَّرُ إِلَّا مَن يُنِيبُ
١٣ فَٱدۡعُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ١٤ رَفِيعُ

[1] «صحيح البخاري» 8- توم 107 - بەت 6405- ھەدىس، «صحيح مسلم» 8 - توم 69 - بەت 7018 - ھەدىس.

ٱلدَّرَجَٰتِ ذُو ٱلۡعَرۡشِ يُلۡقِي ٱلرُّوحَ مِنۡ أَمۡرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ
عِبَادِهِۦ لِيُنذِرَ يَوۡمَ ٱلتَّلَاقِ ﴿١٥﴾ يَوۡمَ هُم بَٰرِزُونَۖ لَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ
مِنۡهُمۡ شَيۡءٞۚ لِّمَنِ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَۖ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ ﴿١٦﴾ ٱلۡيَوۡمَ تُجۡزَىٰ
كُلُّ نَفۡسِۭ بِمَا كَسَبَتۡۚ لَا ظُلۡمَ ٱلۡيَوۡمَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿١٧﴾

## تەرجىمىسى

10ـ شۈبھىسىزكى، (ئاللاھنى) ئىنكار قىلغانلارغا: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىنمۇ بەك قاتتىقتۇر. چۈنكى، سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىنىپ تۇرساڭلارمۇ ئىمان ئېيتمايتتىڭلار» دەپ نىدا قىلىنىدۇ.

11ـ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ[1]. بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار بولدۇق، ئەمدى (بىزگە دوزاختىن) چىقىش يولى بارمىدۇ؟» دەيدۇ.

12ـ (ئى كاپىرلار! بۇ ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە (ئىمان ئېيتىشقا) چاقىرىلغاندا ئىنكار قىلاتتىڭلار، ئەگەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈلسە، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ تۇردۇڭلار. ھۆكۈم قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇتلەق بۈيۈك ئاللاھقا خاستۇر.

13ـ (ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىدىغان ۋە سىلەرگە كۆكتىن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدىغان زاتتۇر. پەقەت (ئاللاھقا) يۈزلەنگەن كىشىلەرلا (بۇ ئايەتلەردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.

14ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر كاپىرلارنىڭ يامان كۆرگىنىگە قارىماي، ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار.

15ـ ئاللاھنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، ئۇ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇ ھەممە خالايىق ئۇچرىشىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، خالىغان بەندىسىگە ئۆز ھۆكمى بويىچە ۋەھيى نازىل قىلىدۇ.

16ـ خالايىق (قەبرىلىرىدىن چىقىپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا) ھازىر بولغان كۈندە

---

[1] ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈش-ئانىنىڭ قورسىقىدىكى جان كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھالەت بىلەن دۇنيادىكى ئۆلۈمنى، ئىككى قېتىم تىرىلدۈرۈش-ئانا قارنىدا جان كىرگۈزۈش بىلەن قىيامەت كۈنىدە تىرىلدۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھقا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر ئىشى مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!

17ـ ئۇ كۈندە ھەركىمگە قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار دوزاختىكى ئوت قايناپ تاتتىق ئازابلىنىۋاتقان پەيتتە، دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىنمۇ بەك قاتتىقتۇر. چۈنكى، سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىنىپ تۇرساڭلارمۇ ئىمان ئېيتمايتتىڭلار﴾ دەپ نىدا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى بۇ دۇنيادا ئىنكار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگىنىدە، بىر-بىرىگە ئاچچىقلىنىدۇ ۋە قاتتىق غەزەپ قىلىشىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر كاتتىباشلىرىغا غەزەپلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۇچراپ قالغانلىقىنى ئۇلاردىن كۆرىدۇ. كاتتىباشلار بولسا ئەگەشكۈچىلەرگە غەزەپلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنى كۇفرىغا زورلىمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئۆزلىرىگە خۇشامەت قىلىپ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئەمدى ئاخىرەتتە ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە غەزەپلىنىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر-بىرىگە غەزەپ قىلىشىدۇ، بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ ۋە لەنەت قىلىشىدۇ. ﴿ٱلۡأَخِلَّآءُ يَوۡمَئِذِۢ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوٌّ إِلَّا ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ، پەقەت (ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا بۇنىڭ سىرتىدا﴾[1]. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بولغان غەزىپى ئەڭ قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىنغاندا ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن، پەيغەمبەرلەرنى بولسا ئىنكار قىلغان ئىدى.

بۇ كاپىرلار قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن جازالىنىپ، چىداشقا

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 67ـ ئايەت.

سەۋر-تاقىتى قالمىغاندا دەيدۇكى، «ئى رەببىمىز! سەن بىزنى بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلىشتىن ئىلگىرى ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا (ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق) بىر قېتىم، ئاندىن دۇنيادا ئەجىلىمىز كەلگەن ۋاقتىدا بىر قېتىم، جەمئىي ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۈڭ، يەنە بىزنى دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇش بىلەن بىر قېتىم، ئاندىن قىيامەتتە بىر قېتىم، جەمئىي ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ. بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار بولدۇق، يامانلىقلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق، خاتالىقلىرىمىزنى تونۇدۇق، ئەمدى بىزگە بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمىدۇ؟ بىزگە تەۋبە قىلىپ ياخشىلاردىن بولۇشقا يەنە بىر پۇرسەت بارمىدۇ؟ ئى رەببىمىز! كاشكى، بىزنى دۇنيا ھاياتىغا قايتا ئەۋەتسەڭ، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا كېلەتتۇق. چۈنكى، بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ۋە ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىپ يەتتۇق، ئۇلارغا جەزمەن ئىشەندۇق». لېكىن ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ﴿وَلَوۡ رُدُّواْ لَعَادُواْ لِمَا نُهُواْ عَنۡهُ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (دۇنياغا) قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر﴾[1].

ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازا ۋە بۇ قاتتىق ئازاب ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا ئىمانغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلغاندا، ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈلسە، ئاشۇ شېرىكنى قوبۇل قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىدى. ئەمدى بۇ كاپىرلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى كاتتىلارنىڭ كاتتىسى بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇتلەق بۈيۈك ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. سىلەرگە يامغۇر ئارقىلىق ئاسماندىن رىزىق چۈشۈرۈپ بېرىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر. بۇلاردىن پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ۋە كۇفرى-زالالەتتىن يۈز ئۆرۈپ ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كىشىلەرلا ۋەز-

[1] ئەنئام سۈرىسى: 28-ئايەت.

نەسىھەت ئالىدۇ.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى چوڭ نېمەتنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، كائىنات ئالامەتلىرى بىلەن «قۇرئان كەرىم» دەلىللىرى، يەنە بىرى، يامغۇردۇر. چۈنكى، كائىنات ئالامەتلىرى بىلەن «قۇرئان كەرىم» دەلىللىرى ئىماننى كۈچەيتىدۇ، يامغۇر سۈيى ئارقىلىق ئۈنۈپ چىققان ئوزۇقلۇق بەدەننى كۈچەيتىدۇ. ھەقىقەتكە قايتقان ۋە ئاللاھ تائالاغا چىن دىلى بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەملەردىن باشقىلىرى بۇنى بىلمەيدۇ ۋە ئويلىيالمايدۇ. نەتىجىدە، بۇلاردىن ھېچ ئىبرەت ئالمايدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى قانچىلىك يامان كۆرگىنىگە ۋە ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەڭلار ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. چۈنكى، ئەڭ توغرىسى مۇشۇنداق قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، شۇنداقلا ئەڭ ئالىي سۈپەتلەرگە ئىگە زات بولۇپ، ئۇ ئەرشنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنى يالغۇز ئىدارە قىلغۇچى بىگانە پادىشاھتۇر. ئۇ ۋەھيىنى خالىغان بەندىسىگە نازىل قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەرلىككە كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە ئۆز ئەمرىدىن بولغان ۋەھيىنى نازىل قىلغان زاتتۇر. كاپىرلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار ھېچ ئىبرەت ئالمايدۇ.

قىيامەت قايىم بولۇپ، بارچە خالايىق قەبرىلىرىدىن چىققان ۋە ئۇلار نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرغان پەيتتە، ئاللاھ تائالا ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟﴾ دەپ جاكارلايدۇ. بۇ چاغدا پۈتكۈل مەخلۇقات جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي جىم تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزى جاۋاب بېرىپ: ﴿ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!﴾ دەيدۇ.

قىيامەت كۈنىدە بىراۋغا ناھەقچىلىك قىلىش، زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇۋال قىلىش يوقتۇر. ئۇ كۈندە ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، يەنى بىراۋنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات كېمەيتىلىپ، يامانلىقلىرىغا بېرىلىدىغان جازا كۆپەيتىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھېسابنى ناھايىتى تېز ئالغۇچىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرلىرىنىڭ: «ئاللاھ بىر كۈندە شۇنچە كۆپ خالايىقتىن بىرلا ۋاقىتتا

قانداقمۇ ھېساب ئېلىپ بولىدۇ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «شۇنچىلىك كۆپ خالايىقنى بىرلا ۋاقىتتا قانداق رىزىقلاندۇرۇپ بولسا، ئۇلاردىن ھېسابىنىمۇ شۇنداق بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بولىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدە پۇشايماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە كاپىرلارنىمۇ رىزىقتىن مەھرۇم قىلمىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ پەزىل-مەرھەمىتىنىڭ تولىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن تەپسىلىي ھېساب ئالىدۇ، شۇ بىر كۈن ئىچىدە جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتتە، دوزاخقا بارىدىغانلار دوزاختا ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى تېپىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

### ◄ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَأَنذِرْهُمْ يَوْمَ ٱلْـَٔازِفَةِ إِذِ ٱلْقُلُوبُ لَدَى ٱلْحَنَاجِرِ كَـٰظِمِينَ ۚ مَا
لِلظَّـٰلِمِينَ مِنْ حَمِيمٍ وَلَا شَفِيعٍ يُطَاعُ ﴿١٨﴾ يَعْلَمُ خَآئِنَةَ ٱلْأَعْيُنِ وَمَا
تُخْفِى ٱلصُّدُورُ ﴿١٩﴾ وَٱللَّهُ يَقْضِى بِٱلْحَقِّ ۖ وَٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ
لَا يَقْضُونَ بِشَىْءٍ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ ﴿٢٠﴾ ۞ أَوَلَمْ يَسِيرُوا۟
فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ كَانُوا۟ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَانُوا۟
هُمْ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَءَاثَارًا فِى ٱلْأَرْضِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ وَمَا
كَانَ لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٍ ﴿٢١﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانَت تَّأْتِيهِمْ رُسُلُهُم
بِٱلْبَيِّنَـٰتِ فَكَفَرُوا۟ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ ۚ إِنَّهُۥ قَوِىٌّ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٢٢﴾

[1] «تفسير القرطبي» 2-توم، 435-بەت.

## تەرجىمىسى

18-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى يېقىنلاشقان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇ چاغدا قايغۇ-ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەر (قورقۇنچتىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىپ قالىدۇ، (ئىمان ئېيتماي ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا ھېچبىر يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ.

19-ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغان (ياخشى - يامان) ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

20-ئاللاھ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

21-ئۇلار زېمىننى كېزىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا يەر يۈزىدە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قالدۇرغان ئىزلىرى جەھەتتە بۇلاردىن (مەككىلىكلەردىن) كۆپ ئۈستۈن ئىدى. (ئۇلار شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ) ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئازابقا تۇتتى، ئۇلارنى ئاللاھ (نىڭ جازاسى)دىن قوغداپ قالىدىغان ھېچكىم چىقمىدى.

22-بۇ (ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى (ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ئازابقا تۇتتى. چۈنكى ئاللاھ كۈچلۈك، ئازابى قاتتىق زاتتۇر.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارنى، خۇسۇسەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە سەن بىلەن جېدەللىشىۋاتقان كاپىرلارنى قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. ﴿ٱقْتَرَبَتِ ٱلسَّاعَةُ وَٱنشَقَّ ٱلْقَمَرُ﴾ يەنى ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾ [1]. قىيامەتنىڭ ۋاقتى بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق. «ھەر قانداق كەلگۈچىنىڭ كېلىشى يېقىندۇر» دەيدىغان ھېكمەتكە ئاساسەن ئېيتقاندىمۇ، قىيامەتنىڭ ۋاقتى ھەرگىز يىراق ئەمەس. ﴿أَزِفَتِ ٱلْـَٔازِفَةُ ۝٥٧ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ كَاشِفَةٌ﴾ يەنى ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى. ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم

[1] قەمەر سۈرىسى: 1-ئايەت.

تونۇشۇپ قالالمايدۇ﴾[1].

﴿قايغۇ-ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەر (قورقۇنچتىن) بوغۇزلارغا قاپلىشىپ قالىدۇ...﴾ دېگەن ئايەت قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى تەسۋىرلىگەن ئايەت بولۇپ، قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنىڭ قورقۇنچتىن يۈرىكى بوغۇزىغا كېلىپ قالىدۇ، كۆڭلىنى قاتتىق غەم-ئەندىشە قاپلىۋالىدۇ، ئۇلار قورقۇنچتىن ئېغىز ئاچالمايدۇ، زۇۋان سۈرەلمەيدۇ ۋە تۇرغان يېتى داڭ قېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ھەقىقەتەن يامان بولىدۇ، ئەڭ دەھشەتلىك قورقۇنچ ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادا ئىماندىن يۈز ئۆرۈش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملار بولۇپ، مۇنداقلارغا قىيامەت كۈنىدە بىرەر يېقىن دوست ياكى شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان بىرەر شاپائەتچى چىقمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادا «شاپائەتچىمىز» دەپ ئىشەنچ قىلغان ساختا ئىلاھلىرى ئۇ كۈندە يوقاپ كېتىدۇ.

قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلاردىن تەپسىلىي ۋە تولۇق ھېساب ئالىدىغان زات – ئاللاھ تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانەتلىك قاراشلىرىدىن تارتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يوشۇرغانلىرىنى ۋە جىمى سىر- ئەسرارلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئويلىغانلىرىنى ۋە يوشۇرغانلىرىنى تولۇق بىلىدىغان زات ئۇلارنىڭ قولى بىلەن تۇتۇپ، تىلى بىلەن سۆزلەپ ۋە پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان، شۇنداقلا جىمى ئەزالىرى بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى قانداقمۇ بىلمىسۇن؟!

﴿ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ئىنساندىن سادىر بولغان ھېچقانداق ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز، پىكىر-خىيالنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، كۆزلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، كۆڭۈللەر-دىكى سىرلارنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن، ئەمدى ئاللاھ تائالا بىلمەيدىغان نېمە قالدى؟ تەبىئىيكى، ھېچ نەرسە قالمىدى.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلماستىن، ۋايىغا يەتكەن ئادالەتلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ، زەررىچىلىك يامانلىقى بولغان ئادەمگىمۇ شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇ-

[1] نەجم سۈرىسى: 57-58-ئايەتلەر.

چىدۇر. ئۇ ھېساب ئالغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ۋە ئەڭ ياخشىسىدۇر.

ئەمما مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان بۇتلار ۋە ھەر قانداق بىر ساختا ئىلاھلار ھېچكىمگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار قانداقمۇ بىرەر ئىش قىلالىسۇن؟ ئۇلار ئەقىل-ئىدراكتىن مەھرۇم تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان نەرسىلەر تۇرسا؟ بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى شۇ بىلگىنىگە ئاساسەن بەندىلىرىگە جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» قىيامەتتىكى ئەھۋاللارنى كاپىرلارنىڭ قورقۇپ ئىبرەت ئېلىشىغا ۋە قورقۇنچتىن يۈرەكلىرىنى تىترىتىشكە يېتەرلىك رەۋىشتە تەسۋىرلىگەن ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرگەن. دېمىسىمۇ، كاپىرلار ئەگەر ئەقلىنى ئىشلەتسە ۋە بىلسە، قىيامەتتىن ئەلۋەتتە قورقاتتى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى دەھشەتلىك قورقۇنچ بىلەن ھەسرەتلىك ئاچچىق قاپلىۋالىدۇ. ئۇ كۈندە ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىغان بىرەر دوست ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندىكى پادىشاھلىق ۋە ھاكىمىيەت بىر ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئىجازىتىسىز شاپائەت بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچكىمگە كاپىرلارغا ۋە زالىملارغا شاپائەت قىلىش ھەققىنى بەرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىجازىتى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان بەزى گۇناھكار كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئەمما كاپىرلارغا شاپائەت ياكى ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ. قىيامەت كۈنى مۇشرىكلارنىڭ بۇ دۇنيادا چوقۇنغان نەرسىلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى قىيامەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىدۇ ۋە بۇ مەنىدە دەيدۇكى: بۇ مۇشرىكلار ئىلگىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان ئاد، سەمۇد قاتارلىق قەۋملەرنىڭ دىيارلىرىدىن ئۆتمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ خارابىلىرىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئىلگىرىكىلەر كۈچ، بايلىق ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىمۇ بۇ مۇشرىكلاردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن تۇراتتى. يەر يۈزىدە بىز ئۇلارغا ھېچكىمگە بەرمىگەن ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن بولۇپ، ئۇلار تېرىقچىلىق، بىناكارلىق، سانائەت جەھەتلەردە ئالاھىدە يۇقىرى

ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ۋە ئۇ پەيغەمبەر دەۋەت قىلغان ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى قاتتىق جازالاپ ئەڭ ئېبرەتلىك شەكىلدە ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇلارنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر كۈچ ياكى شاپائەتچى بولمىدى.

ئۇلارغا كەلگەن بۇ ئازاب شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ پاكىتلارنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇشۇ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن جازالىدى.

ئى مەككە ئەھلى! قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇڭلار، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىڭلار. كاپىرلارنى، زالىملارنى ئەنە شۇنداق ئىبرەتلىك جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدە زالىملارغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە بارلىق ھاكىمىيەت ۋە پادىشاھلىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلمىغۇچە ھېچكىمگە ياردەم ياكى شاپائەت قىلىنمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىللاردىكى سىرلارنى ۋە كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق.

3. ئاللاھ تائالا ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچى بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمىغاندەك، ئادالەتتىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ. چۈنكى، مۇتلەق ئادالەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈمىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

4. ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر.

5. گۇناھكارلارنى ۋە زالىملارنى جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

6. ئاللاھ تائالا بىراۋنى جازالاشنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇنى بۇ جازادىن قوغداپ قالغۇچى چىقمايدۇ.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

﴿وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَا وَسُلۡطَٰنٖ مُّبِينٍ ﴿٢٣﴾ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ
وَهَٰمَٰنَ وَقَٰرُونَ فَقَالُواْ سَٰحِرٞ كَذَّابٞ ﴿٢٤﴾ فَلَمَّا جَآءَهُم بِٱلۡحَقِّ مِنۡ
عِندِنَا قَالُواْ ٱقۡتُلُوٓاْ أَبۡنَآءَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ وَٱسۡتَحۡيُواْ نِسَآءَهُمۡۚ
وَمَا كَيۡدُ ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٖ ﴿٢٥﴾ وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ذَرُونِيٓ أَقۡتُلۡ
مُوسَىٰ وَلۡيَدۡعُ رَبَّهُۥٓۖ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمۡ أَوۡ أَن يُظۡهِرَ فِي
ٱلۡأَرۡضِ ٱلۡفَسَادَ ﴿٢٦﴾ وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِنِّي عُذۡتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ
مُتَكَبِّرٖ لَّا يُؤۡمِنُ بِيَوۡمِ ٱلۡحِسَابِ ﴿٢٧﴾﴾

### تەرجىمىسى

23-24- شەكسىزكى، بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ۋە ئوپئوچۇق دەلىل بىلەن پىرئەۋنگە، هامانغا ۋە قارۇنغا ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇنى يالغانچى، سېھىرگەر دېيىشتى.

25-مۇسا ئۇلارغا دەرگاھىمىزدىن مۆجىزە ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار: «مۇسا بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرۇڭلار» دېدى. كاپىرلارنىڭ ھىيلە-مىكرى چوقۇم بەربات بولۇشقا مەھكۇمدۇر.

26-پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى مۇسانى ئۆلتۈرگىلى قويۇڭلار، ئۇ رەببىنى چا-قىرىپ باقسۇن. مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى يەر يۈزىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيمەن».

27-مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار (بولغان ئاللاھ)غا سىغىنىپ، ھېساب بېرىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغان ھەربىر مۇتەكەببىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن».

### تەپسىرى

بۇ قىسسە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن تەرەپدارلىرى ئوتتۇ-رىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكنى ئەينەن بايان قىلغان بولۇپ، كېيىنكى بىر قانچە ئايەتتە تاماملىنىدۇ. بۇ قىسسىدە پىرئەۋننىڭ قەۋمى بولغان

مىسىرلىقلار ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇلاردىن قورقۇپ ئىمانىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر مۆئمىن ئادەمنىڭ قىسسىسىمۇ بايان قىلىنغان. بايانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدىغان بەزى ۋەز-نەسىھەتلەرمۇ ئورۇن ئالغان. قىسسە ئومۇمەن ئىلگىرىكى كۈچلۈك ئۈممەتلەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىق ۋەقەسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. قىسسە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىنىدۇ:

1. پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى مەۋقەسى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيەلەر.

2. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ تەھدىتلىرىگە بەرگەن جاۋابى.

3. بىر مۆئمىن ئادەمنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلغانلىقى.

4. پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش.

5. پىرئەۋننىڭ بىر ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسىگە قارشى چىققانلىقى.

6. مۆئمىن ئادەمنىڭ قەۋمىگە قىلغان نەسىھەتلىرى، دۇنيا ئەھۋالى ۋە ئاخىرەت ھەقىقەتلىرى.

7. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن نىجات تېپىشى ۋە پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ سۇدا غەرق بولۇپ تۈگىشىشى.

مانا بۇلار قىسسىدىكى ئاساسلىق ۋەقەلىكلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ تولۇق تەپسىلاتى كېيىنكى ئايەتلەردە كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى توققۇز تۈرلۈك مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرۈپ، ئىسرائىل ئەۋلادىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى قەسەم بىلەن تەكىتلىگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام-نىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى قول بىلەن ھاسا بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى چىراقتەك ياناتتى، ئۇنىڭ ھاسىسى ئەجدىھاغا ئايلىناتتى.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن، ھامان، قارۇن قاتارلىقلارغا ئەۋەتكەندە، ئۆزىنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنتايىن روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاتا قىلغان ئىدى. پىرئەۋن مىسىرنىڭ پادىشاھى،

هامان ئۇنىڭ ۋەزىرى، قارۇن چوڭ باي ئىدى. بۇ ئۈچ شەخس مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارنىڭ يولباشچىلىرى ئىدى. بۇ ئۈچ شەخسنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ يولباشچىلىرى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققۇچىلار ئۇنىڭ روشەن مۆجىزىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشتىكى دەلىل-ئىسپاتلىرى ئالدىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «سېھىرگەر» ۋە «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا باشلىغان. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە ۋە قارشىلىقلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى.

پىرئەۋن تەۋەلىرىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەقىقەت كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق ئايان بولغاندا، ئۇلار: «ھازىردىن باشلاپ مۇسا بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئەمما قىز-ئاياللىرىنى قۇل قىلىپ خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن ھايات قالدۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردۇ. پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى ئىككىنچى پەرمانىدۇر. بىرىنچىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى پەرمان بولۇپ، پىرئەۋن ئۆزى كۆرگەن چۈش سەۋەبلىك ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرگەن. چۈنكى، تەبىرچىلەر ئۇنىڭ چۈشىگە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلىدىغان بىر بوۋاقنىڭ ئۇنىڭ تەختىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىككىنچىسى، ئىسرائىل ئەۋلادىنى خارلاش ۋە كۈچىنى ئازايتىش ئۈچۈن چىقارغان پەرمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوغۇللارنىڭ خەتىرى قىزلارنىڭكىدىن چوڭ ئىدى، ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كۆپىيىپ ۋە كۈچلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پىرئەۋن تەۋەلىرى شۇنداق پىلانلارنى تۈزگەن بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ پىلانىنى ۋە بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان قاتارلىق پالايىئاپەتلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز خاپىلىقلىرى بىلەن بەند قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى.

بۇ جەرياندا پىرئەۋن ھەددىدىن ئېشىپ: ﴿مېنى مۇسانى ئۆلتۈرگىلى

قوۋۇملار، ئۇ رەببىنى چاقىرىپ باقسۇن. مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى يەر يۈزىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيمەن﴾ دېگەن بولۇپ، پىرئەۋن بۇ سۆزى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۇفرى سۆزى «مەن مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ ‹رەببىم ئاللاھتۇر› دېگەن سۆزى راست بولىدىغان بولسا، قېنى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ پاناھ تىلەپ باقسۇن، رەببى ئۇنى مەندىن قۇتقۇزۇپ قالسۇن» دېگەنلىكى ئىدى. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ۋە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بۇ دىنىنىڭ مىسىر زېمىنىدا يىلتىز تارتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنىنىڭ تەھدىتلىرىدىن قەتئىي قورقۇپ قالمايتتى ۋە ئۆز ئىرادىسىدىن قىلچە چېكىنمەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ﴿مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار (بولغان ئاللاھ)غا سىغىنىپ، ھېساب بېرىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغان ھەربىر مۇتەكەببىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾ يەنى مەن بىزنى ياراتقان، بىزگە رىزىق بەرگەن ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ، ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ھەرقانداق بىر مۇتەكەببىر زالىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. بىزنى ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىكى چېغىمىزدىمۇ ئۈچ قات قاراڭغۇ پەردىنىڭ ئىچىدە سالامەت ساقلىغان، بىزگە ھاياتلىقنى بەخش ئەتكەن، بىزنى ياخشىلىققا ۋە ھەقىقەتكە مۇۋەپپەق قىلغان زات ـ ئاللاھ تائالا مېنى ۋە ماڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ زۇلمىدىن ۋە بارلىق سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر.

قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيدىغان ئىنسانلار ھەقىقەتەن قورقۇشقا تېگىشلىك ئىنسانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ ۋە رەزىللىكلەرنىڭ كېلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېساب بېرىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغان مۇتەكەببىر زالىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىشىدە بىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگە بار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر زامان ۋە ھەر جايدا مەۋجۇتتۇر.

كىشىلەرنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىرىدىن بىرى ئۆزلىرىگە ئازار قىلغانلارغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە جاپادىن قورقماسلىقتۇر.

2. مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پاناھگاھ ئاللاھ تائالانىڭ پاناھىدۇر. چۈنكى، مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالادىن بەك ياخشى قوغدىغۇچى يوقتۇر.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغان ئادەمنىڭ قىسسىسى

﴿وَقَالَ رَجُلٞ مُّؤۡمِنٞ مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَكۡتُمُ إِيمَٰنَهُۥٓ أَتَقۡتُلُونَ
رَجُلًا أَن يَقُولَ رَبِّيَ ٱللَّهُ وَقَدۡ جَآءَكُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ مِن رَّبِّكُمۡۖ وَإِن
يَكُ كَٰذِبٗا فَعَلَيۡهِ كَذِبُهُۥۖ وَإِن يَكُ صَادِقٗا يُصِبۡكُم بَعۡضُ ٱلَّذِي
يَعِدُكُمۡۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي مَنۡ هُوَ مُسۡرِفٞ كَذَّابٞ (٢٨) يَٰقَوۡمِ لَكُمُ
ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَ ظَٰهِرِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَمَن يَنصُرُنَا مِنۢ بَأۡسِ ٱللَّهِ إِن
جَآءَنَاۚ قَالَ فِرۡعَوۡنُ مَآ أُرِيكُمۡ إِلَّا مَآ أَرَىٰ وَمَآ أَهۡدِيكُمۡ إِلَّا سَبِيلَ
ٱلرَّشَادِ (٢٩) وَقَالَ ٱلَّذِيٓ ءَامَنَ يَٰقَوۡمِ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُم مِّثۡلَ يَوۡمِ
ٱلۡأَحۡزَابِ (٣٠) مِثۡلَ دَأۡبِ قَوۡمِ نُوحٖ وَعَادٖ وَثَمُودَ وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡۚ
وَمَا ٱللَّهُ يُرِيدُ ظُلۡمٗا لِّلۡعِبَادِ (٣١) وَيَٰقَوۡمِ إِنِّيٓ أَخَافُ عَلَيۡكُمۡ يَوۡمَ
ٱلتَّنَادِ (٣٢) يَوۡمَ تُوَلُّونَ مُدۡبِرِينَ مَا لَكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنۡ عَاصِمٖۗ وَمَن
يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٖ (٣٣)﴾

## ◄ تەرجىمىسى

28-پىرئەۋن جەمەتىدىن بولۇپ، ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۇئمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر بىر ئادەمنى ‹رەببىم ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرگە رەببىڭلاردىن (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقۇچى كاززاپنى

ھىدايەت قىلمايدۇ.

29ـئى قەۋمىم! بۈگۈنكى كۈندە سىلەر (بۇ) زېمىندا غالىبلارچە سەلتەنەت سۈرۈۋاتىسىلەر. ئەگەر بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابى كېلىپ قالسا، (ئۇنىڭدىن قۇ-تۇلۇشقا) بىزگە كىم ياردەم قىلالايدۇ؟». پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرگە پەقەت نېمىنى (توغرا دەپ) قارىسام شۇنى سىلەرگە كۆرسىتىۋاتىمەن ۋە سىلەرنى پەقەت توغرا يولغا يېتەكلەيمەن».

30ـ31ـمۇئمىن ئادەم ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! (ئەگەر سىلەر مۇسانى ئۆلتۈر-سەڭلار) مەن سىلەرنىڭ نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋملىرىگە ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش (پەيغەمبەرلىرىگە قارشى) بىرلەشكەنلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خا-لىمايدۇ.

32ـئى قەۋمىم! شەكسىزكى، مەن سىلەر ئۈچۈن (كىشىلەر بىر-بىرىنى چاقىرىپ) نالە-پەرياد قىلىدىغان (قىيامەت) كۈندىن ئەنسىرەيمەن.

33ـئۇ كۈندە سىلەر ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولىسىلەر، سىلەرنى ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ».

### ◄ تەپسىرى

ھەرقانداق بىر ھەقىقەتنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغىنىدەك، پىرئەۋنىنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرى شۇنچىلىك ئېشىپ كەتكەن زاماندىمۇ مۇسا ئە-لەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغدايدىغان مۇئمىنلەر بار ئىدى. ئۇ چاغدا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى زۇلۇم قىلىشتا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلارنى تۇتقان يەردە ئۆلتۈرۈپ يوقىتىپ تۈرغانلىقتىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى يوشۇراتتى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكىنى ئاشكارا قىلالمايتتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىپ ھەق سۆزنى قىلغان مۇئمىن ئادەممۇ پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ ئىمانىنى يوشۇرۇپ كەلگەن مۇئمىنلەردىن بىرى ئىدى. ئايەتتىن بۇ ئادەمنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدە يۈز-ئابرۇيلۇق بىرسى ئىكەنلىكى مەلۇم. چۈنكى، ئۇ ئادەم

ئەگەر شۇنچىلىك ئابرۇيلۇق ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بىرى بولمىسا ئىدى، پىرئەۋنىنىڭ ئالدىدا ئۆز رايىنى مۇنداق دادىل ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولاتتى.

ئى قەۋمىم! سىلەر مۇسانى پەقەتلا ﴿رەببىم ئاللاھتۇر﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ راستىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سىلەرگە ئويئوچۇق مۆجىزىلەرنى ۋە كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرسەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دېگەن سۆزىدە يالغانچى بولسا، بۇ يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، بۇنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى يوق. شۇڭا سىلەر ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا قارشى چىقماڭلار، ئۇ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرسۇن. ناۋادا ئۇ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغانلىرىدا راستچىل بولسا، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازابنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ گەپ-سۆزىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ، يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان ئادەمنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ئادەمنى ھىدايەت قىپتۇ، ئۇنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ سىلەر ئويلىغاندەك يالغانچىلاردىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مانا بۇلار قەلبى چىن ئىمان بىلەن تولغان، دۇنياغا دانالارنىڭ، ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ كۆزى بىلەن باققان بىر مۇئمىن ئادەمنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى، ئى قەۋمىم! سىلەر ھازىر مىسىر زېمىنىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىسىلەر ۋە غالىبلارچە سەلتەنەت سۈرۈۋاتىسىلەر، سىلەرگە ھازىر ئىنسانلاردىن ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئى قەۋمىم! سىلەر ﴿رەببىم ئاللاھتۇر﴾ دېگەن بۇ ئادەمگە چېقىلىپ قويۇپ، مۇشۇ سەلتەنەتىڭلارنى زاۋاللىققا ئۇچراتماڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كەلگەندە ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ، بىزنى ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالغۇچى چىقمايدۇ. بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى يېتىپ كەلسە، بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشىمىزغا كىم ياردەم قىلالايدۇ؟ بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

پىرئەۋن بۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دېدىكى، مەن سىلەرگە پەقەت ئۆز رايىمنى سۆزلەيمەن. مەن سىلەرگە مۇسانى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مەسلىھەتىنى بېرىمەن. چۈنكى، بۇ ئادەمنىڭ سىلەرنى توغرا يولغا باشلىشى ناتايىن. ئەمما مەن سىلەرگە سەمىمي

يولباشچىلىق قىلىۋاتىمەن.

ھېلىقى مۇئمىن ئادەم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى، ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنىڭ مۇسانى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇپ، بۇ دۇنيادا خۇددى نۇھ، ئاد، سەمۇد ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى قەۋملەر پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچراپ ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. چۈنكى، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر-لىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ئازابلار بىلەن جازالىنىپ ھالاك قىلىنغانلىقى ئېنىقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئەمما بەندىلەر پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارغا يامانلىق قىلىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ.

ئى قەۋمىم! مەن سىلەر ئۈچۈن ئىنسانلار قورقۇنچتىن قاتتىق ۋارقىراپ، بىر-بىرىنى چاقىرىشىدىغان، بىر-بىرىدىن ياردەم تىلەپ نالە-پەرياد قىلىپ كېتىدىغان دەھشەتلىك كۈن - قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قورقىمەن. ئۇ كۈندە سىلەر ئازابنى كۆرۈپ ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولىسىلەر، ئەمما ئۇ چاغدا سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىغان ھېچبىر شاپائەتچى، ھېچبىر مەدەتكار چىقمايدۇ. ﴿لِّمَنِ ٱلۡمُلۡكُ ٱلۡيَوۡمَۖ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ﴾ يەنى ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ ئەلۋەتتە قەھرلىك بىر ئاللاھقىلا خاستۇر!﴾[1]. ھىدايەتنى خالىماي، ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغۇچى چىقمايدۇ، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زالىمنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى دادىل قىلىش جىھادنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

2. ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۆزىنىڭ نورمىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىسراپ قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

3. ئۈپئۈچۈق ئازغۇنلۇقتا بولغانلارمۇ ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ. پىرئەۋنمۇ ئۆزى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇقلۇق، ئۆز قەۋمىگە: «مەن سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيمەن» دەيتتى.

---

[1] غافىر سۈرىسى: 16- ئايەت.

4. ھەقىقىي مۆئمىن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئىمان ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسى بولۇپ، ئىمان ئۇنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

5. گۇناھلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان ئۈممەتلەر كېيىنكىلەرگە ئىبرەتتۇر.

### يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىنى ئەسلىتىش

﴿وَلَقَدْ جَآءَكُمْ يُوسُفُ مِن قَبْلُ بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَمَا زِلْتُمْ فِى شَكٍّ مِّمَّا جَآءَكُم بِهِۦ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا هَلَكَ قُلْتُمْ لَن يَبْعَثَ ٱللَّهُ مِنۢ بَعْدِهِۦ رَسُولًا ۚ كَذَٰلِكَ يُضِلُّ ٱللَّهُ مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ مُّرْتَابٌ ﴿٣٤﴾ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِىٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَٰنٍ أَتَىٰهُمْ ۖ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۚ كَذَٰلِكَ يَطْبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ قَلْبِ مُتَكَبِّرٍ جَبَّارٍ ﴿٣٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

34-شەكسىزكى، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سىلەر ئۇنىڭ سىلەرگە ئېلىپ كەلگەنلىرىدىن ھەمىشە شەكلىنىش ئىچىدە بولدۇڭلار، نىھايەت، ئۇ ۋاپات بولغاندا، «ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدىڭلار. ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان گۇمانخورنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ.

35-ئۇلار ئۆزلىرىگە ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىدىغانلاردۇر. (ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە نىمىدېگەن قاتتىق نەپرەتلىنەرلىك ئىش! ھەرقانداق مۇتەكەببىر، زومىگەرنىڭ دىلىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

### تەپسىرى

ئى قەۋم! ئەجدادلىرىڭلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان ئىشلارنى ئەسكە ئېلىڭلاركى، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ھەق دىنىنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار ئۇ

ئېلىپ كەلگەن دىن توغرۇلۇق ھەمىشە شەك ئىچىدە بولۇپ كەلدى. تاكى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئۇلار ھېچقانداق ئاساسسىز ھالدا: «ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ» دېدى. مۇنداق ھەددىدىن ئاشقان ھەربىر گۇمانخورنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ، ئۇنىڭ دىلىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

شۇ ئېنىقكى، ئىنسان قانداقلا بىر ئىشتىن شەكلەنسە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى خالىمايدۇ. بۇ ئايەتلەردە سۆكۈلگىنى قولىدا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە كەلسە-كەلمەس مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش قىلىشقۇچىلاردۇر. شەكسىزكى، مۇنداقلار ئازغۇنلاردۇر. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ إِن فِي صُدُورِهِمۡ إِلَّا كِبۡرٞ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِۚ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە ھېچقانداق بىر دەلىل كەلمىگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى ساڭا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلار بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ﴾[1].

شەكسىزكى، بىلىمسىز تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە مۇنداق جېدەللىشىش ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ۋە مۆمىنلەرنىڭ نەزىرىدە ئېغىر گۇناھتۇر. دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇپ، ھەقىقەت توغرۇلۇق جېدەللىشىدىغان، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق مۇتەكەببىر، زومىگەرنىڭ دىلىنى ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىلىمسىز تۇرۇپ، ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە باشقىلار بىلەن جېدەللىشىش ئەخمەقلەرنىڭ ئىشىدۇر.

2. چوڭچىلىق قىلىپ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھەرگىز توغرا يول تاپالمايدۇ. چۈنكى، كىبىر ئادەمنى ھەقىقەتتىن توسۇپ قويىدۇ.

## ◄ پىرئەۋننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشى

﴿وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ يَٰهَٰمَٰنُ ٱبۡنِ لِي صَرۡحٗا لَّعَلِّيٓ أَبۡلُغُ ٱلۡأَسۡبَٰبَ ٣٦

---

[1] غافىر سۈرىسى: 56- ئايەت.

أَسْبَٰبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ فَأَطَّلِعَ إِلَىٰٓ إِلَٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّى لَأَظُنُّهُۥ كَٰذِبًاۚ
وَكَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِفِرْعَوْنَ سُوٓءُ عَمَلِهِۦ وَصُدَّ عَنِ ٱلسَّبِيلِۚ وَمَا كَيْدُ
فِرْعَوْنَ إِلَّا فِى تَبَابٍ ﴿٣٧﴾

## ◄ تەرجىمىسى

36ـ37ـ پىرئەۋن: «ئى هامان! مەن يوللارغا- ئاسمانلارنىڭ يوللىرىغا ئۆلىشىپ، مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن، سەن ماڭا بىر ئېگىز مۇنار ياسىتىپ بەرگىن، مەن مۇسانى (ئاسماندا بىزنىڭ رەببىمىز بار دېگەن دەۋاسىدا) چوقۇم يالغانچى دەپ ئويلايمەن» دېدى. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يامان ئەمەلى شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇ (ھىدايەت) يولىدىن توسۇپ قويۇلدى، پىرئەۋننىڭ تۈزاقلىرى تامامەن بەربات قىلىندى.

## ◄ تەپسىرى

پىرئەۋن ئۆز جەمەتىدىن بولغان مۆئمىن ئادەمنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ئەتراپقا تارقىلىپ كېتىشىدىن، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ ۋە دەرھال بۇ دەۋەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىنى ماددىي دەلىل بىلەن كۈچلەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿مەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾ دېگەن سۆزىنى پۈتۈن خەلقنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ خەلقنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن «دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئەلچى ئۆزىنى ئەۋەتكەن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. مۇسانى ئەۋەتكەن ئىلاھى ئەگەر ئاسماندا بولىدىغان بولسا، مۇسانىڭ ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇنى كۆرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، مۇسانىڭ ئاسمانغا چىقىدىغان بىرەر ئېگىز مۇنارى يوق، ئۇ مۇنداق بىر مۇنار ياساپ چىقىشقا قادىرمۇ ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز قانداقمۇ مۇسانىڭ ئىلاھىنى بار دەپ ئېيتالايمىز؟» دېگەنگە ئوخشىغان سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پىرئەۋن خەلقنى مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ شۇنداق شۇبھىلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مات قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ۋەزىرى ھامانغا: ﴿ئى ھامان! مەن يوللارغا-

ئاسمانىنىڭ يوللىرىغا ئۇلىشىپ، مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈپ بېقىشىم ئۈچۈن، سەن ماڭا بىر ئېگىز مۇنار ياسىتىپ بەرگىن﴾ دېگەن. چۈنكى، پىرئەۋن شۇ زامانلاردا ئاسمانغا چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئاللاھ تائالانى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ھامانغا ئېيتقان بۇ سۆزى ئارقىلىق مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تامامەن يالغانچى قىلىپ چىقارماقچى بولىدۇ ۋە كېيىنكى: ﴿مەن مۇسانى (ئاسماندا بىزنىڭ رەببىمىز بار دېگەن دەۋاسىدا) چوقۇم يالغانچى دەپ ئويلايمەن﴾ دېگەن سۆزىنى ھەممىگە تەستىقلاتماقچى بولىدۇ. گويا ئۇ «مەن مىسىر دىيارىدا ئۆزۈمدىن باشقا بىرەر ئىلاھنى ئېتىراپ قىلمايدىغان تۇرسام، مۇسا قانداقمۇ باشقا بىرىنى ئىلاھ دەپ جۆيلۈيدۇ؟» دېمەكچى بولىدۇ. پىرئەۋنگە ئۇنىڭ قىلۋاتقان يامان ئىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىلدى ۋە ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ ھىدايەت يولىدىن مەنئى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازغۇنلۇقتا قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يالغانچى قىلىپ كۆرسىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاساسىدىن يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن قۇرغان تۇزاقلىرى تامامەن بەربات قىلىندى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئازغۇنلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ھىمايە قىلغان كىشىلەر دۈشمەنلەرنىڭ تۇزاقلىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

### ◄ مۇئمىن ئادەمنىڭ قەۋمىگە قىلغان نەسىھەتى

﴿وَقَالَ ٱلَّذِىٓ ءَامَنَ يَٰقَوۡمِ ٱتَّبِعُونِ أَهۡدِكُمۡ سَبِيلَ ٱلرَّشَادِ (٣٨) يَٰقَوۡمِ
إِنَّمَا هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا مَتَٰعٌ وَإِنَّ ٱلۡأٓخِرَةَ هِىَ دَارُ ٱلۡقَرَارِ (٣٩) مَنۡ
عَمِلَ سَيِّئَةً فَلَا يُجۡزَىٰٓ إِلَّا مِثۡلَهَاۖ وَمَنۡ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ
أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٌ فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ يُرۡزَقُونَ فِيهَا بِغَيۡرِ
حِسَابٍ (٤٠) ۞ وَيَٰقَوۡمِ مَا لِىٓ أَدۡعُوكُمۡ إِلَى ٱلنَّجَوٰةِ وَتَدۡعُونَنِىٓ إِلَى
ٱلنَّارِ (٤١) تَدۡعُونَنِى لِأَكۡفُرَ بِٱللَّهِ وَأُشۡرِكَ بِهِۦ مَا لَيۡسَ لِى بِهِۦ

عِلْمٌ وَأَنَا۠ أَدْعُوكُمْ إِلَى ٱلْعَزِيزِ ٱلْغَفَّٰرِ ﴿٤٢﴾ لَا جَرَمَ أَنَّمَا تَدْعُونَنِىٓ
إِلَيْهِ لَيْسَ لَهُۥ دَعْوَةٌ فِى ٱلدُّنْيَا وَلَا فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ وَأَنَّ مَرَدَّنَآ إِلَى ٱللَّهِ
وَأَنَّ ٱلْمُسْرِفِينَ هُمْ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ﴿٤٣﴾ فَسَتَذْكُرُونَ مَآ أَقُولُ
لَكُمْ ۚ وَأُفَوِّضُ أَمْرِىٓ إِلَى ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَصِيرٌۢ بِٱلْعِبَادِ ﴿٤٤﴾ فَوَقَىٰهُ
ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِ مَا مَكَرُوا۟ ۖ وَحَاقَ بِـَٔالِ فِرْعَوْنَ سُوٓءُ ٱلْعَذَابِ ﴿٤٥﴾ ٱلنَّارُ
يُعْرَضُونَ عَلَيْهَا غُدُوًّا وَعَشِيًّا ۖ وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ أَدْخِلُوٓا۟ ءَالَ
فِرْعَوْنَ أَشَدَّ ٱلْعَذَابِ ﴿٤٦﴾

### تەرجىمىسى

**38**ـئىمان ئېيتقان ھېلىقى كىشى مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن.

**39**ـئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتتۇر، شەكسىزكى، ئاخىرەت بولسا ئۇ (ھەقىقىي) قارارگاھتۇر.

**40**ـكىمكى بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا پەقەت شۇ يامانلىقىغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتى بىلەن بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداق كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ.

**41**ـئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى نىجاتلىققا دەۋەت قىلىۋاتسام، سىلەرنىڭ مېنى دوزاخقا چاقىرىۋاتقىنىڭلار قانداق بولغىنى؟

**42**ـسىلەر مېنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، مەن (ئىلاھ دەپ) بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىرىۋاتىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ (نىڭ يولى)غا دەۋەت قىلىۋاتىمەن.

**43**ـھەقىقەت شۇكى، سىلەر مېنى (چوقۇنۇشقا) چاقىرىۋاتقان نەرسىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چاقىرىشقا لايىق نەرسىلەر ئەمەستۇر. شەكسىزكى، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ھەددىدىن ئاشقۇچىلار چوقۇم جە-ھەننەم ئەھلىدۇر.

**44**ـسىلەر پات ئارىدا مېنىڭ سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئەسلەيسىلەر،

مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

45-ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن تەۋە-لىرىنى بولسا ئازابنىڭ ئەڭ يامىنى قورشىۋالدى.

46-ئۇلار ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «پىرئەۋن تەۋەلىرىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرگۈزۈڭلار!» (دېيىلىدۇ).

## ◄ تەپسىرى

پىرئەۋن جەمەتىدىن ئىمان ئېيتقان ئادەم قەۋمىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ دەيدۇكى، ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مېنىڭ سۆزۈمنى تىڭشاڭلار ۋە مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار. چۈنكى، مەن سىلەرنى ياخشىلىققا ۋە توغرىلىققا باشلايمەن. بۇ مۇئمىن ئادەم مۇشۇ سۆزى ئارقىلىق پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ توغرا يولدا ئەمەسلىكىگە، بەلكى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

مۇئمىن ئادەم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەيدۇكى، ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا ھاياتى ۋاقىتلىق ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە ئاز-تولا مەنپەئەتلىنىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ داۋاملاشمايدىغان ھاياتتۇر. شۇڭا بۇ ھايات سىلەرنىڭ كۇفرىلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. بىلىڭلاركى، ھەقىقىي ھايات ئاخىرەت ھاياتىدۇر. چۈنكى، ئۇ مەڭگۈلۈك ھايات بولۇپ، ئۇ سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىڭلاردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر چوقۇم شۇ ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن ئىشلەڭلار، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، بۇ پانىي دۇنيا سىلەرنى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قويمىسۇن. چۈنكى، ئاخىرەت مەڭگۈلۈك ۋە ھەممىدىن ياخشى ھاياتتۇر.

ئى قەۋمىم! كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت شۇ يامان ئىشىنىڭلا جازاسىنى كۆرىدۇ. ئەمما مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى ئىمان ئېيتىپ مۇئمىن بولۇپ، شۇ مۇئمىنلىك ھالىتى بىلەن تۇرۇپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى بىلەن چوقۇم كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە كەڭتاشا رىزىقلىنىدۇ.

ئى قەۋمىم! مەن سىلەرنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىۋاتسام، سىلەرنىڭ مېنى

دوزاخقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا لايىق بولىدىغان ئىشقا چاقىرىۋاتقىنىڭلار قانداق بولغىنى؟ بۇ قانداق گەپ؟ چۈنكى، سىلەر مېنى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىشقا ۋە مەن ئىلاھ دەپ تونۇمايدىغان ۋە قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە چاقىرىۋاتىسىلەر. ئەمما مەن سىلەرنى بارچە كەمچىلىكلەردىن ۋە ئەيىب-نۇقسانلاردىن تامامەن پاك بولغان، كامالىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان، ھەممىگە قادىر، تولىمۇ كەچۈرۈمچان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا دەۋەت قىلىۋاتىمەن. شەكسىزكى، سىلەرنىڭ مېنى چوقۇنۇشقا چاقىرىۋاتقان بۇتلىرىڭلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھېچكىمنى ئۆزىگە دەۋەت قىلالمايدىغان، چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرەلمەيدىغان، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدىغان، ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان قىممەتسىز نەرسىلەردۇر. شۇڭا كىشىلەرنى ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇشقا چاقىرىشنىڭ ئەقىل ياكى دىن تەرەپتىن ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى يوق. چۈنكى، ئىبادەت ھەقىقىي مەبۇد بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىڭلاردىن خەۋەرسىزدۇر. بىلىڭلاركى، بىز ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا بارىمىز، ئۇنىڭغا بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرىمىزدىن ھېساب بېرىمىز، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقانلار ئۇ كۈندە دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ.

ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنى سىلەر نەسىھەت ياكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان بىر كۈندە چوقۇم ئەسلەيسىلەر. شۇ چاغدا سۆزۈمنىڭ ھەقلىقىنى بىلىسىلەر ۋە سۆزۈمگە كىرمىگەنلىكىڭلارغا قاتتىق پۇشايمان قىلىسىلەر. ئەمما ئۇ چاغدا ئەسكە ئالغانىڭ ۋە پۇشايمان قىلغانىڭ كىمگە پايدىسى بولسۇن!؟

ئەمما مەن ئىشىمنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ پۈتۈن ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ مۆئمىن ئادەمنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ بارلىق سۇيىقەستلىرىدىن، يامانلىقلىرىدىن قوغداپ قالدى. پىرئەۋن تەۋەلىرىنى بولسا ھەر تەرەپتىن قاتتىق ئازاب ئورىۋالدى. ئەڭ يامان ئازاب قايسى دېگەندە، ئۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ جامائەسىنىڭ دوزاخنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان ئوت دۆۋىسىگە تاشلىنىشىدۇر. ئۇلار دوزاخقا كىرىشتىن ئىلگىرى قەبرىلىرىدە ئەتىگەن-ئاخشامدا دوزاخقا توغرىلىنىپ، ئۇنىڭ ئوتىدا قاقلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئايەتتە قەبرە ئازابىنىڭ راستلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «إِنَّ أَحَدَكُمْ إِذَا مَاتَ عُرِضَ عَلَيْهِ مَقْعَدُهُ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ إِنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ فَمِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ وَإِنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ النَّارِ فَمِنْ أَهْلِ النَّارِ فَيُقَالُ هَذَا مَقْعَدُكَ حَتَّى يَبْعَثَكَ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» يەنى «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەتىگەن-ئاخشام ئاخىرەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەھلى جەننەتتى بولسا جەننەت كۆرسىتىلىدۇ، ئەگەر دوزاخ ئەھلى بولسا دوزاخ كۆرسىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ‹تا قىيامەت كۈنى ئاللاھ سېنى تىرىلدۈرگەنگە قەدەر سېنىڭ ئورنۇڭ مۇشۇدۇر› دېيىلىدۇ »[1] دېگەن.

قىيامەت كۈنى دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ﴿پىرئەۋن جامائەسىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرگۈزۈڭلار!﴾ دېگەن پەرمان چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتتىق قول پەرىشتىلەر تەرىپىدىن دوزاخقا تاشلىنىدۇ ۋە ئۇ يەرگە مەڭگۈلۈك قامىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىش دىنىي دەۋەتنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر.

2. جەننەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ بارىدىغان جايى بولغاندەك، دوزاخ يامان ئىشلارنى قىلغان كاپىرلارنىڭ بارىدىغان جايىدۇر.

3. كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلغۇچىلار ساۋابقا ئېرىشكىنىدەك، يامان ئىشقا باشلىغۇچىلارمۇ گۇناھتا ئۇلارغا شېرىك بولغان بولىدۇ.

4. قەبرىنىڭ نېمىتى ۋە ئازابى ھەقتۇر. مۇئمىنلەر نېمەتلىنىدۇ، كاپىرلار ئازابلىنىدۇ. پىرئەۋن جەمەتىنىڭ قىيامەتكە قەدەر دوزاخقا توغرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەقتۇر.

### ◄ كاپىرلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى

﴿وَإِذْ يَتَحَآجُّونَ فِى ٱلنَّارِ فَيَقُولُ ٱلضُّعَفَـٰٓؤُا۟ لِلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓا۟ إِنَّا
كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا نَصِيبًا مِّنَ ٱلنَّارِ ﴿٤٧﴾ قَالَ

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 124-بەت، 1379- ھەدىس، «صحيح مسلم» 8 - توم 160 - بەت 7390- ھەدىس.

ٱلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُلٌّ فِيهَآ إِنَّ ٱللَّهَ قَدۡ حَكَمَ بَيۡنَ ٱلۡعِبَادِ ﴿٤٨﴾
وَقَالَ ٱلَّذِينَ فِي ٱلنَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ يُخَفِّفۡ عَنَّا يَوۡمٗا
مِّنَ ٱلۡعَذَابِ ﴿٤٩﴾ قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ تَكُ تَأۡتِيكُمۡ رُسُلُكُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِۖ قَالُواْ
بَلَىٰۚ قَالُواْ فَٱدۡعُواْۗ وَمَا دُعَٰٓؤُاْ ٱلۡكَٰفِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَٰلٍ ﴿٥٠﴾ إِنَّا لَنَنصُرُ
رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَيَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡأَشۡهَٰدُ ﴿٥١﴾
يَوۡمَ لَا يَنفَعُ ٱلظَّٰلِمِينَ مَعۡذِرَتُهُمۡۖ وَلَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ
﴿٥٢﴾ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡهُدَىٰ وَأَوۡرَثۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡكِتَٰبَ
﴿٥٣﴾ هُدٗى وَذِكۡرَىٰ لِأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ﴿٥٤﴾ فَٱصۡبِرۡ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ
وَٱسۡتَغۡفِرۡ لِذَنۢبِكَ وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ بِٱلۡعَشِيِّ وَٱلۡإِبۡكَٰرِ ﴿٥٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

47ـ ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىزلىرى ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا: «بىز راستىنلا سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، ئەمدى بىزدىن دوزاخ ئازابىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ.

48ـ ھاكاۋۇر باشلامچىلار: «(ھازىر) ھەممىمىز دوزاختىمىز، ئاللاھ ئەلۋەتتە بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولدى» دەيدۇ.

49ـ دوزاختىكىلەر دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر رەببىڭلارغا دۇئا قىلساڭلار، ئۇ بىزدىن ئازابنى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ يېنىكلىتىپ بەرگەن بولسىكەن» دەيدۇ.

50ـ پەرىشتىلەر: «پەيغەمبەرىڭلار سىلەرگە (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ھەئە (ئەلۋەتتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى)» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ئۇنداق بولسا (ئۆزۈڭلار) دۇئا قىلىڭلار» دەيدۇ. ھالبۇكى، كاپىرلارنىڭ دۇئاسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

51ـ شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا، ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.

52ـ ئۇ كۈندە زالىملارغا ئۆزرە ئېيتقانلىرىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلار

ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ، ئۇلار (دوزاختىن ئىبارەت) يامان جايغا تاشلىنىدۇ.

53ـ54ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا ھىدايەت ئاتا قىلدۇق ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ھىدايەت ۋە نەسىھەت بولغان كىتابقا ۋارىس قىلدۇق.

55ـ ئى پەيغەمبەر! (مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن. ئاللاھنىڭ (ساڭا ياردەم قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدىسى ھەقتۇر، گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى-ئەتىگىنى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى ئۆزئارا تالاش-تارتىشلىرىنى ۋە مۇنازىرىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۇ چاغدا كاپىرلارنىڭ ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) ھاكاۋۇر باشلامچىلىرىغا مالامەت قىلىپ: «بىز دۇنيادا راستتىنلا سىلەرگە ئەگەشكەن ۋە ئىشەنچ قىلغان ئىدۇق، ئەمما سىلەر بىزنى ئازغۇنلۇققا ۋە بەختسىزلىككە باشلاپسىلەر. ئەمدى بىزنىڭ بۇ جازايىمىزدىن ئازراقىنى بولسىمۇ كۆتۈرۈپ بېرەمسىلەر ۋە بىزدىن ئازابنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ يېنىكلىتەلەمسىلەر؟» دەيدۇ. دۇنيادا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرگەن بۇ ھاكاۋۇر باشلامچىلار ئۇلارغا دەيدۇكى: «ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرغاندەك ھازىر ھەممىمىز دوزاختىمىز، ئەگەر ئازابنى يەڭگىللىتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزىمىزدىن يەڭگىللەتكەن بولاتتۇق. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈمىنى ئاللىبۇرۇن چىقىرىپ بولدى. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بىز ھەممىمىز بۇ جەھەننەم ئازابىغا ھەقلىق بولدۇق. ئەمدى بۇنى تارتماي چارىمىز يوق».

كاپىرلار دوزاختا بىر-بىرىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، دوزاخنىڭ مەسئۇللىرى بولغان پەرىشتىلەردىن ياردەم سوراشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەرىشتىلەردىن رەببىگە دۇئا قىلىپ بىرەر كۈنلۈك ئازابنى بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن يەڭگىللىتىپ بېرىشىنى تىلەيدۇ. ﴿وَسِيقَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا فُتِحَتۡ أَبۡوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَآ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَتۡلُونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِ رَبِّكُمۡ وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ بَلَىٰ وَلَٰكِنۡ حَقَّتۡ كَلِمَةُ ٱلۡعَذَابِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى

﴿كاپىرلار جەھەننەمگە توپ-توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، نىھايەت، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئەلۋەتتە كەلگەن، ئەمما (كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ دېگەن) ھۆكۈم (بىزدەك كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ﴾[1]. يەنى كاپىرلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، پەرىشتىلەر ئۇلارنى كايىش بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا: دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا، سىلەرگە رەببىڭلارنىڭ ئەلچىلىرى كەلمىگەنمىدى؟ سىلەرنى كۇفرىلىقنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ۋە بۇ كۈننىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرمىغانمىدى؟ دەپ كايىيدۇ. بۇ كاپىرلار ئۆز گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: ھەئە، ئەلۋەتتە بىزگە پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى، ئەمما بىز ئۇلارنى يالغانغا چىقارغان ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغان ئىدۇق، بىز ئۇلارغا: ﴿مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَيْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِي ضَلَـٰلٍ كَبِيرٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (سىلەرگە) ھېچ نەرسە چۈشۈرگەن ئەمەس، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىسىلەر﴾[2] دېگەن ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئازغۇن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز ئازغۇنلۇقتا ئىكەنمىز ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ.

ئاندىن پەرىشتىلەر بۇ كاپىرلارغا: ﴿ئۇنداق بولسا (ئۆزۈڭلار) دۇئا قىلىڭلار﴾ دەيدۇ. ئېنىقكى كاپىرلارنىڭ بۇنداق دۇئا پايدا بەرمەيدىغان ۋاقىتتا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلارغا ھەسرەت-نادامەتتىن باشقىسىنى ئاشۇرمايدۇ.

ئاشۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كەلسەك، بىز ئۇلارغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمىز، ئۇلارنى مۆجىزىلەر ۋە روشەن دەلىللەر بىلەن كۈچلەندۈرىمىز. ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا، ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىمىز بولۇپ، بىز دۇنيادا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى، كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاتا قىلىش بىلەن، ئۇلارغا يامانلىق قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەت يولىنى

[1] زۇمەر سۈرىسى: 71-ئايەت.
[2] مۇلك سۈرىسى: 9-ئايەت.

تويسقان كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن ياردەم قىلساق، پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش ۋە ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلاپ ياردەم قىلىمىز.

زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە لايىق مۆئمىنلەردىن بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولار ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ۋەدىلىرى ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە تېگىشلىكتۇر.

قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر ئىچىدىن ئائالاھىدە ياخشى بولغان زاتلار ئىنسانلار ئۈچۈن گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدۇ. پەرىشتىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ھەربىر ئۇممەتتىن بىر پەيغەمبەرنى گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن ۋە سېنىمۇ ئۆز ئۇممىتىڭگە گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟﴾ [1]. مۆئمىنلەر ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَٰكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُوا۟ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۇممەت قىلدۇق﴾[2] گۇۋاھچىلار تۇرغۇزۇلغان بۇ قىيامەت كۈنىدە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن، پەرىشتىلەردىن ۋە مۆئمىنلەردىن لەنەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قارارگاھى تولىمۇ يامان جاي بولغان دوزاخ بولىدۇ.

ئەمما مۆئمىنلەرنى ئاللاھ تائالا قوغدايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەيدۇ. ﴿إِنَّآ أَنزَلْنَا ٱلتَّوْرَىٰةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى نازىل قىلغان ئىدۇق﴾[3]. يەنى بىز بىر زامانلاردا ئىسرائىل ئەۋلادىنى

---

[1] نىسا سۈرىسى: 41-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 143-ئايەت.

[3] مائىدە سۈرىسى: 44- ئايەت.

ھىدايەتنىڭ مەنبەسى بولغان تەۋراتنى چىڭ تۇتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا لاياقەتلىك بولغان كىشىلەردىن قىلغان ئىدۇق. بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئورۇنسىز مۇنازىرىلىشىدىغان، ھەقىقەت توغرۇلۇق دەلىل-ئىسپاتسىز تالاش-تارتىش قىلىدىغان نادانلارنىڭ ۋە قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، ھەق يولىدا چىدامىلىق بولغىن. ئىشەنگىنكى، ئاللاھ تائالا ساڭا ياردەم قىلىدۇ، ئۇ سېنىڭ يېگانە مەدەتكارىڭدۇر. ئاللاھ تائالا سېنى كىشىلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ۋە ھەرقانداق بىر سۇيىقەستلىرىدىن ئەلۋەتتە قوغدايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا دۈشمەنلىرىڭگە قارشى ياردەم قىلىش ۋە دىنىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسى ھەقتۇر. سېنىڭ ئالدىڭدا ساڭا پايدىلىق ئىككى ئىش بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، جىمى كەمچىلىكلىرىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىشىڭ، يەنە بىرى، ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭ بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆپلەپ تەسبىھ ئېيتىشىڭدۇر.

بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن تەلىماتلىرى بولۇپ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەخلاقلىنىشى زۆرۈر بولغان ئىسلامىي ئەخلاقنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ﴿گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن، ئاخشىمى-ئەتىگىنى رەببىڭغا ھەمدۇسانا بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتقىن﴾ دېگەن ئايەتتە، ئاللاھ تائالا تەۋبە-ئىستىغپارنى ئەمەل-ئىبادەتنىڭ ئالدىدا كەلتۈرگەن. بۇ تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىپ، گۇناھلىرىدىن پاكلانغان كىشىلەرنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىسلام ئۈممىتىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ئۆگەتكەن ۋە تەلىم بەرگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەكەببۇرلۇق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىۋېتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئىللەتتۇر.

2. قىلمىشلارغا پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنى مۇشۇ دۇنيادۇر. ئەمما

ئاخىرەتتە پۇشايمان قىلغانلارنىڭ پۇشايمىنى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

4. ساماۋى كىتابلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلەتكەنلەر ۋە ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغانلار ھىدايەت تاپىدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چىداملىق بولۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ خىسلىتىدۇر.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تارتىشىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ إِن فِي
صُدُورِهِمۡ إِلَّا كِبۡرٞ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِۚ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡبَصِيرُ ٥٦ لَخَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ أَكۡبَرُ مِنۡ خَلۡقِ ٱلنَّاسِ
وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٥٧ وَمَا يَسۡتَوِي ٱلۡأَعۡمَىٰ
وَٱلۡبَصِيرُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَلَا ٱلۡمُسِيٓءُۚ قَلِيلٗا
مَّا تَتَذَكَّرُونَ ٥٨ إِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَأٓتِيَةٞ لَّا رَيۡبَ فِيهَا وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ
ٱلنَّاسِ لَا يُؤۡمِنُونَ ٥٩ وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡۚ إِنَّ
ٱلَّذِينَ يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِي سَيَدۡخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ٦٠
ٱللَّهُ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ
ٱللَّهَ لَذُو فَضۡلٍ عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشۡكُرُونَ ٦١
ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ فَأَنَّىٰ تُؤۡفَكُونَ
٦٢ كَذَٰلِكَ يُؤۡفَكُ ٱلَّذِينَ كَانُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ يَجۡحَدُونَ ٦٣ ٱللَّهُ ٱلَّذِي
جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ قَرَارٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَصَوَّرَكُمۡ فَأَحۡسَنَ
صُوَرَكُمۡ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡۖ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ

رَبُّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦٤﴾ هُوَ ٱلۡحَيُّ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱدۡعُوهُ مُخۡلِصِينَ لَهُ
ٱلدِّينَۗ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٦٥﴾

### تەرجىمىسى

56-شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە ھېچقانداق بىر دەلىل كەلمىگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى ساڭا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلار بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. سەن ئاللاھقا سىغىنىپ (ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

57-ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدىن چوڭ ئىشتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

58-كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولمايدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە (شۇ ئىمانغا لايىق) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەملەر بىلەن يامان ئىش قىلغان ئادەملەر باراۋەر بولمايدۇ. سىلەر ناھايىتى ئاز ئىبرەت ئالىسىلەر.

59-قىيامەت چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا شەك يوق، ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىشەنمەيدۇ.

60-رەببىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ».

61-ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە كېچىنى (قاراڭغۇ) قىلىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن كەرەملىكتۇر، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى يەنىلا شۈكۈر قىلمايدۇ.

62-ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

63-ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ھەقىقەتتىن) شۇنداق بۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

64-ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن،

سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزۈپ، تۇرقۇڭلارنى چىرايلىق قىلغان ۋە سىلەرنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇرغان زاتتۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر.

65ـ ئاللاھ مەڭگۈ هاياتتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە دەلىل-ئىسپاتسىز ۋە بىلىمسىز تۇرۇپ، نادانلارچە تالاش-تارتىش قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىلگەن، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئۆزىگە ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات، ياكى بىرەر كىتاب ۋەياكى بىرەر ئىلمىي مەلۇمات كەلمىگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىر-لىكىنى ۋە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئۈستىدە نادانلارچە تالاش-تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ دىللىرىدا تەكەببۇرلۇقتىن باشقا نەرسە يوق. ئۇلار پەقەت تەكەببۇرلۇقتىن، ھەسەت قىلغانلىقتىن، چوڭلۇق تالاشقانلىقتىن ۋە ئۆز نەپسىنىڭ خا-ھىشىغا ئەگەشكەنلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ. ﴿وَقَالُوا لَوْلَا نُزِّلَ هَٰذَا الْقُرْآنُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ الْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەردىكى بىرەر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى﴾[1]، ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِلَّذِينَ آمَنُوا لَوْ كَانَ خَيْرًا مَّا سَبَقُونَا إِلَيْهِ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن: «ئەگەر (بۇ قۇرئان) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا (ئىمان ئېيتىشتا) ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتى» دېدى﴾[2]. ئۇلار بۇ قۇرئانغا قايىل بولمىغانلىقتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تولا تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنداق تالاش-تارتىشلىرى ۋە ئورۇنسىز مۇنازىرىلىرى بىلەن ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمەيدۇ ۋە ھەسرەت-نادامەتتە قالدۇرىدۇ.

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 31-ئايەت.
[2] ئەھقاف سۈرىسى: 11-ئايەت.

«﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ﴾ دېگەن ئايەت يەھۇدىيلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، دەججال توغرۇلۇق ئۆز خاھىشى بويىچە بىلجىرلىغان. شۇ چاغدا، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان»[1]. يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ھېچبىر دەلىلسىز ھالدا تالاش-تارتىش قىلىشى تولىمۇ نادانلىقتۇر ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! سەن رەببىڭگە سىغىنىپ، بارچە ھىيلە-مىكىرچىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، مۇشرىكلارنىڭ تۇزاقلىرىدىن، مۇناپىقلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە سېنى قوغدايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق قىلمىشنى ۋە كۆڭۈلدىكى نىيەتلەرنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەرقانداق بىر ئىشارەتنى، ھەتتا كۆز ئىشارىتىنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

«ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ يارىتىلىشىنى كاتتا ساناپ كەتكەن بولساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئۆرنەكسىز يارىتىلغانلىقى سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردىنمۇ چوڭدۇر. لېكىن ئىنسانلار-نىڭ تولىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يارىتىش ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ»[2]. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاسمانلارنى ۋە ئۇلاردىكى شەيئىلەرنى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە ئالەملەرنى ئۆر-نەكسىز ياراتقان زاتنى ئىنسانلارنى ئۆلگىنىدىن تىرىلدۈرەلمەيدۇ، دەپ خام خىيال قىلماڭلار، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ۋە قىيامەت كۈنى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشماڭلار.

ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدىغان مەنىۋى كور ئادەم ھەقىقەتنى بىلگەن، ئەقىل كۆزى ساغلام ئادەم بىلەن باراۋەر بولالمىغاندەك، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە دەلىل-ئىسپاتسىز ھالدا نادانلارچە تالاش-تارتىش قىلىدىغان گۇناھكارلار ئىمان ئېيتىپ شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەر بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىلار بەكمۇ ئاز تەپەككۇر قىلىدىغان، ھېچبىر ئىبرەت ئالمايدىغان، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىل-

[1] «لباب النقول في أسباب النزول» 520- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 21- توم، 405- بەت.

ـمايدىغان نادانلاردۇر.

قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىدىن، ئەقلىنىڭ كەملىكىدىن ۋە تەپەككۇرىنىڭ توغرا خاتالىقىدىن قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

﴿رەببىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ﴾ يەنى ئى ئىمان ئېيتقانلار! رەببىڭلار سىلەرگە دەيدۇكى، ماڭا سەمىمىي ئىلتىجا قىلىڭلار ۋە بارلىق ھاجەتلىرىڭلارنى مەندىن تىلەڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ، سىلەرگە تىلىگەنلىرىڭلارنى بېرىمەن، ھاجەتلىرىڭلارنى راۋا قىلىمەن. ئۆزىنى مەندىن بىھاجەت ساناپ، ماڭا دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلەشتىن چوڭچىلىق قىلغان ۋە دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان مۆتەكەببىرلەر ئاخىرەتتە خارلانغان ھالدا دوزاخقا تاشلىنىدۇ. دۇئادىن باش تارتقان ئادەم ئىبادەتتىن باش تارتقان بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الدُّعَاءُ هُوَ الْعِبَادَةُ» يەنى «دۇئا ـ ئىبادەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مەلۇمكى، ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھاجەتمەنلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ مەقسەت دۇئادا ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ياردىمىگە بولغان زور ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان ھالدا، تولۇق ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەممىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ۋە ئەڭ سەمىمىي ئىبادەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، بەندىلىرىنى ئۆزىگە دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلەشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ھاجەتلىرىنى تىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلمايدىغانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقان گۇناھكارلاردىن سانىلىپ دوزاخقا لايىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، ئۆزىنى شۇنداق چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان ۋە تۈرلۈك نېمەتلىرى

[1] «سنن أبي داود» 1ـتوم، 551ـبەت، 1481 - ھەدىس.

بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان رەببىگە چوڭلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم خورلانغان هالدا دوزاخقا كىرىشكە تامامەن هەقلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ لَمْ يَسْأَلِ اللّٰهَ يَغْضَبْ عَلَيْهِ» يەنى «كىمكى ئاللاھتىن هاجەتلىرىنى تىلىمەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، دۇئا خالىساق قىلىپ، خالىساق ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىستە دۇئانى تەرك ئەتكۈچىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلار دەپ سۈپەتلەنمىگەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «لَيْسَ شَيْءٌ أَكْرَمَ عَلَى اللّٰهِ تَعَالَى مِنَ الدُّعَاءِ» يەنى «ئاللاھ تائالاغا دۇئادىن يېقىملىق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. دۇئا شۇنداق پەزىلەتلىك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن هاجەتلىرىنى تىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچىدىن، تىلىگەن هاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا تىلىگەنلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم كۆرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان دۇئا ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن﴾ دېدى. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى هەقتۇر، ئۇ دۇئا قىلغۇچىنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللّٰهَ عَزَّ وَجَلَّ لَيَسْتَحْيِي مِنَ الْعَبْدِ أَنْ يَرْفَعَ إِلَيْهِ يَدَيْهِ فَيَرُدَّهُمَا خَائِبَتَيْنِ» يەنى «ئاللاھ ئۆزىدىن هاجەتلىرىنى تىلەپ قولىنى كۆتۈرگەن بەندىسىنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشتىن هايا قىلىدۇ»[3].

﴿سىلەر قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟﴾ يەنى سىلەر قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭلۇق قىلىپ

[1] «سنن الترمذي» 12ـتوم، 265ـبەت، 3700 - ھەدىس.

[2] «سنن الترمذي» 12ـتوم، 259ـبەت، 3696 - ھەدىس.

[3] «الدعاء الطبراني» 1ـتوم، 94ـبەت، 202- ھەدىس.

باش تارتىسىلەر؟ قانداقمۇ ئاللاھ تائالانى قويۇپ سىلەرگە ھېچبىر پايدىسى بولمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەر ئىشتىن ياكى سەپەردىن ھېرىپ، چارچاپ كەلگىنىڭلاردا ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى جىمجىت، قاراڭغۇ قىلىپ بەرگەن، تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى يورۇق، ھەرىكەتلىك قىلىپ بەرگەن زات تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭغا چوقۇنۇق قىلىسىلەر؟ قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا چوقۇنۇشقا بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

ئەگەر ئاللاھ تائالا دۇنيانى كېچە بولمايدىغان پەقەت كۈندۈزلا بولىدىغان ياكى كېچىلا بولۇپ كۈندۈز بولمايدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا، بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولار ئىدى؟ يەر يۈزىدىكى ھايات قانداق داۋام قىلار ئىدى؟

ئى رەببىمىز! بۇ جىمجىتلىق قاراڭغۇ كېچە بىلەن بۇ يورۇقلۇقنى ۋە ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈندۈز ئەلۋەتتە سەن بېكىتكەن ئىنچىكە نىزام ۋە پۇختا قانۇنىيەت بويىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئى رەببىمىز! سەن ئاسمان-زېمىن ۋە جىمى كائىناتنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان يېگانە زاتسەن. ساڭا تەڭ كېلەلەيدىغان ياكى ساڭا قارشى چىقالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. سەن سېنى ئېتىراپ قىلىپ ئىمان ئېيتقانلارغىمۇ ۋە سېنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولغانلارغىمۇ رىزىق بېرىپ ۋە نېمەتلىرىڭنى ئۇلاردىن ئايىماي تۇرۇۋاتىسەن. مۇئمىن-كاپىر، تەقۋا-پاسىق ھەممىسى سېنىڭ نېمەتلىرىڭ ۋە بەرگەن رىزىقلىرىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرمەكتە. سەن شۇنداق سانسىز ئاتا-ئېھسان ئىگىسى تۇرساڭمۇ ساڭا شۈكۈر قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى تۇزكورلۇق قىلىدۇ، نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلار تېخى ھەددىدىن ئېشىپ، سېنىڭ قۇدرىتىڭنى ئاددىي ساناپ، چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ﴿مَن يُحۡيِ ٱلۡعِظَٰمَ وَهِيَ رَمِيمٞ﴾ يەنى ﴿بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟﴾ [1] دەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان، ھەممىگە ھايات بەخش ئەتكەن، ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان، ئىبادەت قىلىنىشقا، ئۇلۇغلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن سىلەر قانداقمۇ يۈز ئۆرۈيسىلەر؟ ئاللاھ تائالانى قويۇپ قانداقمۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟ ئۆز قولۇڭلار بىلەن تاشتىن ۋە

---

[1] ياسىين سۈرىسى: 78-ئايەت.

ياغاچتىن ياسىۋالغان بۇتلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاش قىلىۋېلىش ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا جىنايەت سادىر قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا سىلەرگە يەر يۈزىنى ئولتۇراقلىشىدىغان ۋە ئۈستىدە خاتىرجەم ياشىغىلى بولىدىغان قىلىپ بەرگەن، ئاسماننى ئۈستۈڭلاردا خۇددى تورۇستەك قىلىپ بەرگەن زات تۇرسا، سىلەر بۇنىڭغا شۈكۈر قىلمامسىلەر؟

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئالدى بىلەن كېچە ۋە كۈندۈزنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋاقىت ۋە زامانغا مۇناسىۋەتلىك نېمەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاسمان ۋە زېمىننى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ماكان ۋە جايلارغا مۇناسىۋەتلىك نېمەتلىرىنى بايان قىلغان. ئاخىردا ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك نېمەتلىرىنى، يەنى ئىنساننى چىرايلىق سۈرەتتە ياراتقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا پاك، ھالال نەرسىلەردىن رىزىق بەرگەنلىكى قاتارلىق نېمەتلىرىنى بايان قىلىشقا يۆتكەلگەن.

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە يۇقىرىقىدەك سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زات-ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ يېگانە رەببىڭلاردۇر. جىمى ئالەملەر-نىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ئۇلۇغ! نېمىدېگەن مۇقەددەس! ئۇنىڭ بەرىكىتى نېمىدېگەن كۆپ! نېمىدېگەن كاتتا! ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىنىشقا ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر دىنىڭلارنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ھاجەتلىرىڭلارنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن تىلەڭلار. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئىبىسل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئىكەن، ئۇ ﴿بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر﴾ دېيە مەدھىيەلىنىشكە تولىمۇ لايىق ۋە ھەقلىقتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتكە قارشى چىققانلارنىڭ تولىسى ئۆزىنىڭ يولسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قارشى چىقىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ زومىگەرلىكى بىلەن باشقىلارنى بوزەك قىلماقچى بولغانلاردۇر.

2. مۇئمىن ئادەم كۆزى كۆرىدىغان ئادەمگە، كاپىر ئادەم كور ئادەمگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىسى قەلب كۆزى ئوچۇق، مەنىۋىيىتى كۈچلۈك ئادەمدۇر، كېيىنكىسى قەلبى كور، مەنىۋىيىتى ئۆلگەن ئادەمدۇر. خۇددى كور بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولمىغاندەك، كاپىر بىلەن مۇئمىن باراۋەر ئەمەس.

3. دۇئا-ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالادىن ئەڭ ئاددىي تەلەپ بولسىمۇ تىلەشكە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى دۇئا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ: «سَلُوْا اللهَ كُلَّ شَيْءٍ حَتَّى الشِّسْعَ ، فَإِنَّ اللهَ عَزَّ وَجَلَّ إِنْ لَمْ يُيَسِّرْهُ لَمْ يَتَيَسَّرْ» يەنى «سىلەر بارلىق ھاجەتلىرىڭلارنى ئاللاھتىن تىلەڭلار، ھەتتا ئايىغىڭلارنىڭ بۆغۈچى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ تىلەڭلار. (چۈنكى) ئاللاھ ئاسان قىلىپ بەرمىسە ئاسانلىق يوقتۇر»[1] دېگەن.

### ◄ ئاللاھنى قويۇپ، قانداقمۇ باشقىسىغا ئىبادەت قىلىمىز؟

﴿قُلْ إِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَمَّا جَآءَنِيَ ٱلْبَيِّنَٰتُ مِن رَّبِّي وَأُمِرْتُ أَنْ أُسْلِمَ لِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦٦﴾ هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ يُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمْ ثُمَّ لِتَكُونُواْ شُيُوخًاۚ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ مِن قَبْلُۖ وَلِتَبْلُغُوٓاْ أَجَلًا مُّسَمًّى وَلَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٦٧﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُحْيِۦ وَيُمِيتُۖ فَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٦٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

66-(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: «رەببىمدىن ماڭا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى كېلىشى بىلەنلا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم، ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم».

67-ئاللاھ سىلەرنى (دەسلەپتە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن، ئاندىن

[1] «عمل اليوم والليلة سلوك النبي مع ربه عز وجل ومعاشرته مع العباد لابن السني» 314-بەت، 355-ھەدىس.

ئەلەقتىن[1] ياراتقان زاتتۇر. ئاندىن ئۇ سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاق ھالىتىڭلاردا چىقىرىدۇ، ئاندىن قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، ئاندىن قېرىيسىلەر- سىلەردىن بەزىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ- ئاندىن سىلەر بەلگىلەنگەن ئەجەلگە يېتىسىلەر. (بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇشقا) ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

68-ئاللاھ ھەم تىرىلدۈرىدىغان ھەم ئۆلتۈرىدىغان زاتتۇر. ئۇ (قانداقلا) بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ».

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ۋە كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېگانە ياراتقۇچى ۋە بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە ﴿ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر...﴾ دېگەندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا: ﴿رەببىمدىن ماڭا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى كېلىشى بىلەنلا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم، ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا شۇنداق كەسكىن قىلىپ ئېيتقىنكى، ﴿رەببىمدىن ماڭا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى كېلىشى بىلەنلا، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم، ئالەملەرنىڭ رەببىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾ يەنى ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكى، ئىبادەت پەقەت ئاشۇ بىرلا ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن راستلىقىغا قىل سىغمايدىغان كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار ۋە روشەن بايانلار كەلگەندىن كېيىنلا مەن مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن مەنئى قىلىندىم ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا پۈتۈنلەي

[1] ئەلەق توغرۇلۇق ھەج سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

بويسۇنۇپ ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئۆزۈمنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلدۇم.

ئاللاھ تائالا يەنە ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ كېچىنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن جىمجىت قىلىپ، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يورۇقلۇق ۋە ھەرىكەتلىك قىلىپ ياراتقانلىقىنى، زېمىننى ئولتۇراقلىشىشقا بولىدىغان قىلىپ، ئاسماننى تورۇسقا ئوخشاش قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئىنساننى شۇنداق چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا نېمەتلىرىنى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ۋە كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان تەۋھىد دەلىللىرىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنى دەسلەپتە تۇپراقتىن ياراتقانلىقىنى ئەسلەتكەن. يەنى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئىنسانلار بولسا ئابىمەنىيدىن (يەنى ئىسپېرمىدىن) يارىتىلغان. ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن ئىنسانلار تۇپراقتىن يارىتىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئابىمەنىي قاندىن، قان ئوزۇقلۇقتىن، ئوزۇقلۇق زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) كېلىدۇ. ئىنسان ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىغا شۇ ئەرزىمەس ئابىمەنىيدىن ئىبارەت بىر تامچە سۇ بولۇپ كىرگەن مىليونلارچە ئۇرۇق ئىچىدىن تۆرىلىشكە تاللىنىپ، بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان بىر ئاجىز ئۇرۇق ھالىتىدىن تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ، بوۋاققا ئايلىنىپ، شۇ بوۋاق ھالىتىدە ئانىسىنىڭ قارنىدىن چىقىپ، ئاندىن قىران ۋاقتىغا يېتىپ، ئاندىن كەينىگە قايتىپ ئاجىزلىشىپ قېرىلىققا يېتىپ، ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگىگەنگە قەدەر بولغان بىر قانچە باسقۇچلۇق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى ﴿(بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇشقا) ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن جۈملە بىلەن تۈگىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى، ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى ۋە ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندىگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئىرادە ۋە خاھىش ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ۋە قانداقلا بىر ئىشنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ «بول!» دېگەن بىرلا ئەمرى بىلەن ئۇ ئىشنىڭ دەرھال بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

﴿ئۇ (قانداقلا) بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەتلا «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ﴾ دېگەن ئايەت يارىتىش ۋە بار قىلىش ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ۋە شەيئىلەرگە تەسىر قىلىش كۈچىنىڭ ئىنتايىن تېز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بىر ئايەتتۇر. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىزكى، ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشنى شۇنداق چاقماق تېزلىكىدە، تەخىرسىز قىلىدۇ ۋە ياراتماقچى بولغانلىرىنىمۇ شۇنداق چاقماق تېزلىكىدە يارىتىپ بولىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، كۆر-سەتكىنى بويىچە ھايات كەچۈرۈش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.**

**2. ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچلىرى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر.**

**3. ھاياتلىقنى بەرگۈچى ۋە ئۇنى ئالغۇچى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر.**

## ◄ جېدەلخورلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِىٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ أَنَّىٰ يُصْرَفُونَ ۝٦٩ ٱلَّذِينَ
كَذَّبُوا۟ بِٱلْكِتَٰبِ وَبِمَآ أَرْسَلْنَا بِهِۦ رُسُلَنَا ۖ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ۝٧٠ إِذِ
ٱلْأَغْلَٰلُ فِىٓ أَعْنَٰقِهِمْ وَٱلسَّلَٰسِلُ يُسْحَبُونَ ۝٧١ فِى ٱلْحَمِيمِ ثُمَّ فِى
ٱلنَّارِ يُسْجَرُونَ ۝٧٢ ثُمَّ قِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تُشْرِكُونَ ۝٧٣ مِن
دُونِ ٱللَّهِ ۖ قَالُوا۟ ضَلُّوا۟ عَنَّا بَل لَّمْ نَكُن نَّدْعُوا۟ مِن قَبْلُ شَيْـًٔا ۚ كَذَٰلِكَ
يُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلْكَٰفِرِينَ ۝٧٤ ذَٰلِكُم بِمَا كُنتُمْ تَفْرَحُونَ فِى ٱلْأَرْضِ
بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَبِمَا كُنتُمْ تَمْرَحُونَ ۝٧٥ ٱدْخُلُوٓا۟ أَبْوَٰبَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ
فِيهَا ۖ فَبِئْسَ مَثْوَى ٱلْمُتَكَبِّرِينَ ۝٧٦ فَٱصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ ۚ فَإِمَّا
نُرِيَنَّكَ بَعْضَ ٱلَّذِى نَعِدُهُمْ أَوْ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيْنَا يُرْجَعُونَ ۝٧٧ وَلَقَدْ
أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِّن قَبْلِكَ مِنْهُم مَّن قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُم مَّن لَّمْ

نَقْصُصْ عَلَيْكَ ۗ وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأْتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ فَإِذَا
جَآءَ أَمْرُ ٱللَّهِ قُضِيَ بِٱلْحَقِّ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿٧٨﴾

### تەرجىمىسى

69ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىـ-ۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

70ـئۇلار كىتاب (قۇرئان)نى ۋە پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز چۈشۈرگەن مۆ-جىزىلەرنى ئىنكار قىلغانلاردۇر. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (بۇ قىلمىشىنىڭ ئا-قىۋىتىنى) بىلىپ قالىدۇ.

71ـ72ـ ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ. ئۇلار قايناق سۇغا سۆرەپ كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ.

73ـ74ـ ئاندىن ئۇلارغا: «ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار قېنى؟» دېيىلىدۇ، ئۇلار: «ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ كۆزىمىزدىن غايىب بولدى (يەنى بىزگە ئەسقاتمىدى)، بەلكى بىز ئىلگىرى (ئىبادەت قىلىشقا) ئەرزىگۈدەك بىرەر نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان ئىكەنمىز» دەيدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى مۇشۇنداق ئازدۇرىدۇ.

75ـبۇ(ئازاب) سىلەرنىڭ يەر يۈزىدە ھەقسىز كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىڭلار ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىندۇر.

76ـسىلەر (ئەمدى) جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلار بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!

77ـ(ئى پەيغەمبەر!) چىداملىق بول! شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى (ئۇلارنى ئازابلاش بىلەن ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى سېنى (ئۇنىڭدىن بۇرۇن) ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، (بە-رىبىر) ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ.

78ـشەكسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار، ھېچقانداق پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئىز-نىسىز بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەن چاغدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇ چاغدا (ھەقىقەتكە) قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ سۈرىنىڭ 56-ئايىتىدە: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۆزىگە ھېچقانداق بىر دەلىل كەلمىگەن تۇرۇقلۇق، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىردىن (يەنى ساڭا ئۈستۈن كېلىش ھەۋىسىدىن) باشقا نەرسە يوقتۇر﴾[1] دېيىش ئارقىلىق قولىدا ھېچبىر دەلىل-ئىسپاتى ياكى بىرەر كىتابى يوق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە نادانلارچە تالاش-تارتىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبنىڭ مۇتەكەببىرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە ئاشۇنداق قىلىشنىڭ گۇناھى ۋە جازاسىنىڭ ئېغىرلىقى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا مۇنداق تالاش-تارتىش قىلغۇچىلار سۆكۈلگەن.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! شەك كەلتۈرمەستىن ئىمان ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئوپئوچۇق ئايەتلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان كاپىرلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇ ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بىر ئىكەنلىكىنى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرگەن روشەن ئايەتلەر تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئېنىق ئايان بولغاندىن كېيىن قانداقلارچە باتىلغا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ مەلۇمكى، بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ساماۋى كىتابلارنى ئىنكار قىلىدىغان، جۈملىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ئىنكارچىلاردۇر. ئۇلار بۇ ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇزاققا قالماي چوقۇم بىلىپ قالىدۇ. بۇ دۇنيادا بىلمىگەنلىرى ئاخىرەتتە بويۇنلىرىغا تاقاق ۋە پۇت-قوللىرىغا كىشەنلەر سېلىنغان ھالدا قاتتىق قىزىتىلغان دەھشەتلىك دوزاخقا سۆرەپ كىرگۈزۈلگەن چاغدا بىلىدۇ ۋە شۇ چاغدا ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ كاپىرلارنى دوزاخ ئوتى ھەممىلا تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەزالىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ﴿نَارُ ٱللَّهِ ٱلۡمُوقَدَةُ ۝٦ ٱلَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى ٱلۡأَفۡـِٔدَةِ﴾ يەنى ﴿ئۇ ئاللاھنىڭ (ئەمرى بىلەن) قىزىتىلغان، (ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) يۈرەكلەرگە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوتتۇر﴾[2].

---

[1] غافىر سۈرىسى: 56-ئايەت.

[2] ھۇمەزە سۈرىسى: 7-6-ئايەتلەر.

شۇ ئىنىقكى، كاپىرلار دوزاختا قايناق سۇ بىلەن ۋە دەھشەتلىك ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ جازالىنىدۇ. كاپىرلار دوزاخنىڭ بۇ قاتتىق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ئەقلى يەتكەن چارىلەرنى قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدۇ. گاھ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۆزلىرىنى دۇنيا ھاياتىغا قايتا ئەۋەتىشىنى ۋە ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلسا، گاھ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ﴿وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ﴾ يەنى ﴿رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾[1] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ﴿بَل لَّمْ نَكُن نَّدْعُواْ مِن قَبْلُ شَيْـًٔاۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي بۇ ئايەتنى «بىز دۇنيادىكى ۋاقتىمىزدا ھېچ نەرسىگە چوقۇنمىغان ئىدۇق»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى كەسىرمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان[3]. ئەللامە بەغەۋىي «بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك، بىز دۇنيادا ئۆزىمىزگە پايدا يەتكۈزەلەيدىغان بىرەر نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان ئىكەنمىز، دېگەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ»[4] دېگەن. ھۈسەين ئىبنى فەزل[5] «بىز دۇنيادا ھېچ ئىش قىلمىغان ئىكەنمىز. چۈنكى، بۇتلارغا چوقۇنغانلىرىمىز بىكارغا كەتتى»[6] دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى ئاشۇر مۇنداق دېگەن: «كۆپلىگەن مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇشرىكلار بارلىق گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق قورققانلىقتىن ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ﴿ثُمَّ لَمْ تَكُن فِتْنَتُهُمْ إِلَّآ أَن قَالُواْ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ﴾ يەنى ﴿ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى پەقەت: «رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ﴾ [7] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان»[8]. تەپسىرى كەششافتا «بىزگە مەلۇم بولدىكى، ئۇلار چوقۇنغۇدەك نەرسىلەر ئەمەس

[1] ئەنئام سۈرىسى: 23- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 21- توم، 417-بەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 7- توم، 156-بەت.

[4] « تفسير البغوي» 7- توم، 165-بەت.

[5] ھىجرىيە 3- ئەسىردە كۇفەدە ئۆتكەن، كاتتا مۇپەسسىر، ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ئۆلىماسى.

[6] «تفسير البغوي» 7- توم، 165-بەت.

[7] ئەنئام سۈرىسى: 23- ئايەت.

[8] «التحرير والتنوير» 25- توم، 205- ئايەت.

ئىكەن. بىز ئۇلارغا چوقۇنۇش بىلەن قىلچە پايدىسى يوق ئىش قىلغان ئىكەنمىز»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى رازىيدىمۇ شۇنداق تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى مۇيەسسەردە «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىق قىلغانلىقىنى ۋە بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان پايدىسىز چوقۇنۇش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلىنغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «بىز ئىلگىرى ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىگۇدەك بىرەر نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان ئىكەنمىز، چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنى بىزگە پايدا يەتكۈزەلەيدىغان ۋە شاپائەت قىلالايدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق. ئەمما ھازىر ئۇلارنى كۆرمەيۋاتىمىز، چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى بىزدىن چەتكە ئالدى، بىز ئەمدى ئۇلاردىن شاپائەت تىلىيەلمەيمىز»[3] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنى بىز بۇتلارغا چوقۇنۇشتا ئۇلارنى بىزگە پايدا يەتكۈزىدۇ، بىزنى زىيان-زەخمەتتىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئىدۇق. ئەمدى بىلدۇقكى، ئۇ نەرسىلەر ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، زىياندىن قوغدىيالمايدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان ئاجىز نەرسىلەر ئىكەن. بىز دۇنيادا بىزگە پايدىسى بولغۇدەك بىرەر نەرسىگە چوقۇنماپتىمىز، بىزگە پەقەت پايدىسى يوقمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزۈپتىمىز، بىز بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئالدىنىپ كېتىپتىمىز.

ئايەتنىڭ سىياقى مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىز نەرسىگە چوقۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى كۈچلۈكتەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ﴿ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ كۆزىمىزدىن غايىب بولدى﴾ دېگەن قىسمى بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

«دۇنيادىكى چاغلىرىدا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ئۇنىماي، ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغانلارنى بۇ ساختا ئىلاھلىرى ھەق يولدىن ئازدۇرۇۋەتكەندەك، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن، جەننىتىدىن ۋە ئىبادىتىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى دوزاختىن قۇتقۇزمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ياردەممۇ قىلمايدۇ»[4]. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاللاھ تائالا

---

[1] «تفسير الكشاف» 5- توم، 360- بەت.

[2] «التفسير الميسر» 475- بەت.

[3] «التفسير الواضح» 3- توم، 318- بەت.

[4] «تفسير الطبري» 21- توم، 417- بەت.

جەننەتنىڭ يولىدىن ئەنە شۇنداق بۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ھەسرەت-نادامەتكە قويىدۇ.

كاپىرلارغا شۇ چاغدا دېيىلىدۇكى، بۇ ئازاب سىلەرنىڭ كۇفرىلىقىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرگە تېگىشلىك بولدى. چۈنكى، سىلەر دۇنيادا گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن خۇشال بولاتتىڭلار، پەيغەمبەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن ھۇزۇر ئالاتتىڭلار، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتىڭلار، سىلەرگە بېرىلگەن دۇنيا نېمەتلىرىگە كۆرەڭلەپ كېتەتتىڭلار. ئەمدى جەھەننەمگە كىرىڭلار، جە-ھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسىدىن ئۇنىڭدا مەڭگۈ قېلىش ئۈچۈن كىرىڭلار ۋە ئازابنى تازا تېتىڭلار. چۈنكى، جەھەننەم سىلەردەك مۇتەكەببىرلەرنىڭ بىردىنبىر قارارگاھىدۇر.

مانا بۇلار ھېچبىر دەلىل - پاكىتسىز ۋە ئىلىمسىز تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ جازاسىدۇر. ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن، ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا تايانغىن، كەمچىلىكلىرىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئۇنى مەدھىيەلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن. ئاللاھ تائالا چوقۇم سەن بىلەن بىللىدۇر، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ ۋە سېنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغدايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ھەق، ۋەدىسى راستتۇر. ئۇ ساڭا نۇسرەت بېرىشكە، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىشقا ۋەدە قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەدىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ سەن ھايات ۋاقتىڭدا خۇددى بەدرى ئۇرۇشىدا كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلغاندەك ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرىسەن، يەنە بەزىلىرىنى ئاللاھ تائالا سەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. رەببىڭنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگىنكى، ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەندىن ئىلگىرى كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، ساڭا بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار. قىسقىسى، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان، يالغانغا چىقىرىلغان ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى.

ھېچقانداق پەيغەمبەر بىرەر ئايەتنى ياكى بىرەر مۆجىزىنى ئۆزى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەمەس، بەلكى ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا

ئۆزى نازىل قىلغان. ئاللاھ تائالا ئايەتلەر بىلەن مۆجىزىلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتىگە ئاساسەن نازىل قىلغان. دېمەك، مۆجىزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن چۈشىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ، بەلكى دەل ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە نادانلارچە تالاش-تارتىش قىلغانلار، بۇ ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغانلار، ھەقىقەتكە قارشى تۇرغانلار ۋە پەيغەمبەرلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلاردىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلار زىيان تارتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدە ئەڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىشەنچ باغلىغانلار ئاخىرى پۇشايمانغا قالىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم»دە 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تىلغا ئېلىنمىغان پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ ھەممىسىگە ئومۇمەن ئىمان ئېيتمىغۇچە ھېچكىمنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىر قىسىم ئىنئاملىرى

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَنْعَٰمَ لِتَرْكَبُوا۟ مِنْهَا وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ ٧٩
وَلَكُمْ فِيهَا مَنَٰفِعُ وَلِتَبْلُغُوا۟ عَلَيْهَا حَاجَةً فِى صُدُورِكُمْ وَعَلَيْهَا
وَعَلَى ٱلْفُلْكِ تُحْمَلُونَ ٨٠ وَيُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ فَأَىَّ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ
تُنكِرُونَ ٨١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

79-ئاللاھ بەزىسىنى مىنىشىڭلار ۋە بەزىسىنىڭ گۆشىنى يېيىشىڭلار ئۈچۈن،

سىلەرگە چارۋىلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر.

80ـ ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. سىلەر ئۇلارغا مىنىپ يۈرۈپ كۆڭلۈڭلاردىكى ھاجىتىڭلارغا يېتىسىلەر، سىلەر ئۇلارنىڭ ۋە كېمىلەرنىڭ ئۈستىدە توشۇلىسىلەر.

81ـ ئاللاھ سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. (ئەھۋال شۇنداق تۇرسا) سىلەر ئاللاھنىڭ دەلىللىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىـ ـسىلەر؟

### تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا ھايۋانلارنى ۋە بارلىق چارۋىلارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر بۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى قاتناش قوراللىرى ئورنىدا ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىسىلەر، يۈك-تاقىلىرىڭلارنى ئارتىسىلەر، بەزىلىرىنى بوغۇزلاپ ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر. سىلەرگە يەنە بۇ چارۋىلاردا ئۇلارغا مىنىش ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن باشقا كۆپلىگەن مەنپەئەتلەر بار. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ سۈتلىرىنى ئىچىسىلەر، بۇ سۈتلەردىن قېتىق ۋە قايماقلارنى ئۇيۇتىسىلەر، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىدىن، يۇڭلىرىدىن پايدىلىنىسىلەر. بۇ ئۇلاغلارنى قاتناش قوراللىرى ئورنىدا ئىشلىتىپ ئۈستىگە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىپ، شەھەردىن شەھەرگە ئېلىپ بارىسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ قۇرۇقلۇقتا بۇ ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، دېڭىزدا كېمىلەرگە چىقىپ يىراق جايلارغا قاتنايسىلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن قۇرۇقلۇقتا تۆگە، ئات، قېچىر ۋە ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى، دېڭىزدا كېمىلەرنى قاتناش قورالى قىلىپ بەرگەن بولسا، ھازىرقى زاماندا قاتناش قوراللىرى كۆپەيدى ۋە تەرەققىي قىلدى. ھازىر ئىنسانلار پاراخوت، ئايروپىلان، پويىز ۋە ئاپتوموبىل قاتارلىق زامانىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئىگە بولماقتا. مانا بۇلار ئاللاھ تائالا: ﴿وَٱلۡخَيۡلَ وَٱلۡبِغَالَ وَٱلۡحَمِيرَ لِتَرۡكَبُوهَا وَزِينَةٗۚ وَيَخۡلُقُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاتنى، قېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى ئارقىلىق بېشارەت بەرگەن يېڭىلىقلاردۇر. چۈنكى، ئايەتتىكى

[1] نەھل سۈرىسى: 8ـ ئايەت.

﴿ئۇ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾ دېگەن جۈملە ئۆتمۈشتىكىلەر بىلمەيدىغان ھازىرقى قاتناش قوراللىرى ۋە باشقا يېڭىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا نېمىلەرنى يارىتىدىغانلىقىنى پەقەت ئۆزى بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تەبىئەتنى قانداق بويسۇندۇرۇشنى، تۆمۈرنى قانداق ئېرىتىشنى، سۇدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كائىنات دەلىللىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەر زاماندىكى ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىم سەۋىيەسىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، شۇنداقلا چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بۇ سانسىز كائىنات دەلىللىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ؟ ئۇ كاپىرلار بۇلارنى قانداقمۇ ئىنكار قىلالايدۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەر لەھزىدە نۇرغۇنلىغان جانلىقنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە نۇرغۇنلىغان جانلىقنى ھاياتقا كۆز ئاچقۇزىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداقلارچە ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ؟ يوقتىن بار قىلغان زات بارنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە كەلتۈرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ بوغۇزلاپ يېيىشى ئۈچۈن، بەزىسىنىڭ قاتناش قورالى قىلىپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئامىدۇر.

2. كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر ۋە ئالامەتلەر بولۇپ، پەقەت ئەقلىنى ئىشلەتكەنلەرلا بۇلاردىن پايدىلىنالايدۇ ۋە ئىبرەت ئالىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلغۇچىلارغا تەھدىت

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَانُوٓا۟ أَكْثَرَ مِنْهُمْ وَأَشَدَّ قُوَّةً وَءَاثَارًا فِى ٱلْأَرْضِ فَمَآ أَغْنَىٰ

عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٨٢﴾ فَلَمَّا جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ
فَرِحُواْ بِمَا عِندَهُم مِّنَ ٱلۡعِلۡمِ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ
﴿٨٣﴾ فَلَمَّا رَأَوۡاْ بَأۡسَنَا قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥ وَكَفَرۡنَا بِمَا كُنَّا بِهِۦ
مُشۡرِكِينَ ﴿٨٤﴾ فَلَمۡ يَكُ يَنفَعُهُمۡ إِيمَٰنُهُمۡ لَمَّا رَأَوۡاْ بَأۡسَنَاۖ سُنَّتَ ٱللَّهِ
ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ فِي عِبَادِهِۦۖ وَخَسِرَ هُنَالِكَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

82-ئۇلار زېمىننى كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا قارىغاندا ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ، كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئارتۇق ۋە يەر يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلىرى جەھەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى.

83-پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرى بىلەن كەلـگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى (ئاز-تولا) بىلىمگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىپ كەتتى. (نەتىجىدە) ئۇلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىدى.

84-ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغان نەرسىلىرىمىزنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى.

85-بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى. بۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھەققىدە يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنىيىتىدۇر. بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن بىز تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىۋاتقان ئاشۇ كاپىرلار زېمىننى كېزىشتىن ئاجىز قالدىمۇ؟ ئۇلار سەپەر قىلىپ باقمىدىمۇ؟ ئۇلار زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، ئىلگىرىكى ئىنكارچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار كۆرگەنلىرىدىن ھېچبىر ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟

قۇرەيش قەبىلىسىدىن چىققان بۇ مۇتەكەببىر كاپىرلارنىڭ ئىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك. چۈنكى، ئۇلار ئاز-تولا مال-دۇنياسى ۋە بالىچاقىلىرى بىلەن

پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك كۈچ-قۇۋۋىتىنى كاتتا ساناپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس ئادەملەر دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ئىلگىرى سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ، كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئارتۇق ۋە يەر يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلىرى، ئەسەرلىرى جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن بولغان قەۋملەرنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار يەر يۈزىنى كەزمەمدۇ؟ سەپەر قىلىپ كۆرمەمدۇ؟ مىسىردىكى پىرامىدالارنى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «مەدائىن سالىھ» رايونىدىكى تاشتىن ياسالغان سارايلارنىڭ خارابىلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالمامدۇ؟

بۇ پىرامىدالارنى ۋە بۇ ھەشەمەتلىك سارايلارنى ياسىغانلار مەككىلىك مۇشرىكلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەدەنىيەتكە، سەنئەتكە ۋە ئىلىم-ماھارەتكە ئىگە خەلقلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ زامانلاردىكى تەرەققىياتى ھازىرقى يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردىكى ئىنسانلارنىمۇ ھەيران قالدۇرغان دەرىجىدىكى تەرەققىياتلار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقى ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتتىكى ۋە كۈچ-قۇۋۋەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىغان، ئۇلارنى ئازابتىن ساقلاپ قالالمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يەر-ماكانلىرى خارابە ھالىتىدە ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرماقتا.

دۇنياغا داڭلىق، ھەتتا دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان پىرامىدانى ياسىغان پىرئەۋنىيلەرنىڭ شۇ زامانلاردىكى تەرەققىياتى ھازىرقى ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرماقتا. كىران ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بولمىغان شۇ زامانلاردا پىرامىدانى ياسىغانلارنىڭ ھەربىرى چوڭ يۈك ماشىنىسىدەك يوغان تاشلارنى يۇقىرىغا قانداق ئېلىپ چىققانلىقى توغرۇلۇق ھازىرقىلار ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزمەكتە. يەنە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «مەدائىنى سالىھ» دېگەن خارابىنى كۆرگەنلەر ھەيران قالىدۇكى، سەمۇد قەۋمى بۇ سارايلارنى پەقەت تاش بىلەنلا قۇرۇپ چىققان بولۇپ، تاشلار خۇددى ياغاچچىلار ياغاچلارنى تەكشى ھەرىدەپ، رەندىلەپ سىلىقلاپ چىققاندەكلا سىلىق ۋە ئارىلىقى شۇنچىلىك ھەم ۋە رەتلىك تۇرماقتا. بۇ سارايلار ئاپتوموبىل بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ بىر كۈندە كۆرۈپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدىغان كاتتا سارايلاردۇر. دېمەكچى، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن شۇنچىلىك كاتتا، شۇنچىلىك يۇقىرى

ماھارەتكە ۋە ئۈستۈن سەنئەتكە ئىگە بولغان پىرئەۋن قەۋمى بىلەن سەمۇد قەۋمى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە ئوپئوچۇق دەلىللەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشقان، ئۆزلىرىدىكى ئىلىم-ماھارەتكە ئىشەنچ قىلىپ، ئېرىشكەن پەن-تېخنىكىلىرىغا مەغرۇر-لىنىپ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلىشقان ۋە ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن مۇكەممەل سانىغان ئىدى، گويا ئۇلار: «بىز مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ئىلىم-ماھارەت ئىگىلىرىمىز، شۇڭا بىزنىڭ دىنغا ھاجىتىمىز يوق» دەپ كۆرەڭلىگەن ئىدى. ھازىرقى زاماندىمۇ شۇنداق دەيدىغان ئەخمەقلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئەمما بۇ پەن-تېخنىكىلار ۋە تەرەققىي قىلىپ ۋايىغا يەتكەن بۇ ئىلىم-پەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالالامدۇ؟ ھازىرقى ئەۋجىگە يەتكەن پەن-تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئىلىم-پەن ياپونىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن «تسۇنامى» دېيىلگەن سۇ ئاپىتى بىلەن ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن«كاترىنا» دېيىلگەن بوران ئاپىتىگە تاقابىل تۇرالىدىمۇ؟ ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان بىر دۆلەت ئۆز خەلقىنى تەبىئىي ئاپەتلەردىن قوغداپ قالالىدىمۇ؟ ھەرگىز قوغداپ قالالمىدى! چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتكە قارشى چىققان ئىنكارچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگىنىدە، ئۆزلىرى ئىلگىرى ئىشەنمىگەن بۇ ئازابنىڭ راست ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغىنىدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ-دە، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ۋە دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئىپادىلەشكە ئالدىرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى بولمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازابنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ ئىمانى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايتتى ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ قىلچە ئەسقاتمىدى. ئۇلار ھەممىسى ئەڭ ئېبرەتلىك شەكىلدە ھالاك قىلىندى. ﴿وَلَيْسَتِ ٱلتَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ إِنِّى تُبْتُ ٱلْـَٔـٰنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾ يەنى ﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم،

دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا بىز قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾[1]. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بۇ كاپىرلار ئاخىر زىيان تارتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە، ئۇنىڭ ئازابى كاپىرلارغا خاستۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ھەققىدە ئەزەلدىن يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. شەھەرلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا سەيلە - ساياھەت قىلىش مۇسۇلمانلار-نىڭ ئىبرەت ئېلىشى ۋە ئىمانىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلار دۇنيادا كۆرگەن ھەربىر گۈزەللىك ۋە ھەربىر مۇكەممەللىكتە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ۋە گۈزەل سەنئىتىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرىدۇ، نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا بىرەر بالايىئاپەتنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئەڭ تەرەققىي قىلغان پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچىمۇ توسۇپ قالالمايدۇ.

3. ھاياتىنى كۇفرىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئۆلىدىغان ۋاقتىدا ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ.

[1] نىسا سۈرىسى: 18-ئايەت.

# فۇسسىلەت سۈرىسى

فۇسسىلەت سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 54 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىتىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى مەۋقەسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشرىكلارنى ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ئازابلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا بولىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر، مۇئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋىتى، ئۇلارنىڭ بەزى گۈزەل ئەخلاقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىش ۋە بۇ كىتابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 3-ئايەتتە كەلگەن ﴿فُصِّلَتۡ﴾ «تەپسىلىي بايان قىلىنغان» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۈرە «ھامىيم سەجدە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى مەۋقەسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿حمٓ ١ تَنزِيلٞ مِّنَ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٢ كِتَٰبٞ فُصِّلَتۡ ءَايَٰتُهُۥ
قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا لِّقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ٣ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗا فَأَعۡرَضَ أَكۡثَرُهُمۡ
فَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ٤ وَقَالُواْ قُلُوبُنَا فِيٓ أَكِنَّةٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ
وَفِيٓ ءَاذَانِنَا وَقۡرٞ وَمِنۢ بَيۡنِنَا وَبَيۡنِكَ حِجَابٞ فَٱعۡمَلۡ إِنَّنَا عَٰمِلُونَ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 323- بەت.

﴿٥﴾ قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ
فَٱسۡتَقِيمُوٓاْ إِلَيۡهِ وَٱسۡتَغۡفِرُوهُۗ وَوَيۡلٞ لِّلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٦﴾ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡتُونَ
ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُمۡ أَجۡرٌ غَيۡرُ مَمۡنُونٖ ﴿٨﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ھامىم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ(بۇ قۇرئان) ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

3ـ(بۇ) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرى ئەرەبچە قۇرئان بولغان ھالدا تەپسىلي بايان قىلىنغان كىتابتۇر.

4ـ ئۇ خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ كىتابتىن) يۈز ئۆرۈدى. شۇڭا، ئۇلار (ئۇنىڭغا) قۇلاق سالمايدۇ.

5ـ ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر پەردە بار. شۇڭا سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى» دەيدۇ.

6ـ 7ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارغا: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا توپتوغرا يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن. ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىپ زاكات بەرمەيدىغان مۇشرىكلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولسۇن!

8ـ شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئۈزۈلمەيدىغان مۇكاپات بار.

## تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتاب دۇنيادا بارلىق مەخلۇقاتقا

رەھىم-شەپقەت قىلىدىغان، ئاخىرەتتە پەقەت مۇئمىنلەرگىلا رەھىم قىلىدىغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئۇ ئايەتلىرى ئەرەب تىلىدا ناھايىتى روشەن ۋە تولۇق بايان قىلىنغان مۇكەممەل كىتابتۇر. چۈنكى، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان زات تەرىپىدىن كەلگەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنىڭ «تولۇق بايان قىلىنغان»لىقىنىڭ مەنىسى شۇكى، «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەر، ۋەز-نەسىھەتلەر، دىنىي مەسىلىلەر، ھۆكۈملەر، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئاخىرەتتە بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئايرىم-ئايرىم، ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ئەقىل بىلەن ھېسسىياتقا خىتاب قىلغان يېگانە كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بايانلىرى دىللارنى تىترىتىش ۋە ئەقىلنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.

«قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان كىتابتۇر. چۈنكى، بۇ كىتاب نازىل بولغان زات - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئىدى. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرگە شۇ پەيغەمبەرنىڭ تىلى بىلەن خىتاب قىلغان ۋە كىتاب نازىل قىلغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغان. ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ﴾ يەنى ﴿قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىيلى، بىز ئۇنى ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلىدا (سۆزلەيدىغان قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾[1].

ئەگەر «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن باشقا بىر تىلدا نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئۇنى تولۇق بايان قىلىپ بېرەلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىمۇ «بۇ قۇرئان نېمە ئۈچۈن بىز چۈشىنىدىغان تىلدا نازىل قىلىنماپتۇ؟» دەپ تۇرىۋالاتتى. ﴿وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَانًا أَعۡجَمِيّٗا لَّقَالُواْ لَوۡلَا فُصِّلَتۡ ءَايَٰتُهُۥٓۖ ءَا۬عۡجَمِيّٞ وَعَرَبِيّٞۗ﴾ يەنى ﴿مۇبادا بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى بىر قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئۇنىڭ ئايەتلىرى نېمىشقا (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) ئوچۇق بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، (ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتاب)

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 4-ئايەت.

باشقا تىلدا بولامدۇ؟» دەيتتى﴾[1].

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان كاتتا مۇكاپاتلار ۋە ئالىي مەرتىۋىلەر ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىتابتۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ كىتابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەكتە. ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەرنىڭ تولىسى شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ مۇنۇلارنى دېگەن: بىزنىڭ دىلىمىزدا بىزنى سەن دەۋەت قىلغان نەرسىلەرنى چۈشىنىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان بىر پەردە بار، شۇڭا بىز سېنىڭ «ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر» دېگەن سۆزلىرىڭنى چۈشەنمەيمىز، بىزنىڭ قۇلىقىمىزدىمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاشتىن توسۇپ تۇرىدىغان بىر ئېغىرلىق بار، شۇڭا بىز سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىمايمىز. دېمەك، سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قېلىن بىر پەردە بار. شۇڭا بىز سېنىڭ دەۋىتىڭنى ئاڭلىمايمىز.

مەككە كاپىرلىرى ئۆزلىرىنى مۇنداق ئۈچ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئۇلار: دىللىرىدا پەردە، قۇلاقلىرىدا ئېغىرلىق ۋە ئۆزلىرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا پەردە بارلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ دىلىدا پەردە، قۇلىقىدا ئېغىرلىق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوتتۇرىسىدا قېلىن پەردىنىڭ بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلىشتىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ﴿بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە بار. شۇڭا سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى﴾ دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ﴿مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر» دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ﴾ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. يەنى مەن پەرىشتە ئەمەس، جىنمۇ ئەمەس، بەلكى سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسانمەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر ماڭا قانداقمۇ «سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەردە بار» دەيسىلەر؟ چۈنكى، مەن سىلەر

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 44-ئايەت.

چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا سۆزلىگەن بولسام ياكى مەن باشقا بىر مىللەتتىن كەلگەن بولسام، ئۇ چاغدا سىلەر ماڭا «سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەردە بار، گېپىڭنى چۈشەنمىدۇق» دېسەڭلا ئورۇنلۇق بولاتتى. ئەمما مەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ۋە سىلەرنىڭ ئۆز تىلىڭلار بولغان ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان بىر پەيغەمبەر تۇرسام، سىلەرنىڭ «چۈشەنمىدۇق، ئوتتۇرىمىزدا پەردە بار» دېگىنىڭلار ئۇچىغا چىققان هاكاۋۇرلۇق ۋە ئەخمەقلىقتۇر. چۈنكى، بۇ سىلەرنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش ئۈچۈن ئېيتقان بولمىغۇر سۆزۈڭلاردۇر، خالاس.

﴿مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا «ئىلاهىڭلار بىر ئىلاھتۇر» دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ﴾ دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن دەۋەتكە قۇلاق سېلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. گويا دەيدۇكى، مەن سىلەرگە پادىشاھ بولۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغىنىم يوق ياكى قىلغان دەۋىتىمگە سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ۋە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىققان بىر ئىنسانمەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ مېنىڭ دەۋىتىمنى ئاڭلىمايسىلەر؟ قانداقمۇ ئوتتۇرىمىزدا پەردە بار دەيسىلەر؟ ئەي قەۋمىم! سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا كىرىڭلار، ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىڭلار، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار، ياردەم ۋە مەدەتنى ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا تىلەڭلار، بارلىق گۇناھلىرىڭلارغا ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ كىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار!

مۇشرىكلارغا ھالاكەت ۋە لەنەت بولسۇن، ئۇلار ئازابقا دۇچار بولسۇن! چۈنكى، ئۇلار ھېچقانداق تەڭدىشى بولمىغان، ئالەملەرنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، بىلمەيدىغان ۋە ھېچبىر ئىش قىلالمايدىغان بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالىدۇ. بۇ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان زاكاتنى بەرمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ «زاكات بەرمەيدۇ ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ» دەپ سۈپەتلەنگەنلىكى زاكات بەرمەسلىكنىڭ كاپىرلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەندەك ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان زاكاتنىمۇ بەرمەيدۇ. نەپسىنىڭ بېخىللىقىنى يېڭىپ، بىر ئۈچى قولدا، يەنە بىر ئۈچى يۈرەكتە بولغان پۇل-مالنى

مەردلىك بىلەن چىقىرىپ زاكاتنى ئادا قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ ئىش ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە جەزمەن ئىشىنىدىغان ھەقىقىي مۆئمىن كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. شۇڭا زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىش ھەقىقىي مۆئمىنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەپسۇسكى، ناماز پۇل كەتمەيدىغان ئىبادەت بولغانلىقتىن، زامانىمىزدا ناماز ئوقۇيدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، زاكاتنى تولۇق بېرىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بىراۋنىڭ شۇ تاتلىق مال-دۇنيانى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا چىقىرىشى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چەكسىز ئىخلاسىنى ۋە ھەقىقىي ئىمانىنى نامايان قىلىدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئۇنداقتا، ھەقىقىي مۇسۇلمان كىم؟ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان كىشىلەردۇر. مۇنداقلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە مەڭگۈ توگىمەپ قالمايدىغان، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان دائىملىق مۇكاپات بار. ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق بەختلىك مۆئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى زۆرۈردۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىتابتۇر.

3. ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشنى خالىمىغانلارنى يېتەكلىگىلى بولمايدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغانلار ئىككىلا ئالەمدە سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

5. ھەرقانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن تەۋبە قىلىش پەرزدۇر.

6. پۇل-مالنى زاكات بىلەن پاكلىغىلى، نەپسنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ساپلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە خالىغانلىرىنى قىلغۇچىدۇر

﴿قُلۡ أَئِنَّكُمۡ لَتَكۡفُرُونَ بِٱلَّذِي خَلَقَ ٱلۡأَرۡضَ فِي يَوۡمَيۡنِ وَتَجۡعَلُونَ

لَهُۥٓ أَندَادًاۚ ذَٰلِكَ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٩﴾ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ مِن فَوْقِهَا
وَبَٰرَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَآ أَقْوَٰتَهَا فِىٓ أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَآءً لِّلسَّآئِلِينَ ﴿١٠﴾
ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ وَهِىَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ٱئْتِيَا طَوْعًا
أَوْ كَرْهًا قَالَتَآ أَتَيْنَا طَآئِعِينَ ﴿١١﴾ فَقَضَىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَاتٍ فِى يَوْمَيْنِ
وَأَوْحَىٰ فِى كُلِّ سَمَآءٍ أَمْرَهَاۚ وَزَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنْيَا بِمَصَٰبِيحَ وَحِفْظًاۚ
ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿١٢﴾

### تەرجىمىسى

**9**ـ(سەن ئۇلارغا): «راستىنلا سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەرنى قوشۇۋالامسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر» دېگىن.

**10**ـ ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، زېمىندا ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (بۇ ئىشلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشنى) تولۇق تۆت كۈندە تاماملىدى. (زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر).

**11**ـئاندىن ئۇ ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى. ھالبۇكى، ئۇ (ئاسمان) تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا كېلىڭلار» دېۋىدى، ئىككىلىسى: «ئىختىيارىي ھالدا كەلدۇق» دېدى.

**12**ـئاللاھ يەتتە ئاسماننى (يارىتىشنى) ئىككى كۈندە تاماملىدى ۋە ھەر ئاسماندا (بولغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلىدىغان) ئىشلىرىنى بىلدۈردى. ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشىغا كايىپ ئېيتقىنكى، راستىنلا سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلامسىلەر؟ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن شېرىكلەرنى قوشۇۋالامسىلەر؟ بىلىڭلاركى، ئاشۇ يېگانە ياراتقۇچى ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.

ئى كاپىرلار! سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان، چەكسىز قۇدرەتلىك، يېگانە ئىلاھ بولغان ئاللاھ تائالانى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالىسىلەر؟ ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ تۇرۇۋاتقان مەۋجۇداتنى قانداقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ قىلىۋالىسىلەر؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

ئاللاھ تائالا زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقاندىن كېيىن، زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ئېگىز ۋە مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر، هايۋانلار، مەدەنلەر ۋە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق نەرسىلەر بىلەن بەرىكەتلىك قىلدى، زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تولۇق تۆت كۈندە تاماملىدى، يەنى ئىككى كۈندە زېمىننى ياراتتى، يەنە ئىككى كۈندە زېمىننىڭ ئۈستىدە تاغلارنى ياراتتى ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىنى تولۇق تۆت كۈندە تاماملاپ بولدى. بۇ بايانلار زېمىن ۋە ئۇ نىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتى ھەققىدە سورىغۇچىلار ئۈچۈن جاۋابتۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ مِن فَوۡقِهَا وَبَٰرَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَآ أَقۡوَٰتَهَا فِيٓ أَرۡبَعَةِ أَيَّامٖ سَوَآءٗ لِّلسَّآئِلِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿لِّلسَّآئِلِينَ﴾ دېگەن قىسمىغا «رىزىق تەلەپ قىلغۇچىلار» دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئۇ تولۇق تۆت كۈندە زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، يەر يۈزىدە رىزىق تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ رىزقىنى ئۇلارنىڭ ھاجىتىگە باراۋەر مىقداردا بەلگىلىدى»[1].

دۇنيادا ئادەم سانى گەرچە بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك ئاچارچىلىق يۈز بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز رىزقى بىلەن يارىتىلىدۇ. ئاچارچىلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بىر تەرەپتىن بەزى خەلقلەرنىڭ ئىشلىمەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن مونوپولچىلارنىڭ يولسىزلىقى بولسا كېرەك. ھەقىقەت شۇكى، ئىنسانلار رىزقىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەشكە بۇيرۇلغان. چۈنكى

---

[1] «تفسير الطبري» 21- توم، 435- بەت.

ئىنسان ئىشلەش ئارقىلىق زېمىننىڭ بايلىقلىرىنى چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن رىزىقلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ياراتقان رىزىق پۈتۈن جانلىقلارغا يېتىدىغان مىقداردا ئۆلچەملىك يارىتىلغان بولسىمۇ، بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىقى، ئاچكۆزلۈكى ۋە ئىسراپخورلۇقى سەۋەبلىك باشقا ئىنسانلار ۋە جانلىقلار ئاچلىقنىڭ دەردىنى چېكىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئىنسانلار ھورۇنلۇق قىلىپ ئىشلىمەسلىك سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىنى يوقسۇللۇقتا قويىدۇ. ئەسلىدە زېمىننىڭ بايلىقى ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىنسا ۋە ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرسە، دۇنيادا ئاچلىق، يوقسۇللۇق دېگەنلەر بولمايدۇ. چۈنكى، بىز ئىشلەش ئارقىلىق زېمىندىكى بايلىقلاردىن ۋە ئېنېرگىيەلەردىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇلغان.

ئاللاھ تائالانىڭ زېمىننى يارىتىشى ئىككى كۈندە، زېمىننىڭ ئۈستىدە تاغلارنى يارىتىشى، زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىشى ئىككى كۈندە، ئاندىن يەتتە قات ئاسماننى يارىتىشى ئىككى كۈندە، جەمئىي ھەممىسى ئالتە كۈندە تاماملاندى. ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن كائىناتنى بىر لەھزىنىڭ ئىچىدىلا بار قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى كائىناتتا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ رەت-تەرتىپى ۋە ئىنتىزامى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە بىزگە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقنى ۋە سەۋرچانلىق بىلەن، ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئاسمانغا يۈزلەندى. ھالبۇكى ئاسمان ئۇ ۋاقىتتا تۇمان ھالىتىدە ئىدى. ئاسماننىڭ بۇرۇن تۇمان ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى ھازىرقى ئاسترونومىيە ئىلمىمۇ تەستىقلىماقتا. ئاندىن ئاللاھ تائالا يەر بىلەن ئاسمان ئىككىسىگە ﴿ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي ھالدا كېلىڭلار﴾ يەنى مەن بەلگىلىگەن مۇئەييەن شەكىلدە ۋە مۇئەييەن ۋاقىتتا بارلىققا كېلىڭلار دېدى. ئۇلار ﴿ئىختىيارىي ھالدا كەلدۇق﴾ دېدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ تېزلىكىگە كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال بولۇپ، بۇ مىسالدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ ﴿ئاللاھ يەتتە ئاسماننى (يارىتىشنى) ئىككى كۈندە تاماملىدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىلىي بايانىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ياراتتى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ

ھەربىرىگە ئۆزىگە مۇناسىپ ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى، ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى بولسا خۇددى چىراغلارغا ئوخشاش يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدى ۋە ئۇنى قوغلاندى شەيتانلاردىن ساقلىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلەم بىلەن يېزىپ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە، ھەممىگە قادىر، غالىب، ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە بەلگىلىمىسىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش بولۇپ، كۇفرىدىن چوڭ گۇناھ يوقتۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق بىر ئىشنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قىلىپ بولىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئاسمان ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ رەت-تەرتىپىنى بىلدۈرۈش ۋە بەندىلىرىگە ئىشلارنى ئالدىرىماي، قېتىرقىنىپ، ھېكمەت بىلەن قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

## ◄ مۇشرىكلارنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدەك ھالاك بولۇشتىن ئاگاھ-لاندۇرۇش

﴿فَإِنْ أَعْرَضُواْ فَقُلْ أَنذَرْتُكُمْ صَٰعِقَةً مِّثْلَ صَٰعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ
١٣ إِذْ جَآءَتْهُمُ ٱلرُّسُلُ مِنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا تَعْبُدُوٓاْ
إِلَّا ٱللَّهَ ۖ قَالُواْ لَوْ شَآءَ رَبُّنَا لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةً فَإِنَّا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ
كَٰفِرُونَ ١٤ فَأَمَّا عَادٌ فَٱسْتَكْبَرُواْ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَقَالُواْ
مَنْ أَشَدُّ مِنَّا قُوَّةً ۖ أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ
قُوَّةً ۖ وَكَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَجْحَدُونَ ١٥ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا
فِىٓ أَيَّامٍ نَّحِسَاتٍ لِّنُذِيقَهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْىِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ
وَلَعَذَابُ ٱلْءَاخِرَةِ أَخْزَىٰ ۖ وَهُمْ لَا يُنصَرُونَ ١٦ وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَٰهُمْ
فَٱسْتَحَبُّواْ ٱلْعَمَىٰ عَلَى ٱلْهُدَىٰ فَأَخَذَتْهُمْ صَٰعِقَةُ ٱلْعَذَابِ ٱلْهُونِ بِمَا

﴿كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ١٧ وَنَجَّيۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ١٨﴾

### تەرجىمىسى

13-ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى باياناتلاردىن كېيىن يەنىلا ئىماندىن) باش تارتسا، سەن ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن چاقماق ئازابىغا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن.

14-ئۇلارغا ئالدى-كەينىدىن (ھەر تەرەپتىن) ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەرلەر كېلىپ: «بىر ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار!» دېسە، ئۇلار: «ئەگەر رەببىمىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى. بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى.

15-ئاد قەۋمى بولسا يەر يۈزىدە ئورۇنسىز يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ-قۇۋۋەتتە بىزدىن ئارتۇق كىم بار؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ (شۇنداق تۇرسىمۇ) ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلاتتى.

16-ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق ئاۋازلىق، سوغۇق بورىنىنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار ياردەمگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

17-سەمۇد قەۋمىگە كەلسەك، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى.

18-بىز ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادار بولغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارغا: ﴿قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَٱسۡتَقِيمُوٓاْ إِلَيۡهِ وَٱسۡتَغۡفِرُوهُۗ وَوَيۡلٞ لِّلۡمُشۡرِكِينَ﴾ يەنى ﴿مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا تويتوغرا يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!﴾[1] دېگىن، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 6- ئايەت.

يەر يۈزىگە يەرلەشتۈرگەنلىك، ئۇلارغا زېمىندىن ھەر خىل رىزىقلارنى چىقىرىپ بەرگەنلىك نېمىتىنى ئەسلەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمان-زېمىننى، شۇنداقلا كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇداتنى ياراتقان، يەر يۈزىنى بەرىكەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىگەن، يەتتە ئاسماننى يارىتىپ، ھەربىر ئاسماندىكىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بىلدۈرگەن، ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى پارلاق يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىگەن ۋە ھەممىنى ئالتە كۈندە ياراتقان قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكىگە كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارغا شۇنداق سوئال قويغىنكى، مۇشۇنداق تەڭداشسىز ئىلاھقا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈرسەڭلار بولامدۇ؟

ئۇلار شۇنداق سانسىز نېمەتلەرگە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا بۇ نېمەتلەرنى بەرگەن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، بۇ دەلىل-ئىسپاتلارنى قوبۇل قىلمىسا، ئۆزلىرىنىڭ شەيتانلىرىغا ۋە نەپسى ھەۋىسىگە ئەگەشسە، ئۇلارغا دېگىنكى، بېشىڭلارغا پات يېقىندا ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلىك چاقماق ئازابىنىڭ كېلىشىدىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىمەن ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇتىمەن.

ئى كاپىرلار! سىلەردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرگىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى خۇددى مەن سىلەرگە كەلتۈرگەندەك روشەن مۆجىزىلەرنى ۋە كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ھەق دىنغا دەۋەت قىلغان، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە «ئەگەر ئاللاھ بىزگە پەيغەمبەر ئەۋەتمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلىپ ئەۋەتكەن بولاتتى. ئەمما بۇ پەيغەمبەر بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز؟ شۇڭا بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز ۋە سىلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېگەن ئىدى.

﴿ئاد قەۋمى بولسا يەر يۈزىدە ئورۇنسىز يوغانچىلىق قىلدى﴾ بۇ ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرى بىلەن بولغان قىسسىسىنىڭ تەپسىلاتى بولۇپ، قىسسە ئاد قەۋمىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئاد قەۋمى سەمۇد قەۋمىدىن بۇرۇن ئۆتكەن. ئاد قەۋمى بىناكارلىق جەھەتتە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، باياشاتلىق

تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقانلاردىن ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇلدا ئىنتىقام ئالىدىغان ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان بىر زومىگەر قەۋم ئىدى. ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ھەتتا ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغاندا، ئۇلار: ﴿بىزدىن كۈچلۈك كىم بار؟﴾ دېگەن ئىدى.

ئۇلار شۇنچىلىك مەغرۇر، شۇنچىلىك ھەددىدىن ئاشقان قەۋم ئىدىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى ۋە جىمى ئالەملەرنى ياراتقان، تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەتكە ۋە چەكسىز ئىلىم-ھېكمەتكە ئىگە زات ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىدىن ئەلۋەتتە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنى كۆرەلىگەندەك شۇ كۈچ-قۇۋۋەتنىمۇ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغانلىقىنى ئويلاپ باقمايتتى. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئويلىمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك خەلق دەپ ئويلاپ تولىمۇ مەغرۇرلانغان ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق ئاۋازلىق، سوغۇق بوران ئاپىرىپ ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. ﴿سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومًا فَتَرَى ٱلْقَوْمَ فِيهَا صَرْعَىٰ كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ خَاوِيَةٍ ۝٧ فَهَلْ تَرَىٰ لَهُم مِّنۢ بَاقِيَةٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ بوراننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي قويۇۋەتتى، سەن (ئەگەر شۇ يەردە بولساڭ) ئۇلارنىڭ خورما دەرىخىنىڭ پۇر كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ. (ھازىر) ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟﴾[1]. ئاللاھ تائالا بۇ قاتتىق بوراننى پەقەتلا ئاشۇ مۇتەكەببىرلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارغا سۇيىقەست پىلانلىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىنى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلغان زالىملار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە دۇچار بولىدىغان ئازابى بۇ دۇنيادىكىسىدىن ئەلۋەتتە قاتتىق ۋە تولىمۇ ئەلەملىك بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان بىرەر شاپائەتچى ياكى ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ.

[1] ھاققە سۈرىسى: 7-8-ئايەتلەر.

ئەمدى سەمۇد قەۋمىگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارغا ھەق بىلەن باتىلنى ئوچۇق كۆرسىتىپ ۋە تولۇق بايان قىلىپ بېرىپ، ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن ئىدى. ئۇلار باتىل يولنى تاللىغان ۋە ھەقىقەتنى كۆرمەسلىكتىن ئىبارەت كورلۇقنى ۋە ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرگەن بولۇپ، ئۇلار مۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى كورلۇقنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەن. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە، تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان ۋە ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىققان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قاتتىق بىر ئازاب بىلەنلا ھالاك قىلىۋەتكەن. ئۇلار ئەسلىدە تاغلارنى ئويۇپ ئېسىل سارايلارنى ياسايدىغان، زىرائەتچىلىك ۋە باغۋەنچىلىكتە تەرەققىي قىلغان، چىرايلىق باغۇ-بوستانلىرى بولغان بىر قەۋم ئىدى. ئۇلار ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنغان. پەقەت سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالا بۇ ھالاكەتتىن ساقلاپ قالغان ئىدى.

ئى مەككىلىكلەر! سىلەر بۇ ئىككى قەۋمنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمامسىلەر؟ سىلەر نەدە؟ ئۇلار نەدە؟ ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا، سان ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە كۆپ ئۈستۈن ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ سان جەھەتتىكى كۆپلۈكى بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارنى ئازابتىن ساقلاپ قالالمىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدىكى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن بىر گۇرۇپپا كىشى ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەتلىشىپ: «مۇھەممەدنىڭ ئىشى بىزگە ئوچۇق بولماي قالدى، ئەگەر بىز شېئىردىن، كاھىنلىقتىن ۋە سېھىردىن خەۋىرى بولغان بىرەر ئالىم ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭغا مۇددىئايىمىزنى ئېيتساق، بەلكىم ئۇ مۇھەممەد توغرۇلۇق بىزگە ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرىشى مۇمكىن» دېيىشىدۇ. ئارىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن كاھىنلىقتىن، شېئىردىن ۋە سېھىردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم. شۇڭا مەندە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق تولۇق مەلۇمات ھاسىل بولدى. ئەگەر مۇھەممەدتە بىز دەۋاتقان ئالامەتلەردىن بىرەرسى بولسا ئىدى، ئۇنى

ئەلۋەتتە مەن بىلگەن بولاتتىم» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇتبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! سەن ياخشىمۇ ياكى (ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىڭدىن) قۇسەي ئىبنى كىلابمۇ؟ سەن ياخشىمۇ ياكى (يېقىنقى ئەجدادىڭ) ھاشىممۇ؟ سەن ياخشىمۇ ياكى (بوۋاڭ) ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ؟ سەن ياخشىمۇ ياكى (ئاتاڭ) ئابدۇللاھمۇ؟ نېمىشقا سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكىسەن؟ نېمىشقا ئەجدادلىرىمىزنى ئەقىلسىز دەيسەن؟ ئەگەر سەن بۇ ئىشىڭدا بىرەر مەنسەپنى تەمە قىلىۋاتقان بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى، ئەگەر مەقسىتىڭ خوتۇن ئېلىش بولسا، ساڭا قۇرەيشنىڭ ئەڭ گۈزەل قىزلىرىدىن خالىغانلىرىڭنى ئېلىپ بېرەيلى، ئەگەر مال-دۇنيا تاپماقچى بولساڭ، ساڭا سەن ۋە ئائىلەڭ مەڭگۈ تۈگىتىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە بايلىق يىغىپ بېرەيلى، ئەگەر سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭ ساڭا جىندىن كەلگەن بولسا، (يەنى ساڭا جىن چاپلىشىۋالغان بولسا) سېنى پۈتۈن بايلىقىمىزنى خەجلەپ بولسىمۇ داۋالىتايلى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ۋەلىد! سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟»[1] دەيدۇ. ئۇتبە «ھەئە، تۈگىدى» دېگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ئەمدى سەن ماڭا قۇلاق سال!» دەيدۇ ۋە فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ﴿فَإِنْ أَعْرَضُواْ فَقُلْ أَنذَرْتُكُمْ صَٰعِقَةً مِّثْلَ صَٰعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن يەنىلا ئىماندىن) باش تارتسا، سەن ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن چاقماق ئازابىغا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن﴾ دېگەن ئايەتكىچە بولغان 13 ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدۇ. تىلاۋەتنىڭ تۈگىشى بىلەن ئۇتبە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ ۋە تۇغقانچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ سۈكۈت قىلىشىنى ۋە ھېچ نەرسە دېمەسلىكىنى ئۆتۈنىدۇ. ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇتبە ئۆيىگە بىر كىرىۋالغانچە سىرتقا چىقمايدۇ، قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئاخىرى ئەبۇ جەھل ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «مۇھەممەدكە ئەگىشىپ كەتتىڭمۇ ياكى ساڭا ئۇنىڭ تامىقى ياراپ قالدىمۇ؟» دەپ چاقچاق ئارىلاش سورايدۇ. ئۇتبە قاتتىق غەزەپتىن پارتلىغىلى ئاز قالغان

[1] ئەبۇ ۋەلىد-ۋەلىدنىڭ دادىسى دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەر بىراۋنى ئۆزىگە يېقىن كۆرسە، ئۇنى چوڭ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن شۇنداق ئاتايدىغان ئادەت بار.

ھالدا، «مەن ھەرگىز مۇھەممەدكە گەپ قىلمايمەن، سىلەر ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مەن ئىچىڭلاردا قۇرەيشنىڭ ئەڭ بايلىرىدىن، شېئىرنىمۇ ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلىرىدىن بىرىمەن. ئەمما مەن مۇھەممەدكە تەكلىپىمىزنى سۇنۇۋىدىم. ئۇ ماڭا يا شېئىر ئەمەس ياكى سېھىر ئەمەس ۋەياكى كاھىنلىق ئەمەس، ئاجايىپ بىر سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى. ئاخىر مەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدىم ۋە تۇغقانچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى ئارىغا سېلىپ ئۇنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى ۋە بىر نەرسە دېمەسلىكىنى ئۆتۈندۈم. مەن بىلىدىمكى، مۇھەممەد يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست. قەسەم قىلىمەنكى، مەن راستتىنلا مۇھەممەد دېگەندەك ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە چۈشكەن ئازابلارغا ئوخشاش ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. شۇڭا سىلەر مۇھەممەدنى ئۆز يولىغا قويۇۋېتىڭلار. ئەگەر بىز ئەرەبلەر ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولساق، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئۆزىمىز جازالىنىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر مۇھەممەد پادىشاھ ياكى پەيغەمبەر بولسا، سىلەر ئەڭ بەختلىك ئىنسانلار بولۇپ قالىسىلەر ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، ئۇنىڭ شەرىپى سىلەرنىڭ شەرىپىڭلار، ئۇنىڭ ئابرۇيى سىلەرنىڭ ئابرۇيىڭلار ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. ئەبۇ جەھل باشچىلىقىدىكى قۇرەيش كاپىرلىرى ئۇتبەگە ئاچچىقلىنىپ: «ياق! مۇمكىن ئەمەس، سېنى مۇھەممەد سېھىرلىۋېتىپتۇ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇتبە ئۇلارغا: «بۇ مېنىڭ رايىم. سىلەر نېمىنى خالىساڭلار شۇنى قىلىۋېرىڭلار»[1] دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ خەتەرلىك تۈرىدۇر.

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ساختا ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىشقا چاقىرىشتۇر.

3. ئىمان ۋە تەقۋالىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ يولى بولغىنىدەك، ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىدۇر.

### ◄ كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَيَوْمَ يُحْشَرُ أَعْدَآءُ ٱللَّهِ إِلَى ٱلنَّارِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ﴿١٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا

---

[1] «مسند أبي يعلى» 2-توم، 332-بەت، 1818- ھەدىس.

مَا جَآءُوهَا شَهِدَ عَلَيۡهِمۡ سَمۡعُهُمۡ وَأَبۡصَٰرُهُمۡ وَجُلُودُهُم بِمَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ﴿٢٠﴾ وَقَالُواْ لِجُلُودِهِمۡ لِمَ شَهِدتُّمۡ عَلَيۡنَاۖ قَالُوٓاْ أَنطَقَنَا ٱللَّهُ
ٱلَّذِيٓ أَنطَقَ كُلَّ شَيۡءٖۚ وَهُوَ خَلَقَكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٢١﴾
وَمَا كُنتُمۡ تَسۡتَتِرُونَ أَن يَشۡهَدَ عَلَيۡكُمۡ سَمۡعُكُمۡ وَلَآ أَبۡصَٰرُكُمۡ
وَلَا جُلُودُكُمۡ وَلَٰكِن ظَنَنتُمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَا يَعۡلَمُ كَثِيرٗا مِّمَّا
تَعۡمَلُونَ ﴿٢٢﴾ وَذَٰلِكُمۡ ظَنُّكُمُ ٱلَّذِي ظَنَنتُم بِرَبِّكُمۡ أَرۡدَىٰكُمۡ
فَأَصۡبَحۡتُم مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن يَصۡبِرُواْ فَٱلنَّارُ مَثۡوٗى لَّهُمۡۖ وَإِن
يَسۡتَعۡتِبُواْ فَمَا هُم مِّنَ ٱلۡمُعۡتَبِينَ ﴿٢٤﴾ ۞ وَقَيَّضۡنَا لَهُمۡ قُرَنَآءَ فَزَيَّنُواْ
لَهُم مَّا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلُ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ
خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِۖ إِنَّهُمۡ كَانُواْ خَٰسِرِينَ ﴿٢٥﴾

## تەرجىمىسى

19ـ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا (تاشلىنىش ئۈچۈن) توپلىنىدىغان كۈندە، ئۇلار (ھەممىسى يىغىلىپ بولغۇچە) توختىتىپ تۇرۇلىدۇ.

20ـ نىھايەت، ئۇلار دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

21ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: «سىلەر نېمىشقا بىزگە قارشى گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنىمۇ سۆزلەتتى، ئۇ سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغان زاتتۇر، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» دەيدۇ.

22ـ (ھالبۇكى سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا) نە قۇلىقىڭلارنىڭ، نە كۆزۈڭلارنىڭ، نە تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمايتتىڭلار، بەلكى قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇنلىرىنى «ئاللاھ بىلمەيدۇ» دەپ ئويلايتتىڭلار.

23ـ سىلەرنىڭ رەببىڭلارغا قارىتا گۇمانلىق ئاشۇ قارىشىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار.

24ـ ئەگەر ئۇلار قانچىلىك چىدامliq بولۇپ كەتسىمۇ، دوزاخ ئۇلارنىڭ

جايىدۇر. ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتىشنى تىلىسە، ھەرگىز قايتۇرۇلمايدۇ.

25_بىز ئۇلارغا (شەيتان) دوستلارنى تەيىنلەپ قويدۇق_دە، ئۇلار (يەنى شەيتان دوستلار) بۇلارغا ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (يامان) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلار ۋە جىنلار (دىن بولغان گۇناھكارلار) جامائەسىگە تېگىشلىك بولغان ئازاب (بۇيرۇقى) بۇلارغىمۇ تېگىشلىك بولدى. چۈنكى بۇلار زىيان تارتقۇچىلار ئىدى.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارنى دۇنيادىكى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇلارغا ئاخىرەتتە بولىدىغان ئازابلارنىمۇ ئەسلەتكىن، بەلكى ئازابتىن قورقۇپ بولسىمۇ، پەيلىدىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇلارغا يەنە ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا تاشلىنىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلەتكىنكى، ئۇ كۈندە خۇددى شەپقەتسىز قاسساپلار بوغۇز-لىماقچى بولغان ماللارنى قوشخانىغا سۆرىگەندەك، قاتتىق قول پەرىشتىلەرمۇ كاپىرلارنى دوزاخنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلتۈرۈپ توختىتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن كاپىرلارنىڭ ئالدى-كەينى ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

بۇ كاپىرلار ھېساب مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ، بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرى توغرۇلۇق سورالغان چاغدا، ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ پۇت-قول، ئېغىز، قۇلاق، كۆز ۋە تېرە قاتارلىق ئەزالىرى سۆزلەشكە باشلاپ ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاندى بۇ كاپىرلار ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى گۇۋاھلىق بەر-گەنلىكىگە ئاچچىقلىنىپ ئۇلارغا: ﴿سىلەر نېمشقا بىزگە قارشى گۇ-ۋاھلىق بەردىڭلار؟﴾ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ئۇلارغا: ﴿ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنىمۇ سۆزلەتتى﴾ يەنى سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا قىلمىشىڭلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلاتتىڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقمايتتىڭلار، بىزدىنمۇ ئۇيالمايتتىڭلار ۋە بىزنى ھەرگىزمۇ مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەپ ئويلىمايتتىڭلار، ئەمدى مانا ھەممىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ تائالا بىزنىمۇ سۆزلەتتى. چۈنكى، ئۇ دەسلەپتە سىلەرنى يوقتىن ياراتقان ۋە ھەممىگە قادىر زاتتۇر، ئەمدى مانا ھەممىڭلار ئۇنىڭ

دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇۋاتىسىلەر.

ئاندىن بۇ كاپىرلارغا قاتتىق كايىغان ۋە ئۇلارنى ھەسرەت-نادامەت چەككۈزگەن ھالدا دېيىلىدۇكى، سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا بۇ ئورگانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قىلمىشىڭلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشىنى ئويلاپمۇ قويمىدىڭلار، ھەتتا ئاللاھ تائالانىمۇ بۇ قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇنلىرىنى بىلمەيدۇ دەپ، ئىنتايىن خاتا بىر قاراشتا بولدۇڭلار. شۇڭا سىلەر گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ۋە تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىقلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇردۇڭلار، ئەمما ئاللاھ تائالادىن يوشۇرالمىدىڭلار ۋە ئەزالىرىڭلاردىن يۆگىيەلمىدىڭلار. نەتىجىدە، سىلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇننى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان، ھەتتا كۆڭۈللەرگە كەلتۈرگەنلەرنىمۇ بىلىپ تۇرىدىغان زاتتىن قىلمىشىڭلارنى يوشۇرالمىدىڭلار. سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇمىغانلىقىڭلار، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى بىلمىگەنلىكىڭلار، ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق خاتا چۈشەنچىلەردە بولغانلىقىڭلار ۋە يامان گۇمانلارنى قىلغانلىقىڭلار ھەممىسى سىلەرنىڭ ھالاكىتىڭلارغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ كەتتىڭلار.

كاپىرلار ئۆزلىرى تاشلانغان دوزاخنىڭ ئازابىغا چىدىسۇن ياكى چىدىمىسۇن، ھەتتا ئۇلار ئازابقا قانچىلىك چىداملىق بولۇپ كەتسىمۇ، بەربىر دوزاخ ئوتى ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىدۇر. ئۇلار قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، مەيلى ئۆزرە بايان قىلسۇن، مەيلى تەۋبە قىلىپ ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ تىلىسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى ۋە تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار دۇنياغا قايتىپ بېرىپ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇلار ھەرگىز بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەۋبە قىلىش، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش يۇرتى بولغان دۇنيادىن ئايرىلىپ، مۇكاپات بىلەن جازانىڭلا يۇرتى بولغان ئاخىرەت ئالەمىگە يۆتكىلىپ بولدى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، دۇنيا ئېكىنزارلىق، ئاخىرەت مول ھوسۇل يىغىش ئورنىدۇر.

كاپىرلارنى شۇنداق زىيانكارلىققا ئېلىپ بارغان نەرسە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى ياخشىلىق دەپ بىلىپ ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىۋالغانلىقى ۋە شەيتان بىلەن نەپسى خاھىشتىن ئىبارەت ئازغۇنلارنىڭ يامانلىقنى ياخشىلىق، گۇناھنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئالدىنىپ كەتكەنلىكى ئىدى. مانا بۇ: ﴿بىز ئۇلارغا (شەيتان)

دوستلارنى تەيىنلەپ قويدۇق-دە، ئۇلار (يەنى شەيتان دوستلار) ئۇلارغا ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى (يامان) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴾ دېگەن ئايەت ئىپادىلىگەن مەنىدۇر. يەنى بىز ئۇلارغا ئازدۇرغۇچى شەيتانلارنى ھەمراھ قىلىپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەيتانلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى، شۇنداقلا ھەممە تەرىپىدىكى بارلىق ئىشلىرىنى توغرا ۋە چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلارنى قايىل قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە «ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، جەننەت، دوزاخ ۋە ھېساب بېرىش دېگەنلەر يوق گەپلەردۇر» دېگەن كۇفرىنى سالدى.

«بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە: ﴿ئۇلار ئالدىدا ۋە كەينىدە﴾ دېگەن ئايەتتىن ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەمەللىرى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، «ئالدى» دېگەن سۆزدىن دۇنيالىق ئىشلار، «كەينى» دېگەن سۆزدىن ئاخىرەتلىك ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ»[1].

ئۇلار مەزكۇر ئازدۇرغۇچى شەيتانلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلغانلىقى سەۋەبلىك شۇنداق ئېزىپ كەتكەن. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن ئازابقا ھەقلىق بولغان ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر قاتارىدا جازالىنىشقا تېگىشلىك بولغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدە ئىنساننىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭ سادىر قىلغان گۇناھ-مەئسىيەتلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەنلەر زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى ۋە ياردىمىنى ئۈمىد قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالادىن ئۈمىدسىزلىنىش كۇفرىلىقتۇر.

4. ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە شەيتان ھەمراھ بولىدۇ. شەيتاننىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بارىدىغان يېرى دوزاختۇر.

### ◄ كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَا تَسۡمَعُواْ لِهَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ وَٱلۡغَوۡاْ فِيهِ

---

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 335- بەت.

لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ ﴿٢٦﴾ فَلَنُذِيقَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ عَذَابًا شَدِيدًا
وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَسْوَأَ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٢٧﴾ ذَٰلِكَ جَزَآءُ أَعْدَآءِ ٱللَّهِ
ٱلنَّارُ ۖ لَهُمْ فِيهَا دَارُ ٱلْخُلْدِ ۖ جَزَآءًۢ بِمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا يَجْحَدُونَ ﴿٢٨﴾
وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ رَبَّنَآ أَرِنَا ٱلَّذَيْنِ أَضَلَّانَا مِنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ
نَجْعَلْهُمَا تَحْتَ أَقْدَامِنَا لِيَكُونَا مِنَ ٱلْأَسْفَلِينَ ﴿٢٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

26-كاپىرلار: «سىلەر بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، (قۇرئان ئوقۇلغاندا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ) ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى توسۇشتا) غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى.

27-بىز (مۇشۇنداق دېگەن) كاپىرلارغا چوقۇم قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز. بىز ئۇلارغا ئەڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى ئەلۋەتتە بېرىمىز.

28-ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ جازاسى ئەنە شۇ دوزاختۇر. دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان جايىدۇر. بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازادۇر.

29-كاپىرلار (دوزاخقا كىرگەندە دەيدۇكى:) «ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ خارلانغانلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى دەسسەپ تۇرايلى».

## ◄ تەپسىرى

مەككە مۇشرىكلىرىدىن بولغان بىر گۇرۇپپا كاپىرلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە نەسىھەت قىلىپ: «مۇھەممەد تىلاۋەت قىلىۋاتقان قۇرئانغا ھەرگىز قۇلاق سالماڭلار، ئۇ قىرائەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، نېمە قىلساڭلار قىلىپ، يېنىدا نېمە ئوقۇساڭلار ئوقۇپ، ئىشقىلىپ غەلۋە قىلىپ ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار. ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار، قۇرئاننى كىشىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن توسۇشتا ۋە قۇرئاننىڭ قەلبلەرگە بېرىدىغان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەي قالمايتتى. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» بىرلا ۋاقىتتا ئەقىل بىلەن ۋىجدانغا خىتاب قىلىدىغان، ئادەمنى ئويغا

سالىدىغان، تەپەككۇرغا ئۈندەيدىغان، ئىنساننىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان ئىلاھىي كالامدۇر. مەككە مۇشرىكلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ بىئارام بولاتتى، قولىدىن كەلگەن چارىلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەسىرىدىن يىراق تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىدىن توسۇش يولىدا قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنى ۋە ھىيلە-مىكىرلەرنى قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئۆز ئارىسىدىكىلەرگە «قۇرئان كەرىم»گە قۇلاق سالماسلىقنى قاتتىق تەكىتلەيتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياكى ساھابىلەردىن بىرەرسى «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، مۇمكىنقەدەر ئۇنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا ناخشا ئېيتامدۇ ياكى شېئىر ئوقۇيامدۇ ۋەياكى يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشەمدۇ، نېمە قىلسا قىلىپ، كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاشتىن توسۇشنى تەۋسىيە قىلىشاتتى. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلىشنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا غەلىبە قىلىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسى، دەپ قارايتتى.

شەكسىزكى، ھەقىقەتكە جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغان بۇ كاپىرلار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ئەلەملىك ۋە ئەڭ قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ دۇنيادا بىرلىكىنى پارچىلاش، ئۆز ئارىسىدا ئىختىلاپقا سېلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، يېڭىلىش ۋە ئەسىرگە ئېلىنىش قاتارلىق جازالار بىلەن جازالىسا، ئاخىرەتتە ئۇلارنى دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلاپ جازالايدۇ. دوزاخ ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھى بولۇپ قالىدۇ.

كاپىرلارغا تەييارلانغان دوزاخ ئازابى ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى، ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقى ۋە مۇئمىنلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىرى سەۋەبلىك بەلگىلەنگەن ئادالەتلىك جازادۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ھەددىدىن ئاشقان زالىم ئۈچۈن دوزاخ ئەڭ يېتەرلىك جازادۇر. ﴿فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَآؤُكُمْ جَزَآءً مَّوْفُورًا﴾ يەنى ﴿جەھەننەم ھەقىقەتەن سىلەرگە بېرىلىدىغان يېتەرلىك جازادۇر﴾[1].

كاپىرلار جەھەننەمگە تاشلانغان ۋاقىتىدا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ئى رەببىمىز! ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 63-ئايەت.

بىزگە كۆرسەتكىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ خارلانغانلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى دەسسەپ تۈرايلى﴾ دەيدۇ. يەنى ئى رەببىمىز! ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئارىسىدىكى بىزنى ئازدۇرۇپ كەتكەن شۇ ئازدۇرغۇچىلارنى، بىزگە باتىلنى ھەق قىلىپ كۆرسىتىپ بىزنى قايىل قىلغان ئاشۇ گۇناھكارلارنى بىزگە بىر كۆرسەتكەن بولساڭ، بىز ئۇلارنى پۇتلىرىمىزنىڭ ئاستىغا ئېلىپ، دەسسەپ، يانچىپ، چەيلەپ ئۆچىمىزنى ئېلىۋالساق ۋە ئۇلارنى ئاياغلىرىمىزنىڭ ئاستىدا تۇتساقكەن، ئاندىن ئۇلار ئەڭ خارلانغان ۋە ئەڭ رەسۋا بولغان ھالدا دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە جازالانسا ئىكەن. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادا بىزنى ئازغۇنلۇق يولىغا باشلاپ، تۈرلۈك نەيرەڭلىرى بىلەن ئالداپ ئاخىر بۇ ئاقىۋەتكە دۇچار قىلدى ئەمەسمۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسقۇچىلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزى قوغدايدۇ.

2. بىرەر يامان ئىشقا سەۋەب بولغان ياكى بىرەر يامان ئادەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەم مەزكۇر يامان ئىش بىلەن شۇ يامان ئادەتنى قىلغانلارغا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.

### ◄ رەببىمىز ئاللاھ دەپ راۋۇرۇس تۇرغانلار

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴿٣٠﴾ نَحْنُ أَوْلِيَآؤُكُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِىٓ أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ﴿٣١﴾ نُزُلًا مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ ﴿٣٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30-32- شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار

تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن ھازىردۇر. (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن (سىلەر ئۈچۈن) تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى يامان ئاقىۋىتى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مۆئمىنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشى ئاقىۋەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بىرى بەختلىك، يەنە بىرى بەختسىز ئىككى پىرقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

### ◄ تەپسىرى

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ھەممىنى ياراتقۇ-چى، پەرۋىش قىلغۇچى يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىدىن ئېتىراپ قىلغان ھالدا، «بىزنىڭ رەببىمىز بىرلا ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن، ئاندىن شۇ ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، توغرا يولدا يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغان، دىلى بىلەن تىلى، تېشى بىلەن ئىچى بىردەك بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ تائەت-ئىبادىتىدە، ئۇنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم بولغان زاتلارغا رەھمەت پەرىشتىلىرى ھەر ۋاقىت چۈشۈپ تۇرىدۇ، خۇسۇسەن، ئۇلارنىڭ ئەجىلى يېتىپ كېلىپ، جان ئۈزىدىغان چېغىدا، قەبرىدىكى يالغۇزلۇق ۋاقىتلىرىدا، قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىققان چېغىدا ۋە ھېساب مەيدانىدىكى قىيىن پەيتلەردە پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ ۋە ئۇلارنى بارلىق غەم-ئەندىشىلەردىن، جىمى قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم قىلىدۇ. ئۇلار جان ئۈزىدىغان ۋاقتىدا، ئۇلارغا دەيدۇكى، سىلەرگە بۈگۈندىن باشلاپ ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر. سىلەر قەبرىدىمۇ، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدىمۇ بارلىق قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىسىلەر، دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىڭلار ئۈچۈن قىلچە قايغۇرمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر ئاخىرەتتە دۇنيادا قالدۇرغانلىرىڭلاردىن نەچچە ھەسسە ياخشىسىغا ئېرىشىسىلەر.

«﴿تَتَنَزَّلُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ﴾» دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇجاھىد ۋە سۇددىي ‹پەرىشتىلەر مۆئمىن ئادەمنىڭ يېنىغا ئۇ جان ئۈزىدىغان ۋاقىتتا ھازىر بولىدۇ› دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ‹قىيامەت كۈنى ئۇ

قەبرىسىدىن چىقىرىلغان چېغىدا ھازىر بولىدۇ› دېگەن. زەيد ئىبنى ئەسلەم ‹ئۇ جان ئۈزىدىغان چېغىدا، قەبرىدە ۋە قىيامەت كۈنى قەبرىسىدىن چىقىرىلغان چېغىدا ھازىر بولىدۇ› دېگەن. زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ سۆزى ئەڭ ياخشى تەپسىردۇر. چۈنكى، ئۇ بۇ ماۋزۇدا ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتكە: «ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت پەرىشتىلىرى ياخشى بەندىلەرگە ھەمىشە چۈشۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق قىيىنچىلىقلىرىدا، ئۇلارغا يار-يۆلەكتە بولىدۇ، ئۇلارغا خۇشاللىق ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئۇلارنىڭ غەم-قايغۇلىرىنى ۋە قورقۇنچلىرىنى يوق قىلىدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

مەلۇمكى، كاپىرلارنىڭ كۇفرى-زالالەتنى ۋە بارچە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغان دوستلىرى بار، مۇئمىنلەرنىڭمۇ ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى، ئىمان ۋە ھىدايەتنى سۆيدۈرىدىغان ۋە ئۇلاردىن غەم-قايغۇنى يىراق قىلىدىغان پەرىشتىلەردىن بولغان ياخشى دوستلىرى بار. بۇ پەرىشتىلەر ئۇلارغا ھەمىشە خۇشاللىق بېغىشلاپ تۇرىدۇ ۋە ياخشى ئىشلارنى ئىلھام قىلىپ تۇرىدۇ. مۇئمىنلەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنمۇ مەزكۇر پەرىشتىلەر ئۇلارغا دەيدۇكى: ﴿قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز﴾ يەنى بىز دۇنيادا سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلارمىزكى، سىلەرگە ياخشى ئىشلارنى ئىلھام قىلىمىز، سىلەرنى توغرا يولغا قىزىقتۇرىمىز. شۇنىڭدەك ئاخىرەتتە بىز سىلەرنىڭ دوستۇڭلار-مىزكى، سىلەرگە شاپائەت قىلىمىز، ئامانلىق تىلەيمىز ۋە سىلەرنى ھۆرمەتلەيمىز، كاپىرلار دوستلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇشقان ۋە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان كۈندە، بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولۇپ، سىلەرنى قوغدايمىز. سىلەر ئالىي جەننەتلەردە نېمەتلىنىسىلەر، ئۇ جەننەتلەردە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار. بۇلار بەندىلىرىگە ۋە جىمى مەخلۇقاتىغا تولىمۇ مېھرىبان، ناھايىتى شەپقەتلىك ئىگەڭلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە بېرىلگەن كاتتا زىياپەتتۇر.

ئايەتتىكى «استقامة» دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەھىھ

---

[1] «تفسير ابن كثير» 7- توم، 177- بەت.

[2] «التفسير الواضح» 3- توم، 338- بەت.

مۇسلىمدا مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىنغان بولۇپ، سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹يارەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىسلامدىن ئۆزلىرىدىن كېيىن ھېچكىمدىن سوراشقا ھاجىتىم قالمايدىغان بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىلىكەن› دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹قُلْ: آمَنْتُ بِاللّٰهِ ثُمَّ اسْتَقِمْ› يەنى ‹«ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم» دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغىن› دېدى»[1]. ئىمام قۇرتۇبىي مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مەنىسىنى تەپسىر قىلىپ: «گەپ-سۆزدە ۋە ئىش-ھەرىكەتتە ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشتۇر» دېگەن.

﴿رەببىمىز ئاللاھتۇر﴾ دەپ چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن داغدام يولدا ئىزچىل ماڭغان مۇئمىنلەرگە دۇنيادا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئاراملىقى ۋە ئاقىۋەتنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە بېشارەتلەر بېرىلىپ تۇرىدۇ، بۇ مۇئمىنلەر سەكراتتىمۇ، قەبرىدىمۇ ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدىمۇ پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ۋە ياخشى بېشارىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ دوستلىرىدۇر. ئۇلار ئېسىل جەننەتلەردىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ جەننەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىغان زىياپىتىدۇر. بۇ راستتىنلا چوڭ ئۇتۇقتۇر، راستتىنلا چوڭ بەختتۇر! راستتىنلا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر. جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي ئامىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىماندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىش شۇ ئىماننى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە شۇ ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر.

2. ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان ۋە ياخشى ئىشنى ھاياتىنىڭ نىزامىغا ئايلاندۇرۇۋالغان كىشىلەر جان ئۈزىدىغان ۋاقىتىدا پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ۋە خۇش بېشارەتلىرىگە سازاۋەر بولىدۇ.

3. جەننەتتە كۆزلەر قاراپ تويمايدىغان، كۆڭۈللەر ئىشتىھا قىلىدىغان ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسى، بارچە ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە لەززەتلەر-

[1] «صحيح مسلم» 1- توم، 47-بەت، 168 - ھەدىس.

نىڭ ھەممە تۈرى بار. بۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش لەززىتىدۇر.

## ◄ دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى

﴿وَمَنۡ أَحۡسَنُ قَوۡلٗا مِّمَّن دَعَآ إِلَى ٱللَّهِ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا وَقَالَ إِنَّنِي
مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ٣٣ وَلَا تَسۡتَوِي ٱلۡحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُۚ ٱدۡفَعۡ بِٱلَّتِي
هِيَ أَحۡسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِي بَيۡنَكَ وَبَيۡنَهُۥ عَدَٰوَةٞ كَأَنَّهُۥ وَلِيٌّ حَمِيمٞ ٣٤
وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٖ ٣٥
وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ٣٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

33-ئاللاھ (نىڭ يولى)غا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟

34-ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. (سەن يامانلىققا) ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

35-بۇ خىسلەتكە پەقەت (ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇشتا) چىداملىق بولغان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋىگە ئىگە ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ.

36-ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى (ياخشى خىسلەتتىن) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

دۇنيادا كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا يېتەكلەيدىغان، ھەق دىنغا دەۋەت قىلىدىغان، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلارنىمۇ

ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىدىغان، ياخشىلىق قىلىشنى ۋە ياخشى ئەمەلنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۈزەل سۆزلۈك، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەم يوقتۇر. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەر ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىنى ئاۋۋال ئۆزىدە، ئاندىن ئائىلىسىدە، ئاندىن جەمئىيىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئادالەتنى ۋە ھەققانىيلىقنى بەرپا قىلىپ كىشىلەرنى بەختلىك قىلىش يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتقان پىداكارلاردۇر. ئىنسانلارغا مەخسۇس قانۇن تۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇغان ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمىنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە «شەرىئەت» دەپ ئاتىلىدىغان ئادالەتلىك قانۇننى تۈزۈپ بەرگەن.

مۇشۇنداق مۇكەممەل ۋە ئادالەتلىك بىر شەرىئەتنى ئاۋۋال ئۆزىگە تەتبىق قىلىپ، ئاندىن باشقىلارنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىلار راستتىنلا ئەڭ گۈزەل سۆزلۈك ئىنسانلاردۇر. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلىغان ئادەمدىنمۇ گۈزەل سۆزلۈك بىرى بارمۇ؟ يوق!

توغرا، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان ئادەمدىنمۇ گۈزەل سۆزلۈك ئادەم يوقتۇر. ئەمما دەۋەت قىلغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ گۈزەل بولۇشى ۋە ئاڭلىغۇچىلىرىغا تەسىر قىلىشى ئۈچۈن، دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىسىگە ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىدىغان بولۇشى لازىم. دەۋەتچىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسى بىردەك بولۇپ، ئەمەلىيىتى سۆزىگە مۇناسىپ بولغاندىلا ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىكى ھەقىقىي دەۋەتچى دېگىلى بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ.

بىز ھازىر سۆزدىنمۇ ئەمەل بەكرەك تەسىر قىلىدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. زادى ئەمەلدە كۆرسىتىلمىگەن قۇرۇق سۆزنىڭ تەسىر قىلمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ھازىرقى ئىسلام دۇنياسى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسى سۆزى ئەمەلىيىتى بىلەن بىردەك بولغان، ۋەز-تەبلىغلىرى تەسىر قىلىدىغان، ھەقىقىي ئۆلىمالارغا ئىنتايىن موھتاجدۇر.

سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولغان، دەۋەت قىلغانلىرىغا ئاۋۋال ئۆزى ئەمەل قىلىدىغان، ئىسلامنى ھەم سۆزى بىلەن، ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن يەتكۈزىدىغان كىشىلەرلا ئۆزىنى ﴿مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن﴾ دەپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق

كىشىلەردۇر. ئەمما زامانىمىزدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار گەرچە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى مۇسۇلمانلىقتا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، مۇنداقلارنىڭ ﴿مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن﴾ دېگەنلىكىنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

بۇ ئايەتلەر كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا جان كۆيدۈرىدىغان پىداكارلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش، غەيرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلەش ۋە مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بىلدۈركى، دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا نۇرغۇنلىغان توسالغۇلار ۋە قىيىنچىلىقلار چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ھەر خىل ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە كىشىلەرنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش بىلەن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشنىڭ باراۋەر ئەمەسلىكىنى، ئالدىنقىسىنىڭ مۇكاپاتى جەننەت، كېيىنكىسىنىڭ جازاسى دوزاخ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ۋە توسالغۇلارنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەق دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى يامانلىقتا ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا، غەزەپنى سەۋرچانلىق بىلەن، يامانلىقنى كەچۈرۈمچانلىق بىلەن يېڭىشكە بۇيرۇغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئەخلاقلانغان زات ئىدى. شۇڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «كَانَ خُلُقُهُ الْقُرْآنَ» يەنى «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[1] دېگەن. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئىزچىل ئەگەشكەن مۇئمىنلەرمۇ «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئەخلاقلانغان بولۇپ، ئۇلار ئىسلامنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن دەۋەت قىلغان كىشىلەر ئىدى.

يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرىدىغان، غەزەپنى سەۋر ۋە چىدامچانلىق بىلەن، جاھالەتنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن، ئىنتىقام ئوتىنى كەچۈرۈمچانلىق بىلەن يېڭىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولغانلار راستتىنلا چىداملىق ئادەملەردۇر. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، ھەقىقىي چىداملىق ئادەم

[1] «مسند الإمام أحمد» 6-توم، 91-بەت، 25108- ھەدىس.

ئاچچىقىنى باسا-لايدىغان ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ئادەمدۇر. بۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە سازاۋەر بولىدۇ. چۈنكى، يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش يولىدا ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش، ئۆز نەپسىنىڭ يولسىز ئىستەكلىرى ئالدىدا چىدامىلىق بولۇپ نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ﴿ئەگەر شەيتاندىن كەلگەن بىر ۋەسۋەسە سېنى (ياخشى خىسلەتتىن) يۈز ئۆرۈتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھقا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن) پاناھ تىلىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾، يەنى شەيتان سېنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، سېنى بۇ ئالىي مەرتىۋىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولسا، سېنى يولۇڭدىن ئازدۇرماقچى بولسا، ياخشى ئىشتىن توختاتماقچى بولسا، ئېسىل خىسلەتتىن مەھرۇم قىلماقچى بولسا ۋە ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا سېنى يامانلىق بىلەن جازا بېرىشكە كۈشكۈرتمەكچى بولسا، دەرھال ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سېنى ھىمايە قىلىشقا ۋە شەيتاندىن قوغداشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇ تەقۋا-دارلارنىڭ ھىمايىچىسى، مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ كاتتىسىدۇر. دەۋەتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن دەۋەتچىنىڭ ئىچى بىلەن تېشى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشى شەرتتۇر. دەۋەتچى ئەلۋەتتە كەڭ قورساق بولۇشى ۋە ئىپتىخار بىلەن چىن قەلبىدىن ﴿مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن﴾ دەپ، شۇ مۇسۇلمانلىقىنى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىدىغان ۋە باشقىلارنى قايىل قىلىدىغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرگە تەسىر قىلىدۇ، دەۋىتىنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ. مۇنداق ئېسىل خىسلەتلەر پەقەت ئىرادىلىك كىشىلەردىلا تېپىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا يېتەكلەشتۇر.

2. ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئەڭ ئېسىل ئۇنۋانىدۇر.

3. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ھېچقاچان ۋە ھېچبىر يەردە ئوخشاش ئەمەس. شۇنداقلا، ياخشىلىقنىڭ مەرتىۋىلىرى بولغىنىدەك، يامانلىقنىڭمۇ دەرىجىلىرى بار.

4. مۇسۇلمانلارنى زىيان-زەخمەتتىن ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى

﴿وَمِنۡ ءَايَٰتِهِ ٱلَّيۡلُ وَٱلنَّهَارُ وَٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُۚ لَا تَسۡجُدُواْ لِلشَّمۡسِ
وَلَا لِلۡقَمَرِ وَٱسۡجُدُواْۤ لِلَّهِ ٱلَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ تَعۡبُدُونَ ٣٧
فَإِنِ ٱسۡتَكۡبَرُواْ فَٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُۥ بِٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ
وَهُمۡ لَا يَسۡـَٔمُونَ۩ ٣٨ وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦٓ أَنَّكَ تَرَى ٱلۡأَرۡضَ خَٰشِعَةٗ
فَإِذَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهَا ٱلۡمَآءَ ٱهۡتَزَّتۡ وَرَبَتۡۚ إِنَّ ٱلَّذِيٓ أَحۡيَاهَا لَمُحۡيِ
ٱلۡمَوۡتَىٰٓۚ إِنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٣٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

37-ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللىرىدىن بىرى كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە قۇياش بىلەن ئايدۇر. سىلەر قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر (راستتىنلا) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلماقچى بولساڭلار، ئۇ نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار.

38-ئەگەر ئۇلار (يەنى ئاشۇ مۇشرىكلار) چوڭچىلىق قىلسا (يەنى ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، بىلىپ قويسۇنكى) رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر زېرىكمەستىن، كېچە-كۈندۈز ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

39-سېنىڭ زېمىننى قاقاس كۆرۈشۈڭ، (ئاندىن) بىز ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇر-غان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ (زىرائەتلەر بىلەن) ھەرىكەتلىنىپ كۆپۈشى ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، (ئۆلگەن) زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

### تەپسىرى

كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى، شۇنداقلا ھەممىنى مۇكەممەل يارىتىشتەك گۈزەل سەنئىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان كائىنات دەلىللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقتا، كۈچ-قۇۋۋەتتە ۋە ئىگىدارچىلىقتا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ۋە پەزىل-كەرەملىرىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

ئى ئىنسانلار! سىلەر قۇياشقىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇنى ئۇلۇغلىماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇنىمۇ ئۇلۇغلىماڭلار. ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلماقچى بولساڭلار، ئاي بىلەن قۇياشنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ئۇلۇغلاڭلار. چۈنكى، سەجدە قىلىشقا ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق زات پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر.

كېچە، كۈندۈز، كۈن ۋە ئايغا ئوخشاش ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان مەۋجۇداتقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاشقا بولمايدىغان تۇرسا، ھېچكىمگە پايدىسى بولمايدىغان، ھېچكىمنى زىيان-زەخمەتتىن قوغداپ قالالمايدىغان، كىشىلەر ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلارغا، ھەيكەللەرگە ۋە كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا چوقۇنۇشقا بولامدۇ؟ ئەقىللىق ئادەم مۇنداق قىلامدۇ؟ ياق! ئۇنداقتا، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىلتىجا قىلماڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا بىرىدىن ياردەم ۋە مەدەت تىلىمەڭلار، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاشۇ مۇشرىكلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، دەۋىتىمنى ئاڭلىمىدى، دەپ قايغۇرمىغىن. چۈنكى، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر زېرىكىپ قالماستىن، ھېرىپ قالماستىن كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ تۇرىدۇ.

سۇسىزلىقتىن قاقاس چۆلگە ئايلىنىپ قالغان ئۆلۈك زېمىننىڭ يامغۇر بىلەن تىرىلىپ ياپيېشىللىققا ئۆزگىرىشىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي

قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ. مانا بۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشىنىڭ تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان كائىنات دەلىللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا سۇسىزلىقتىن ئۆلگەن قۇپقۇرۇق زېمىننى يامغۇر بىلەن قانداق تىرىلدۇرۇپ ياپيېشىللىققا ئايلاندۇرغان بولسا، ئۆلۈپ تۇپراق ئاستىدا چىرىپ تۈگەشكەن ئىنسانلارنىمۇ شۇنداق تىرىلدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە نامازنىڭ جېنى ھەم يادروسىدۇر.

**2.** «قۇرغاقچىلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن زېمىننى سۇ بىلەن ياشارتىپ تىرىلدۈرگەن زاتنىڭ ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوقتۇر. قىيامەت قايىم بولغاندا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە ئۆلۈپ تۈگەپ قىرىق يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن يامغۇر ياغىدۇ ۋە بۇ يامغۇر ئارقىلىق خۇددى ئۆسۈملۈكلەر يەرگە تىكىلگەن ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ چىققاندەك، ئىنسانلار ئۆزىدىكى قۇيرۇق سۆڭىكىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ»[1].

## ◄ ئىمانسىزلارنى ئاگاھلاندۇرۇش

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُلۡحِدُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا لَا يَخۡفَوۡنَ عَلَيۡنَآۗ أَفَمَن يُلۡقَىٰ فِي
ٱلنَّارِ خَيۡرٌ أَم مَّن يَأۡتِيٓ ءَامِنٗا يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ ٱعۡمَلُواْ مَا شِئۡتُمۡ إِنَّهُۥ
بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٌ ۝٤٠ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِٱلذِّكۡرِ لَمَّا جَآءَهُمۡۖ وَإِنَّهُۥ
لَكِتَٰبٌ عَزِيزٞ ۝٤١ لَّا يَأۡتِيهِ ٱلۡبَٰطِلُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَلَا مِنۡ خَلۡفِهِۦۖ
تَنزِيلٞ مِّنۡ حَكِيمٍ حَمِيدٖ ۝٤٢ مَّا يُقَالُ لَكَ إِلَّا مَا قَدۡ قِيلَ لِلرُّسُلِ
مِن قَبۡلِكَۚ إِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغۡفِرَةٖ وَذُو عِقَابٍ أَلِيمٖ ۝٤٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**40**ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغانلار

---

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 4- توم، 581- بەت.

بىزدىن ھەرگىز يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ، دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى قىيامەت كۈنى (ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) خاتىرجەم كېلىدىغان ئادەممۇ؟ (ئى كاپىرلار!) خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، شەكسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

41ـ شەكسىزكى، ئۇزلىرىگە قۇرئان كەلگەندە، ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (بۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ). قۇرئان ھەقىقەتەن غالىب كىتابتۇر.

42ـ ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرەپتىن) باتىل يېقىنلىشالمايدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

43ـ (ئى پەيغەمبەر!) ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن ئېيتىلغان) سۆزلەرنىڭ ئۆزىدۇر. شەكسىزكى، سېنىڭ رەببىڭ (تەۋبە قىلغۇچىلار ئۈچۈن) مەغپىرەت ئىگىسىدۇر، (كاپىرلار ئۈچۈن) دەردلىك ئازاب ئىگىسىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۇلارنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغان، بۇ ئايەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ۋە تىلاۋەت قىلىنىشا كىشىلەرنى ئاڭلاشتىن توسىدىغان كاپىرلار بىلەن بۇ ئايەتلەرنى شەخسىي مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەۋىل قىلىدىغان پاسىقلارنىڭ قىلمىشلىرى بىزگە مەخپىي ئەمەس، ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىزدىن قەتئىي يوشۇرالمايدۇ، ئۆزلىرىمۇ بىزدىن ھەرگىز يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ.

ئۇلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالادىن قانداقمۇ يوشۇرۇنۇۋالالىسۇن؟ قىلمىشلىرىنى قانداقمۇ يوشۇرالىسۇن؟! شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاللاھ تائالاغا ھەرگىز مەخپىي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ. قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قىيامەت كۈنى سۆرەپ ئاپىرىپ دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەلىنىڭ يۈزىسىدىن ئازابتىن ۋە ھەرقانداق بىر قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولغان ھالدا، ھۆرمەت ۋە ئىززەت-ئىكرام بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىغان ئادەممۇ؟ ئەقلى بار ئادەم بۇ ئىككىسىنى ھەرگىزمۇ باراۋەر دەپ قارىمايدۇ. قىيامەت كۈنى كاپىرلار خارلىنىدۇ، مۇئمىنلەر ئىززەتلىنىدۇ.

ئى كاپىرلار! سىلەر شۇنداق چىرايلىق ۋەز-نەسىھەتكە قۇلاق

سالمىساڭلار، خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار. ئەمما ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى چوقۇم تېتىتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ۋە بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئىنكار قىلغانلارغا بۇ كاپىرلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم تېتىتىمىز. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ھەممىگە غالىب كېلىدىغان، تەڭداشسىز بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقايسى تەرەپتىن باتىل (ساختىلىق) يېقىن كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە قىلچە بۇرمىلىيالمايدۇ. ئۇ تا قىيامەتكىچە ئۆز پېتى ساقلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾[1] دەپ ۋەدە قىلغان. مانا بۇ «قۇرئان كەرىم» ئەسىرلەردىن بېرى دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە سۈيىقەستچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەم كۈچلۈكلۈكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن تۇرۇپ، ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە، بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىشتىن تامامەن قوغدىلىپ كەلمەكتە. ئۇ تېكىستى، مەنىسى، مەزمۇنى، ئۇقۇملۇشى ۋە ئۇسلۇبى ئۆز پېتى بويىچە داۋاملىشىدىغان مۇكەممەل بىر مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭغا باتىل قانداقمۇ يېقىنلاشسۇن؟ ئۇ قانداقمۇ بۇرمىلىنىشقا ئۇچرىسۇن؟ ئۇنى ھەممىنى تولۇق بىلىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە ئاسمان ۋە زېمىندا مەدھىيەلىنىدىغان زات - ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزى ساقلايدۇ.

ئەللامە ئابدۇررەھمان سەئدىي ﴿لَّا يَأۡتِيهِ ٱلۡبَٰطِلُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَلَا مِنۡ خَلۡفِهِۦۖ تَنزِيلٞ مِّنۡ حَكِيمٍ حَمِيدٖ ۝٤٢﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئانغا ھېچقانداق ئادەمىي شەيتان ياكى جىن شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئوغرىلىيالمايدۇ، ئۆزگەرتەلمەيدۇ. قۇرئان مەتنى (لەۋزى) ۋە مەنىسى بىلەن قوغدالغان كىتاب بولۇپ، ئۇنى قوغداشنى ئۇنى نازىل قىلغان زات - ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان»[2].

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارنىڭ ساڭا ئېيتقان يامان سۆزلىرى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز قەۋملىرىنىڭ كاپىرلىرى ئېيتقان يامان سۆزلەرنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرمۇ ھەق

[1] ھىجر سۈرىسى: 9-ئايەت.
[2] «تفسير السعدي» 750-بەت.

دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا ساڭا ئوخشاشلا كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقان، كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرىغان، ئەزىيەت چەككەن. دېمەك، كاپىرلار ھەر زامان پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغان. مانا بۇ، ئىنسانلارنىڭ قەدىمدە ۋە ھازىردا ھەق دىنغا قارشى مەۋقەسىدۇر. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقان بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ۋە تولىمۇ شەپقەتلىكتۇر، ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلارغا رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى كەڭدۇر. ئەمما كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان، ھەقىقەتكە قارشى چىققان كاپىرلارغا ئازابى بەكمۇ قاتتىقتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەق دىنىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە تەۋىل قىلىدىغانلار بۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

2. ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ئىدى.

3. «قۇرئان كەرىم»نى قوغدىغۇچى بىردىنبىر ئاللاھ تائالادۇر.

4. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرگە تولىمۇ شەپقەتلىك بولغاندەك، كاپىرلارنى جازالاشتا ئىنتايىن كەسكىندۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار

﴿مَّا جَعَلْنَـٰهُ قُرْءَانًا أَعْجَمِيًّا لَّقَالُوا۟ لَوْلَا فُصِّلَتْ ءَايَـٰتُهُۥٓ ۖ ءَا۬عْجَمِىٌّ
وَعَرَبِىٌّ ۗ قُلْ هُوَ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ هُدًى وَشِفَآءٌ ۖ وَٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ
فِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرٌ وَهُوَ عَلَيْهِمْ عَمًى ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ يُنَادَوْنَ مِن مَّكَانٍۭ
بَعِيدٍ ﴿٤٤﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ فَٱخْتُلِفَ فِيهِ ۗ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ
سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّهُمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿٤٥﴾
مَّنْ عَمِلَ صَـٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَنْ أَسَآءَ فَعَلَيْهَا ۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّـٰمٍ
لِّلْعَبِيدِ ﴿٤٦﴾﴾

## تەرجىمىسى

44ـ مۇبادا بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى بىر قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئۇنىڭ ئايەتلىرى نېمىشقا (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) ئوچۇق بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، (ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتاب) باشقا تىلدا بولامدۇ؟» دەيتتى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر. ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا (قۇرئاننى ئاڭلاشقا قارىتا) بىر ئېغىرلىق بار، (ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمىگەنلىكتىن) ئۇ (قۇرئان) ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قاراڭغۇلۇقتۇر. ئەنە شۇلار يىراقتىن چاقىرىلىۋاتقان (ئەمما نېمىگە چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان) ئادەمگە ئوخشاشتۇر».

45ـ شەكسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (تەۋرات) نى ئاتا قىلغان ئىدۇق، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىندى. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش توغرۇلۇق) ئالدىن ئېيتىلغان بىر سۆز بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، ئۇلار قۇرئان توغرىسىدا چوڭقۇر شەك ئىچىدىدۇر.

46ـ كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر. رەببىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا شانلىق «قۇرئان كەرىم»نى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلغان. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ چىقىرىلغان پەيغەمبەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تىلىمۇ ئەرەب تىلى ئىدى، ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئەڭ دەسلەپ ئاڭلايدىغان خەلقمۇ ئەرەبلەر ئىدى. ئىسلام دەۋىتى بىلەن ئەڭ دەسلەپ يۈز كۆرۈشىدىغان خەلق ئەرەبلەر بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۇلارنىڭ تىلىدا نازىل قىلىشنى ئىرادە قىلغان. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار بۇ دەۋەتنى چۈشەنمىگەن بولاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ دەۋەتكە ئەگەشمىگەنلىكىگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەب تىلىدا بولمىغانلىقىنى باھانە قىلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿مۇبادا بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدىكى بىر قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە:

«ئۇنىڭ ئايەتلىرى نېمىشقا (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) ئوچۇق بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرسا، (ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتاب) باشقا تىلدا بولامدۇ؟» دەيتتى﴾ دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئەگەر بىز «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر تىلدا نازىل قىلغان بولساق، ئەرەب مۇشرىكلىرى باھانە كۆرسىتىپ «نېمىشقا بۇ قۇرئان ئەرەب تىلىدا چۈشمەيدۇ؟ بىز ئەرەب تۇرساق، باشقا تىلدىكى كىتابنى نەدىن چۈشىنەيلى؟ پەيغەمبەر ئەرەب تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا نازىل بولغان قۇرئان باشقا تىلدا بولسا، بۇ قانداق بولغىنى؟» دېگەن بولاتتى ۋە تېزلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە شەك-شۈبھە پەيدا قىلىشىنىڭ ۋە ھەق دىنغا ئەگەشمەسلىككە باھانە كۆرسىتىشىنىڭ يوللىرىنى تاقىغان. «قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرنىڭ تىلىدا نازىل بولغان بولسىمۇ، ھىدايەت نېسىپ بولمىغان ئەرەبلەردىن نۇرغۇنلىرى يەنىلا ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالالمىغان. نەتىجىدە، ئۇلار ھىدايەت تاپمىغان. مەسىلەن: ئەبۇ جەھىل، ئەبۇ لەھەب قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەن. ئەمما ئەممار، سۇھەيب، بىلال، سەلمان پارسىي قاتارلىق ھىدايەت نېسىپ بولغان كىشىلەر گەرچە ئۆزلىرى ئەرەب بولمىسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى بىلەن ھىدايەت تاپقان ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولغان. چۈنكى، قەلبى ئىمانغا مايىل بولغان، ئەقلى جايىدا، ھەقىقەتنى ئىزدىگەن، تەپەككۇرى سۈزۈك ئادەملەر ئەلۋەتتە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھىدايەت مەشئىلىدىن مەنپەئەت ئالىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ تولۇق مەنپەئەت ئالىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بۇ (قۇرئان) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر﴾ دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت يېتەكچىسى، دىللارنى پاكلىغۇچى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللەرنى ساقايتقۇچى، شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىگە شىپا بولغۇچى، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى نۇرلۇق كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» دىللار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى شىپادۇر. ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارًا﴾ يەنى ﴿بىز قۇرئاندىن مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان ئايەتلەرنى نازىل

قىلمىز. بۇ ئايەتلەر زالىملارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ﴾[1].

ئەمدى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاشقا قارىتا قاتتىق بىر ئېغىرلىق بار. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى قوبۇل قىلىش تەرىقىسىدە ئاڭلىمايدۇ، ئۇنىڭ جاراڭلىق ساداسىمۇ ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا كىرمەيدۇ، گويا «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر توسما ياكى قېلىن بىر پەردە بار. ئۇلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىقتا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ساداسىنى ئاڭلىماسلىقتا يىراق بىر جايدىن چاقىرىلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭقىرالمىغان كىشىلەرگە ياكى چاقىرىقنى ئاڭلىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتقان گاللاڭ ئادەملەرگە ئوخشايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇنداقلارنىڭ قىلمىشىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە قارشى مەۋقەسىدىن رەنجىپمۇ كەتمىگىن. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئورتاق ئادىتىدۇر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق قىلاتتى. بىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساماۋى كىتاب ـ «تەۋرات»نى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپقا چۈشكەن ئىدى، يەنى بەزىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى. سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە قارىتا مەۋقەسىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىرىمۇ بار ۋە ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىرىمۇ بار. شۇڭا سەن كاپىرلارنىڭ قىلمىشىغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن.

ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىر زامان ئۈممەتلىرىنىڭ كاپىرلىرىنى بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلماستىن، ئۇلارنى جازالاش ئىشىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى ھۆكۈمى بەلگىلىنىپ بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنى دەرھال جازالىغان بولاتتى ۋە مۆئمىنلەرنى قوغداپ قېلىپ، بۇ كاپىرلارنى خۇددى ئىلگىرى ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرىنى ھالاك قىلغاندەك بىراقلا ھالاك قىلىۋەتكەن بولاتتى.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭدىن بولغان كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 82-ئايەت.

توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدە تۇرماقتا. شۇ ئىبنىقكى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پايدىسى، مۇكاپاتى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بولىدۇ. رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ، قىلچىلىك ئۇۋال قىلمايدۇ، ئۇ ياخشىلارغا شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، يامانلارغا شۇ يامانلىقى سەۋەبلىك تېگىشلىك جازا بېرىدۇ. چۈنكى، رەببىڭ ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئادالەتلىكى بولۇپ، ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ باھانىلىرى كۆپ بولىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت يېتەكچىسى ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىغا شىپادۇر.

3. ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىدىن بىرىدۇر.

### ◄ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ

﴿إِلَيْهِ يُرَدُّ عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ ۚ وَمَا تَخْرُجُ مِن ثَمَرَٰتٍ مِّنْ أَكْمَامِهَا وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَىٰ وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلْمِهِۦ ۚ وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ أَيْنَ شُرَكَآءِى قَالُوٓا۟ ءَاذَنَّـٰكَ مَا مِنَّا مِن شَهِيدٍ ﴿٤٧﴾ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَدْعُونَ مِن قَبْلُ ۖ وَظَنُّوا۟ مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٍ ﴿٤٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

47ـ قىيامەتنىڭ (قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى) ئىلىم ئاللاھقا خاستۇر.

مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەرقانداق بىر چىشىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. ئۇ (قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۇلارغا: «(سىلەر ماڭا قوشۇۋالغان ئاتالمىش) شېرىكلىرىم قېنى؟» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا (ھېچكىم سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ) گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ.

48ـ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلاردىن غايىب بولىدۇ ۋە ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان جاينىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلىم ئاللاھ تائالاغا خاس ئىلىمدۇر، يەنى «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىغۇچىلارغا: «ئۇنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ﴿يَسْـَٔلُكَ ٱلنَّاسُ عَنِ ٱلسَّاعَةِ ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ ۚ وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ تَكُونُ قَرِيبًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر» دېگىن. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكىم قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىن بولۇشى مۇمكىن﴾[1]. چۈنكى، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥ عِلْمُ ٱلسَّاعَةِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورىغانلارغا: «وَمَا أَعْدَدْتَ لَهَا» يەنى «سەن قىيامەتكە نېمە تەييارلىدىڭ؟»[3] دەيتتى. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئەمەس، بەلكى قىيامەت كۈنىدە ئەمەل دەپتىرىنىڭ ئوڭ قولىغا بېرىلىشى ۋە جەننەتكە لايىق بولۇشى ئۈچۈن كېرەك بولغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتۇر.

قىيامەت قايىم بولىدىغان ۋاقىتنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمىگەندەك، كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنىمۇ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇلار ئىنسانلار ئۈچۈن غەيبلەرنىڭ

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 63ـ ئايەت.
[2] لۇقمان سۈرىسى: 34ـ ئايەت.
[3] «صحيح البخاري» 8ـ توم، 48ـ بەت، 6167- ھەدىس، «صحيح مسلم» 8ـ توم، 42ـ بەت، 6878 - ھەدىس.

جۈملىسىدىن بولۇپ، غەيبلەرنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مېۋىنىڭ بوغۇنىدىن قاچان چىقىدىغانلىقىنى بىرلا ئاللاھ تائالا بىلىدۇ. رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، ھېچكىم مېۋىلەرنىڭ قاچان، قايسى كۈنى ۋە قايسى سائەتتە چىقىدىغانلىقىنى كەسكىن بىلمەيدۇ. يەنە ئاللاھ تائالا ھامىلىدارنىڭ قورسىقىدىكىنى - ئۇ ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ، بېجىرىممۇ ياكى كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى - ئالدىن بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھامىلىدارنىڭ قاچان تۇغىدىغانلىقىنى ۋە تۆرەلمىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. پەن-تېخنىكا قانچىلىك بەك تەرەققىي قىلىپ كەتسىمۇ، ئىنسانلار ھامىلىدارنىڭ قايسى سائەتتە تۇغىدىغانلىقىنى ئېنىق قىلىپ ئالدىن ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشى ۋە ۋاقتىنى بەلگىلىشى پەقەت تەخمىن قىلىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقىقىي بىلگەنلىك قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پىلانلىغانلىرى بەزىدە ئەمەلگە ئاشسا، بەزىدە ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ سۈرىدىكى ئاساسلىق ماۋزۇ مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىش ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى، خۇسۇسەن، قىيامەتنىڭ ئۇلارغا ۋە مۇئمىنلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىنى بايان قىلىشتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇشرىكلارنى ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھەسرەت-نادامەتلىك ئەھۋالىدىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: «سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتلاردا ماڭا مەنسۇپ قىلىۋالغان ئاتالمىش شېرىكلىرىم قېنى؟ سىلەر ئۇلارنى شاپائەتچى دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئۇلارغا چوقۇنغان ئىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ قېنى ئۇلارنى ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلارچۇ؟!» دەيدۇ. ئۇ چاغدا بۇ مۇشرىكلار: «ئى رەببىمىز! بىز ساڭا شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، ھازىر ئىچىمىزدە، سېنى شېرىكى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. بىز دۇنيادا ساڭا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان مەبۇدلىرىمىزنى ھازىر بۇ يەردە كۆرمەيۋاتىمىز، ئۇلار بىزنىڭ كۆزىمىزدىن غايىب بولدى ياكى ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى» دەيدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا شۇ مەنىدە دەيدۇكى، كاپىرلار دۇنيادىكى ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلىرىنى قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى، ئەمدى بۇ يەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان ھېچقانداق جاينىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. غەيبلەرنى خۇسۇسەن، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

2. كائىناتتا ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىلمى بىلەن بولىدۇ. ھەتتا بىرەر چىشىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى، تۇغۇشى، بىرەر مېۋىنىڭ بوغۇنىدىن چىقىشىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىلمى بىلەن بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانى قويۇپ مەخلۇقاتنى ئىلاھ قىلىۋالغانلارنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئەسقاتمىغاندەك قىيامەت كۈنىدىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

### ئىنسان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى

﴿لَّا يَسْـَٔمُ ٱلْإِنسَـٰنُ مِن دُعَآءِ ٱلْخَيْرِ وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٌ قَنُوطٌ
﴿٤٩﴾ وَلَئِنْ أَذَقْنَـٰهُ رَحْمَةً مِّنَّا مِنۢ بَعْدِ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ هَـٰذَا
لِى وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّجِعْتُ إِلَىٰ رَبِّىٓ إِنَّ لِى عِندَهُۥ
لَلْحُسْنَىٰ ۚ فَلَنُنَبِّئَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِمَا عَمِلُوا۟ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنْ
عَذَابٍ غَلِيظٍ ﴿٥٠﴾ وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى ٱلْإِنسَـٰنِ أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ
وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ فَذُو دُعَآءٍ عَرِيضٍ ﴿٥١﴾﴾

### تەرجىمىسى

49ـ ئىنسان (ئۆزىگە) ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، (قۇتۇلۇشتىن ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.

50ـ ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەن كۈلپەتتىن كېيىن دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ مېنىڭ ھەققىمدۇر، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، شەكسىزكى، ئۇنىڭ يېنىدا ماڭا ئەڭ ياخشىسى بولىدۇ» دەيدۇ. ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى (ئۇ كۈندە) ئېيتىپ بېرىمىز ۋە ئۇلارغا

قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.

51ـ ئەگەر بىز ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق، ئۇ (بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن) باش تارتىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يەتسە، (ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ) ئۇزۇن-ئۇزۇن دۇئا قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى:

ناشۈكۈرلۈك، تۇزكورلۇق ئىنسان خاراكتېرىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ئىنساننى يوقتىن ياراتقان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدىغان ئىگىسى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇنى تولۇق سۈپەتلەپ بەرگەن. ئىنساننى ئاللاھ تائالادىنمۇ ياخشى بىلىدىغان كىم بولسۇن؟! ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلْخَبِيرُ﴾ يەنى ﴿ياراتقان زات (ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىنى) بىلمەمدۇ؟﴾[1]. ئىنساننىڭ بۇ سۈرىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغان سۈپەتلىرى ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىللەتلەرنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ شىپاسى بىلەنلا داۋالىغىلى بولىدۇ. يەنى ئىنسان پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ سايىسىدىلا نەپسىنى پاكلاپ، مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەخلاقىنى تۈزىتىپ، بارچە ئەگرىلىكلىرىنى ئوڭشىيالايدۇ.

﴿وَٱلْعَصْرِ ۝١ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ۝٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ۝٣﴾ يەنى ﴿زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾[2]. ﴿وَلَئِنْ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِنَّا رَحْمَةً ثُمَّ نَزَعْنَٰهَا مِنْهُ إِنَّهُۥ لَيَـُٔوسٌ كَفُورٌ ۝٩ وَلَئِنْ أَذَقْنَٰهُ نَعْمَآءَ بَعْدَ ضَرَّآءَ مَسَّتْهُ لَيَقُولَنَّ ذَهَبَ ٱلسَّيِّـَٔاتُ عَنِّىٓ ۚ إِنَّهُۥ لَفَرِحٌ فَخُورٌ ۝١٠ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر بىز ئىنسانغا پەزلىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتىپ، ئاندىن شۇ نېمەتنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ تامامەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇزكورلۇق قىلىدۇ. ئەگەر بىز بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر نېمەت تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «ئەمدى بالالار مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» دەپ

[1] مۇلك سۈرىسى: 14ـ ئايەت.

[2] ئەسر سۈرىسى.

كۆرەڭلەپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. پەقەت سەۋر قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارغا مەغپىرەت ۋە چوڭ مۇكاپات بار﴾[1]

مۇپەسسىرلەر ﴿لَّا يَسْـَٔمُ ٱلْإِنسَـٰنُ مِن دُعَآءِ ٱلْخَيْرِ وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٌ قَنُوطٌ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلْإِنسَـٰنُ﴾ «ئىنسان» دېگەن سۆزدىن كىملەر كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي سۈددىينىڭ بۇ ئايەتلەردىكى «ئىنسان» دېگەن سۆزدىن كاپىر ئىنسان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان[2]. ئىبنى كەسىر، سەئدىي، ۋازىھ قاتارلىق تەپسىرلەردە بولسا بارلىق ئىنسانىيەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى سەئدىيدە مۇنداق كەلگەن: «بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىن خەۋەر بەرگەن ئايەت بولۇپ، ئىنساننىڭ ئومۇمەن سەۋر-سىزلىكى، پەقەت ئاللاھ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىگەن ئالاھىدە ئىنسانلاردىن باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىمۇ، يامانلىقىمۇ چىدامسىز ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن»[3].

«كۆرۈۋاتىمىزكى، ‹قۇرئان كەرىم› ئىنساننى تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلىگەن:

1. ئىنسان مەيلى پۇل-مال بولسۇن، مەيلى مەنسەپ بولسۇن، مەيلى شۆھرەت بولسۇن، مەيلى تەن ساقلىقى بولسۇن، ھەمىشە ئۆزىگە ياخشىلىق تەلەپ قىلىشتىن زېرىكمەيدۇ ۋە ھەرگىز قانائەت قىلمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ دۇنيالىققا قانچىلىك بېرىلىدىغانلىقى ۋە ماددىغا قانچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق خاراكتېرىدۇر.

2. ئىنساننىڭ بېشىغا بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش كەلسە ياكى ئۇ چوڭ زىيانغا ئۇچرىسا، ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ۋە ياردىمىدىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقى ۋە غەمكىنلىكى ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسىدىمۇ ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىنساندىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى ئىمانسىزلىق دەپ تەبىرلەيدۇ. ﴿إِنَّهُۥ لَا يَا۟يْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن

[1] ھۇد سۈرىسى: 9-11-ئايەتلەر.
[2] «تفسير الطبري» 21- توم، 490- بەت.
[3] «تيسر الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 761- بەت.

﴿پەقەت كاپىر قەۋملا ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾[1]. چۈنكى، ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۇفرىلىق، ئۈمىد بىلەن ئىمان ئەزەلدىن شۇنداق كېزەكلەردۇر.

3. ئىنسان پۇل-مېلىدا زىيان تارتقان ياكى كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ۋەياكى قانداقلا خاپىلىق تارتقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن رەھىم-شەپقەت قىلىپ كەڭ نېمەت ئاتا قىلسا، ئۇ بىردىنلا بۇرۇنقى ئەھۋالىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، گويا ھېچبىر خاپىلىق تارتىپ باقمىغاندەكلا بولۇپ كېتىدۇ، ئىگە بولغان ئاز-تولا نېمەتكە مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئېرىشكەنلىرىنىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ﴿إِنَّمَآ أُوتِيتُهُۥ عَلَىٰ عِلۡمٍ عِندِيٓۚ﴾ يەنى ﴿مەن بۇ بايلىققا پەقەت مەندىكى ئالاھىدە بىلىم بىلەن ئېرىشتىم﴾[2]، يەنى بۇلار مېنىڭدۇر، بۇنىڭدا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، دەيدۇ. سەۋەبكىلا ئېشىنىدىغان ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاز دېگەندەك تولىمۇ مەغرۇر ۋە ھاكاۋۇر كېلىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى: ﴿وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةٗ وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّيٓ لَأَجِدَنَّ خَيۡرٗا مِّنۡهَا مُنقَلَبٗا﴾ يەنى ﴿قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ناۋادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق جايىنى تاپالايمەن﴾[3] دېيىش دەرىجىسىگىچە يېتىپ بارىدۇ.

4. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ سانسىزلىغان نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلمايدۇ.

5. ئىنسانغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ياكى ئۇ چوڭ بىر خاپىلىققا گىرىپتار بولۇپ قالسا ۋەياكى بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىسا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇزۇن-ئۇزۇن دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا توختىماي يالۋۇرىدۇ. ئۇ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، تىلىگەنلىرى كەلگەنگە قەدەر شۇنداق دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قاچانكى، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولسا، تىلىگەنلىرىگە ئېرىشسە، شۇ ھامان ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ئىنساننىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بىر خىل تۇرمايدۇ، ئىنسان ناھايىتى تېز ئۆزگىرىدۇ، بىر ھالەتتە تۇرمايدۇ»[4].

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 87-ئايەت.

[2] قەسەس سۈرىسى: 78-ئايەت.

[3] كەھف سۈرىسى: 36-ئايەت.

[4] «التفسير الواضح» 3- توم، 352- بەت.

ئىنسان ئەنە شۇنداق تۇزكور، ئەنە شۇنداق ناشۇكۇر يارىتىلغان مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ جىمى ئىللەتلىرىنىڭ شىپاسى «قۇرئان كەرىم»دۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ئىمان ۋە ئىستىقامەت بىلەن بولىدۇ. ئىمان ئىنساننىڭ قەدرىنى شۇنداق كۆتۈرىدۇكى، بىر مۇئمىننىڭ جېنى كەئبىدىن قىممەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَزَوَالُ الدُّنْيَا أَهْوَنُ عَلَى اللّٰهِ مِنْ قَتْلِ رَجُلٍ مُسْلِمٍ» يەنى «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ زاۋال تېپىشى بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن يېنىكرەكتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

**2.** ئۇمىدسىزلىك، مۇتەكەببىرلىك ۋە تۇزكورلۇق قاتارلىقلار ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر

﴿قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِن كَانَ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ثُمَّ كَفَرْتُم بِهِۦ مَنْ أَضَلُّ مِمَّنْ
هُوَ فِى شِقَاقٍۭ بَعِيدٍ ۝٥٢ سَنُرِيهِمْ ءَايَٰتِنَا فِى ٱلْءَافَاقِ وَفِىٓ أَنفُسِهِمْ
حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ ۗ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ
شَهِيدٌ ۝٥٣ أَلَآ إِنَّهُمْ فِى مِرْيَةٍ مِّن لِّقَآءِ رَبِّهِمْ ۗ أَلَآ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَىْءٍ
مُّحِيطٌۢ ۝٥٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

52-(ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچىلارغا) ئېيتقىنكى: «دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ (قۇرئان) ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان بولسا، ئاندىن سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان بولساڭلار، (سىلەردەك ھەقىقەتتىن يۈتۈنلەي) يىراقلىشىپ كەتكەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟».

53-ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى

[1] «سنن الترمذي» 5-توم، 426-بەت، 1455 - ھەدىس.

(ھەمدە قۇرئانىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى ئۇلارغا) يېتەرلىك (دەلىل) ئەمەسمۇ؟

54ـ بىلىڭلاركى، ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە شەك ئىچىدىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى (ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن) قورشاپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ ئىنكارچى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋاتقان بۇ «قۇرئان كەرىم» راستتىنلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب بولسا، سىلەر ھېچبىر ئويلاپ كۆرمەستىن، دەلىل-ئىسپاتسىز ھالدا ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىلغان چېغىڭلاردا «بىزنىڭ قەلبىمىز پېچەتلەنگەن، قۇلىقىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا توساق بار» دەپ تۇرۇۋالغان بولساڭلار، قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، دۇنيادا سىلەردەك ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقلىشىپ كەتكەن ئادەملەردىنمۇ ئازغۇن ئادەملەر بارمىدۇ؟

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئەقىل تامامەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يەردە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە يوق. تەۋھىد ئەقىدىسىنى رەت قىلىپ، شېرىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇش بىر يېڭىلىق ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ شۇنداق قىلاتتى. شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى ئىسپاتلاش دەلىل-ئىسپاتقا موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ سەپسەتىلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

ئى كاپىرلار! سىلەر «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە ھېچبىر پىكىر يۈرگۈزمەستىن، ئۇنىڭ بايانلىرىغا قۇلاق سالماستىن، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلساڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ تامامەن ھەق ئىكەنلىكى ۋە بايانلىرىنىڭ تامامەن ھەقىقەت ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايدىڭلاشسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ «ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش ھەقتۇر، ھېساب بېرىش ھەقتۇر ۋە جەننەت بىلەن دوزاخ ھەقتۇر» دەپ تەكىتلىگەنلىرىنىڭ راستلىقى مەيدانغا چىقسا، سىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىڭلار قانداق بولار؟ سىلەر ئۇ چاغدا قانداق قىلارسىلەر؟ سىلەر بۇنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ باقتىڭلارمۇ؟

سىلەردەك ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقلىشىپ، كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقان كىشىلەردىنمۇ ئازغۇن كىشىلەر بارمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ئازغۇنلۇق!

ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئۇپۇقلاردا (يەنى ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدا) نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتقان كائىنات ئالامەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرىمىزنى ئەلۋەتتە كۆرسىتىپ تۇرىمىز.

19-ئەسىردىن باشلاپ پەن-تېخنىكىدا ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىنتايىن زور ئىلگىرىلەش مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى ۋە بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. يامغۇرنىڭ يېغىشى، بۇلۇتلارنىڭ ھاسىل بولۇشى، ھەربىر ھامىلىدارنىڭ ئەھۋالى، ھەر نەرسىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى قاتارلىق «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئىلىم-پەن سايىسىدا ئىسپاتلانماقتا. ئىلمىي تەتقىقاتلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلىماقتا.

ئىشىنىمىزكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالا-مەتلىرىنى چوقۇم كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ توغرا كىتاب ئىكەنلىكى ھەممىگە بىردەك ئايان بولىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَوَلَمۡ يَكۡفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە تەبەرىي ئايەتكە «رەببىڭنىڭ بەندىلەر قىلىۋاتقان ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ھېچ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەسلىكى ۋە بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات، يامان ئەمەللىرىگە جازا بېرىدىغانلىقى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە بەغەۋىي مۇقاتىلنىڭ «رەببىڭنىڭ قۇرئاننىڭ ئۆز تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟» دەپ مەنە ئېيتقانلىقىنى،

---

[1] «تفسير الطبري» 21-توم، 494-بەت.

زەجاجنىڭ «ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ھېچ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكى ھەققىدە بەرگەن بايانلىرى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ مەنە ئېيتىقانلىقىنى نەقىل قىلغان[1].

بىز ھەر ئىككى مەنىنى بىرلەشتۈرۈپ دېدۇقكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە، ئۇنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا رەببىڭنىڭ گۇۋاھ بولغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئاسمان ۋە زېمىندا قىل تەۋرىمەيدىغانلىقى، ئۇلارغا بۇ كىتابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن بۇ كۇپايە قىلمامدۇ؟

بىلىڭلاركى، ئۇ كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىدىن شەك قىلىشۋاتىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيۋاتىدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى ھەممىنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇ ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنىدە ھەركىمگە ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە قاراپ مۇكاپات ۋە جازا بېرىدۇ. يەنى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا مۇكاپات، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلغانلارغا جازا بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئېنىق بىلگەن ۋە ئىمان ئېيتقانغا قەدەر ئۇپۇقلاردىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى كۈنلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىز بىلمىگەن ھەقىقەتلىرىنى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا كېپىلدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلەر ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقانلاردۇر.

2. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە ۋە دىنىنىڭ ھەقلىقىغا دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىنى ھەر دەۋر ئىنسانلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىلىم ۋە ئەقىل سەۋىيەسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق

[1] «تفسير البغوي» 7-توم، 179-بەت.

بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز﴾ دېگەن سۆزى ھەربىر دەۋردىكى ئىلىم-پەننىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاشتىكى رولىنى بايان قىلماقتا. بۇ تاقىيامەتكە قەدەر مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ.

**4.** ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنىغا ئايلىنىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَيَبْلُغَنَّ هَذَا الأَمْرُ مَا بَلَغَ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ» يەنى «بۇ دىن كېچە بىلەن كۈندۈز يېتىپ بارغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە چوقۇم يېتىپ بارىدۇ»[1] دېگەن.

[1] «مسند أحمد» 4-توم، 103-بەت، 17082- ھەدىس.

# شۇرا سۈرىسى

شۇرا سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 53 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش قاتارلىق ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ۋەھيىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم»نىڭ چەكسىز قۇدرەت ۋە ئىلىم-ھېكمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكى ۋە ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدا ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارغا ئوخشايدىغانلىقى، شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى ئېتىراپ قىلماسلىققا ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماسلىققا ھېچبىر سەۋەب يوق ئىكەنلىكى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئاخىرەتتە كاپىرلارغا تەييارلانغان جازالار ۋە مۇئمىنلەرگە تەييارلانغان مۇكاپاتلار ۋە مۇئمىنلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى بايان قىلىنىش بىلەن سۈرە تاماملىنىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى مۇشۇ سۈرىنىڭ ﴿وَٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِرَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَمۡرُهُمۡ شُورَىٰ بَيۡنَهُمۡ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ﴾ دېگەن 38-ئايىتىدىكى ﴿شُورَىٰ﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ﴿شُورَىٰ﴾ «مەسلىھەت»، «كېڭەش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد ئەلى سابۇني مۇنداق دېگەن: «بۇ سۈرىنىڭ شۇرا سۈرىسى دەپ ئاتالغانلىقى ئىشلارنى ئۆزئارا كېڭىشىپ مەسلىھەت بىلەن

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 355- بەت.

قىلىشنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنىنى بىلدۈرۈش ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئىشلارنى كېڭىشىپ مەسلىھەت بىلەن قىلىش شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر»[1].

## ◄ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىدۇر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿حمٓ ١ عٓسٓقٓ ٢ كَذَٰلِكَ يُوحِيٓ إِلَيۡكَ وَإِلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكَ ٱللَّهُ
ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٣ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ
ٱلۡعَظِيمُ ٤ تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِن فَوۡقِهِنَّۚ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ
يُسَبِّحُونَ بِحَمۡدِ رَبِّهِمۡ وَيَسۡتَغۡفِرُونَ لِمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ
ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ٥ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهُ حَفِيظٌ
عَلَيۡهِمۡ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٖ ٦﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1-2-ھامىيم، ئەين، سىين، قاف (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

3-غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە مۇشۇنداق ۋەھيى قىلىدۇ.

4-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغدۇر.

5-ئاسمانلار (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن سۆزىگە غەزەپلىنىپ) يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە (مۇئمىنلەرگە) مەغپىرەت تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

[1] «صفوة التفاسير» 3-توم، 132- بەت.

**6ـئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالغانلارنى ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلاردىن جاۋابكار ئەمەسسەن.**

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ساڭا بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى ۋەھيى قىلغاندەك، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ ساماۋى كىتابلارنى مۇشۇنداق ۋەھيى قىلغان ئىدى. سەنمۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەرسەن. سېنىڭ يولۇڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنىڭ داۋامىدۇر. چۈنكى، بارلىق پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە ھەق دىنىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ۋە شۇ ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلغان. ئۇلار ئىنسانلارنى ھەق دىنغا، ئادالەتلىك ئىش قىلىشقا ۋە ھەر ئىشتا ھەققانىي بولۇشقا دەۋەت قىلغان، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازالارنىڭ ھەقلىقىنى تەكىتلىگەن.

خالىسىڭىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ «ئەئلا» سۈرىسىنى ئوقۇپ چىقىڭ. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ﴿شەكسىزكى، بۇ (ھەقىقەتلەر) بۇرۇنقى سەھىپىلەردە – ئىبراھىم ۋە مۇسانىڭ سەھىپىلىرىدە باردۇر﴾ دېگەن ئاخىرقى ئايىتىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانلارنى توغرا دىنغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاندىن ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرىسىز.

«قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان زات ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىب، ھەربىر ئىشنى ۋايىغا يەتكەن ھېكمەت ۋە دانالىق بىلەن قىلىدىغان، تەڭداشسىز ئىلاھ بولۇپ، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرالايدىغان ياكى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلالايدىغان ھېچقانداق كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق، بارچە مەخلۇقات ئۇنىڭ ياردىمىگە، رىزىق بېرىشىگە ۋە مۇھاپىزەت قىلىشىغا موھتاج. ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. كائىناتنى يارىتىش، يوق قىلىش بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِن فَوۡقِهِنَّۚ﴾ دېگەن ئايەتكە «ئاسمانلار مۇشرىكلارنىڭ يامان سۆزلىرىگە

غەزەپلىنىپ، يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالدۇ»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. چۈنكى، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ﴿وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحْمَٰنُ وَلَدًا ﴿٨٨﴾ لَّقَدْ جِئْتُمْ شَيْـًٔا إِدًّا ﴿٨٩﴾ تَكَادُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرْنَ مِنْهُ وَتَنشَقُّ ٱلْأَرْضُ وَتَخِرُّ ٱلْجِبَالُ هَدًّا﴾ يەنى ﴿ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلار): «رەھمان (ئاللاھ)نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (قەبىھلىكىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار پارتلاپ كەتكىلى تاس قالدى﴾[2]. مۇشرىكلارنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن چوڭ بوھتان ۋە كەچۈرگىلى بولمايدىغان يالغان سۆزدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى ياكى شېرىكى ۋەياكى ياردەمچىسى يوق، ئۇ ئەزەلدىنلا يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتنى «ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن زېمىننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالدۇ»[3] دەپ تەپسىر قىلغان. تەپسىرى مۇيەسسەردە «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئاسمانلارنىڭ ھەربىرى يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالدۇ»[4] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتىش ۋە ئۇنى بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ ياد ئېتىپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، يەر يۈزىدىكى مۇئمىنلەرگە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەش بىلەن بەند بولۇپ تۇرىدىغان پاك بەندىلەردۇر.

توغرا، پەرىشتىلەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما كاپىرلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ھىدايەت تىلەيدۇ. ﴿ٱلَّذِينَ يَحْمِلُونَ ٱلْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُۥ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِۦ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَىْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا فَٱغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُواْ وَٱتَّبَعُواْ سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ﴾ يەنى ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئەرشنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر رەببىنى مەدھىيەلەش بىلەن تەسبىھ

---

[1] «تفسير القرطبي» 16-توم، 4-بەت.
[2] مەريەم سۈرىسى: 88-90- ئايەتلەر.
[3] «تفسير الطبري» 21-توم، 501-بەت.
[4] «التفسير الميسر» 483- بەت.

ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ ۋە (ئۆزلىرىگە ئوخشاش) ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].

ئەنە شۇ پەرىشتىلەرگە مۆئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت، كاپىرلار ئۈچۈن ھىدايەت تىلەشنى ئىلھام قىلغان، خالىغان بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ ئۇنى ئۆز رەھمىتىگە داخىل قىلىدىغان رەھىم-شەپقەتلىك زات ـ ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇتلاردىن ئىبارەت ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە «ئىگىمىز» ۋە «شاپائەتچى-لىرىمىز» دەپ چوقۇنغان كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر يېزىپ تۇرىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا تېگىشلىك جاز بېرىلىدۇ. ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنىڭ يول تاللىشىغا ياكى ئەمەللىرىگە مەسئۇل ئەمەسسەن. سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا كىشىلەرگە ھەق دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ، ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈشتۇر. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت ئىككى يولدىن قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارىغا ئىگە. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا يول تاللاشقا يېتەرلىك ئەقىل ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر، ئەقىدىسى بىر ۋە غايىسى بىردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈ-رۈشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازانىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تۇرلۇك ئۇسلۇبلار بىلەن بايان قىلىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش قاتارلىق شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان زاتلاردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە قۇدرەت كامالىنى بىلگەنلەر چوقۇم ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ ۋە ئۇنى لايىقىدا قەدىرلەشكە تىرىشىدۇ.

3. پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە تائەت-ئىبادەت قىلىشتۇر. ئەمما پەيغەمبەر-

[1] غافىر سۈرىسى: 7-ئايەت.

لەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر.

### ◄ ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى

﴿وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ قُرۡءَانًا عَرَبِيّٗا لِّتُنذِرَ أُمَّ ٱلۡقُرَىٰ وَمَنۡ حَوۡلَهَا
وَتُنذِرَ يَوۡمَ ٱلۡجَمۡعِ لَا رَيۡبَ فِيهِۚ فَرِيقٞ فِي ٱلۡجَنَّةِ وَفَرِيقٞ فِي ٱلسَّعِيرِ
٧ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَهُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَلَٰكِن يُدۡخِلُ مَن يَشَآءُ فِي
رَحۡمَتِهِۦۚ وَٱلظَّٰلِمُونَ مَا لَهُم مِّن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ٨ أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن
دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۖ فَٱللَّهُ هُوَ ٱلۡوَلِيُّ وَهُوَ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
قَدِيرٞ ٩ وَمَا ٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِيهِ مِن شَيۡءٖ فَحُكۡمُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمُ
ٱللَّهُ رَبِّي عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ١٠ فَاطِرُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ
جَعَلَ لَكُم مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَمِنَ ٱلۡأَنۡعَٰمِ أَزۡوَٰجٗا يَذۡرَؤُكُمۡ
فِيهِۚ لَيۡسَ كَمِثۡلِهِۦ شَيۡءٞۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ١١ لَهُۥ مَقَالِيدُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ
شَيۡءٍ عَلِيمٞ ١٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

7ـ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە كىشىلەرنى (كېلىدىغانلىقىدا) قەتئىي شەك بولمىغان جەم قىلىش (قىيامەت) كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز مۇشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق. (ئۇ كۈندە ئىنسانلاردىن) بىر پىرقە جەننەتتە، يەنە بىر پىرقە جەھەننەمدە بولىدۇ.

8ـ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ. زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر.

9ـ بەلكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقىلارنى مەدەتكار قىلىۋالدى، پەقەت ئاللاھلا ھەقىقىي مەدەتكاردۇر، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

10-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) سىلەر قانداقلا بىر نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھقا خاستۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، مەن ئۇنىڭغىلا تاياندىم، ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىمەن.

11-(ئاللاھ) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، ئۇ سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى، ھايۋانلارغىمۇ (ئۆز تىپىدىن) جۈپلەرنى يارىتىپ بەردى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ئاللاھقا ئوخشايدىغان ھېچ شەيئى يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

12-ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىن (خەزىلىرى) نىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئۇلارغا كېلىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى كېلىدىغانلىقىدا قىلچە شەك بولمىغان ۋە ھەممىنى توپلايدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ھېساب كۈنىدىن قورقۇتۇشۇڭ ئۈچۈن، ئايەتلىرى ناھايىتى ئوچۇق، مەزمۇنى ئىنتايىن روشەن بايان قىلىنغان بۇ مۇكەممەل «قۇرئان كەرىم»نى قەۋمىڭنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا سېنىڭ دىلىڭغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ بەردۇق.

قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن ئىنسانلار ھېساب مەيدانىغا توپلانغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىر پىرقە كىشىلەر جەننەت ئەھلى، يەنە بىر پىرقە كىشىلەر دوزاخ ئەھلى بولۇپ ئايرىلىدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدە قىلچە ھوقۇق بولمايدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرنىڭمۇ ھۆكۈم چىقىرىش ھەققى بولمايدۇ. بىراۋنى جەننەت ئەھلى ياكى دوزاخ ئەھلى قىلىش ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ ھېچكىمگە ھىدايەت ئاتا قىلالمايدۇ، ئۇلار پەقەت كىشىلەرنى ھىدايەتنىڭ يولىغا باشلاپ قويالايدۇ، خالاس. ﴿ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئۆزىگە مەدەتكار قىلىۋالغانلارنى ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلاردىن جاۋابكار ئەمەسسەن﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەنى سەن ھېچكىمگە ھىدايەت ئاتا

[1] شۇرا سۈرىسى: 6- ئايەت.

قىلالمايسەن ۋە ھېچكىمنى ئىمانغا مەجبۇرلىيالمايسەن، پەقەت ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلالايسەن. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت ياكى ئازغۇنلۇقنى تاللىشىدىن ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن جاۋابكار ئەمەسسەن. چۈنكى، ئۇلار ھەممىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ. ئەمما ھىدايەتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، ئۇ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە خالىغان بەندىسىنى ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ قەلبلەردىكىنى بىلىدۇ، كىمنىڭ ھىدايەت تاپىدىغان ۋە كىمنىڭ ھىدايەت تاپمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئىنسانىيەت بىر دىندا بولغان بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. لېكىن ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىن تاللاش ئىختىيارى بەرگەن. ھىدايەتنى خالىغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى يېتەكلەيدۇ، ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلارنى ئۇلارنىڭ شەيتانلىرىغا تاشلاپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىماندىن ئىمانسىزلىقنى ئەۋزەل كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملارنىڭ شەيتانلىرىدىن باشقا ھېچقانداق دوستى يوقتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاخىرەتتە مەدەتسىز قالىدۇ ۋە ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈ-زەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەدەتكار قىلىۋالغىنى نېمىسى؟ بۇ ئۇلارنىڭ قانداق قىلغىنى؟ ئۇلارنىڭ شۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ، ئۇلاردىن ياردەم تىلىگەنلىكىگە قارىمامسەن؟ شەكسىزكى، پەقەتلا ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مەدەتكاردۇر. ئاللاھ تائالا ھاياتنى بېرىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزى خالىغان چاغدا قايتۇرۇپ ئالىدىغان زاتتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. ئەمما كاپىرلار چوقۇنغان نەرسىلەرنىڭ قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇلار باشلىرىغا قونغان چىۋىننىمۇ ئۈركۈتەلمەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ دىن توغرۇلۇق قىلىشقان ئىختىلاپىڭلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھ تائالا مېنىڭ رەببىمدۇر، مەن ھەربىر ئىشتا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن، ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن ۋە ئىشلىرىمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشىمدا ئۇنىڭ كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىمەن.

ئەللامە ئىبنى كەسىر ﴿وَمَا ٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِيهِ مِن شَيۡءٖ فَحُكۡمُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۚ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئى ئىنسانلار! سىلەر دىنىڭلارنىڭ ئىشىدىن قانداقلا بىر

ئىشتا ئىختىلاپقا چۈشۈپ قالساڭلار، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان ۋە بۇ ئايەتنىڭ ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنكُمۡۖ فَإِن تَنَٰزَعۡتُمۡ فِي شَيۡءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلًا﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار،-سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار،-بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەلدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

مېنىڭ رەببىم ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، كائىناتتىكى پۇختا نىزام ۋە سىستېمىلەرنى بەلگىلىگەن، سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەرنى يارىتىپ بەرگەن ۋە ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپلىرىنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەر بۇ ئارقىلىق نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىسىلەر، باشقا جانلىقلارمۇ شۇنداق. ئۇلارمۇ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت جۈپلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر جانلىقتا ئۆز نەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن كۆپىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا، بارلىق سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە تەڭداشسىز، يېگانە زات بولۇپ، ھېچبىر شەيئى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەس. ئۇمۇ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ تۇغۇلغان ئەمەس، بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس. ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ، بارچە ھاكىمىيەت، پادىشاھلىق ۋە ئىگىدارچىلىق ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق ياخشىلىقنىڭ ۋە ھەممە بايلىقنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ھەممىنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرىدۇ ۋە خالىغانچە بىرتەرەپ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە كۆپ رىزىق بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ

[1] نىسا سۈرىسى: 59- ئايەت.

رىزقىنى تار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خاس بولغان مەلۇم ھېكمەتلەر ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، كىمگە قانچىلىك ۋە قانداق بەرسە مەنپەئەتلىك بولىدىغانلىقنى ئوبدان بىلىدۇ.

مانا بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرى بولۇپ، ئەقلى بار ئادەم بۇلارغا قايىل بولىدۇ. قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاب. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇلغان ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر. ئىنسانلار بۇ مەسىلىدە ئىككى پىرقىغا ئايرىلغان بولۇپ: بىرى، جەننەت ئەھلى بولىدىغان مۇئمىنلەر، يەنە بىرى، دوزاخ ئەھلى بولىدىغان كاپىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى، شۇنداقلا ھەممىگە قادىر زاتتۇر. «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىس ئىككىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرلىرى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتقان ئادەم ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ، پۈتۈن ئىختىلاپلار بۇ ئىككى مەنبەگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن ھەل بولىدۇ. ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە مىسلىسىز زاتتۇر. ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاماملانغان.

2. مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقى بۇ شەھەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە ھۆرمىتى يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار جەننەتتى ۋە دوزىخى دەپ ئىككى پىرقىغا بۆلۈنىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلمىغانلىقى ئۇنىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

5. مەخلۇقاتقا ئەقىدە قىلىپ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇغانلار ھالاك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن

يۇزلەنگەن كىشىنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز ئۈمىدسىز قىلمايدۇ، ئۇنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.

6. «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىس مۇسۇلمانلار ھەممە ئىشلىرىدا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەردۇر.

7. ئاللاھ تائالانىڭ تەڭدىشى يوقتۇر، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچقانداق شەيئى يوقتۇر، ئۇمۇ ھېچبىر مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ.

8. پۈتۈن جانلىقلارنىڭ رىزقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ.

### ◄ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى ۋە غايىسى

﴿شَرَعَ لَكُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِۦ نُوحًا وَٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ
وَمَا وَصَّيْنَا بِهِۦٓ إِبْرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَىٰٓ ۖ أَنْ أَقِيمُوا۟ ٱلدِّينَ وَلَا
تَتَفَرَّقُوا۟ فِيهِ ۚ كَبُرَ عَلَى ٱلْمُشْرِكِينَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ ۚ ٱللَّهُ يَجْتَبِىٓ إِلَيْهِ
مَن يَشَآءُ وَيَهْدِىٓ إِلَيْهِ مَن يُنِيبُ ﴿١٣﴾ وَمَا تَفَرَّقُوٓا۟ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا
جَآءَهُمُ ٱلْعِلْمُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ إِلَىٰٓ أَجَلٍ
مُّسَمًّى لَّقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُورِثُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِنۢ بَعْدِهِمْ لَفِى
شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿١٤﴾ فَلِذَٰلِكَ فَٱدْعُ ۖ وَٱسْتَقِمْ كَمَآ أُمِرْتَ ۖ وَلَا تَتَّبِعْ
أَهْوَآءَهُمْ ۖ وَقُلْ ءَامَنتُ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِن كِتَٰبٍ ۖ وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ
بَيْنَكُمُ ۖ ٱللَّهُ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ ۖ لَنَآ أَعْمَٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَٰلُكُمْ ۖ لَا حُجَّةَ
بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ ۖ ٱللَّهُ يَجْمَعُ بَيْنَنَا ۖ وَإِلَيْهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾ وَٱلَّذِينَ يُحَآجُّونَ
فِى ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مَا ٱسْتُجِيبَ لَهُۥ حُجَّتُهُمْ دَاحِضَةٌ عِندَ رَبِّهِمْ
وَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ﴿١٦﴾ ٱللَّهُ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ ٱلْكِتَٰبَ
بِٱلْحَقِّ وَٱلْمِيزَانَ ۗ وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ قَرِيبٌ ﴿١٧﴾ يَسْتَعْجِلُ
بِهَا ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِهَا ۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مُشْفِقُونَ مِنْهَا وَيَعْلَمُونَ
أَنَّهَا ٱلْحَقُّ ۗ أَلَآ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُمَارُونَ فِى ٱلسَّاعَةِ لَفِى ضَلَٰلٍۭ بَعِيدٍ ﴿١٨﴾

ٱللَّهُ لَطِيفُۢ بِعِبَادِهِۦ يَرۡزُقُ مَن يَشَآءُۖ وَهُوَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ﴿١٩﴾

## تەرجىمىسى

13ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ «دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلۈنمەڭلار» دەپ، دىندىن نۇھقا بۇيرۇغان نەرسىنى، ساڭا ۋەھيى قىلغانلىرىمىزنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بۇيرۇغانلىرىمىزنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەلگىلىدى. (ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىپ، ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىشتىن ئىبارەت) سەن مۇشرىكلارنى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ (دىن) ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ ۋە ئۆزى تەرەپكە يۈزلەنگەن ئادەمنى ئۇنىڭغا باشلايدۇ.

14ـئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئەگەر رەببىڭنىڭ (ئۇلارنىڭ جازاسىنى) مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك كېچىكتۈرۈش (ھەققىدىكى) سۆزى ئالدىن دېيىلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان (يەنى جازاسى شۇ ۋاقىتتىلا بېرىلگەن) بولاتتى. ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار كىتاب توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ئىچىدە بولدى.

15ـ(ئى پەيغەمبەر! سەن ئىنسانلارنى) ئاشۇ دىنغا چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭدەك (توغرا يولدا) مۇستەھكەم بولغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىنكى، «مەن ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ بىزنىڭ رەببىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشكە ھاجەت يوق. (بەرىبىر قىيامەت كۈنى) ئاللاھ ھەممىمىزنى يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر».

16ـ(كىشىلەر ئىسلامغا كىرىپ) ئاللاھنىڭ دەۋىتى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ (نىڭ) دىنى توغرۇلۇق بەس-مۇنازىرە قىلىشىدىغانلارنىڭ دەۋالىرى رەببىنىڭ دەرگاھىدا پۈتۈنلەي بىكاردۇر. ئۇلار (دۇنيادا) غەزەپكە ئۇچرايدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

17ـئاللاھ كىتابنى ۋە ئادالەتنى ھەق بىلەن نازىل قىلغان زاتتۇر. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكىم قىيامەت يېقىندۇر.

18ـقىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ تېز بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ،

قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار بولسا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق جېدەللىشىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر.

19ـئاللاھ بەندىلىرىگە بەكمۇ كۆيۈمچاندۇر. ئۇ خالىغان ئادەمگە (كەڭ) رىزىق بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، (ھەممىدىن) غالىبتۇر.

### ◄ تەپسىرى:

ئاللاھ تائالا نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ۋەھيى قىلغان. خۇددى يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە مەلۇم شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەپ بەرگىنىدەك، ئىسلام ئۇممىتىگىمۇ مەخسۇس شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى نازىل قىلغان.

ئاللاھ تائالا ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ساڭا كەلگەن ئىسلام دىنى مۇستەقىل بىر دىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىلگىرى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنغان ۋە ئۇلارغا ئۆگىتىلگەن ساماۋى دىنىنىڭ ئۆزىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا كەلگەن ئىسلام دىنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە قىلىنغان ۋەھىيلەر، تەۋسىيەلەر ۋە تەلىماتلارغا تامامەن مۇۋاپىقلاشقان بىر دىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەۋھىرى ۋە خۇلاسىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدىكى ياخشىلىقلار ۋە گۈزەللىكلەر تولۇق بار. ئىسلام دىنى ساماۋى دىنىنى تولۇقلىغان، ئۇنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان مۇكەممەل دىنىدۇر. زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلىق بىلەن خىرىستىيانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتۇر. چۈنكى، بۇلار ساماۋى دىنىنى بۇرمىلىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەمدى، ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە قىلغان تەۋسىيەلەرنىڭ نېگىزى قايسى ئىدى؟ جاۋاب شۇكى، ئۇ ئاللاھ تائالا جىمى پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغان: ﴿دىنىنى بەرپا قىلىڭلار، دىنىدا بۆلۈنمەڭلار﴾ دېگەن ئىلاھىي ئەمر-پەرماندۇر. بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى شېرىك

ئەقىدىسىدىن يىراق قىلغان ھالدا، خالىس ئاللاھ تائالاغىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىدىغان تەۋھىد دىنى قىلىپ بەرپا قىلىڭلار، دىنىڭ چەك-چېگراسىغا رىئايە قىلىڭلار، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە ئوخشاش دىندا بۆلۈنۈپ پىرقىلەرگە ئايرىلىپ كەتمەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسىغا ھەممىڭلار چىڭ ئېسىلغان ھالدا، دىندا مۇستەھكەم بولۇڭلار، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىستىن ئىبارەت ئىككى مەنبەنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەمەل قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان، مۇرادىغا يېتىدىغان، بەختلىك بىر ئۇممەت بولىسىلەر، دېگەنلىكتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەب مۇشرىكلىرىنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، بىرلا ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد دىنىغا چاقىرىشى ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا جان-جەھلى بىلەن قارشى چىققان، ھەتتا ئۇلار: ﴿أَجَعَلَ ٱلۡأٓلِهَةَ إِلَٰهٗا وَٰحِدًاۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَيۡءٌ عُجَابٞ﴾ يەنى ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش﴾[1] دېگەن ئىدى.

﴿ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ ۋە ئۆزى تەرەپكە يۈزلەنگەن ئادەمنى ئۇنىڭغا باشلايدۇ﴾. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىمنىڭ ھىدايەت تاپىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ئازغۇنلۇقنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھىدايەتكە لايىق بولغان كىشىلەرنى تاللاپ ھىدايەت قىلىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن ھالدا، ئۇنى دەۋەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! شۇنىڭغا چىن ئىشەنگىنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئىشىغا سېنى تاللىدى. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەرلىككە كىمنى تاللاشنى ۋە كىمنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قەلبىدە ھىدايەتكە مايىللىق بولغانلارنى ھەق دىنغا ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا سېنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى قىلىپ تاللىغاندەك، ئىسلام ئۇممىتىنى بۇ دىنىنى بەرپا قىلىشقا تاللىدى. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرى ئىچىدىكى كۆپ كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ دەلىل-

[1] ساد سۈرىسى: 5-ئايەت.

پاكىتلىرى كەلگەندىن كېيىن، ھەق بىلەن باتىلنى بىلىپ تۇرۇپ، پەقەت بىر-بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ھەسەتخورلۇقى سەۋەبتىن دىندا ئىختىلاپلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. مەلۇمكى، دىندا بۆلۈنۈش ئازغۇنلۇقتۇر. ھالبۇكى، ئۇلار دىننى بەرپا قىلىشقا، ئىختىلاپ قىلىشماسلىققا ۋە بۆلۈنمەسلىككە بۇيرۇلغان ئىدى.

تەپسىر قۇرتۇبىيدا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى﴾ دېگەن ئايەتتىن مەككىلىكلەر مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بۇنىڭ دەلىلى فاتىر سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿وَأَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ لَئِن جَآءَهُمْ نَذِيرٌ لَّيَكُونُنَّ أَهْدَىٰ مِنْ إِحْدَى ٱلْأُمَمِ ۖ فَلَمَّا جَآءَهُمْ نَذِيرٌ مَّا زَادَهُمْ إِلَّا نُفُورًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئۈممەتكە قارىغاندا، ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەن ئىدى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كېلىۋىدى، بۇ ئۇلارغا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراقلىشىشتىن باشقىسىنى ئاشۇرمىدى﴾[1]»[2]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئايەتتىن ئەھلى كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەييىنە سۈرىسىدە ئەھلى كىتاب توغرۇلۇق كەلگەن: ﴿وَمَا تَفَرَّقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَةُ﴾ يەنى ﴿كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق دەلىل كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشتى﴾[3] مۇنۇ ئايەت بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. مەيلى بۇ ئايەتتىن كىملەر مەقسەت قىلىنغان بولسۇن، ئىشقىلىپ كاپىرلارنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇمۇ ئېنىقكى، بۇ كاپىرلارغا روشەن مۆجىزىلەر ۋە كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار كەلگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەرلەردە ياكى بۇ پەيغەمبەرلەر كەلتۈرگەن دەلىل-ئىسپاتلاردا بىرەر يېتەرسىزلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ كاپىرلاردىكى ھەسەتخورلۇق، چوڭلۇق تالىشىش، مۇتەكەببىرلىك قىلىش

[1] فاتىر سۈرىسى: 42-ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 16-توم، 12-بەت.
[3] بەييىنە سۈرىسى: 4-ئايەت.

قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەر تۆپەيلىدىن ئىدى.

ئەگەر دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلغانلارنى دەرھال جازالىماستىن، ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلىگەن مەلۇم ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ھەققىدىكى جازا ئەلۋەتتە ئىجرا قىلىنغان ۋە ئۇلار شۇ ھامان ھالاك قىلىنغان بولاتتى.

دىندا ئىختىلاپلىشىپ «يەھۇدىي» ۋە «خرىستىيان» دېگەندەك پىر-قىلەرگە بۆلۈنگەنلەردىن كېيىن، «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارغا ۋارىسلىق قىلغانلار ئۆز كىتابلىرى توغرۇلۇق چوڭقۇر شەك ۋە گۇماندا بولۇپ كەلدى. بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن زاماندىش بولۇپ ياشىغان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»غا توغرا قاراشتا بولمىغانلىقى، بۇ كىتابلار توغرۇلۇق ھەمىشە شەكتە بولۇپ كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ بۇ كىتابلاردىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەر ئۈستىدە چوڭقۇر گۇماندا بولغانلىقى ئۇلارنىڭ تو-لىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا توسقۇن بولغان ۋە بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، يەنە بەزىسى ئىمان ئېيتماي پارچىلىنىپ كېتىشكە سەۋەب بولغان.

ئى پەيغەمبەر! ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ دىندا بۆلۈنۈپ پىرقىلەرگە ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە، بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشىش ۋە ئۆز كىتابلىرىغا چىن ئىشەنمەسلىك بولغان ئىكەن، سەن ئىسلام ئۈممىتىنى ئىناقلىققا ۋە بىرلىككە چاقىرغىن، ئاللاھ تائالا سېنى بۇيرۇغان بويىچە توغرا يولدا ئىزچىل يۈرگىن ۋە دىنىڭدا مۇستەھكەم بولغىن، باشقىلارنىمۇ شۇنداق بولۇشقا چاقىرغىن.

مەلۇمكى، ئىسلام ئۈممىتىدىكى بۆلۈنۈشلەر پەقەت مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ، ھەر خىل خۇراپاتلارنى دىن نامىدىن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئېتىقاد، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ئىبادەت جەھەتتىن ئاجىزلاشقاندىن كېيىن باش كۆتۈردى. مۇسۇلمانلارنى بۆلۈشتە ئۆزلىرىنى يالغاندىن مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكەن مۇناپىقلارنىڭ، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان.

﴿وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ﴾ يەنى ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ

ئارغامچىسىغا (دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتتە مەنئى قىلىنغان بۆلۈنۈش فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ ئىختىلاپلىرىنى مەقسەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ھەنەفىي، شافىئىي، ھەنبەلى ۋە مالىكىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت فىقھىي مەزھەپنىڭ ئىختىلاپى بۆلۈنۈش ھېسابلانمايدۇ ۋە سۆكۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ دىندىكى ئىختىلاپ ئەمەس، پەقەت دىنىنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەرگە ۋە دىنىي ھۆكۈملەرگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپتۇر. بۇ ئىختىلاپلار ئاساسەن، شاخچە مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇپ، ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ھەممە بىردەكتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنى ئاساسلىق مەنبە قىلغان مەزھەپلەر بولۇپ، بۇ مەزھەپلەردىن قايسىبىرىگە ئەگىشىش جائىزدۇر. بۇ مەزھەپلەردىكى ئوخشاشماسلىقلار خۇددى ساماۋى دىنىنىڭ ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە بىر خىل، شەرىئەت مەسىلىلىرىدە پەرقلىق بولغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ﴿لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا﴾ يەنى ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەردىن ھەربىر ئۈممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلامدا بۆلۈنۈشتىن مەنئى قىلىش خاۋارىج، رافىزە ۋە بەزى شىئەلەرگە ئوخشاش ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە ئىختىلاپلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇنداقلار راستتىنلا ئازغۇن پىرقىلەردۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغىن، ئۆزۈڭمۇ دىندا مۇستەھكەم بولغىن، بۇيرۇلغىنىڭدەك توغرا يولدا ئىزچىل يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرغىن، ئازغۇنلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگەشمىگىن. ئۇلارغا دېگىنكى، مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم، ھەربىر ئىشتا سىلەرگە ئادالەتلىك بولۇشقا، ئاراڭلاردا ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئاللاھ تائالا بىزنىڭمۇ رەببىمىز ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى پەقەت ئۆزىمىزگە بولىدۇ. سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسىنى ئۆزۈڭلار تارتىسىلەر. سىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ﴿ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَـٰٓئِكَتِهِۦ

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 103-ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى: 48-ئايەت.

وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ئىمان كەلتۈردى، مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «بىز (ئىمان ئېيتىشتا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز» دەيدۇ﴾[1]. مانا بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىماي ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيدىغان، شېرىكنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان مۇشۇنداق مۇكەممەل ئىماندىن ئەۋزەل ئىمان بارمۇ؟ مۇشۇنداق ئوچۇق باياندىن كېيىن يەنە جېدەللىشىشكە ۋە تالاش-تارتىش قىلىشقا ئورۇن بارمۇ؟

شۇنچىلىك ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايانلاردىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى خۇددى قۇياشتەك پارلاپ تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنىڭغا قايىل بولماسلىق بىلمىگەنلىكتىن ياكى چۈشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، پەقەت ھاكاۋۇرلۇقتىن ۋە تەرسالىقتىن بولىدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن، ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى چوقۇم بىر يەرگە توپلايدۇ ۋە ئارىمىزدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، قايتىدىغان جاي پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. بۇ دۇنيادا قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەكمۇ، چوقۇم بىر كۈنى ئۆلىمىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىغا چىقىرىلىمىز، شۇ چاغدا ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇ ھەق دىندىن توسۇش ۋە بۇ دىننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئۇلارنى مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، دىن توغرىسىدا، ئاللاھ تائالا توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدىغانلارنىڭ دەلىل دەپ كەلتۈرگەن سەپسەتىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بىكاردۇر، ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ئۇلارغا ھەقىقەت ئوپئوچۇق ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا دۇنيادا غەزەپ-نەپرەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلار ئەڭ قاتتىق

[1] بەقەرە سۈرىسى: 285-ئايەت.

ۋە دەھشەتلىك ئازابلارغا دۇچار بولىدۇ.

بارلىق ساماۋى كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلغۇچى، ھەقلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى، باتىلدىن يىراق ھالدا پەقەت ھەقىقەتنىلا سۆزلەيدىغان ھەق كىتاب - «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئادالەتنى بەلگىلىگەن زات - ئاللاھ تائالادۇر. سەن نەدىن بىلىسەن؟ بەلكى، قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىندۇر.

كاپىرلاردىن قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ تېزرەك بولۇشىغا ئالدىرايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت دېگەننى يوق، قىيامەت چۈشەنچىسىنى بولسا قۇرۇق خىيال دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. ئەمما قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. چۈنكى، دەھشەتتىن ئانىلار قورسىقىدىكى بوۋاقلىرىنى تاشلىۋېتىدىغان، كۆزلەر قورقۇنچتىن چەكچىيىپ كېتىدىغان، ھەممە ئادەم ۋەھىمىدىن خۇددى مەستتەك بولۇپ قالىدىغان مۇنداق بىر كۈندىن كىممۇ قورقمىسۇن؟ قىيامەتتىن قورقىدىغانلار ئۇنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلاردۇر. شەكسىزكى، قىيامەت ھەققىدە شەك قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنمەيدىغانلار چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتىدۇر. مۇنداقلار قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئۈچۈن ھېچقانداق تەييارلىق كۆرمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا جىمى بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان بولغانلىقتىن، بۇ دۇنيادا ئۇلارنى مۆئمىن، كاپىر دەپ ئايرىماستىن، ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، خالىغان بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە غالىب زاتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى بەندىلىرىگە ئىلاھىي رەھمەتلىرىدىن كۆپلەپ ئاتا قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەزەلدىن بىرلا دىن بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىشنى ۋە ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشاشنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى، ساماۋى دىنىنىڭ ئەقىدىسى ۋە غايىسى بىردۇر.

2. دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىش دىنىنى زايە قىلىۋېتىشكە سەۋەب بولىدىغان خەتەرلىك ئىشتۇر.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشەلمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نەپسانىيەتچىلىك، ھەسەت قىلىشىش ۋە بىر-بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

4. ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇش ئۈچۈن كەلگەن دىندۇر. شۇڭا بۇ دىننى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە يەتكۈزۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

5. مۇسۇلمانلارنىڭ دىندا مۇستەھكەم بولۇشى ئۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ بېشارىتىدۇر.

6. ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي بەخت-سائادىتى پەقەت ئىسلامغا ئەمەل قىلىش بىلەنلا بولىدۇ.

### ◄ ئەمەل قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى

﴿مَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ ٱلْأَخِرَةِ نَزِدْ لَهُۥ فِى حَرْثِهِۦ ۖ وَمَن كَانَ يُرِيدُ
حَرْثَ ٱلدُّنْيَا نُؤْتِهِۦ مِنْهَا وَمَا لَهُۥ فِى ٱلْأَخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ ﴿٢٠﴾ أَمْ لَهُمْ
شُرَكَٰٓؤُا۟ شَرَعُوا۟ لَهُم مِّنَ ٱلدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنۢ بِهِ ٱللَّهُ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةُ
ٱلْفَصْلِ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۗ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢١﴾ تَرَى
ٱلظَّٰلِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا كَسَبُوا۟ وَهُوَ وَاقِعٌۢ بِهِمْ ۗ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِى رَوْضَاتِ ٱلْجَنَّاتِ ۖ لَهُم مَّا يَشَآءُونَ عِندَ
رَبِّهِمْ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْكَبِيرُ ﴿٢٢﴾ ذَٰلِكَ ٱلَّذِى يُبَشِّرُ ٱللَّهُ عِبَادَهُ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ۗ قُل لَّآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِلَّا
ٱلْمَوَدَّةَ فِى ٱلْقُرْبَىٰ ۗ وَمَن يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَّزِدْ لَهُۥ فِيهَا حُسْنًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ
غَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٢٣﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ۖ فَإِن يَشَإِ ٱللَّهُ
يَخْتِمْ عَلَىٰ قَلْبِكَ ۗ وَيَمْحُ ٱللَّهُ ٱلْبَٰطِلَ وَيُحِقُّ ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ
عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٢٤﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى يَقْبَلُ ٱلتَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِۦ
وَيَعْفُوا۟ عَنِ ٱلسَّيِّـَٔاتِ وَيَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ ﴿٢٥﴾ وَيَسْتَجِيبُ ٱلَّذِينَ

ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضۡلِهِۦۚ وَٱلۡكَٰفِرُونَ لَهُمۡ
عَذَابٞ شَدِيدٞ ﴿٢٦﴾

**تەرجىمىسى**

20ـكىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز، كىمكى دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىكەن، ئۇنىڭغىمۇ (ئۇ كۆزلىگەن) مەنپەئەتتىن بىر قىسمىنى بېرىمىز. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچبىر نېسىۋە يوقتۇر.

21ـياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمىكەن؟ (ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەرھال ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى. شەكسىزكى، زالىملارغا قاتتىق ئازاب بار.

22ـ(ئى پەيغەمبەر!) بۇ زالىملارنىڭ (قىيامەت كۈنى دۇنيادا) قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، جازا ئۇلارغا (چوقۇم) چۈشكۈچىدۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بولسا جەننەتلەرنىڭ باغچىلىرىدا بولىدۇ، ئۇلار رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ كاتتا ئىنئامدۇر.

23ـئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە خۇش خەۋەر بەرگەن (مۇكاپات) ئەنە شۇدۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەردىن بۇنىڭغا (يەنى دىننى يەتكۈزگەنلىكىمگە) ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن (مېنى) دوست تۇتۇشۇڭلار (زىيان يەتكۈزمەسلىكىڭلار) نىلا تىلەيمەن». كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

24ـئۇلار (سېنى) «ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇدى» دەمدۇ؟ (ئۇنداق قىلغان بولساڭ) ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سېنىڭ قەلبىڭنىمۇ پېچەتلىۋەتكەن بولاتتى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق باتىلنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

25ـئۇ بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدىغان، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغان، سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

26ـ ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئۆز پەزلىدىن ئۇلارغا (مۇكاپاتلىرىنى) ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بار.

### ◄ تەپسىرى

ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان، ئۇنىڭ مەرھەمىتىنى تەلەپ قىلىپ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، قىلغان ئەمەللىرى بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، مۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ياخشى ئەمەلگە ئون ھەسسە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساۋاب بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بار.

يەنە بىرى، قەلبى شەك ۋە نىفاق بىلەن تولغان، دۇنيالىققا بولغان مۇھەببىتى كۆزىنى كور قىلىپ قويغان، پۈتۈن ئىشلارنى دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قىلىدىغان، ماددىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىنى كۆزلىمەيدىغانلار بولۇپ، مۇنداقلارغا ئاللاھ تائالا دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئاز-تولا بېرىدۇ. ئەمما بۇ مەنپەئەتلەر ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئىشلىگەنلىكىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا تەقدىر قىلىنغىنىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. دېمەك، مۇنداقلار ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ دۇنيالىققا شۇنچىلىك بەك بېرىلىپ كەتكىنى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى خالىغىنىنى بېرىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا مۇكاپاتتىن ھېچقانداق نېسىۋە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتلىكنى تەلەپ قىلمىدى، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلىمىدى ۋە ئاخىرەتلىكنى ئۈمىد قىلمىدى. ﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعَاجِلَةَ عَجَّلۡنَا لَهُۥ فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلۡنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصۡلَىٰهَا مَذۡمُومٗا مَّدۡحُورٗا ۝١٨ وَمَنۡ أَرَادَ ٱلۡأٓخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعۡيَهَا وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَأُوْلَٰٓئِكَ كَانَ سَعۡيُهُم مَّشۡكُورٗا﴾ يەنى ﴿كىمكى بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان (دۇنيا مەنپەئەتلىرى)نى كۆزلەيدىكەن، بىز دۇنيادا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن) ئۆزىمىز خالىغان ئادەمگە ئۆزىمىز خالىغاننى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا جەھەننەمنى (تەيىن) قىلىمىز، ئۇ خارلانغان، (رەھمىتىمىزدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۇئمىن بولۇپ ئاخىرەت ئۈچۈن لايىقىدا

ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئەنە شۇلارنىڭ ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[1].

«قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلار توغرۇلۇق: ﴿ياكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمىكەن؟﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. يەنى مۇشرىكلارنىڭ دىن دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقان خۇراپاتلىرىنى ھېچكىم بەلگىلەپ بەرگەن ئەمەس، بىرەر پەيغەمبەر ياكى بىرەر ساماۋى كىتاب ئۇلارنىڭ بۇ خۇراپاتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانمۇ ئەمەس. پەقەت ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى ۋە بۇتلارغا باغلانغان ئەقىدىسى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ خۇراپاتلىرىنى چىرايلىق ۋە يوللۇق قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى يامان كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان. مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان بۇتلىرى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن گويا ئۇلار چوقۇنغان بۇتلار ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا يول ئاچقاندەك كۆرسىتىلگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ بۇتلارنىڭ ھېچكىمنى ئازدۇرالمايدىغان ۋە ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان، ھەتتا بېشىغا قونغان چىۋىننى ئۈركۈتۈشكىمۇ چامى يەتمەيدىغان ئاجىز نەرسىلەر ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

﴿(ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەرھال ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى﴾ يەنى ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكىچە كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى سۆزى ئالدىنئالا ئېيتىلىپ، ھۆكۈم بەلگىلىنىپ بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار خۇددى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرگە ئوخشاش بۇ دۇنيادا جازاسىنى تارتقان ۋە پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنغان بولاتتى.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمۡ وَأَنتَ فِيهِمۡۚ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[2] دېگەن ۋەدىسى ئالدىنئالا ئېيتىلمىغان بولسا ئىدى، مەككە مۇشرىكلىرىنىمۇ خۇددى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىگە ئوخشاش

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 18- ۋە 19-ئايەتلەر.
[2] ئەنفال سۈرىسى: 33- ئايەت.

ھالاك قىلىنىۋەتكەن بولاتتى» دەپ تەپسىر قىلغان.

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان زالىملارغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بار. ئى پەيغەمبەر! بۇ زالىملارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدا قورققانلىقىنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق. چۈنكى، قورقۇشنىڭ ئورنى بۇ دۇنيادۇر. شۇڭا ئۇلار مەيلى قورقسۇن ياكى قورقمىسۇن، ئۇ جازا ئۇلارغا چوقۇم چۈشكۈچىدۇر. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماي ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

ئەمدى، مۇئمىنلەرگە كەلسەك، شەكسىزكى، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەر جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا، جەننەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ راھەتلىك جايلىرىدا بولىدۇ، ئۇلار كۆڭلى تارتقان رىزىقلار بىلەن نېمەتلىنىدۇ. بۇ ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قىلىنىدىغان كاتتا پەزل-كەرەم بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى، جەننەتلەردە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نازۇ-نېمەتلەر بار. ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق پەزل-كەرەملىرى بىلەن مۇئمىنلەرگە خۇش بېشارەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا بۇ پەزل-كەرەمنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالادىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بولسۇن!؟

ئىنسانلار شەخسىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ بەخت-سائادىتىنى مال-دۇنيا، پەرزەنت، مەنسەپ ۋە شۆھرەت قاتارلىق دۇنيالىق نەرسىلەردىنلا كۈتىدىغان بولۇپ قالغان بۇ زاماندا، ئۇلار ھەممە ئىشنى ماددىغا باغلايدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا خالىسانە ئىشلىگەنلەرنىمۇ يامان گۇمان قىلىدىغان، ئۇلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ماددىي مەنپەئەتنىڭ كەينىدىن يۈرىدىغان مەنپەئەتپەرەس ئادەملەر ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدۇ. بۇ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ نىيىتىدىكى بۇزۇقلۇقنىڭ، ئەخلاقىدىكى ناچارلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىكى ئىنسانلار ئىچىدىمۇ شۇنداق نىيىتى بۇزۇق ۋە شۇنداق گۇمانخور ئىنسانلار ئاز ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىگە خالىسانە يولباشچى بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگىمۇ ھەر خىل تۆھمەتلەرنى قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارغا: ﴿مەن سىلەردىن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن﴾ دېيىشكە

بۇيرۇغان. بۇ جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق مۇددىئاسى ۋە بىردەك باياناتى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئالدى بىلەن قەۋملىرىگە ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئوچۇقلاشقا بۇيرۇلغان. ﴿مەن سىلەردىن بۇنىڭغا (يەنى دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن﴾ دېگەن بۇ ئايەت پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق شوئارى ئىدى.

ئايەتنىڭ داۋامىدىكى: ﴿پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن (مېنى دوست تۇتۇشۇڭلار (زىيان يەتكۈزمەسلىكىڭلار) نىلا تىلەيمەن﴾ دېگەن جۈملە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى تۇغقانلىرىدىن تۇغقانچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئۆگەتكەنلىكىنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن دۇنيالىقتىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوللاپ بېرىشىنى، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلغان.

ئەگەر ئۇلار بۇ تەلەپنى ئورۇندىسا، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ھەرگىز مۇكاپاتسىز قالمايتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شۇنداق پەزل-كەرەملىك زاتكى، بىرەر ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە ئون ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشى ئەمەل قىلغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق غايىسى ۋە نىشانى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى يولى بىلەن نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دەيدۇكى، بۇ كاپىرلار «قۇرئاننى مۇھەممەد ئاللاھ نامىدىن ئۆزى توقۇپ چىقتى» دەمدۇ؟ بىلىڭلاركى، بۇ سۆزنى قىلغان كاپىرلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان خۇراپاتلارنى ئۇلارغا ھېچكىمنىڭ دىن قىلىپ بەلگىلەپ بەرمىگەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بۇ خۇراپاتلىرىدىن ھەرگىزمۇ رازى ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان بۇ يالغاننىڭ گۇناھى قانچىلىك ئېغىر ۋە چوڭ ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ھېس قىلىشمايدۇ. چۈنكى، بۇ كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتسىز ھالدا ئىنكار قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنى «مۇھەممەدنىڭ توقۇلمىلىرى» دەۋاتىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاللاھ

تائالا خالىسا، سېنىمۇ قەلبى پېچەتلەنگەنلەر قاتارىدىن قىلىپ قويغان بولاتتى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ساڭا نېمىدەپ تۆھمەت چاپلىسا، ھەتتا «قۇرئاننى مۇھەممەد توقۇپ چىقتى» دېسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرى بازار تېپىپ قالغان بولاتتى. قەلبى پېچەتلەنگەنلەردىن باشقا ھېچكىم ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، سېنىڭ ئەخلاقىڭنى ماختىدى ۋە سېنىڭ توپتوغرا يولدا ئىكەنلىكىڭنى جاكارلىدى، ھەتتا سېنىڭ راستچىللىقىڭغا سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭمۇ قايىلدۇر. شۇڭا بۇ كاپىرلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان تۆھمەتلىرى ھەرگىز ئاقمايدۇ ۋە ھېچكىمنى قايىل قىلالمايدۇ.

بۇ مۆجىزىلىك كىتاب - «قۇرئان كەرىم» قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن توقۇلما بولسۇن! ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى جىبرىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك قەلبىگە چۈشۈرگەن تۇرسا، ئاللاھ تائالا ھەمىشە باتىلنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ۋە ھەمىشە ھەقىقەتنى قوغدايدىغان تۇرسا، كاپىرلارنىڭ بۇنداق تۆھمەتلىرىگە ۋە ئورۇنسىز دەۋالىرىغا قانداقمۇ ئورۇن بەرسۇن!؟

ئاللاھ تائالا قەلبلەردىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ھەر كىمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. ئى ئىنسان! ئۈمىدسىزلەنمە، قانچىلىك كۆپ گۇناھ قىلغان بولساڭمۇ تەۋبە قىلىشنى ئۇنتۇما. چۈنكى، سەمىمي تەۋبە ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بارلىق گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى تولىمۇ ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. پەقەت ئىنسانلارغا قىلىنغان يامانلىق، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنىڭ گۇناھىنى شۇ ئىنسانلار كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. شۇڭا گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان ئادەم ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، بىراۋغا يامانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ ھەق ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالسا، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، بۇنداق گۇناھلارنى قايتا قىلماسلىققا ۋەدە بەرسە، ئاللاھ تائالا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قانداق چوڭ گۇناھى بولسىمۇ كەچۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلىرىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى ۋە بەزى گۇناھلىرىنى ئۇلار تەۋبە قىلمىسىمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، بەش ۋاخ ناماز، تاھارەت، روزا، ھەج، ئۆمرە قاتارلىق ئەمەللەر بەزى كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىمانىدا راستچىل بولۇپ، ياخشى ئەمەل دائىرىسىدە ئىش كۆرگەن ۋە هالالدىن يەپ، هالالدىن ئىچىپ، توغرىلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئىچىدە بولغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھ تائالا ئىجابەت قىلىدۇ، ئۇلارغا پەزل-كەرەمىنى بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي دۇئا قىلغان ئادەم ئىككىلا ئالەمدە ئۇنىڭ پايدىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. چۈنكى، دۇئا-ئىبادەتتۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى تاپقاننىڭ سىرتىدا، تىلىگەنلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغان كاپىرلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار كاپىرلار ئۈچۈن ئاگاهلاندۇرۇش ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن بېشا-رەتتۇر.

## ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاهىدا قوبۇل بولۇشى ياكى رەت قىلىنىشى نىيەتنىڭ خالىس بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىقتۇر.

2. هەق دىننىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا هېچكىمنىڭ دىنىي هۆكۈملەرنى بەلگىلەش هەققى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزگۈچى ۋە ئىجرا قىلغۇچىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ۋە مۇئمىنلەردىن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى هۆرمەتلەش پەيغەمبەر سۆيگۈسىدىن سانىلىدۇ.

4. مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئەڭ مۇكەممەل يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان زاتتۇر.

5. بىر ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئون هەسسە ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئاشۇ-رۇپ بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

6. هەربىر مۇسۇلماننىڭ هەمىشە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ تۇرۇشى پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناهلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۈچ شەرت بولۇپ، ئۇلار: گۇناهتىن دەرهال قول ئۈزۈش، پۇشايمان قىلىپ ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش، گۇناھ قىلماسلىققا ئىرادە باغلاشتۇر. ئەمما

كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا قارشى قىلىنغان يامانلىقلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن يامانلىق قىلىنغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراش ۋە ھەققى بولسا قايتۇرۇپ ئۇنى رازى قىلىش شەرتتۇر.

7. «ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى» دېگەن ماقامغا يۈكسەلگەن مۆئمىنلەر ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ۋە رەھمىتى ئىچىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ. «ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى» دېگەن مەرتىۋە «قۇرئان كەرىم»دە ﴿أَوۡلِيَآءُ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەت بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىماندا راستچىل، ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي ساداقەتلىك، تەقۋادار ۋە ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار «ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى»غا ئايلىنىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ ۋە قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرى

﴿وَلَوۡ بَسَطَ ٱللَّهُ ٱلرِّزۡقَ لِعِبَادِهِۦ لَبَغَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِن يُنَزِّلُ
بِقَدَرٖ مَّا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرُۢ بَصِيرٞ ٢٧ وَهُوَ ٱلَّذِي يُنَزِّلُ
ٱلۡغَيۡثَ مِنۢ بَعۡدِ مَا قَنَطُواْ وَيَنشُرُ رَحۡمَتَهُۥۚ وَهُوَ ٱلۡوَلِيُّ ٱلۡحَمِيدُ
٢٨ وَمِنۡ ءَايَٰتِهِۦ خَلۡقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَثَّ فِيهِمَا مِن
دَآبَّةٖۚ وَهُوَ عَلَىٰ جَمۡعِهِمۡ إِذَا يَشَآءُ قَدِيرٞ ٢٩ وَمَآ أَصَٰبَكُم مِّن
مُّصِيبَةٖ فَبِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٖ ٣٠ وَمَآ أَنتُم
بِمُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا
نَصِيرٖ ٣١ وَمِنۡ ءَايَٰتِهِ ٱلۡجَوَارِ فِي ٱلۡبَحۡرِ كَٱلۡأَعۡلَٰمِ ٣٢ إِن يَشَأۡ
يُسۡكِنِ ٱلرِّيحَ فَيَظۡلَلۡنَ رَوَاكِدَ عَلَىٰ ظَهۡرِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ
لِّكُلِّ صَبَّارٖ شَكُورٍ ٣٣ أَوۡ يُوبِقۡهُنَّ بِمَا كَسَبُواْ وَيَعۡفُ عَن كَثِيرٖ
٣٤ وَيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٖ ٣٥ فَمَآ
أُوتِيتُم مِّن شَيۡءٖ فَمَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰ
لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ٣٦﴾

## تەرجىمىسى

27ـ ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىگە رىزىقنى كەڭ قىلىۋەتسە ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە (يەر يۈزىدە) ھەددىدىن ئېشىپ كېتەتتى. لېكىن، (ئاللاھ ئۇلارنىڭ رىزقىنى) ئۆزى خالىغان مىقداردا چۈشۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرى (نىڭ ئەھۋالى)دىن تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

28ـ ئاللاھ ئىنسانلار (يامغۇردىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان ۋە رەھمىتىنى ھەر تەرەپكە يايىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

29ـ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرى، ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقانلىقى ۋە بۇ ئىككىسىدە جانلىقلارنى تارقىتىۋەتكەنلىكىدۇر. ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى توپلاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

30ـ (ئى ئىنسانلار!) بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت سىلەرنىڭ ئۆز قولۇڭلار (بىلەن) قىلغان (گۇناھىڭلار) تۈپەيلىدىندۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ (گۇناھىڭلاردىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

31ـ (ئى ئىنسانلار! ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساڭلار) سىلەر يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ-بىر ئىگە ۋە ھېچبىر مەدەتكار يوقتۇر.

32ـ تاغدەك (چوڭ) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا قاتناپ يۈرۈشىمۇ ئاللاھنىڭ (قۇد-رىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر.

33ـ ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ-دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ناھايىتى چىدامچان، كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر بەندە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

34ـ ياكى ئاللاھ (خالىسا، ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ) گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (بوران ئەۋەتىپ) كېمىلەرنى ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن) نۇرغۇنلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

35ـ (بۇنداق قىلىشىمىز) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە (ئورۇنسىز) دەتالاش قىلىدىغانلار ئۆزلىرىگە (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قېچىپ قۇتۇلىدىغان جاينىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىشى (ئۈچۈندۇر).

36ـ سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە پەقەت دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپە-ئەتلىرىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات بولسا ئىمان ئېيتقان ۋە رەببىگە

تايانغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَيَسۡتَجِيبُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضۡلِهِۦۚ وَٱلۡكَٰفِرُونَ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ پەزل-كەرەمىدىن ئۇلارغا (مۇكاپاتلىرىنى) ئاشۇرۇپ بېرىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى ئۆتتى. گويا بىراۋ شۇنداق دەپ سورايدۇكى، ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بەزى مۇئمىنلەر قىيىنچىلىق تارتىدۇ ۋە يوقسۇللۇقتا ياشايدۇ؟ ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ.

## تەپسىرى

ئەگەر ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ رىزقىنى بەك كەڭ قىلىۋەتسە، ئۇلار ئەلۋەتتە ھەددىدىن ئېشىپ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئارتۇق بايلىق بەزى ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى ھاكاۋۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. قارۇن بىلەن پىرئەۋننىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋىتى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. چۈنكى، قارۇن ئۆزىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى، ناھەق ئىش قىلغانلىقى ۋە بايلىقىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان. پىرئەۋن بولسا ئۆزىنىڭ مەنسىپىگە تايىنىپ ئىسرائىل ئەۋلادىغا زۇلۇم قىلغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا قارشى چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تېگىشلىك بولغان. زامانىمىزدىمۇ بۇنداق مىساللارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ئاللاھ تائالا رىزىقنى بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ھېكمەت بىلەن تەقسىم قىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانىڭ رىزىقلارنى تەقسىم قىلىشتىكى ھېكمىتىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما دۇئانىڭ نەتىجىسىنىڭ تېز كۆرۈلمىگەنلىكى بۇ

---

[1] شۇرا سۈرىسى: 26ـ ئايەت.

دۇئانىڭ قوبۇل بولمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىنتايىن كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بىر ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئىشقىلىپ ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان دۇئالار ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، دۇئانىڭ نەتىجىسى يا دەرھال كۆرۈلىدۇ، ياكى كېيىنچە ئەمەلگە ئاشىدۇ، ياكى شۇ دۇئا سەۋەبلىك بالا-قازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ ۋەياكى بەندىنىڭ ساۋابلىق ئەمەللىرى قاتارىدا يېزىپ قويۇلىدۇ. بەزىدە ئىنسانلار يامان كۆرىدىغان شۇ يوقسۇللۇقمۇ ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن بەندىلىرىدىن كىمگە بايلىقنىڭ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمگە زىيىنى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا بايلىقنى ۋە رىزىقنى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە ئېھتىياجىغا مۇناسىپ شەكىلدە تەقسىم قىلىدۇ. مال-دۇنيا كۆپ بېرىلسە، خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغان ۋە شۇ مال-دۇنيانىڭ سەۋەبى بىلەن توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدىغانلارنى ئاللاھ تائالا بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا نورمال تۇرمۇشتا ئۆتۈشنى نېسىپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بەزى بەندىلىرىگە مال-دۇنيا كۆپ بېرىلسە، بۇ مال-دۇنيا بىلەن كۆپ ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا مال-دۇنيانى كۆپ بېرىدۇ. بەزىدە بىراۋلارنى جازالىماقچى بولسىمۇ، ئۇلارغا مال-دۇنيانى كۆپ بېرىدۇ-دە، ئاندىن مال-دۇنيا ئۇنى قارۇنچە مۇتەكەببىرلىككە ئېلىپ بارغاندا، ئۇنى ئىبرەتلىك ھالدا جازالايدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىدا ئەلۋەتتە ھېكمەت بار، بۇ تەقسىماتتا چوقۇم بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىنسانلار سۇسىزلىقتىن زارلانغان ۋە يامغۇر يېغىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى يايىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەزل-كەرەمى كۆپ، ياخشىلىقلىرى مول ۋە مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەدەتكار زاتتۇر.

يەنە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە ئىلىم-ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى كائىناتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ بېكىتكەن نىزامى بويىچە داۋام قىلىشى، ئاسماندا ۋە يەر يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ئالەملەرنى، جانلىقلارنى ياراتقانلىقى ۋە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلىپ بولالمايدىغان مەۋجۇداتلارنى ياراتقانلىقىدۇر.

ئاسترونومىيە ئالىملىرى بىز ياشاۋاتقان يەرشارىدىن باشقا پىلانىتلار-دىمۇ ھاياتلىق بارلىقىنى سۆزلىمەكتە. ئالىملارنىڭ بۇ سۆزى ﴿ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرى ئاسمانلارنى، زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقانلىقى ۋە بۇ ئىككىسىدە جانلىقلارنى تارقىتىۋەتكەنلىكىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى تەستىقلىماقتا. چۈنكى، ئايەت جانلىقلارنىڭ زېمىندىلا ئەمەس، بەلكى زېمىندىن باشقا جايلاردىمۇ بارلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن ھەرقانداق بىر مۇسىبەت ياكى خاپىلىق ۋەياكى بالايىئاپەت پەقەت ئۆز قولۇڭلار بىلەن سادىر قىلغان گۇناھلىرىڭلار يۈزىسىدىن بولىدۇ. ئىنسانلارغا كۆپلىگەن مۇسىبەتلەرنىڭ ۋە خاپىلىقلارنىڭ سەۋەبلىرى مەلۇم بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇچۇن بۇلار ناھايىتى ئېنىقتۇر ۋە مەلۇمدۇر.

ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا بېرىپ، ئۇنى ئاخىرەتكە گۇناھلاردىن پاك قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بەزى كېسەللەر بۇنىڭ مىسالى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىنى كېسەل تارتقۇزۇپ تەۋبە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى گۇناھلىرىدىن پاكلاپ، ساۋابىنى ئاشۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتقان كىشىنىڭ گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ، ساۋابى كۆپىيىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَرَادَ اللّٰهُ بِعَبْدِهِ الْخَيْرَ عَجَّلَ لَهُ الْعُقُوبَةَ فِي الدُّنْيَا وَإِذَا أَرَادَ اللّٰهُ بِعَبْدِهِ الشَّرَّ أَمْسَكَ عَنْهُ بِذَنْبِهِ حَتَّى يُوَافِيَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» يەنى «ئاللاھ بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادا بېرىدۇ، ئاللاھ بىرەر بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئاخىرەتتە بېرىدۇ»[1]. ئەمما بەزى گۇناھلارنىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا جازالىنىش بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە قالىدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن ئەپۇ قىلسا، ئاخىرەتتىمۇ جازالانمايدۇ[2].

ئاللاھ تائالا يەنە نۇرغۇن گۇناھلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، بۇ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنى جازالاشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى جازالىمايدۇ، ئەمما بىراۋلارنى جازالىماقچى بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى، گۇناھكارلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر.

[1] «سنن الترمذي» 4- توم، 179- بەت، 2396- ھەدىس.
[2] «الإسلام سؤال وجواب» 253120- نومۇرلۇق سوئال.

يەنە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى تاغدەك چوڭ كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ قاتناپ يۈرۈشىدۇر. بۇ كېمىلەر ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ يىراق مۇساپىلەرنى باسىدۇ، بۇ كېمىلەرنى سۇ ئۈستىدە ماڭدۇرغۇچى زات ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادۇر.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدە، ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىشتا، نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىگە ئالدىنىپ گۇناھ سادىر قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلاشتا ناھايىتى چىداملىق، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە، بالالارغا ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىدىغان، ئېرىشكەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدىغان ھەربىر مۇئمىن بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەر بار. شەكسىزكى، ئەڭ ياخشى بەندە قىيىن سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە سەۋر قىلىشنى، نېمەتكە ئېرىشسە شۈكۈر قىلىشنى بىلىدىغان مۇئمىن ئادەمدۇر. مۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىدىن ئىبرەت ئالىدىغان، ھەربىر ئالامەت ئۈستىدە ئەقلىنى ئىشلىتىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان ھەقىقىي مۇئمىن ئادەمدۇر.

ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، قاتتىق بوراننى ئەۋەتىش ئارقىلىق كېمىنى ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، نەتىجىدە، ئۇلارنى سۇدا غەرق قىلىۋەتمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە يولسىزلىق بىلەن دەتالاش قىلىشىدىغان كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى بىلىشى ۋە ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان چاغدا، قاتتىق بوران كېلىپ ئۇلارنى كېمىسى بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىۋەتكىلى تاس قالغاندا، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سۇدا غەرق قىلىپ جازالىماقچى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ۋە قاچىدىغان يېرى يوقلۇقىنى بىلىپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. ئەپسۇسكى، كاپىرلار بۇنداق ئېغىر كۈنلەر بېشىغا كەلسىمۇ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ، ئويلاپ باقمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانى يەنىلا تونۇمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادا ئېرىشكەن ھەر نەرسىنى ۋە بالا-قازالاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئاللاھ تائالادىن دەپ بىلمەيدۇ، بەلكى بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىدىن ۋە قىلغان سەۋەبلىرىدىن دەپ

بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆلۈم كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ كەلگەن شۇنداق دەھشەتلىك ۋاقىتلاردا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن بىلەن، قۇتۇلغان ھامان ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ: «ئۆز چارە-تەدبىرىم بىلەن قۇتۇلدۇم، بۇنىڭغا ئۆز بىلىم سەۋىيەم سايىسىدا ئېرىشتىم» دەپ كۆرەڭلەيدۇ. بۇ ھەر زامان كاپىرلىرىنىڭ ئورتاق سۆزىدۇر.

ئى كاپىرلار! سىلەر ئېرىشكەن ئاز-تولا بىلىمگە ۋە قولۇڭلارغا كەلگەن مال-دۇنياغا كۆرەڭلەپ كەتمەڭلار. چۈنكى، سىلەر ئېرىشكەن ۋاقىتلىق مال-دۇنيا، ئابرۇي-شۆھرەت، باياشاتلىق تۇرمۇش ۋە مەنسەپ قاتارلىق نەرسىلەر بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىدۇر، خالاس. ئەمما ئىمان ئېيتقان ۋە ھەر ئىشتا رەببىگە تەۋەككۇل قىلغان مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتلىرى، نېمەتلىرى ئەڭ ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالانىڭ رىزىقلارنى ئۆلچەملىك چۈشۈرۈشى ۋە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشى يەر يۈزىنى بۇزغۇنچىلىقلاردىن ساقلاش ۋە ئىنسانلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈندۇر.

**2.** يامغۇر ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قاقاس زېمىن يېشىللىققا ئايلىنىدۇ ۋە ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ.

**3.** ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان خاپىلىقلار ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كېلىدۇ.

**4.** ئاللاھ تائالا بەزىبىر كىچىك گۇناھلارنى تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ.

**5.** ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا چىدامچان بولۇش، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان زىيان-زەخمەتلەرگە ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب كۈتۈش ۋە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق ئەمەللەردۇر.

**6.** ئىنساننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى كار قىلمىغاندا، ئۇ رەببىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ.

**7.** بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىغان مەڭگۈلۈك نېمەتلەر ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ.

### مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى، مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارنىڭ جازاسى

﴿وَٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُواْ هُمۡ
يَغۡفِرُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱلَّذِينَ ٱسۡتَجَابُواْ لِرَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَمۡرُهُمۡ
شُورَىٰ بَيۡنَهُمۡ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَابَهُمُ
ٱلۡبَغۡيُ هُمۡ يَنتَصِرُونَ ﴿٣٩﴾ وَجَزَٰٓؤُاْ سَيِّئَةٖ سَيِّئَةٞ مِّثۡلُهَاۖ فَمَنۡ عَفَا
وَأَصۡلَحَ فَأَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾ وَلَمَنِ ٱنتَصَرَ
بَعۡدَ ظُلۡمِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَا عَلَيۡهِم مِّن سَبِيلٍ ﴿٤١﴾ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى
ٱلَّذِينَ يَظۡلِمُونَ ٱلنَّاسَ وَيَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ
عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٤٢﴾ وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ ﴿٤٣﴾
وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن وَلِيّٖ مِّنۢ بَعۡدِهِۦۗ وَتَرَى ٱلظَّٰلِمِينَ لَمَّا
رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَ يَقُولُونَ هَلۡ إِلَىٰ مَرَدّٖ مِّن سَبِيلٖ ﴿٤٤﴾ وَتَرَىٰهُمۡ يُعۡرَضُونَ
عَلَيۡهَا خَٰشِعِينَ مِنَ ٱلذُّلِّ يَنظُرُونَ مِن طَرۡفٍ خَفِيّٖۗ وَقَالَ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوٓاْ إِنَّ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَأَهۡلِيهِمۡ يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِۗ أَلَآ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ فِي عَذَابٖ مُّقِيمٖ ﴿٤٥﴾ وَمَا كَانَ لَهُم مِّنۡ
أَوۡلِيَآءَ يَنصُرُونَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِۗ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن
سَبِيلٍ ﴿٤٦﴾﴾

### تەرجىمىسى

**37ـ39ـ** ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىدىغان، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغان، رەببىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، ئىشلىرىنى ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەردۇر.

**40ـ**بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر، كىمكى (يامانلىق قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۇنىڭ بىلەن ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ

ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ زالىملارنى ياقتۇرمايدۇ.

41ـ كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن (يوللۇق ھالدا) ئىنتىقام ئالسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.

42ـ ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ناھەق زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغانلاردۇر. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

43ـ كىمكى سەۋر قىلسا ۋە ئەپۇ قىلسا (بىلسۇنكى)، بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.

44ـ ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇ ئادەمگە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىگە يوقتۇر. زالىملارنىڭ ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «(دۇنياغا) قايتىشقا يول بارمىدۇ؟» دەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

45ـ يەنە ئۇلارنىڭ خارلىقتىن بېشىنى ساڭگىلاتقان ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يوشۇرۇن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. (بۇ چاغدا) مۇئمىنلەر: «شۈبھىسىزكى، ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە زىيان سالغۇچىلاردۇر» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن دائىملىق ئازابتىدۇر.

46ـ ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان مەدەتكارلىرى يوقتۇر. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر (نىجاتلىق) يولى بولمايدۇ.

## تەپسىرى

ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەلپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە تەييارلىغان مۇكاپاتلىرى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ياخشى ۋە مەڭگۈلۈك مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇلار ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان ۋە قاتتىق ئازاب قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن چوڭ گۇناھلاردىن، قەبىھ ئىشلاردىن، ھەرقانداق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئەخلاقسىزلىقلاردىن ۋە ھاياسىزلىقلاردىن يىراق تۇرىدىغان، بىراۋلارغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ دەرغەزەپ بولغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتەلەيدىغان، نەپسىنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقتىن مەنئى قىلا-لايدىغان، رەببىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا تولۇق بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا تولۇپ-

تاشقان مۇھەببەت ۋە تامامەن رازىمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىدىغان، نامازلىرىنى ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق قارارلاشتۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

بۇ ئايەتلەرگە قارايدىغان بولساق، مۆئمىنلەرنى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىدىغان ۋە ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان ئىتائەتمەن كىشىلەر دەپلا سۈپەتلىمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىشلىرىنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش بىلەن قارارلاشتۇرىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى كېڭەش بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقى كېلىدۇ. چۈنكى، كېڭىشىش ۋە ھەر ئىشنى مەسلىھەت-لىشىپ قىلىش ئىسلام پىرىنسىپلىرىدىن بىرى ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى بولغىنىدەك، چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشمۇ مۆئمىنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنالماسلىق مۆئمىنلىك سۈپەتكە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى سۈپەتلىگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى ۝٣١ ٱلَّذِينَ يَجۡتَنِبُونَ كَبَٰٓئِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡفَوَٰحِشَ إِلَّا ٱللَّمَمَۚ إِنَّ رَبَّكَ وَٰسِعُ ٱلۡمَغۡفِرَةِۚ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (ئۇلارنى) يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالاش، (تائەت-ئىبادەتلەرنى) مۇكەممەل قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن تارتۇقلاش ئۈچۈن (ياراتتى). ئۇلار كىچىك گۇناھلاردىن خالىي بولالمىسىمۇ، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر، شەكسىزكى، رەببىڭ مەغپىرىتى كەڭ زاتتۇر﴾[1].

مەلۇمكى، ئىسلام شەرىئىتىدە كىشىلەرنى بەختلىك قىلىش ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشىتىش ئۈچۈن ھازىرقى ساختا دېموكراتىيەدىن ۋە سەھنىدىن چۈشكەن سوتسىيالىزمدىن ئەلۋەتتە ياخشى قانۇن-پىرىنسىپلار ۋە چارىلەر بار. مەسىلەن: ئىسلام پىرىنسىپلىرىدىن بىرى كېڭەش دېموكراتىيەدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَشَاوِرۡهُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِۖ﴾ يەنى ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾[2] دەپ ئەمر قىلىش ئارقىلىق ھەققىدە ۋەھيى كەلمىگەن مەسىلىلەرنى ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىشنى ۋە كېڭەش بىلەن قارار چىقىرىشنى ئۆگەتكەن.

---

[1] نەجم سۈرىسى: 32-31 - ئايەتلەر.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 159-ئايەت.

مۇسۇلمانلار شۇنىڭدىن باشلاپ ئىشلىرىنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ قىلىدىغان ۋە مەسىلىلەرنى كېڭىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان بولۇپ، دۇنيادا تۇنجى قېتىم ھازىرقى دېموكراتىيەدىنمۇ ئەۋزەل بىر كېڭەش قانۇنىنى ھاياتلىق ساھەلىرىدە تەتبىق قىلغان. ئىسلامدىكى بۇ كېڭەش قانۇنى دىكتاتورلۇققا خاتىمە بېرىدىغان ئەڭ ئادالەتلىك قانۇن بولۇپ، قاچانكى مۇسۇلمانلار غەپلەتتىن ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرىنى يول قىلىپ ماڭىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم قەد كۆتۈرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى مۆئمىنلەرگە سەلتەنەت ئاتا قىلىش، دۇنيادا ئۇلارنى كۈچلۈك ۋە ئەزىز قىلىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسى بار.

ئىسلام پەرزلىرىدىن بولغان زاكاتقا كەلسەك، بۇ ئىجتىمائىي پەرز بولۇپ، جەمئىيەتتىكى پېقىرلىققا ۋە يوقسۇللۇققا خاتىمە بېرىشنى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ۋە ياردەملىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. زاكات ئىسلامنىڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، زاكاتنى بېرىش ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر ئىنسانلار ئىسلام قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، زاكاتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان بولسا، بايلار بىلەن يوقسۇللار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ئۆزلۈكىدىن ئازىيىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە دۈشمەنلىشىش دوستلۇققا ۋە ساداقەتكە ئۆزگىرىدۇ. گەرچە زاكات بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇ نامازنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، كۆپلىگەن ئايەتلەردە ناماز بىلەن بىللە بايان قىلىنىپ كەلگەن.

«قۇرئان كەرىم» يەنە ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن پەخىرلىنىش، دىنىنى قوغداشتا غەيرەتلىك بولۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا مۆئمىن ئادەم ناھەقچىلىككە ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى. ئەمما دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارنى ۋە ئاللاھ تائالا بېكىتكەن چەك-چېگراغا رىئايە قىلمىغانلارنى كەچۈرمەيتتى ۋە مۇنداقلارغا قاتتىق ئاچچىقلىناتتى.

كىشىلەرنى كەچۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش پەزىلەتتۇر. ئەمما ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش، زۇلۇمغا قاراپ تۇرۇش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئەمەس. ناۋادا ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلاردىن

ئىنتىقام ئالماسلىق يامانلىق قىلغۇچىنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولسا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ خارلىنىشىغا ۋەياكى ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىققا ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش پەرزدۇر.

ئەمما ئىنتىقام ئېلىش قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر. كىمكى (يامانلىق قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۇنىڭ بىلەن ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ﴾ يەنى بىر يامانلىققا بىر جازا بېرىلىدۇ، ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنتىقام ئالدىم دەپ ئارتۇقچە يامانلىق قىلىش يولسىزلىق قىلغانلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ. ئۆزىگە يامانلىق قىلغاننى كەچۈرۈۋەتكەن ۋە يامانلىق قىلغۇچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىنى تۈزىگەنلەرنى ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا بۇ قىلغىنى ئۈچۈن ئەلۋەتتە تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ. چۈنكى، ئەپۇ قىلىش ئالىيجانابلىقتۇر ۋە تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر.

ھەققىنى ئېلىۋالغان كىشىدىن ھەققىنى قايتۇرۇپ ئېلىش، يامانلىق قىلغان كىشىگە شۇ يامانلىقنىڭ جازاسىنى تەلەپ قىلىش، جانغا جان، قانغا قان ئېلىش ئۈچۈن قىساس تەلەپ قىلىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ھەركىمنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. مۇنداق قىلغانلار ئەيىبلەنمەيدۇ. ئەمما ھەركىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قىساس ئېلىش ۋە بىرلىرىنى جازالاش ھەققى يوق. چۈنكى، قىساس ئېلىش ۋە جازالاش ئىشلىرىنى ئىسلام تەتبىق قىلىنىدىغان دۆلەتلەردە ئىسلام مەھكىمىسى، باشقا دۆلەتلەردە شۇ دۆلەتلەرنىڭ سوت ئورگانلىرى ئىجرا قىلىدۇ. كىشىلەرگە ناھەق ئەزىيەت يەتكۈزگۈچىلەر، يامانلىق قىلغۇچىلار، يەر يۈزىدە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغۇچىلار ۋە دۈشمەنلىكنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغۇچىلار ئەلۋەتتە جازالىنىشقا ۋە ئەيىبلىنىشكە لايىقتۇر.

ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن ئادەم ئىرادىلىك ۋە ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ ئىشىنى قىلغان بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئەپۇ قىلغىنى ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك، قىممەتكە ئىگە ئىشلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَيْسَ الشَّدِيدُ بِالصُّرَعَةِ إِنَّمَا الشَّدِيدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ» يەنى «ھەقىقىي كۈچلۈك بىراۋنى يىقىتقان كىشى ئەمەس،

بەلكى غەزەپلەنگەندە ئاچچىقىنى يۇتقان كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ھەقىقەتتىن يىراقلىقى، يامانلىققا مايىللىقى ۋە ھىدايەتكە قىزىقمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئازغۇنلارنىڭ قاتارىدىن قىلىۋەتكەن بىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر. ئازغۇنلار ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇقنى ئارتۇق كۆرۈش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلاردۇر. ئۇلار قىيامەت كۈنىدە، پەيغەمبەرلەر بۇ دۇنيادا كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، دۇنيادا ھاياتىنى ئىمانسىز ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ ياخشىلاردىن بولۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ھەيھات! ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق بىر پۇرسەت ئەسلا يوقتۇر.

ئۇلار ئاخىرەتكە بېرىشتىن ئاۋۋال قەبرىلىرىدىمۇ ھەر ئەتىگىنى-ئاخشىمى خارلانغان ۋە قورقۇنچتىن تىترىگەن ھالدا ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار دوزاخقا ھەيدەپ مېڭىلغان چاغدىمۇ، قورقۇنچتىن ۋە خارلىقتىن باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ۋە دوزاخقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يوشۇرۇنچە قارىغان ھالدا دوزاختا رەسمىي ئازابلىنىشتىن ئاۋۋال مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ.

قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەر ئېيتىدۇكى، ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار مۇشۇ كۈندە زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار جەننەتتىن مەھرۇم بولۇپ دوزاخقا لايىق بولۇش بىلەن ئۆزلىرىنى ۋە ئەھلى-ئەۋلادلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئەھلى-ئەۋلادلىرى جەننەت ئەھلى بولسا، ئۇلار ئۆزلىرى دوزاخ ئەھلى بولغانلىقتىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەھلى-ئەۋلادىمۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، ئۇلاردىن پايدا يوق. چۈنكى، ئۇ كۈندە ئۇلار بىر-بىرىدىن يىراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. راستتىنلا ھەقىقىي زىيان ئاخىرەتتە زىيان تارتىشتۇر. بۇنىڭدىن چوڭ ۋە بۇنىڭدىن قاتتىق زىيان بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا بىزگە بۇنىڭدىن پاناھ بەرگەي، ئامىن.

ئىماندىن كۇفرىنى ئەۋزەل كۆرۈش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلار ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابقا مەھكۇم بولۇپ، قاتتىق ئازابتا قالىدۇ. ئۇ

[1] «صحيح البخاري» 8 - توم 48 - بەت 6167- ھەدىس، «صحيح مسلم» 8-توم، 42-بەت، 6878 - ھەدىس.

چاغدا ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىرەر مەدەتكار ياكى شاپائەتچى چىقمايدۇ. دېمەك، ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان بىرىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. مۇنداقلارنىڭ ياخشىلىققا يول ئېلىشى ۋە نىجاتلىق يولىنى تېپىشى مۇمكىن ئەمەس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئەڭ مۇكەممەل شەخسلەر بۇ سۈرىنىڭ 36ـ37ـ38ـ ۋە 39ـ ئايەتلىرىدە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەردۇر.

**2.** قىساس ئېلىش ۋە قاتىلنى جازالاش ئىلاھىي ئادالەتتۇر.

**3.** يولسىزلىق قىلغۇچىدىن ۋە زۇلۇم قىلغۇچىدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغان ئادەم ئەيىبلەنمەيدۇ. ئەمما ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، ھاراقكەشنى قامچىلاش، زىناخورنى جازالاش ۋە تۆھمەتخورنى ئەدەپلەش قاتارلىق جازالارنى ئىسلام ھاكىمىيىتى بار دۆلەتلەردە ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن مەخسۇس ئورگان ئىجرا قىلىدۇ. ئىسلام ھاكىمىيىتى بولمىغان جايلاردا بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە قالدۇرۇلىدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا خالىسا جازالايدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ.

**4.** كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە مۇكاپاتى چوڭدۇر.

**5.** زۇلۇم قىلغۇچىنى زۇلۇمدىن مەنئى قىلىش ۋە ئۇنىڭ زۇلۇم قىلىش يولىنى توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

**6.** مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىنى كەچۈرۈۋېتىشى ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**7.** ئەڭ چوڭ زىيانكارلىق دوزاختا مەڭگۈ قېلىش ۋە جەننەتتىن مەھرۇم قېلىشتۇر.

### ◄ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا قايتىدۇ

﴿ٱسْتَجِيبُوا۟ لِرَبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لَّا مَرَدَّ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۚ مَا لَكُم مِّن مَّلْجَإٍ يَوْمَئِذٍ وَمَا لَكُم مِّن نَّكِيرٍ ﴿٤٧﴾ فَإِنْ أَعْرَضُوا۟ فَمَآ

أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظًاۖ إِنۡ عَلَيۡكَ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُۗ وَإِنَّآ إِذَآ أَذَقۡنَا
ٱلۡإِنسَٰنَ مِنَّا رَحۡمَةً فَرِحَ بِهَاۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةُۢ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡ
فَإِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ كَفُورٞ ﴿٤٨﴾ لِّلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ
يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثٗا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوۡ يُزَوِّجُهُمۡ
ذُكۡرَانٗا وَإِنَٰثٗاۖ وَيَجۡعَلُ مَن يَشَآءُ عَقِيمًاۚ إِنَّهُۥ عَلِيمٞ قَدِيرٞ ﴿٥٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

47ـئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن، قايتۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار. ئۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. سىلەر (قىلمىشىڭلارنى) ئىنكار قىلالمايسىلەر.

48ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر بىز ئىنسانغا دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ خۇش بولۇپ كېتىدۇ، قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە (نېمەتنى ئۇنتۇيدۇ). چۈنكى، ئىنسان تولىمۇ تۇزكوردۇر.

49ـئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ.

50ـياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى پەرزەنت كۆرمەيدىغان قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن، توسۇۋالغىلى ياكى قايتۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان، مال-دۇنيا ياكى پەرزەنتلەر ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىغا كىرىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، قىيامەت كۈندە چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىسىلەر. ئۇ چاغدا سىلەرگە ئازابتىن قاچىدىغان جاي تېپىلمايدۇ، سىلەرنى ئاللاھ

تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچقانداق بىر مەدەتكار چىقمايدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَمَا لَكُم مِّنْ نَّكِيرٍ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئۇنىڭغا «سىلەرگە ياردەم قىلىدىغان ھېچقانداق بىر مەدەتكار چىقمايدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان. بەزىسى «سىلەرگە چۈشكەن ئازابقا قارشى چىقىدىغان ھېچكىمنى تاپالمايسىلەر» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزىسى «سىلەر گۇناھىڭلارنى ئىنكار قىلالمايسىلەر» دەپ مەنە ئېيتقان[1]. تەپسىرى مۇيەسسەردە ئەڭ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش مەنە ئېيتىلغان. ئەمما بىز كېيىنكىسىنى تاللىدۇق.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بۇ كاپىرلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىۋەرسە ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈۋەرسە، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۆز ھالىغا تەرك ئەتكىن. چۈنكى، بىز سېنى ئۇلارنى خاتالىقلاردىن ۋە گۇناھتىن ساقلايدىغان ھامىي قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق ياكى سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق. سەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەرسەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ دىنني يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش بىزگە خاستۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئېتىقادى، يامان ئەمەللىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىز ئىنسانغا ئۆز دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، تولىمۇ مەغرۇرلىنىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبلىك بىرەر زىيان-زەخمەت ياكى مۇسىبەت يەتسە، ئۇ ئىنسان رەببىگە قارشى تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلىدۇ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان بارچە نېمەت ۋە ئىنئاملارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كاپىر ئىنسان ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانى تونۇغان، ئۇنىڭغا توغرا قاراشتا بولغان مۇئمىن ئادەم نېمەتكە ئېرىشسە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، ئاللاھ تائالاغا

---

[1] «تفسير القرطبي» 16- توم، 46- بەت.

بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىخلاسى ئېخىمۇ ئاشىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتسە ياكى نېمەت توختاپ قالسا سەۋر قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىدۇ. چۈنكى، ئۇ قازا ۋە قەدەرگە ئىمانى بار، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پايدا-زىيان ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشەنگەن كىشى بولغانلىقتىن، ھەممە ھالەتتە قانائەتچان بولىدۇ.

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى، ھۆكۈمرانلىقى بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ تائالا كائىناتتا ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ، خالىغىنىنى يارىتىدۇ، بىرلىرىگە ھايات بېرىدۇ، بىرلىرىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ھەممە جانلىقلارغا رىزىق بېرىدۇ، بىرلىرىگە ئىنئام قىلىدۇ، بىرلىرىنى مەھرۇم قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز بالىلارنىلا ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل بالىلارنى ياكى قىز-ئوغۇل ئارىلاشتۇرۇپ ئاتا قىلىدۇ، يەنە خالىغان كىشىلەرنى پەرزەنت كۆرمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ھەربىر ئىشنى ۋايىغا يەتكەن ھېكمەت ۋە دانالىق بىلەن قىلىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا كىم بۇنداق قىلالايدۇ؟!

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغۇچى ۋە مەھرۇم قىلغۇچى بولغان ئىكەن، ئىنسانىنىڭ «مەن بۇنىڭغا ئۆز بىلىمىم ۋە ئىقتىدارىم بىلەن ئېرىشتىم» دېيىشى توغرىمۇ؟ ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىنىڭ ئورنىغا مۇنداق تۈزكورلۇق قىلىشى، ئىتائەت قىلىشىنىڭ ئورنىغا تەكەببۇرلۇق قىلىشى توغرىمۇ؟ شەكسىزكى، بۇنداق قىلىش ھەرگىز توغرا ئەمەس!

ئىنسانىنىڭ بىرەر ئەزاسى كاردىن چىقسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن يورۇق دۇنيا زۇلمەت، يېگەن-ئىچكەنلىرى زەھەر بولۇپ كېتىدۇ، بارچە بەخت-سائادىتى نابۇت بولۇپ غەم-قايغۇغا ئايلىنىدۇ. ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا مۇھاپىزەت قىلىپ قوغداپ تۇرىدۇ. ئىنسان بۇنىڭ سايىسىدا ھاياتىنى بەھۇزۇر داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا قىلغان شۈكۈر-تەشەككۇرلىرى ئۇنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان بىر قېتىملىق تىنىقىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار جەننەتكە ئىبادەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن كىرەلەيدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، دۇنيادا تۈزكور ئىنسانلار ئىنتايىن كۆپتۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەق دىنىنى كىشىلەرگە توغرا رەۋىشتە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بار.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرى ھېكمەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتتىن ئىبارەتتۇر.

4. بەزى ئاياللار تۇغماس بولغاندەك، بەزى ئەرلەرمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەيدىغان كېلىدۇ.

### ۋەھيىنىڭ تۈرلىرى

﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ ٱللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَآيِٕ حِجَابٍ أَوْ
يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِىَ بِإِذْنِهِۦ مَا يَشَآءُۚ إِنَّهُۥ عَلِىٌّ حَكِيمٌ ﴿٥١﴾ وَكَذَٰلِكَ
أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَاۚ مَا كُنتَ تَدْرِى مَا ٱلْكِتَٰبُ وَلَا
ٱلْإِيمَٰنُ وَلَٰكِن جَعَلْنَٰهُ نُورًا نَّهْدِى بِهِۦ مَن نَّشَآءُ مِنْ عِبَادِنَاۚ
وَإِنَّكَ لَتَهْدِىٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٥٢﴾ صِرَٰطِ ٱللَّهِ ٱلَّذِى لَهُۥ مَا فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِۗ أَلَآ إِلَى ٱللَّهِ تَصِيرُ ٱلْأُمُورُ ﴿٥٣﴾﴾

### تەرجىمىسى

51ـ ئاللاھنىڭ بىرەر ئىنسانغا گەپ قىلىشى پەقەت ئىلھام ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىن ۋەياكى بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىرادىسى بىلەن (ئۇنىڭغا) خالىغىنىنى ۋەھيى قىلىش ئارقىلىقلا بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇستۇندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

52ـ53ـ (ئى پەيغەمبەر!) شۇنىڭدەك (يەنى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغىنىمىزدەك) ساڭىمۇ ئەمرىمىز بىلەن قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، (سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى) كىتابنىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ، لېكىن بىز ئۇ (قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت قىلىشىمىز ئۈچۈن بىر نۇر قىلدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى،

سەن ئەلۋەتتە توغرا يولغا-ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايسەن. (ئى ئىنسانلار!) بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ۋەھيى توغرۇلۇق، خۇسۇسەن «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق بايانلار بىلەن باشلاپ ئاخىرىنىمۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە قىلىنغان ئومۇمىي ۋەھيى بىلەن، خۇسۇسەن، ئاخىرقى پەيغەمبەر – ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيى بىلەن تۈگەتكەن.

## ◄ نازىل قىلىنىش سەۋەبى

ئەللامە قۇرتۇبىينىڭ بايان قىلىشىچە، بىر كۈنى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن راستتىنلا پەيغەمبەر بولساڭ، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇساغا ئوخشاش نىمىشقا ئاللاھ بىلەن سۆزلەشمەيسەن ۋە ئۇنى نىمىشقا كۆرمەيسەن؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «إن موسى لن ينظر إليه» يەنى «مۇسا ئاللاھنى كۆرگەن ئەمەس» دېگەن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەتلەر نازىل بولغان[1].

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا، بارلىق ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە تەڭداشسىزدۇر، يېگانىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئوخشىمايدۇ، ئۇمۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەر بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان بولىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھېچبىر جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىگە سۆز قىلماقچى بولغىنىدا، ئۇنىڭغا مۇنداق ئۈچ خىل تەرىقىنىڭ بىرى بىلەن سۆز قىلىدۇ: يا ئۇنىڭ قەلبىگە ئىلھام قىلىش ياكى ئۇنىڭغا پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىش ۋەياكى جىبرىلغا ئوخشىغان بىرەر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ، ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغانلىرىنى ۋەھيى قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە مۇشۇ ئۈچ

[1] «أسباب النزول للواحدي» 739- بەت، «تفسير القرطبي» 16- توم، 53-بەت.

خىل تەرىقىنىڭ بىرى بىلەن سۆز قىلغان. ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرى بۇ ئايەتكە ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەرگە، شۇنداقلا بۇ ماۋزۇدا كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ، ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىدا ۋە ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرنىڭ ئۇنى ئوپئوچۇق كۆرىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن. ئۇلار ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تَعَلَّمُوٓاْ أَنَّهُ لَنْ يَرَى أَحَدٌ مِنْكُمْ رَبَّهُ عَزَّ وَجَلَّ حَتَّى يَمُوتَ» يەنى «شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، سىلەردىن ھېچكىم ئۆلمىگۈچە رەببىنى كۆرەلمەيدۇ»[1] دېگەن ھەدىسىنى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمىگەنلىكىنى دەلىل قىلغان. مۆئمىنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانى كۆرىدىغانلىقىغا «فَإِنَّكُمْ تَرَوْنَهُ كَذَلِكَ» يەنى «سىلەر قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنى ئەنە شۇنداق (يەنى خۇددى ئايدىڭ كېچىدە تولۇن ئاينى، كۈندۈزدە قۇياشنى كۆر-گەندەك) ئوچۇق كۆرىسىلەر»[2] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ تۇرىسىنا تېغىدا ئاللاھ تائالاغا قارىماقچى بولغىنىدا ھوشىدىن كەتكەن. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى زاتتۇر.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئەنە شۇنداق ۋەھيى قىلىش تەرىقىمىز بويىچە، ئەمرىمىز بىلەن ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى ۋەھيى قىلدۇق.

ئاللاھ تائالا ﴿وَكَذَٰلِكَ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ رُوحٗا مِّنۡ أَمۡرِنَاۚ﴾ دېگەن ئايەتتە «قۇرئان كەرىم»نى ﴿رُوح﴾ (روھ) دەپ ئاتىغان. «قۇرئان كەرىم» راستتىنلا قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ياشناتقان روھتۇر. چۈنكى، ئادەم جان بىلەن ھايات بولغىنىدەك، ئادەم ئەزالىرىنىڭ مەركىزى بولغان قەلب – «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھاياتتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدىن بىر روھتۇر. چۈنكى، ئۇ مىلياردلىغان كىشىلەرنىڭ جاھالەتتىن ئۆلگەن قەلبىنى ئىمان روھى بىلەن تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنى كۇفرى-زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئىلىم-ئىرپاننىڭ يورۇق ساھىلىغا ئېلىپ چىقتى.

[1] «مسند الإمام أحمد» 39- توم، 76- بەت، 23672- ھەدىس.
[2] «صحيح البخاري»1-توم، 160-بەت، 806-ھەدىس.

كۆزى كور ئادەم بىلەن كۆرىدىغان ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ قاراڭغۇلۇق بىلەن نۇر باراۋەر بولامدۇ؟ تىرىك بىلەن ئۆلۈك ئوخشاشمۇ؟ ﴿وَمَا يَسْتَوِي ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ ﴿١٩﴾ وَلَا ٱلظُّلُمَـٰتُ وَلَا ٱلنُّورُ ﴿٢٠﴾ وَلَا ٱلظِّلُّ وَلَا ٱلْحَرُورُ ﴿٢١﴾ وَمَا يَسْتَوِي ٱلْأَحْيَآءُ وَلَا ٱلْأَمْوَٰتُ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُسْمِعُ مَن يَشَآءُ ۖ وَمَآ أَنتَ بِمُسْمِعٍ مَّن فِي ٱلْقُبُورِ﴾ يەنى ﴿كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، سايە بىلەن ئاپتاپ باراۋەر بولمايدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەرمۇ (باراۋەر بولمايدۇ). شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى دىللىرى ئۆلگەن كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن﴾[1].

خۇددى يامغۇر سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ قاقاس بولۇپ كەتكەن زېمىننى تىرىلدۈرۈپ ياشارتقاندەك، «قۇرئان كەرىم» مەنىۋى قاششاقلىقتىن، جاھالەتتىن ئۆلگەن قەلبلەرنى ۋەھيىنىڭ ھەۋزى كەۋسەرلىرى بىلەن تىرىلدۈرۈپ ياشارتتى، ئۇنى ئىمان، ھىدايەت ۋە ئىلىم-ئىرپان بىلەن بېزىدى. قىسقىسى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولدى، جاھالەتكە پاتقان مىللەتلەرگە ئىلىم-ئىرپاندىن ئىبارەت مەنىۋى ھاياتلىقنى ئاتا قىلدى.

﴿(سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى) كىتابنىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ﴾ يەنى ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! بۇ «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر. ساڭا بىز ئۇنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلدۇق. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سەن كىتاب دېگەن نېمە؟ ئىمان دېگەن نېمە؟ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيتتىڭ، بۇلاردىن خەۋىرىڭمۇ يوق ئىدى. مانا بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا بىرەر مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوقۇمىغان، خەت ئوقۇيالمايدىغان ۋە يازالمايدىغان بىر زات ئىدى. مۇشۇنداق بىر ساۋاتسىز ئادەمنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە ھەر جەھەتتىكى مۆجىزىلىرى بىلەن دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرغان، ئەدىبلەرنى تىز چۆكتۈرگەن، ئالىملارنى قايىل قىلغان مۇشۇنداق بىر كىتاب- «قۇرئان كەرىم»نى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىنمۇ؟ شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

ئەرەبلەرگە جەڭ (دۇئېل) ئېلان قىلىپ ئۇلارنى يەڭگەن ۋە ئۇلارنى

[1] فاتىر سۈرىسى: 19-22- ئايەتلەر.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە ئوخشايدىغان ئون ئايەتنى ئىجاد قىلىپ مەيدانغا چىقىرىشتىن ئاجىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بۇ كارامەتلىك «قۇرئان كەرىم»نى ھاياتنىڭ ھەر ساھەلىرىنى نادانلىق بىلەن جاھالەت قاپلاپ كەتكەن بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك ئوقۇمىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يېزىپ چىقىشى مۇمكىنمۇ؟

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ۋە ھىدايەت بىلەن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن، تەقلىدچىلىكتىن خالىي ھالدا، ئۆز ئەقلى بىلەن ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىنساننى قايىل قىلالايدىغان، ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلىشنى خالىغانلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان نۇرلۇق كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭغا نازىل قىلدى. شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت يېتەكچىسىدۇر. ﴿إِنَّ هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَهْدِى لِلَّتِى هِىَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ قۇرئان (ئىنسانلارنى) ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴾[1].

توغرا، ئاللاھ تائالادىن بىر روھ ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن بىر نۇر بولغان بۇ «قۇرئان كەرىم» ھاياتلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەنلەرنى ئەڭ توغرا يولغا ـ ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ يولىغا باشلايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نىڭ جانلاندۇرۇلغان ھالىتىدۇر. چۈنكى، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تەتبىق قىلىپ ياشاتقان زاتتۇر. ئۇ بارچە ياخشىلىقلارنىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل- پەزىلەتلەرنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسىدۇر. جانابى ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ۋەھيى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ دىلىغا ئىلھام قىلىشى ياكى پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىشى ۋەياكى جىبرىل ئارقىلىق ۋەھيى ئەۋەتىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 9ـ ئايەت.

2. «قۇرئان كەرىم» ئۆلۈك دىللارنى تىرىلدۈرىدىغان ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. خۇددى يامغۇر قاقاس يەرنى تىرىلدۈرگەندەك، «قۇرئان كەرىم» قاشاقلىقتىن چاڭقىغان دىللارنى ئىمان بىلەن تىرىلدۈرىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» ھاياتلىق يولىنى يورۇتقۇچى نۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توغرا يولنى تاپقىلى ۋە بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. جانابى ئاللاھ تائالادىن بىزلەرنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرىدىن تولۇق پايدىلانغۇچىلاردىن قىلىشنى تىلەيمىز، ئامىن.

# زۇخرۇف سۈرىسى

زۇخرۇف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 89 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-پاكىتلار بايان قىلىنغان. بۇ سۈرە باتىل ئەقىدىلەرگە ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بېرىش ئارقىلىق تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ھەقلىقىنى تەكىتلەشتە، ئاندىن مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى بايان قىلىشتا قانائەتلىك دەلىل-پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان سۈرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: «قۇرئان كەرىم» ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە جاھىلىيەتنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇر-لىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 35-ئايەتتە كەلگەن ﴿وَزُخْرُفًا﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، «زخرف» «ئالتۇن، زىبۇزىننەت» دېگەن مەنىنى ئىپا-دىلەيدۇ.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» ۋە قۇرەيشلەر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿حمٓ ١ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ٢ إِنَّا جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ
تَعۡقِلُونَ ٣ وَإِنَّهُۥ فِيٓ أُمِّ ٱلۡكِتَٰبِ لَدَيۡنَا لَعَلِيٌّ حَكِيمٌ ٤ أَفَنَضۡرِبُ
عَنكُمُ ٱلذِّكۡرَ صَفۡحًا أَن كُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّسۡرِفِينَ ٥ وَكَمۡ أَرۡسَلۡنَا مِن

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 382- بەت.

نَّبِيٍّ فِي ٱلۡأَوَّلِينَ ٦ وَمَا يَأۡتِيهِم مِّن نَّبِيٍّ إِلَّا كَانُواْ بِهِۦ يَسۡتَهۡزِءُونَ
٧ فَأَهۡلَكۡنَآ أَشَدَّ مِنۡهُم بَطۡشٗا وَمَضَىٰ مَثَلُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٨

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ھامىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ3ـ (بۇ) روشەن كىتاب بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ھەقىقەتەن بىز ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق.

4ـ شەكسىزكى، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئورۇن ئالغان)، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھېكمەتلىك كىتابتۇر.

5ـ سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك قۇرئاننى نازىل قىلىشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟

6ـ ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق.

7ـ ئۇلار ئۆزلىرىگە قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى.

8ـ بىز كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بۇلار (يەنى مەككىلىكلەر)دىن ئۈستۈن بولغانلارنىمۇ ھالاك قىلدۇق، ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرى (قۇرئاندا) ئۆتتى.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن تەكىتلەپ دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بۇ مەنىسى ئېنىق، ئايەتلىرى روشەن كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى چۈشەنسۇن، مەنىسىنى بىلسۇن ۋە ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى بىلسۇن دەپ، بىز ئۇنى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىپ ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى «قۇرئان كەرىم»گە قارىتىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەسەم قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ قەسەم ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەركىم چۈشىنەلەيدىغان، ناھايىتى ئوچۇق ۋە مەنىسى ئېنىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. چۈنكى، ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى

ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان بۇ كىتاب ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە نازىل قىلىنغان كىتاب بولغانلىقتىن، ئەرەبلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئوڭاي، مەزمۇنلىرى ئوچۇق، ئايەتلىرى ئىنتايىن روشەن ئىدى. ئادەتتە قەسەم ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈنلا قىلىنىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە قەسەم بىلەن تەكىتلەنگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتا ئۇنى قەسەم بىلەن باشلىغان.

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى «لەۋھۇلمەھپۇز» ناملىق كاتتا دىۋاندا ساقلانغان ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، مەرتىۋىسى يۇقىرى بىر كىتابتۇر. ﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ مِنَ ٱلۡكِتَٰبِ وَمُهَيۡمِنًا عَلَيۡهِۖ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[1].

﴿سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك قۇرئاننى نازىل قىلىشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟﴾ دېگەن ئايەت ئالدى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك مۇشرىكلارغا، ئاندىن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان خىتابتۇر. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلار «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىشتا ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى كۈچەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئىنكارىمۇ كۈچىيىپ بارغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ ئايەت بىلەن رەددىيە بەرگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَفَنَضۡرِبُ عَنكُمُ ٱلذِّكۡرَ صَفۡحًا أَن كُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّسۡرِفِينَ﴾ دېگەن. ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇپەسسىرلەرنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىل تەپسىرىنى بايان قىلغان:

بىرىنچىسى، «بىز سىلەرنى ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولۇپ كەتتى دەپ، سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ، سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟».

ئىككىنچىسى، «سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولغانلىقىڭلار

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 48-ئايەت.

سەۋەبلىك سىلەرگە قۇرئان بىلەن ۋەز- نەسىھەت قىلىشنى تاشلاپ قو-يامدۇق؟». ئەللامە تەبەريي ئالدىنقى تەپسىرنى كۈچلەندۈرگەن[1]. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىن ئىلگىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ قىسسىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىن شۇ مەنە چىقىدۇكى، ﴿أَفَنَضۡرِبُ عَنكُمُ ٱلذِّكۡرَ صَفۡحًا أَن كُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّسۡرِفِينَ﴾ دېگەن ئايەت ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنى قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتتۇر.

ئەللامە ھۇسەين ئىبنى مەسئۇد بەغەۋىي بۇ ئايەتكە: «بىز سىلەرنى ھەددىدىن ئاشقان قەۋم بولۇپ كەتتى دەپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىشنى توختىتامدۇق؟ سىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟»[2] دەپ مەنە ئېيتقان.

ئەللامە مۇھەممەد تاھىر ئاشۇر بۇ ئايەتكە: «بىز سىلەرنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر قەۋمدۇر، دەپ سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ، سىلەرگە قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىشنى تاشلاپ قويامدۇق؟»[3] دەپ مەنە ئېيتقان.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە دېيمىزكى، ئى مۇشرىكلار! بىز سىلەرنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتا گەدەنكەشلىك قىلدى ۋە ھەق دىننى ئىنكار قىلىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىدى، دەپ، سىلەرنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟ ئايەتلەرنى نازىل قىلىشنى توختىتامدۇق؟ دەۋەتنى ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىشنى توختىتىپ قويامدۇق؟ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئاڭلىتىشتىن ۋاز كېچەمدۇق؟ ياق! بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز، بەلكى سىلەرگە قىلىنىۋاتقان بۇ چاقىرىق، بۇ دەۋەت داۋاملىشىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى نازىل بولۇشتىن توختىمايدۇ، سىلەرنى كۇفرىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش توختاپ قالمايدۇ. سىلەردىن ياكى سىلەرنىڭ نەسلىڭلاردىن ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىدىغان، رەببىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغان، پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىدىغان ياخشى كىشىلەر چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنىڭ كۆپلىرىگە

[1] «تفسير الطبري»21-توم، 568-567-بەت.

[2] «تفسير البغوي» 7-توم، 206-بەت.

[3] «التحرير والتنوير لطاهر بن عاشور» 25-توم، 163-بەت.

ھىدايەت ئاتا قىلغانلىقتىن، ئۇلار ئىمان ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشتى، ئۇلارنىڭ ۋە باشقىلىرىنىڭ نەسلىدىن مۆئمىن ئەۋلادلار بارلىققا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە كۆپ كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەق دىنىنى تاماملاپ بەردى ۋە بۇ دىنىنى تاقىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان قىلىپ بېكىتتى.

ئى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ كەتمىگىن. بۇ سېنىڭ زامانىڭدىلا مەيدانغا كەلگەن بىر كۇفرىلىق ئەمەس. چۈنكى، ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن شۇنداق ئىنكار قىلىنغان، ھەتتا قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتسەك، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنى دەرھال ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققان. مانا بۇ كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ مەۋقەسى بولۇپ، مۇنداقلارغا قارىتا ئاللاھ تائالانىڭ تۇتقان يولى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كاپىرلارنى ھالاك قىلىۋېتىشتۇر. سەمۇد قەۋمىگە ئوخشىغان بەزى قەۋملەرنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان دىيارلىرى ھېلىھەم شۇ پېتى تۇرماقتا. ئۆتمۈشلەردە يۇرتلىرى بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىنغان قەۋملەرنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنى مەسخىرە قىلغان ۋە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان بەختسىز قەۋملەر ئىدى. ئى پەيغەمبەر! بىز ئاشۇ مەككىلىك ئەرەبلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان نۇر-غۇنلىغان قەۋملەرنى ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدۇق. بىز مەككىلىكلەرنىمۇ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ۋە يۇرتلىرىنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالاكەتلىرى توغرۇلۇق كۆپلىگەن مىساللار ۋە قىسسىلەر بايان قىلىنىدى. ئى مەككىلىكلەر! ئىبرەت ئالمام-سىلەر؟ ئاقىۋەتىڭلاردىن قورقمامسىلەر؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

2. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشتىن ئاۋۋال لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان كىتابتۇر.

**3.** ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققۇچىلار بولغانىدەك، بىز-نىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققۇچىلارمۇ ئاز بولمىغان.

**4.** ھەق دىنغا قارشى چىققۇچىلار ھەر زامان ھالاك بولۇپ كەلگەن.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بەزى نېمەتلىرى

﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ
ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٩﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا وَجَعَلَ لَكُمْ
فِيهَا سُبُلًا لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠﴾ وَٱلَّذِى نَزَّلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءًۢ بِقَدَرٍ
فَأَنشَرْنَا بِهِۦ بَلْدَةً مَّيْتًا ۚ كَذَٰلِكَ تُخْرَجُونَ ﴿١١﴾ وَٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْأَزْوَٰجَ
كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْفُلْكِ وَٱلْأَنْعَٰمِ مَا تَرْكَبُونَ ﴿١٢﴾ لِتَسْتَوُۥا۟
عَلَىٰ ظُهُورِهِۦ ثُمَّ تَذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا ٱسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا۟
سُبْحَٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا
لَمُنقَلِبُونَ ﴿١٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**9**-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم يا-راتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەممىگە غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ.

**10**-ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن زېمىننى سېلىنچا قىلغان، (كۆزلىگەن يېرىڭلارغا) يېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە يەر يۈزىدە (نۇرغۇن) يوللارنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر.

**11**-ئاللاھ بۇلۇتتىن ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق، سىلەرمۇ (قەبرەڭلەردىن) مۇشۇنداق چىقىرىلىسىلەر.

**12-14** ئاللاھ (مەخلۇقاتلاردىن) بارلىق تۈرلەرنى ياراتقان، سىلەرنىڭ چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چىققاندا ۋە مىنگەندە رەببىڭلارنىڭ

**نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (چىقىشقا ۋە مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېيىشىڭلار ئۈچۈندۇر.**

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن قەۋمىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟ مۇشۇ ئاجايىپ كائىناتنى كىم ياراتقان؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ﴿ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەممىگە غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتقان﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن باشقا توغرا جاۋاب يوقتۇر. گويا «قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلارنىڭ ھالىدىن ئەجەبلەنگەنلىكتىن ئۇلارغا كايىپ: «ئى مۇشرىكلار! سىلەر ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ ئىبادەتتە ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئىبادەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلمايسىلەر؟» دېمەكتە.

ئى ئىنسانلار! ئاسمان-زېمىننى ۋە بارلىق كائىناتنى ئۆرنەكسىز ياراتقان زات سىلەر ئۈچۈن زېمىننى سېلىنچا قىلىپ بەرگەن زاتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ سىلەر ئۈچۈن زېمىننى يەرلىشىشكە بولىدىغان، تەۋرەپ كەتمەيدىغان، چىداملىق قىلىپ يارىتىپ بەرگەن، يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن راھەت يۈرەلەيدىغان، كۆزلىگەن يېرىڭلارغا يېتىپ بارالايدىغان نۇرغۇن يوللارنى قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇ يەنە بۇلۇتلاردىن يامغۇرنى سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلارغا يېتەرلىك ئۆلچەمدە ياغدۇرۇپ بەرگەن، قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىنلەرنى شۇ يامغۇر سۈيى بىلەن تىرىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ياپيېشىل زىرائەتلەرنى چىقىرىپ بەرگەن زاتتۇر. سىلەرمۇ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن، قىيامەت كۈنى تىرىلىپ، قەبرەڭلاردىن ئەنە شۇ زىرائەتلەردەك چىقىرىلىسىلەر.

ئاللاھ تائالا سىلەر ئۈچۈن پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ جۈپلىرىنى يارىتىپ بەرگەن، سىلەرنىڭ سەپەرلىرىڭلاردا چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ئات، تۆگە، قېچىر ۋە ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇلارنى سىلەر ئۈچۈن شۇنداق يارىتىپ بەرگەنلىكى سىلەر ھەرقانداق بىر قاتناش قورالىغا چىققان چېغىڭلاردا، بۇ نېمەتنى ۋە بۇ ئۇڭايلىقنى يارىتىپ بەرگەن رەببىڭلار ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن، رەببىڭلارنى تىلىڭلار بىلەن، دىلىڭلار

بىلەن ئۇلۇغلىغان هالدا ﴿سُبْحَٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ يەنى ﴿بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا چىقىشقا ۋە مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز﴾ دېيىشىڭلار ئۈچۈندۇر. يەنى رەببىمىز ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆتمۈشلەردە دېڭىزدا يۈرۈشىمىز ئۈچۈن كېمە، قۇرۇقلۇقتا يۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئات، تۆگە، قېچىر، ئېشەك قاتارلىقلارنى، زامانىمىزدا بولسا ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوموبىل، پاراخوت قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، بىز ئۇلارغا ئېرىشىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىزگە بۇ قاتناش قوراللىرىنى يارىتىپ، ئاندىن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن رەببىمىز جىمى نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ھەممىمىز چوقۇم رەببىمىزنىڭ دەر-گاھىغا قايتقۇچىلارمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئات-ئۇلاغقا مىنگەندە ﴿بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ دەيتتى، ئاندىن ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ﴿سُبْحَٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى، ئاندىن «اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوَى وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى اللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَهُ اللَّهُمَّ أَنْتَ الصَّاحِبُ فِي السَّفَرِ وَالْخَلِيفَةُ فِي الأَهْلِ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ وَكَآبَةِ الْمَنْظَرِ وَسُوءِ الْمُنْقَلَبِ فِي الْمَالِ وَالأَهْلِ» يەنى «ئى ئاللاھ! بىز بۇ سەپىرىمىزدە بىزنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، تەقۋادارلىققا ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمىز، ئى ئاللاھ! بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇنىڭ يىراقلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئى ئاللاھ! سەن سەپەردە بىزنىڭ ھەمراھىمىز، ئائىلىمىزدە ئۇلارنى قوغدىغۇچىسەن، ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سىغىنىپ سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، غەم-قايغۇدىن، ئائىلىمىزگە ۋە پۇل-مېلىمىزغا زىيان-زەخمەت يېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇيتتى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن بىرگە «آيِبُونَ تَائِبُونَ عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ» يەنى «بىز ئاللاھ تەرەپكە قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى ۋە رەببىمىز ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلارمىز» دېگەن

دۇئانى ئوقۇيتتى[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىش كېيىنكى زاماندىكى كاپىرلارنىڭ ئاز-غۇنلۇقى بولۇپ، قەدىمدە ھېچكىم ئۇنى ئىنكار قىلمايتتى، ھەتتا باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارمۇ بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

ھەر نەرسىنىڭ جۈپ يارىتىلغانلىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋىرى بولۇپ، بۇنى ھازىرقى ئىلىم-پەنمۇ تەستىقلىماقتا. چۈنكى، ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ، ھەتتا ئاتوم مولېكولىسىنىڭمۇ جۈپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

قاتناش قوراللىرى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتتۇر.

قاتناش قوراللىرىغا چىققاندا، ﴿سُبْحَـٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَـٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ
مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇش، ئاندىن سەپەر
دۇئاسىنى قىلىش سۈننەتتۇر[2].

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئەقىدىسىگە رەددىيە

﴿وَجَعَلُوا۟ لَهُۥ مِنْ عِبَادِهِۦ جُزْءًا ۚ إِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ لَكَفُورٌ مُّبِينٌ ﴿١٥﴾ أَمِ
ٱتَّخَذَ مِمَّا يَخْلُقُ بَنَاتٍ وَأَصْفَىٰكُم بِٱلْبَنِينَ ﴿١٦﴾ وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم
بِمَا ضَرَبَ لِلرَّحْمَـٰنِ مَثَلًا ظَلَّ وَجْهُهُۥ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ ﴿١٧﴾ أَوَمَن
يُنَشَّؤُا۟ فِى ٱلْحِلْيَةِ وَهُوَ فِى ٱلْخِصَامِ غَيْرُ مُبِينٍ ﴿١٨﴾ وَجَعَلُوا۟ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ
ٱلَّذِينَ هُمْ عِبَـٰدُ ٱلرَّحْمَـٰنِ إِنَـٰثًا ۚ أَشَهِدُوا۟ خَلْقَهُمْ ۚ سَتُكْتَبُ شَهَـٰدَتُهُمْ
وَيُسْـَٔلُونَ ﴿١٩﴾ وَقَالُوا۟ لَوْ شَآءَ ٱلرَّحْمَـٰنُ مَا عَبَدْنَـٰهُم ۗ مَّا لَهُم بِذَٰلِكَ
مِنْ عِلْمٍ ۖ إِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿٢٠﴾ أَمْ ءَاتَيْنَـٰهُمْ كِتَـٰبًا مِّن قَبْلِهِۦ
فَهُم بِهِۦ مُسْتَمْسِكُونَ ﴿٢١﴾ بَلْ قَالُوٓا۟ إِنَّا وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٍ وَإِنَّا

---

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 104- بەت، 3339-ھەدىس.

[2] ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى ۋە ئىمام نەسائى قاتارلىقلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلاغقا مىنگەندە يۇقىرىقىلارنى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان.

عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّهۡتَدُونَ ﴿٢٢﴾ وَكَذَٰلِكَ مَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ فِي قَرۡيَةٖ
مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٖ وَإِنَّا عَلَىٰٓ
ءَاثَٰرِهِم مُّقۡتَدُونَ ﴿٢٣﴾ ۞ قَٰلَ أَوَلَوۡ جِئۡتُكُم بِأَهۡدَىٰ مِمَّا وَجَدتُّمۡ
عَلَيۡهِ ءَابَآءَكُمۡۖ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٢٤﴾ فَٱنتَقَمۡنَا
مِنۡهُمۡۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ﴿٢٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15ـ مۇشرىكلار (‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر› دەپ) ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئاللاھنىڭ بىر بۆلىكى قىلىشۋالدى. (بۇنداق) ئىنسان ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئوپئوچۇق كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

16ـ (ئى نادانلار!) ئاللاھ مەخلۇقاتتىن (ئۆزى ئۈچۈن) قىزلارنى (بالا) تۇتۇپ، ئوغۇللارنى سىلەرگە خاس قىلغانمىدۇ؟

17ـ ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆزلىرى رەھمان ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىشۋالغان قىز بالا بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلسە، قايغۇغا چۆمۈپ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ.

18ـ (ئۇلار) زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، (مۇنازىرىدە) مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان (قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىشۋالسا بولامدۇ؟).

19ـ ئۇلار رەھمان ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەۋالدى. ئەجەبا ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشىغا ھازىر بولغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى يېزىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ.

20ـ ئۇلار: «رەھمان ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ئۇلارغا چوقۇنمايتتۇق» دېدى. بۇ خۇسۇستا ئۇلارنىڭ ھېچبىر مەلۇماتى يوق، ئۇلار پەقەت (ئاللاھ نامىدىن) يالغان ئېيتىدۇ.

21ـ ياكى بىز ئۇلارغا بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرەر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابقا مەھكەم ئېسىلىۋاتامدۇ؟

22ـ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار: «بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپقۇچىلارمىز» دەيدۇ.

23ـ شۇنىڭدەك (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر شەھەرگە

بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇ شەھەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغۇچىلارمىز» دېيىشەتتى.

24-(ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا - بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن تۇرسام (سىلەر يەنە ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇۋالامسىلەر؟)» دېگەندە، ئۇلار: «بىز سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېيىشتى.

25-بىز ئۇلارنى جازالىدۇق. (ھەق دىننى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ زىتلىق ئىچىدىكى ھالىغا بىر قارىغىنكى، ئۇلاردىن «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورالسا، ئۇلار «ئاللاھ ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا بەندىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شېرىك قىلىۋالىدۇ، يەنى پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوق، شېرىكى يوق ۋە ھېچقانداق ياردەمچىسىمۇ يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئېھتىياجى يوق. بالىسى ۋە ئايالى بولۇش مەخلۇقاتقا خاس بىر خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئىنسانلار ئۆيلىنىدۇ ۋە بالىلىق بولىدۇ. ئەمما ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ھېچبىر ئىشتا مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ. ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ٤﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس﴾.[1] ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېگەن باتىل سۆزنى ئېيتقان ئادەم ئوپئوچۇق تۇزكور ۋە ئاشكارا كاپىر ئادەمدۇر.

ئەللامە فەخرۇددىن رازىي ﴿وَجَعَلُواْ لَهُۥ مِنۡ عِبَادِهِۦ جُزۡءًاۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچىسى، ئەڭ مەشھۇر قاراش بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بالىنى مەنسۇپ قىلىۋالغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ

---

[1] ئىخلاس سۈرىسى.

بەندىلىرىدىن بەزىسىنى ئۇنىڭ بىر بۆلۈكى قىلىۋالغانلىق ئۇنىڭ بالىسى دېگەنلىكتۇر. ئىككىنچىسى، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىكلەرنى مەنسۇپ قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شېرىكلەرنى مەنسۇپ قىلىشتا ‹مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتمىغان، بەلكى بەزىسىنى باشقىلار ياراتقان› دېيىش ئارقىلىق مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلماي، بىر قىسمىنىلا ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغان. بۇ ئىككىنچى قاراشنى كۈچلۈك قىلغان نەرسە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېگەن گۇمانىغا رەددىيە بەرگەن كېيىنكى ئايەتتۇر. ئەگەر بىز بۇ ئايەتنى مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكلىرى بار دېگەن گۇمانىغا رەددىيە بەرگەن ئايەت، كېيىنكى ئايەتنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېگەن گۇمانىغا رەددىيە بەرگەن ئايەت دەپ قارىساق، بۇ رەددىيە مۇكەممەل بولغان بولىدۇ»[1].

مۇشرىكلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا بالىنى مەنسۇپ قىلغان چېغىدا، ئۇنىڭغا قىزلارنىلا مەنسۇپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىزلار ئوغۇللاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادى بويىچە، ئۆزلىرىگە ئەڭ ئەۋزىلىنى، ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ناچىرىنى مەنسۇپ قىلىدۇ. قىزلارنى ۋە ئوغۇللارنى، شۇنداقلا ھەممىنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالا ئەمەسمۇ؟ ﴿أَفَأَصۡفَىٰكُمۡ رَبُّكُم بِٱلۡبَنِينَ وَٱتَّخَذَ مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنَٰثًاۚ إِنَّكُمۡ لَتَقُولُونَ قَوۡلًا عَظِيمٗا﴾ يەنى ﴿ئەجەبا، ئاللاھ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟[2] شەكسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن ئېغىر بىر سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر﴾[3]، ﴿أَلَكُمُ ٱلذَّكَرُ وَلَهُ ٱلۡأُنثَىٰ ۝٢١ تِلۡكَ إِذٗا قِسۡمَةٞ ضِيزَىٰٓ﴾ يەنى ﴿ئوغۇل سىلەرگە، قىز ئاللاھقا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾[4]. مۇشرىكلارنىڭ بىرەرسىگە ئايالىنىڭ قىز تۇغقانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، غەزەپ ۋە نەپرەتتىن چىرايى قارىداپ كېتىدىغان تۇرۇپ، قىزلارنى شۇنچىلىك تۆۋەن ۋە خار كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىپ «قىزلار ئاللاھنىڭدۇر» دېيىشى تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر، تولىمۇ ئىنساپسىزلىقتۇر. ھەقىقەت شۇكى، قىزلار، ئوغۇللار ھەممىسى ئاللاھ

---

[1] «التفسير الكبير للرازي» 27-توم، 623-توم.

[2] بۇ «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگۈچىلەرگە قارىتىلغان.

[3] ئىسرا سۈرىسى: 40-ئايەت.

[4] نەجم سۈرىسى: 22-21-ئايەتلەر.

تائالانىڭ بەندىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى ئەمەس. زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىلەردە كۆچلۈك بولالمايدىغان شۇ ئاجىزە قىزلارنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىش تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئازغۇنلۇق ۋە ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىقتۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىشى ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتقا تايانمىغان باتىل ئېتىقادتۇر. چۈنكى، بۇنداق خۇراپاتنى نە ئەقىل، نە دىن ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەجەبا ئۇلار ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ياراتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا بولغانمىكەن؟ ياكى كۆرگەنمىكەن؟ ۋەياكى ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشىغا گۇۋاھ بولغانمىكەن؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنداقتا ئۇلار نېمىنى بىلىدۇ؟ شەكسىزكى، ئۇلار ھەقىقەتتىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار يالغانچىلاردۇر.

مۇشرىكلارنىڭ يەنە بىر ئەقىلسىزلىقى شۇكى، ئۇلار خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ ئاجىز سەپسەتىلىرىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈپ: «ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز پەرىشتىلەرگە چوقۇنمىغان بولاتتۇق» دەيدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىمىزنى ئىرادە قىلغان، ئەگەر ئاللاھ ئىرادە قىلمىغان بولسا، بىز نەدىمۇ بۇتقا چوقۇناتتۇق؟ ئاللاھ بىزنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىمىزنى ئۆزى ئىرادە قىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ بىزنى ئۇنىڭدىن توسسۇن؟! مانا بۇ مۇشرىكلارنىڭ دەلىل-پاكىت دەپ كەلتۈرگەن سەپسەتىلىرىدۇر. شەكسىزكى، بۇ باتىل دەلىلدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى خالىغان ئىشلارنى قىلىشقا كۈچى ۋە ئىقتىدارى يېتىدىغان قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قايسىسىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئىرادە ۋە ئىختىيار بەرگەنلىكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى، ئىنسان خالىغان ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئىختىيار ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ ۋە قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىشىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق قىلغانلىقى بەندىلەرنى ياخشىلىق ياكى يامانلىققا مەجبۇرلىغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى راۋا كۆرگەنلىكى ئەمەس.

ياكى بىز بۇ مۇشرىكلارنىڭ يۇقىرىقى خۇراپاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر كىتاب نازىل قىلدۇقمۇ؟ ياق! بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدۇق. چۈنكى، بىز ئۇلارغا كىتاب نازىل قىلغانمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ

خۇراپاتلىرىنى تەستىقلىغانمۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ باتىل قىلمىشلىرىغا ئەقلىي جەھەتتىن ياكى نەقلىي (دىنىي دەلىل-ئىسپات) جەھەتتىن ھېچقانداق دەلىلى يوقتۇر. ئۇلار پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىدۇ، خالاس. شۇڭا ئۇلار ﴿بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپقۇچىلارمىز﴾، ﴿بىز ھەقىقەتەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، شەكسىزكى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغۇچىلارمىز﴾ دەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىپ ئۆزۈڭنى بىئارام قىلما! چۈنكى، بۇ ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ ئورتاق ئادىتىدۇر. ئۇلارمۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئازغۇن دىنىغا ئەگىشەتتى، پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىقاتتى، پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن يۇرتلارنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە ھاكاۋۇر بايلىرى خەلقنى پەيغەمبەرگە قارشى قوزغايتتى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ باتىل دىنىدا چىڭ تۇرۇشقا ئۈندەيتتى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەرلىرىگە: ﴿بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپقۇچىلارمىز﴾ دەيتتى. پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قارىغۇلارچە تەقلىدچىلىكىگە ئېچىنىپ ئۇلارغا: ﴿ئاتا - بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن تۇرسام (سىلەر يەنە ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇۋالامسىلەر؟)﴾ دەيتتى. دېمەك، ھەممە پەيغەمبەر قەۋمىگە شۇنداق دەيتتى. ئەمما ئۇلار پەيغەمبەرلىرىگە يەنىلا: ﴿بىز سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارمىز﴾ دەيتتى. نىھايەت ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى دەھشەتلىك ئازاب ۋە ھالاكەت بولدى. ئى پەيغەمبەر! ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تۇزكورلۇق بىلەن ناشۇكۇرلۇك ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىنسان ئىمان بىلەن ئىسلاھ قىلىنمىسا، بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

2. يامانلىققا ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

3. قىزلارنى خار كۆرۈش ياكى ئۇلارنىڭ شەنىنى تۆۋەنلىتىش جاھىلىيەت كاپىرلىرىنىڭ ئادىتىدۇر.

4. ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئاياللارنىڭ ھەققىدۇر، ئەرلەرنىڭ ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىشى ھارامدۇر.

5. ئاللاھ تائالاغا لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەنلەر بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. تەقلىدچىلىك ئىسلامدا قوبۇل قىلىنمايدىغان يامان ئادەتتۇر.

### ◄ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦٓ إِنَّنِى بَرَآءٌ مِّمَّا تَعْبُدُونَ ﴿٢٦﴾ إِلَّا
ٱلَّذِى فَطَرَنِى فَإِنَّهُۥ سَيَهْدِينِ ﴿٢٧﴾ وَجَعَلَهَا كَلِمَةًۢ بَاقِيَةً فِى عَقِبِهِۦ
لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٢٨﴾ بَلْ مَتَّعْتُ هَٰٓؤُلَآءِ وَءَابَآءَهُمْ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ
ٱلْحَقُّ وَرَسُولٌ مُّبِينٌ ﴿٢٩﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلْحَقُّ قَالُوا۟ هَٰذَا سِحْرٌ وَإِنَّا
بِهِۦ كَٰفِرُونَ ﴿٣٠﴾ وَقَالُوا۟ لَوْلَا نُزِّلَ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنَ
ٱلْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ ﴿٣١﴾ أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَتَ رَبِّكَ ۚ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُم
مَّعِيشَتَهُمْ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۚ وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ
لِّيَتَّخِذَ بَعْضُهُم بَعْضًا سُخْرِيًّا ۗ وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿٣٢﴾
وَلَوْلَآ أَن يَكُونَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً لَّجَعَلْنَا لِمَن يَكْفُرُ بِٱلرَّحْمَٰنِ
لِبُيُوتِهِمْ سُقُفًا مِّن فِضَّةٍ وَمَعَارِجَ عَلَيْهَا يَظْهَرُونَ ﴿٣٣﴾ وَلِبُيُوتِهِمْ
أَبْوَٰبًا وَسُرُرًا عَلَيْهَا يَتَّكِـُٔونَ ﴿٣٤﴾ وَزُخْرُفًا ۚ وَإِن كُلُّ ذَٰلِكَ لَمَّا مَتَٰعُ
ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۚ وَٱلْـَٔاخِرَةُ عِندَ رَبِّكَ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٣٥﴾ وَمَن يَعْشُ عَن
ذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُۥ شَيْطَٰنًا فَهُوَ لَهُۥ قَرِينٌ ﴿٣٦﴾ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ
عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٣٧﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَنَا قَالَ
يَٰلَيْتَ بَيْنِى وَبَيْنَكَ بُعْدَ ٱلْمَشْرِقَيْنِ فَبِئْسَ ٱلْقَرِينُ ﴿٣٨﴾ وَلَن
يَنفَعَكُمُ ٱلْيَوْمَ إِذ ظَّلَمْتُمْ أَنَّكُمْ فِى ٱلْعَذَابِ مُشْتَرِكُونَ ﴿٣٩﴾﴾

### تەرجىمىسى

26ـ27ـئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن ھەقىقەتەن مېنى ياراتقان ئاللاھتىن باشقا، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭلاردىن ئۇزۇل-كېسىل يىراقمەن. چۈنكى، ئۇ مېنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ» دېدى.

28ـئىبراھىم كېيىنكىلەردىن (كاپىر بولغانلارنى ئىمانغا) قايتسۇن دەپ، (‹ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق› دېگەن) تەۋھىد كەلىمىسىنى ئەۋلادى ئىچىدە مەڭگۈلۈك كەلىمە قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى.

29ـ(ئى پەيغەمبەر!) بەلكى مەن بۇلار (يەنى مەككە ئاھالىسى)نى ۋە بۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى تاكى ئۇلارغا ھەق (قۇرئان) ۋە ھەقىقەتنى بايان قىلغۇچى پەيغەمبەر كەلگەنگە قەدەر ياشىتىپ (دۇنيا نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن قىلدىم.

30ـئۇلارغا ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇلار: «بۇ سېھىردۇر، بىز ئۇنى شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىلارمىز» دېيىشتى.

31ـئۇلار يەنە: «بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەر ئەھلىدىن بىرەر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى.

32ـرەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟ ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، رەببىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرىدىن كۆپ ياخشىدۇر.

33ـئىنسانلار ھەممىسى (كاپىرلىقتا) بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق.

34ـئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق،

35ـھەمدە (ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى) ئالتۇندىن بېزەپ بېرەتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىدۇر. رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى ئاخىرەت (مۇكاپاتلىرى بولسا) تەقۋادارلارغا خاستۇر.

36ـكىمكى رەھمان ئاللاھنىڭ زىكرى (بولغان قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز-دە، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە

ھەمراھ بولىدۇ.

37ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلايدۇ.

38ـ نىھايەت، ئۇ (ئادەم ھەمراھى بىلەن) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراـ ھىغا): «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسىچۇ! سەن نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!» دەيدۇ.

39ـ (ئۇلارغا) «سىلەر (دۇنيادىكى چاغدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ» دېيىلىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردىمۇ تەكىتلەنگەندەك باشقىلارنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىش ئىلگىرىكى ئازغۇن ئۈممەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر ۋە ساقايماس ئىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، تەقلىدچىلىكنى قاتتىق سۆككەن ۋە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلىشتەك ئازغۇنلۇقىغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كائىناتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەردىن تەسىرلىنىپ، ھەقىقەتنى تاپقان ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىغا قاتتىق قارشى چىققان بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ قىلىۋالاتتى ۋە ئۇنىڭ دىنى بىلەن پەخىرلىنەتتى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» بۇ ئەرەبلەرگە «ئەگەر سىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تەقلىد قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭ بۇتلارغا ۋە بۇددىستلىققا قارشى ئېتىقادىنى، شۇنداقلا قەۋمىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە دوراشتەك يامان ئادىتىگە قارشى مەۋقەسىنى تەقلىد قىلىڭلار» دېگەننى جاكارلىغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: ﴿مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلاردىن ئۇزۇل-كېسىل بىراقمەن﴾. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈ-

زەلمەيدىغان، سىلەرنى ھېچبىر زىيان-زەخمەتتىن قوغداپ قالالمايدىغان نەرسىلەردۇر. چۈنكى، بۇ ئىشلار پەقەت مېنى ۋە سىلەرنى ياراتقان، چىرايلىق سۈرەتكە كىرگۈزگەن ۋە راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان رەببىمنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، ئۇ مېنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا باشلايدۇ. شۇڭا مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈزۈل-كېسىل يىراقمەن، دەپ ئوچۇق جاكارلىغان ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرىڭلار-دىن ئۈزۈل-كېسىل يىراقمەن، پەقەت مېنى ياراتقان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن﴾ دېگەن سۆزى ﴿ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق﴾ دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئورنىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى نەسىللەرگە مىراس قالغان ئىدى. ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامۇ پەرزەنتلىرىگە مۇشۇ سۆزنى تەۋسىيە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ، يەنە مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ئۆلۈشىنى ۋەسىيەت قىلغان. ﴿وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ﴾ يەنى ﴿ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىن (ئىسلام)نى تاللىدى، شۇڭا سىلەر مۇسۇلمان بولماي ئۆلۈپ كەتمەڭلار» دېدى﴾[1]. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر ئارىسىدا ھەقىقىي تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرغانلار تارىختىن بىرى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن چاغلاردا مەككىلىكلەر ئىچىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىنسانلار تېپىلاتتى. ئىسلام دىنى بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى دەۋەت قىلغان ھەق دىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇڭا ھازىرقى زاماندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىنىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرلا دىن ئىسلام دىنىدۇر. بۇ دىن تاقىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپ سانلىقى توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىپ، شېرىك ئەقىدىسىگە چۆمۈپ كەتكەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا لايىق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ قالمىدى، بەلكى ئۇلارنى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن

[1] بەقەرە سۈرىسى: 132-ئايەت.

ۋە تۇرلۇك نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلماي ياشىتىپ كەلدى. يەنى ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا شاھادەت كەلىمىسىنى باقىي قىلىپ بەرگەنلىكى سىرتىدا، ئۇلارنى سانسىزلىغان نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇردى. يەنە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، روشەن مۆجىزىلىرى بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ئەمما ئۇلار يەنە بۇرۇنقى ئوسال ئادىتى بويىچە، بۇ پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنى «سېھىردىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

كاپىرلارنىڭ بۇ ئاجايىپ تەرسالىقى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار دۇنيالىقنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھەرقانداق بىر قىممەت قاراشنى مال-دۇنياغا باغلاپ بەلگىلەيدۇ، يەنى ئۇلاردىكى قىممەت قاراش مال-دۇنيا ۋە مەنسەپنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك يېتىم ئۆسكەن بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلالمىغان ۋە ئۇنىڭغا: ﴿بۇ قۇرئان نېمىشقا (مەككە ۋە تائىف) ئىككى شەھەر ئەھلىدىن بىرەر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟﴾ دېگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ چوڭ شەرەپكە پەقەت باي ياكى مەنسەپلىك ئادەملا ھەقلىق بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بايلىقتا ياكى مەنسەپتە يوق، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، كەمتەر زات ئىدى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ: ﴿رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلامدىكەن؟﴾ دەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى كاپىرلارنىڭ تەقسىم قىلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ھېكمەت بىلەن تەقسىم قىلىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنىمۇ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى رەددىيەدىن كېيىن تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىز تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، رەببىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرىدىن كۆپ ياخشىدۇر﴾ يەنى ئىنسانلارنىڭ بەزىسىگە مال-دۇنيانى، بەزىسىگە پەرزەنتلەرنى زىيادە قىلدۇق، بەزىسىنى بەزىسىدىن مال-دۇنيادا ۋە شان-شەرەپتە ئۈستۈن

قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلاردا بىر-بىرىگە خىزمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئىشى داۋاملاشماقتا. كۆرۈنۈشتە باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشكە ۋە باشقىلارغا خىزمەت قىلىشقا موھتاجدۇر. ئەمما ھەممىسىدىن ياخشى بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلىدىغان ياخشىلىق ئىنسانلار توپلىغان مال-دۇنيادىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر.

بۇ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ جىمى بايلىقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىننىڭ بىر قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان قىممەتسىز نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان-كاپىر، تەقۋا-پاسىق ھەممە ئادەمگە رىزىق بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، كاپىرلارنى بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلغان بولاتتى. چۈنكى، كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە ھەقلىق ئەمەس.

﴿ئىنسانلار ھەممىسى (كاپىرلىقتا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، رەھمان ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ھەمدە (ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى) ئالتۇندىن بېزەپ بېرەتتۇق﴾ يەنى مال-دۇنيا دېگەن نەرسىنىڭ پەسلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممەتسىزلىكىدىن ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ئولتۇرىدىغان تەخت ۋە ئورۇندۇقلىرىنى، شۇنداقلا ھەممە نەرسىسىنى ئالتۇن-كۈمۈشتىن قىلىپ بېرىشكە قادىر ئىدى. پەقەت ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى كۇفرىلىقتا بىرلىشىپ ھەممىسى كاپىرلاردىن بولۇپ كەتمىسۇن، ئىمانى ئاجىز كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ئىمانىدىن يېنىپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇنداق قىلمىغان. دۇنيانىڭ بايلىقلىرى ۋە بارلىق مەنپەئەتلىرى پەقەتلا ۋاقىتلىق پايدىلىنىش بولۇپ، بۇلار تېز تۈگەپ كېتىدۇ ۋە داۋاملاشمايدۇ، داۋاملىشىدىغان ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان نەرسە تەقۋالىقتۇر. ئاخىرەت ھاياتى مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەن، ئۇنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان، كائىنات دەلىللىرى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشتىن ئۆزىنى بىھاجەت سانىغان

ئادەملەرگە ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ-دە، بۇ شەيتانلار ئۇلارغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن باتىل يوللارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالىدۇ. شەيتانلار ئۇلارغا يامانى ياخشى، سەتنى چىرايلىق، ئازغۇنلۇقنى ھىدايەت قىلىپ كۆرسىتىپ ھەمىشە ئۇلارنى ئالدايدۇ. ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ سانايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەختسىزلىك يولىدا مېڭىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

قىيامەت كۈندە بۇ ئازغۇن ئادەملەر ھېلىقى ئازدۇرغۇچى شەيتانلىرىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇلارنى كۆرمەسلىكنى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىشنىڭ ئارىسىدەك يىراق بىر مۇساپىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. دۇنيادا ئۆزلىرىنى ئازدۇرغان بۇ يامان دوستلىرىغا لەنەت ئوقۇيدۇ ۋە «سەن نېمىدېگەن يامان دوست!» دەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا دېيىلىدۇكى: ئى ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىرلار! سىلەر دۇنيادىكى چاغلىرىڭلاردا ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن سىلەرنىڭ سىلەرنى ئازدۇرغان شەيتان دوستلىرىڭلار بىلەن ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە قىلچە پايدا بەرمەيدۇ، سىلەردىن بۇ ئازابنى يېنىكلىتەلمەيدۇ، چۈنكى، شەيتانلار بىلەن كاپىرلاردىن ھەربىرى ئۆزىگە تېگىشلىك ئازابنى تولۇق تېتىيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمانىنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن يىراق تۇرۇشتۇر.

2. ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ياخشى تەربىيە ۋە تەقۋالىقتۇر.

3. پەيغەمبەرلىك ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بېرىلىدىغان ئىنئام بولۇپ، ئۇ ئىنسانىي ئۆلچەملەر بىلەن بولمايدۇ.

4. رىزىقلارنىڭ تەقسىماتى ئىلاھىي ئادالەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە بولىدۇ.

5. بۇ دۇنيانىڭ بارلىق بايلىقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىننىڭ بىر قانىتىچىلىكمۇ قىممىتى يوق نەرسىلەردۇر. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بۇ

دۇنيانىڭ بارچە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىدىن ۋە بارلىق مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە شەيتانلارنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

7. ئازغۇنلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلايدۇ، يامان ئىشلىرىنى ياخشىلىق دەپ ھېسابلايدۇ.

### ◄ ئىرادىنى كۈچەيتىش

﴿أَفَأَنتَ تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ أَوْ تَهْدِى ٱلْعُمْىَ وَمَن كَانَ فِى ضَلَـٰلٍ مُّبِينٍ
﴿٤٠﴾ فَإِمَّا نَذْهَبَنَّ بِكَ فَإِنَّا مِنْهُم مُّنتَقِمُونَ ﴿٤١﴾ أَوْ نُرِيَنَّكَ ٱلَّذِى
وَعَدْنَـٰهُمْ فَإِنَّا عَلَيْهِم مُّقْتَدِرُونَ ﴿٤٢﴾ فَٱسْتَمْسِكْ بِٱلَّذِىٓ أُوحِىَ
إِلَيْكَ ۖ إِنَّكَ عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٤٣﴾ وَإِنَّهُۥ لَذِكْرٌ لَّكَ وَلِقَوْمِكَ ۖ
وَسَوْفَ تُسْـَٔلُونَ ﴿٤٤﴾ وَسْـَٔلْ مَنْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رُّسُلِنَآ
أَجَعَلْنَا مِن دُونِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ءَالِهَةً يُعْبَدُونَ ﴿٤٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

40-(ئى پەيغەمبەر!) سەن گاسلارغا ئاڭلىتالامسەن ياكى كورلارغا يول كۆرسىتەلەمسەن؟ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا قالغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالامسەن؟

41-(ئۇلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى) بىز سېنى (دەرگاھىمىزغا) ئېلىپ كەتسەك، (سېنىڭ ۋاپاتىڭدىن كېيىن) ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز.

42-ياكى بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى (سەن ھايات چاغدا كەلتۈرۈپ) ساڭا كۆرسىتىمىز. بىز ئۇلارنى ئازابلاشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز.

43-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان(قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە توغرا يولدىسەن.

44-شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر. سىلەر كەلگۈسىدە (ئۇنىڭغا قارىتا مەسئۇلىيىتىڭلاردىن) سورىلىسىلەر.

45-(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز

(نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)دىن سوراپ باققىنكى، بىز رەھمان ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلەپتىمىزمۇ؟

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى «كورلار» دەپ سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى، گەرچە ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دۇنيادىكى نەرسىلەرنى كۆرسىمۇ، ھەقىقەتنى كۆرمىگەنلىكى ۋە ھەقىقەت ئالدىدا كور بولۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق سۈپەتلىگەن. كاپىرلار بۇ ئايەتلەردىمۇ گاس ۋە كور دەپ سۈپەتلەنگەن. چۈنكى، ئۇلارغا ھەق دىنىنىڭ دەۋىتى ئەڭ دەسلەپ يەتكەن چاغدا، ئۇلار بۇ دىن توغرۇلۇق گۇمان ۋە چوڭقۇر شەك ئىچىدە بولغان ئىدى، كېيىنچە ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ئېشىپ بېرىپ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالدىغان، دىنغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى تۇرىدىغان، بۇ دىنىنىڭ دەۋىتىگە قەتئىي قۇلاق سالمايدىغان، ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنى كۆرمەسكە سالىدىغان بولۇۋېلىپ، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىدىن پۈتۈنلەي گاس ۋە كور بولۇۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار گاس ۋە كور دەپ سۈپەتلەنگەن.

بۇ ئورۇندىكى گاس ۋە كورلاردىن مەقسەت مەنىۋى گاسلار ۋە كورلاردۇر. ئايەتتە مۇنداق مەنىۋى گاس ۋە مەنىۋى كورلارنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكى، ئۇلار مۇشۇ ھالىتىدىلا تۇرىدىكەن، ھەقىقەتكە ھەرگىز ئەگەشمەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. چۈنكى، مۇنداقلار ھەقىقەتنى خالىمىغانلىقتىن، شۇنداق گاس، كور بولۇۋالغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پېچەتلەنگەن، كۆزلىرى پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرى ئېغىر قىلىپ قويۇلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مەنىدە خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەن مۇنداق مەنىۋى گاسلار بىلەن مەنىۋى كورلارنى توغرا يولغا باشلىيالمايسەن، ئۇلارغا سۆزۈڭنى ئاڭلىتالمايسەن. چۈنكى، ئۇلار سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنى غەمكىن قىلمىغىن، ئۇلارنى ھىدايەت تاپمىدى دەپ بىئارام بولمىغىن. سەن ئۇلارغا ھەق دىنىنى يەتكۈزۈشتە كەمچىلىك سادىر قىلمىدىڭ، بەلكى ھەممىنى تولۇق يەتكۈزدۈڭ، ئەمما ئۇلار ئاڭلاشنى خالىمىدى، سېنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىڭنى كۆرۈشنى خالىمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئازغۇنلۇقتا قالدى. بىز بۇ كاپىرلارنى چوقۇم جازالايمىز، مەيلى بىز ئۇلارنى جازالاشتىن ئىلگىرى سېنى ۋاپات قىلدۇرايلى، مەيلى سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا ئۇلارنىڭ جازاسىنى ساڭا كۆرسىتەيلى، بەربىر ئۇلارنى

ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇتقان بۇ سەلبىي مەۋقەسى سەۋەبلىك چوقۇم جازالايمىز ۋە ساڭا قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز. چۈنكى، بىز ھەممىگە قادىرمىز.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن دەۋەت يولۇڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن، ساڭا «قۇرئان كەرىم»دىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتلەرگە چىڭ ئېسىلغىن. چۈنكى، سەن شۇ ھەقىقەتكە چىڭ ئېسىلغان مۇددەتچە توغرا يولدا ماڭغان بولىسەن، بۇ ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قالساڭ ئېزىپ كېتىسەن. بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» سەن ۋە قەۋمىڭ ئۈچۈن تۈگىمەس شان-شەرەپتۇر.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇمكى، ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن سىرتقا كۆپ چىقمىغان، دۇنيانى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ھالەتتە، ئىنتايىن پېقىرلىق، قالاقلىق ۋە جاھالەت ئىچىدە ياشايتتى. ھەمىشە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، ھەربىر قەبىلە ئۆز قەبىلىسى بىلەن پەخىرلىنىپ باشقىلارنى سۆكۈش دېگەندەك دۈشمەنلىك ۋە ئىناقسىزلىق ئىچىدە ئىدى. دېمەك، ئۇلار ھەر تەرەپتىن چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىدى. ئۇلارنى باشقىلار مىللەت قاتارىدا كۆرمەيتتى.

ئاللاھ تائالا ئەرەبلەرنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈشنى ۋە ئۇلارنى ئەزىز قىلىشنى ئىرادە قىلىۋىدى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىقاردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئۆز قەۋمىنى، ئاندىن بارلىق ئىنسانىيەتنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سايىسىدا مىللەت قاتارىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى بولغانلىقتىن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بۇ تىلنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى جاھالەتتە ياشىغان بۇ قالاق ئەرەبلەر ئىسلامنىڭ شاراپىتى بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەرگە ئۈلگە بولالايدىغان ۋە ئۇلارغا ئىمان، ئىسلام ۋە ئەخلاق ئۆگىتىدىغان ئۈلگىلىك خەلققە ئايلاندى. ئەلۋەتتە، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا پەزل-كەرەمى ئىدى. ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سايىسىدا ئەرەبلەر دۇنيا خەلقىگە ئىمان، ئىخلاس، گۈزەل ئەخلاق جەھەتتە ئۇستازلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى ۋە بارلىق ياخشىلىقلاردا ئۇلارغا ئۈلگە بولدى.

ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىسلامدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەر-نى تەۋھىد ئەقىدىسىگە چاقىرغانلىقى ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كەڭ جاكارلىغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئازغۇن خەلق بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنىنىڭ دەۋىتى ئۇلارغا

ياقمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتەك مۇتەئەسسىپلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام دىنىغا قاتتىق قارشى تۇرغان، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىلگىرى ھېچكىم ئېلىپ كەلمىگەن غەلىتە بىر ئېتىقاد سىستېمىسىنى ئېلىپ كەلدى، دەپ ئەيىبلىگەن. چۈنكى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، مەزكۇر پەيغەمبەرلەر ئېتىقاد قىلغان تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ بەئەينىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى ئۇلارغا تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ئىسلام دىنىدىلا چاقىرىلغان بىر ئەقىدە بولماستىن، بەلكى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ۋە ساماۋى دىنىنىڭ بىردىنبىر شۇئارى ئىكەنلىكىنى ھەر خىل ئۇسلۇبلار بىلەن بايان قىلغان. ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىز (نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى)دىن سوراپ باققىنكى، بىز رەھمان ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلەپتىمىزمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلماقتا. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى پەيغەمبەر! ساماۋى دىنىنىڭ ئەقىدىسىنى بىلىش ئۈچۈن، سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن سوراپ باققىن، ساماۋى دىن ئەھلىنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆزگەرتىلمەي قالغانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ باققىنكى، بىز ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى بۇيرۇغانمۇ؟ ھەقىقەت شۇكى، بىز ھېچقانداق پەيغەمبەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى بۇيرۇمىدۇق، ساماۋى كىتابلاردىن ھېچقانداق بىر كىتابتا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە يول قويمىدۇق. شەكسىزكى، ساماۋى دىنىنىڭ يادروسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە ئەمەل- ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا خالىس قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ.

2. پەيغەمبەرگە يامانلىق قىلغان قەۋم زىيان تارتماي قالمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كېلەچەكتە ئۇممىتى قولىغا كەلتۈرىدىغان كاتتا غەلىبىلەردىن خەۋەردار قىلغان.

4. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام ئۇممىتىگە تۈگىمەس شان-شەرەپتۇر.

5. ھېچقانداق بىر ساماۋى دىن ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

### ◄ مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسىدىن ئىبرەت

﴿وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَقَالَ
إِنِّي رَسُولُ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٦﴾ فَلَمَّا جَآءَهُم بِـَٔايَٰتِنَآ إِذَا هُم مِّنۡهَا
يَضۡحَكُونَ ﴿٤٧﴾ وَمَا نُرِيهِم مِّنۡ ءَايَةٍ إِلَّا هِيَ أَكۡبَرُ مِنۡ أُخۡتِهَاۖ
وَأَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡعَذَابِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿٤٨﴾ وَقَالُواْ يَٰٓأَيُّهَ ٱلسَّاحِرُ
ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ إِنَّنَا لَمُهۡتَدُونَ ﴿٤٩﴾ فَلَمَّا كَشَفۡنَا
عَنۡهُمُ ٱلۡعَذَابَ إِذَا هُمۡ يَنكُثُونَ ﴿٥٠﴾ وَنَادَىٰ فِرۡعَوۡنُ فِي قَوۡمِهِۦ قَالَ
يَٰقَوۡمِ أَلَيۡسَ لِي مُلۡكُ مِصۡرَ وَهَٰذِهِ ٱلۡأَنۡهَٰرُ تَجۡرِي مِن تَحۡتِيٓۚ أَفَلَا
تُبۡصِرُونَ ﴿٥١﴾ أَمۡ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي هُوَ مَهِينٞ وَلَا يَكَادُ يُبِينُ
﴿٥٢﴾ فَلَوۡلَآ أُلۡقِيَ عَلَيۡهِ أَسۡوِرَةٞ مِّن ذَهَبٍ أَوۡ جَآءَ مَعَهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ
مُقۡتَرِنِينَ ﴿٥٣﴾ فَٱسۡتَخَفَّ قَوۡمَهُۥ فَأَطَاعُوهُۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ
﴿٥٤﴾ فَلَمَّآ ءَاسَفُونَا ٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٥٥﴾ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ
سَلَفٗا وَمَثَلٗا لِّلۡأٓخِرِينَ ﴿٥٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

46-شەكسىزكى، بىز مۇسانى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. مۇسا (پىرئەۋنگە): «مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىمەن» دېدى.

47-مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇلار شۇ ھامان بۇ مۆجىزىلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلۈشتى.

48-بىز ئۇلارغا بىر-بىرىدىن چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق، ئۇلارنى كۇفرىدىن قايتسۇن دەپ (تۈرلۈك) ئازاب بىلەن جازالىدۇق.

49ـ ئۇلار (ئازابنى كۆرگەندە) «ئى سېھىرگەر! سەن رەببىڭنىڭ (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىمەن دېگەن) ۋەدىسى بويىچە، ئۇنىڭغا بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، (ئۇ بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە) بىز چوقۇم توغرا يولغا كىرىمىز» دېدى.

50ـ (مۇسانىڭ دۇئاسى بىلەن) ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىز بىلەنلا، ئۇلار شۇ هامان (ئەھدىسىدىن) يېنىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇرۇۋالدى.

51ـ52ـ پىرئەۋن ئۆز قەۋمىگە نىدا قىلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بەلكى مەن گېپىنى ئوچۇق قىلالمايدىغان شۇ ئەرزىمەس ئادەم (مۇسا)دىن ياخشىمەن.

53ـ (ئەگەر ئۇ راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا) نېمىشقا ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلاپ بېرىلمىدى؟ ياكى نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟».

54ـ (پىرئەۋن) قەۋمىنى (شۇنداق) ئالدىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىرئەۋنگە ئىتائەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم ئىدى.

55ـ ئۇلار بىزنى غەزەپلەندۈرگەندە، بىز ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق.

56ـ ئۇلارنى بىز كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆتمۈشنىڭ (ئاچچىق) ئەسلىمىسى ۋە ئىبرەت قىلدۇق.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن تەكىتلەپ دەيدۇكى، بىز مۇسانى ئىسرائىل ئەۋلادىنى مىسىرلىقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرسۇن دەپ، توققۇز خىل مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرگەن ھالدا پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان مەزكۇر توققۇز خىل مۆجىزە ئىسرا سۈرىسىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىندى. ئىسرائىل ئەۋلادى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ مىسىر زېمىنىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نۇر ۋە ھىدايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساماۋى كىتاب ـ «تەۋرات»نى ئاتا قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن دىننى تۇتقۇچىلار ۋە ئۇنىڭدىن چىققۇچىلار مەيدانغا كەلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەزى مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشكەن ۋە ئىشەنمىگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان كاتتا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىدى، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرىنى سېھىر دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىبرەت ئېلىپ توغرا يولغا كىرسۇن ۋە كۇفرىدىن يانسۇن دەپ، ئۇلارغا ئاچارچىلىق، پىت، چېكەتكە ۋە قان ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەرنى ئەۋەتتى.

ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئاپەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا: ﴿ئى سېھىرگەر! سەن رەببىڭنىڭ (دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىمەن دېگەن) ۋەدىسى بويىچە، ئۇنىڭغا بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، (ئۇ بىزدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتسە) بىز چوقۇم توغرا يولغا كىرىمىز﴾ دەپ ۋەدە بېرىشتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇرۇن بەرگەن ۋەدىلىرىدىن يېنىۋېلىشتى ۋە ئىمان ئېيتىشقا ھېچ يېقىنلاشمىدى. بۇنداق قىلىش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن كۆپلىرىنىڭ، خۇسۇسەن، ھەربىر قەۋمنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ ئادىتى ئىدى.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرنىڭ كۆتۈرۈ-ۋېتىلگەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن دەپ بىلمىدى، ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرغانلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن پۈتۈن مىسىرلىقلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ ئۇلارغا: ﴿ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئاستىمدىن ئېقىپ تۇرغان بۇ دەريالار مېنىڭ ئەمەسمۇ؟ سىلەر (بۇلارنى) كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بەلكى مەن گېپىنى ئوچۇق قىلالمايدىغان شۇ ئەرزىمەس ئادەم (مۇسا)دىن ياخشىمەن﴾ دەپ نىدا قىلدى. يەنى ئى قەۋم! كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ مەن بولسام مىسىرنىڭ پادىشاھىمەن، بۇ ئېقىۋاتقان نىل دەرياسى مېنىڭ ئەمرىم بىلەن ئېقىۋاتىدۇ، ھەممە ئىش مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن بولۇۋاتىدۇ. مەن دېگەن مۇشۇنداق كاتتا پادىشاھمەن. مەن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەۋالغان، تىلىنىڭ كېكەچلىكى

سەۋەبلىك گېپىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان مۇسادىن ئىبارەت ئاشۇ ئەرزىمەس ئادەمدىن ئەلۋەتتە ياخشىمەن. ئەگەر ئۇ راستتىنلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاسماندىن ئالتۇن بىلەزۈكلەر تاشلاپ بېرىلمىدى؟ ياكى نېمىشقا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟ ئۇ قانداقمۇ پەيغەمبەر بولسۇن؟

پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئەنە شۇنداق ئالدىدى، ئەنە شۇنداق قايىل قىلدى. نەتىجىدە، قەۋمى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. چۈنكى، بۇ قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان پاسىق قەۋم ئىدى.

بىز پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ھەقىقەتكە قارشى چىقىشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغان بولساقمۇ، ئۇلار ھەرگىز ۋەز-نەسىھەت ئالمىدى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ھېچ تىڭشىمىدى. ئۇلار تۈرلۈك يامانلىقلىرى ۋە ئېغىر جىنايەتلىرى بىلەن بىزنى غەزەپلەندۈرگەندە، بىز ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلىۋەتتۇق.

نىھايەت، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن پىرئەۋن قوشۇنلىرىنى سۇدا غەرق قىلىپ تۈگەشتۈردى ۋە بۇ ۋەقەنى كېيىن كېلىدىغان ئۈممەتلەر ئۈچۈن ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق خاتىرىسى ۋە ئىبرەت قىلىپ قالدۇردى.

ئى مەككە ئەھلى! سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىدىن ئىبرەت ئالامسىلەر؟ ﴿فَٱلۡيَوۡمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنۡ خَلۡفَكَ ءَايَةٗۚ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلنَّاسِ عَنۡ ءَايَٰتِنَا لَغَٰفِلُونَ﴾ يەنى ﴿سېنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴾[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى سەلتەنەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئىشىنىڭلار! ئىرادەڭلارنى بوشاشتۇرماڭلار! ئاخىرقى

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 92-ئايەت.

غەلبە ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە خاستۇر! ھەر زاماندا ئۆتتۈرىغا چىقىپ تۇرىدىغان مۇنداق پىرىقۇنلەرنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يوقسۇللارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئازغۇنلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى خالىمايدىغان پاسىقلار ئۆزلىرىگە ھالاكەت يولىنى تاللىۋالغانلاردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش مۇئمىن ئادەمنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر.

### ◄ بەزى تۆھمەتلەرگە رەددىيە

﴿وَلَمَّا ضُرِبَ ٱبۡنُ مَرۡيَمَ مَثَلًا إِذَا قَوۡمُكَ مِنۡهُ يَصِدُّونَ ٥٧ وَقَالُوٓاْ
ءَأَٰلِهَتُنَا خَيۡرٌ أَمۡ هُوَۚ مَا ضَرَبُوهُ لَكَ إِلَّا جَدَلَۢاۚ بَلۡ هُمۡ قَوۡمٌ خَصِمُونَ
٥٨ إِنۡ هُوَ إِلَّا عَبۡدٌ أَنۡعَمۡنَا عَلَيۡهِ وَجَعَلۡنَٰهُ مَثَلٗا لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٥٩
وَلَوۡ نَشَآءُ لَجَعَلۡنَا مِنكُم مَّلَٰٓئِكَةٗ فِي ٱلۡأَرۡضِ يَخۡلُفُونَ ٦٠ وَإِنَّهُۥ
لَعِلۡمٞ لِّلسَّاعَةِ فَلَا تَمۡتَرُنَّ بِهَا وَٱتَّبِعُونِۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ٦١
وَلَا يَصُدَّنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُۖ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ٦٢ وَلَمَّا جَآءَ
عِيسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ قَالَ قَدۡ جِئۡتُكُم بِٱلۡحِكۡمَةِ وَلِأُبَيِّنَ لَكُم بَعۡضَ
ٱلَّذِي تَخۡتَلِفُونَ فِيهِۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُونِ ٦٣ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ رَبِّي
وَرَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُوهُۚ هَٰذَا صِرَٰطٞ مُّسۡتَقِيمٞ ٦٤ فَٱخۡتَلَفَ ٱلۡأَحۡزَابُ
مِنۢ بَيۡنِهِمۡۖ فَوَيۡلٞ لِّلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمٍ أَلِيمٍ ٦٥ هَلۡ
يَنظُرُونَ إِلَّا ٱلسَّاعَةَ أَن تَأۡتِيَهُم بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ٦٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

57ـ(ئى پەيغەمبەر!) مەريەمنىڭ ئوغلى (ئىيسا) مىسال كەلتۈرۈلگەندە،

سېنىڭ قەۋمىڭ شۇ ھامان (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ.

58ـ ئۇلار: «بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟» دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت جېدەل تېرىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر.

59ـ ئۇ (ئىيسا) پەقەت بىز (پەيغەمبەرلىك) نېمىتىمىزگە ئېرىشتۈرگەن بىر بەندىدۇر، بىز ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق.

60ـ ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە زېمىندا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەرنىڭ ئىزىڭلارنى باسىدىغان پەرىشتىلەرنى قىلاتتۇق.

61ـ شەكسىزكى، ئۇ (يەنى ئىيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى) ئەلۋەتتە قىيا-مەتنىڭ (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭغا ھەرگىز شەك كەلتۈرمەڭلار، (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا دېگىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر.

62ـ شەيتان سىلەرنى (توغرا يولدىن) توسۇپ قويمىسۇن، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر».

63ـ ئىيسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ دېدى: «مەن سىلەرگە ھېكمەتنى (پەيغەمبەرلىكنى) ئېلىپ كەلدىم، سىلەرگە ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان نەر-سەڭلارنىڭ بەزىسىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار.

64ـ شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئۇ-نىڭغىلا ئىبادەت قىلىڭلار. بۇ توغرا يولدۇر».

65ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىرقىلەر (ئىيسا توغرىسىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى. (قىيامەتتىن ئىبارەت) قاتتىق كۈننىڭ ئازابىدىن زالىملارنىڭ ھالىغا ۋاي!

66ـ ئۇلار قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز، ئۇلار سەزمىگەن ھالدا ئۇشتۇمتۇت كېلىشىنىلا كۈتىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ۋاھىدىي ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مەريەمنىڭ ئوغلى (ئىيسا) مىسال كەلتۈرۈلسە، سېنىڭ قەۋمىڭ شۇ ھامان خۇشاللىقتىن سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى دېگەن ئادەم ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان

قىلغان. ئەنبىيا سۈرىسىدىكى ﴿إِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمۡ لَهَا وَٰرِدُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ۋە ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يەھۇدىيلار ئۇزەيرگە، خىرىستىيانلار ئىيساغا، بەنى مەلىھ قەبىلىسىدىكىلەر پەرىشتىلەرگە چوقۇنىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى ئىيسا، ئۇزەير ۋە پەرىشتىلەرمۇ دوزاخقا كىرەمدۇ؟)» دېدى. ئاللاھ تائالا شۇ چاغدا ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ سَبَقَتۡ لَهُم مِّنَّا ٱلۡحُسۡنَىٰٓ أُوْلَٰٓئِكَ عَنۡهَا مُبۡعَدُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز تەرەپتىن سائادەتكە ئېرىشىلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر بولسا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتنىمۇ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن نازىل قىلغان[3].

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى مىسال كەلتۈرۈپ، ساڭا: «ئى مۇھەممەد! خىرىستىيانلار ئىيسانى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان تۇرسا، سەن ئىيسانى پەيغەمبەر ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بىرى ئىدى دەۋاتىسەن، ئەگەر ئىيسا دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، بىزمۇ، ئىلاھلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىشكە رازىمىز» دېۋىدى، سېنىڭ قەۋمىڭ بۇ جېدەلدىن خۇشاللىنىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇشرىكلار بۇ پۇرسەتتە ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن: ﴿بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە ئاللاھتىن باشقىنى مەبۇد تۇتۇپ، ئۇلارغا چوقۇنغۇچىلار چوقۇنغان شۇ مەبۇدلىرى بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتىڭ، يەنە سەن ئىيسانى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ياخشى بەندىسى دېدىڭ، ھالبۇكى، ئىيسامۇ خىرىستىيانلار تەرىپىدىن چوقۇنۇلماقتا، بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىزمۇ بىز تەرەپتىن چوقۇنۇلماقتا، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسى چوقۇنۇلغان

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 98- ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 101- ئايەت.
[3] «أسباب النزول للواحدي» 273-بەت.

مەبۇدلاردۇر. ئۇنداقتا، بىزنىڭ مەبۇدلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىيسامۇ؟ ئىيسادەك بىر ئۇلۇغ زات دوزاخقا كىرىدىغان بولسا، مەيلى بىزمۇ بارلىق ئىلاھلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىشكە رازىمىز، دېدى.

ئى پەيغەمبەر! سەن مۇشرىكلارنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى سەۋەبتىن غەمكىن بولمىغىن. چۈنكى، ئۇلار بۇنداق مىسالLارنى ۋە مەسخىرىلىك سۆزلەرنى پەقەت سەن بىلەن جېدەللىشىش، ئۆزلىرىنىڭ باتىل دەۋالىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ئۈچۈنلا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار قانداقمۇ ھەقىقەتنى يېڭەلىسۇن؟! نەدە ئۇلاردا بۇنداق قۇدرەت؟ سەنمۇ بىلىسەن، ئۇلار ئەزەلدىن شۇنداق جېدەلخور قەۋمدۇر. ئۇلار يامان نىيىتىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بىرى ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبىرى تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك دوزاخ ئەھلى قاتارىدىن بولسۇن؟! ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەيغەمبەردۇر. ئەمما ئۇ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئەمەس. چۈنكى، ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىگە نائىل بولغان ئۈلگىلىك پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئاتىنىڭ ۋاسىتىسىسىز تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دەلىل قىلىنغان زاتتۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئاق كېسەلنى ساقايتىش قاتارلىق كاتتا مۆجىزىلەر بېرىلگەن.

ئاللاھ تائالا خالىسا ئىدى، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئورنىغا پەرىشتىلەرنى كەلتۈرگەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدۇر. مۇشرىكلار قانداقلارچە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەۋالىدۇ؟

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا ئاسماندىن چۈشۈشى قىيا-مەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت ھېسابلىنىدۇ. يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىسى قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدىغانلىقىغا ئوپئوچۇق دەلىلدۇر.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! سىلەر قىيامەتكە ھەرگىز شەك كەلتۈرمەڭلار.

چۈنكى، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەقىقەتتۇر. ئى پەيغەمبەر! ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى، سىلەر مېنىڭ يولۇمغا ئەگىشىڭلار. چۈنكى، بۇ ئەڭ توغرا يولدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، شەيتان سىلەرنى توغرا يولدىن توسۇپ قويمىسۇن! چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭلاردۇر.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ، ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە ھېكمەتنى ۋە تەۋھىدكە ئالاقىدار ھەقىقەتلەرنى ئېلىپ كەلدىم. سىلەر ‹تەۋرات›نىڭ ئەھكاملىرىدا ئىختىلاپقا چۈشكەن مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم، ‹تەۋرات›تا ھالال قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ھالال، ئۇنىڭدا ھارام قىلىنغانلارنى ھارام قىلىش، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ماڭا ئەگىشىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، شۇڭا سىلەر ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار» دەپ جاكارلىدى. مانا بۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدۇر، مانا بۇ ئۇنىڭ دەۋىتىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ۋە ياخشى بەندىلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇ توغرۇلۇق چوڭ ۋە خەتەرلىك ئىختىلاپلارنى قىلىشتى. بەزىسى ئۇنى ئىلاھ دېدى، بەزىسى ئىلاھنىڭ بالىسى دېدى. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىپ: ﴿يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي دِينِكُمۡ وَلَا تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُۖ﴾ يەنى ﴿ئى ئەھلى كىتاب (يەنى خىرىستىيانلار)! دىنىڭلار توغرىسىدا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق گەپنىلا قىلىڭلار. مەسىھ-مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر[1]، ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾[2] دېگەن. بۇنداق بىر پەيغەمبەر قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن؟ خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى بۇرمىلىغا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسا-لامنى ئاللاھ تائالا سۈپەتلىگەن سۈپەتلەردىن باشقا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى

---

[1] يەنى ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر.

[2] نىسا سۈرىسى: 171-ئايەت.

ھالىغا ۋاي! ئۇلار ئۆزلىرىنىمۇ، باشقىلار-نىمۇ ئازدۇرۇپ كەلمەكتە.

مەككە مۇشرىكلىرى مۇشۇنداق ئوچۇق بايانلاردىن كېيىن يەنە ئىبرەت ئالامدۇ؟ ھىدايەتنىڭ يولىغا كىرەمدۇ؟ ئۇلار زادى نېمىنى كۈتىدۇ؟ شەكسىزكى، ئۇلار قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. ﴿مَا يَنظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً تَأْخُذُهُمْ وَهُمْ يَخِصِّمُونَ ﴿٤٩﴾ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَآ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىر-بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ تۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ. ئۇ (ئاۋاز كەلگەن) چاغدا ئۇلار بىر-بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەت ئۈستىدە ئورۇنسىز دەتالاش قىلىش ئازغۇنلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا ضَلَّ قَوْمٌ بَعْدَ هُدًى كَانُواْ عَلَيْهِ إِلاَّ أُوتُواْ الْجَدَلَ» يەنى «ھىدايەت ئۈستىدە بولغان بىر قەۋم (دىن توغرىسىدا) جېدەللەشمىسىلا ئېزىپ كەتمەيدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

2. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا يەر يۈزىگە چۈشۈشى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

3. شەيتاننىڭ ئىنسان ئەۋلادىغا ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

4. تەقۋالىق ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدۇر.

5. دۇنيادا ھېچقانداق كىتاب ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم» سۈپەتلىگەندەك توغرا سۈپەتلەپ بېرەلمەيدۇ.

## ◄ قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى

﴿ٱلْأَخِلَّآءُ يَوْمَئِذٍۭ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٦٧﴾ يَٰعِبَادِ لَا
خَوْفٌ عَلَيْكُمُ ٱلْيَوْمَ وَلَآ أَنتُمْ تَحْزَنُونَ ﴿٦٨﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا
وَكَانُوا۟ مُسْلِمِينَ ﴿٦٩﴾ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَٰجُكُمْ تُحْبَرُونَ ﴿٧٠﴾

[1] ياسىين سۈرىسى: 50-49-ئايەتلەر.
[2] «سنن الترمذي» 12-توم، 72-بەت، 3562 - ھەدىس.

يُطَافُ عَلَيۡهِم بِصِحَافٖ مِّن ذَهَبٖ وَأَكۡوَابٖۖ وَفِيهَا مَا تَشۡتَهِيهِ
ٱلۡأَنفُسُ وَتَلَذُّ ٱلۡأَعۡيُنُۖ وَأَنتُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٧١ وَتِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِيٓ
أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٧٢ لَكُمۡ فِيهَا فَٰكِهَةٞ كَثِيرَةٞ مِّنۡهَا
تَأۡكُلُونَ ٧٣ إِنَّ ٱلۡمُجۡرِمِينَ فِي عَذَابِ جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ٧٤ لَا يُفَتَّرُ
عَنۡهُمۡ وَهُمۡ فِيهِ مُبۡلِسُونَ ٧٥ وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن كَانُواْ هُمُ
ٱلظَّٰلِمِينَ ٧٦ وَنَادَوۡاْ يَٰمَٰلِكُ لِيَقۡضِ عَلَيۡنَا رَبُّكَۖ قَالَ إِنَّكُم
مَّٰكِثُونَ ٧٧ لَقَدۡ جِئۡنَٰكُم بِٱلۡحَقِّ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَكُمۡ لِلۡحَقِّ
كَٰرِهُونَ ٧٨ أَمۡ أَبۡرَمُوٓاْ أَمۡرٗا فَإِنَّا مُبۡرِمُونَ ٧٩ أَمۡ يَحۡسَبُونَ أَنَّا لَا
نَسۡمَعُ سِرَّهُمۡ وَنَجۡوَىٰهُمۚ بَلَىٰ وَرُسُلُنَا لَدَيۡهِمۡ يَكۡتُبُونَ ٨٠

## تەرجىمىسى

67ـبۇ كۈنده دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (ئاللاھ ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا بۇنىڭ سىرتىدا.

68ـ(ئۇلارغا) «ئى بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قىلچە قورقۇنچ يوق، سىلەر غەمكىن بولمايسىلەر» (دېيىلىدۇ).

69ـئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى.

70ـ(ئۇلارغا) «سىلەر ۋە ئاياللىرىڭلار خۇشال-خۇرام هالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ).

71ـئۇلارغا (نازۇنېمەتلەر تىزىلغان) ئالتۇن لېگەنلەر ۋە (شەربەت تولدۇرۇلغان) ئالتۇن جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار. (ئۇلارغا دېيىلىدۇكى) «سىلەر بۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىسىلەر.

72ـسىلەر قىلغان ئەمەلىڭلار يۈزىسىدىن ۋارىس قىلىنغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.

73ـجەننەتتە سىلەر ئۈچۈن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر».

74ـشەكسىزكى، ئۇ (ئىمانسىز) گۇناھكارلار دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

75ـ ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار ئازاب ئىچىدە (قۇتۇلۇشتىن) ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردۇر.

76ـ ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق، ئەمما ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

77ـ ئۇلار (دوزاختا مەسئۇل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئەلۋەتتە (بۇ ئازابتا شۇنداق) تۇرۇۋېرىسىلەر» دەيدۇ.

78ـ شەكسىزكى، بىز سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق، لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەقىقەتنى ياقتۇرمايسىلەر.

79ـ ئۇلار (پەيغەمبەرگە قارشى) بىرەر ئىشنى قارار قىلدىمۇ؟ بىزمۇ چوقۇم (ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىش ھەققىدە بىر ئىشنى) قارار قىلىمىز.

80ـ ئۇلار بىزنى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. (بىز ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە) بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ (قىلمىشلىرىنى) يېزىپ تۇرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، سۆزنى بۇ دۇنيادا بىر-بىرى بىلەن دوستلاشقان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىدىن باشلىغان. ھەقىقەت شۇكى، بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا دوستلاشقانلاردىن باشقىلار ئاخىرەتتە چوقۇم پۇشايمان قىلىشىدۇ ۋە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ.

بۇ دۇنيادا دوستلار ۋە دوستلۇقلار ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى دوستلار بىر-بىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىشكە، توغرا ۋە دۇرۇس ئىش قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇلارنىڭ دوستلۇقى ئاخىرەتتىمۇ كۆڭۈللۈك داۋاملىشىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر دوستلىرىنى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشقا ۋە يامانلىققا چاقىرىدۇ. بۇنداق دوستلار قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە مەسلىھەت بەرگەنلەرنىڭ ئازغۇنلۇقتىن باشقىسىنى تەۋسىيە قىلمىغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇلارغا مالامەت قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆچىنى ئالغۇسى كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، ئۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشىدۇ، دوستلۇقى

نەپرەتكە ئايلىنىدۇ. ئازدۇرۇلغانلار ئازدۇرغۇچىلىرىغا بارلىق گۇناھلىرىنى ئارتىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇنداق قۇتۇلۇش ئۇلارغا نەدە؟ «قۇرئان كەرىم» بىزگە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزئارا جېدەللىشىشلىرىنى ھەر خىل تەسۋىرلەر بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن.

بۇ دۇنيادىكى دوستلۇقلاردىن تەقۋالىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقتىن باشقا ھەممىسى قىيامەت كۈنىدە دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ. تەقۋادارلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولغان دوستلۇقى بولسا شۇ پېتى داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، بۇ ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان، ھەقىقەتكە چاقىرىدىغان خەيرلىك دوستلۇق ئىدى. تەقۋادار دوستلار جەننەتلەردە ئېسىل تەختلەر ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە بۇ خەيرلىك دوستلۇقنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ھەرقانداق بىر ئۆچمەنلىك، ھەسەت، ئىچى تارلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى يۇلۇپ چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارغا: ئى بەندىلىرىم! سىلەر ئەمدى ئۆتكەنگە قايغۇرمايسىلەر، ھەسرەت چەكمەيسىلەر، كېلەچەكتىن قورقمايسىلەر ۋە غەم قىلمايسىلەر. سىلەر ئائىلە ئەزالىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە خۇشال - خۇرام جەننەتكە كىرىڭلار، دېيىلىدۇ.

جەننەت ئەھلىگە جەننەتلەردە كۈمۈش جاملارغا تولدۇرۇلغان لەززەتلىك ئىچىملىكلەر، ئالتۇن لېگەنلەردە مەززىلىك تائاملار تەقدىم قىلىنىپ تۇرىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى دۇنيادا ئوخشىشىنى كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نېمەتلەردۇر.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «جەننەتتە تۆگە بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئاللاھ سېنى جەننەتكە كىرگۈزسە، ئۇ جايدا كۆڭلۈڭ تارتقان، كۆزۈڭ ھۇزۇرلىنىدىغان ھەممە نەرسە بولىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. توغرا، جەننەتتە كۆڭۈل تارتقان، نەپس ئىشتىھا قىلغان، كۆزلەر قاراپ ھۇزۇرلىنىدىغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، جەننەتنىڭ نېمەتلىرى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە جەننەتتىكى مېۋىلەردىن بەزىسىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بايان قىلىنغانلىقى بۇ مېۋىلەرنى ئىنسانلارنىڭ

[1] «سنن الترمذي» 9-توم، 476-بەت، 2739 - ھەدىس. ئەللامە ئەلبانى«ھەسەن»دەپ باھالىغان.

زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە جەننەتنىڭ مېۋىلىرى بۇ دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

جەننەتتە تەقۋادارلارغا دېيىلىدۇكى، سىلەر دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ يۈزىسىدىن ئېرىشكەن جەننەتلەردە كەڭتاشا نېمەتلىنىڭلار، خالىغان مېۋىلەردىن يەڭلار، سىلەرگە خالىغىنىڭلار بار. مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋادار بەندىلىرىگە قىلغان ۋەدىسىدۇر. ئەمما كاپىرلارغا بېرىلىدىغىنى ﴿شەكسىزكى، ئۇ (ئىمانسىز) گۇناھكارلار دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلاردىن ئازاب بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار ئازاب ئىچىدە (قۇتۇلۇشتىن) ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەردۇر﴾ دېگەن ئايەتتە ئىپادىسىنى تاپقان جازادۇر. يەنى دوزاخ ئەھلى دوزاختا ئاللاھ تائالا خالىغان مۇددەتكىچە مەڭگۈ قالىدۇ، ئازاب ئۇلاردىن بىردەممۇ يەڭگىللىتىلمەيدۇ ۋە توختاپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار بۇ ئازابلارنىڭ بىر كۈن توختاپ قېلىشىدىن ياكى يېنىكلىشىدىنمۇ تامامەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئازاب ئىچىدە شۇنداق ئازابلىنىدۇ. بۇ ئازابلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار ئۆزلىرى سەۋەبچى بولدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلار كۇفرى ۋە مەئسىيەت يولىنى تاللاش بىلەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدىغان زالىملاردۇر.

ئۇ ئىمانسىز گۇناھكارلار دوزاختا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرىدۇ، ئۇلار ئازابئۇقۇبەت ئىچىدە شۇنداق داۋاملىشىدۇ، ئۇلار نە سۆز قىلىشقا، نە ئۆزرە ئېيتىپ گۇناھلىرىنى تىلەشكە پېتىنالمايدۇ، ئازاب ئۇلاردىن يەڭگىللىتىلمەيدۇ. ئاخىر بۇ گۇناھكارلار چىدىيالماستىن، دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىگە يالۋۇرۇپ: «ئى مالىك! رەببىڭگە ئېيتقىن، ئۇ بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن! بىز بۇ تۈگىمەس ئازابتىن، بۇ خارلىقتىن ئۆلۈم بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتەيلى!» دەيدۇ.

ئەمما دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتە مالىك بۇ گۇناھكارلارنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بەرمەيدۇ ۋە ئۇزۇن ۋاقىت شۇنداق ئۆتىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ﴿سىلەر ئەلۋەتتە (بۇ ئازابتا شۇنداق) تۇرۇۋېرىسىلەر﴾ دېيىلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەردىن ياردەم سورايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ﴿وَقَالَ ٱلَّذِينَ فِى ٱلنَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ٱدْعُوا۟ رَبَّكُمْ يُخَفِّفْ عَنَّا يَوْمًا مِّنَ ٱلْعَذَابِ ﴿٤٩﴾ قَالُوٓا۟ أَوَلَمْ تَكُ تَأْتِيكُمْ رُسُلُكُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ ۚ قَالُوا۟ فَٱدْعُوا۟ ۗ وَمَا دُعَٰٓؤُا۟ ٱلْكَٰفِرِينَ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ﴾ يەنى ﴿دوزاختىكىلەر دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە: «سىلەر رەببىڭلارغا دۇئا قىلساڭلار، ئۇ بىزدىن

ئازابىنى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ يېنىكلىتىپ بەرگەن بولسىكەن» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق دەلىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ھەئە (ئەلۋەتتە ئېلىپ كەلگەن ئىدى)» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ئۇنداق بولسا (ئۆزۈڭلار) دۇئا قىلىڭلار» دەيدۇ. ھالبۇكى، كاپىرلارنىڭ دۇئاسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ﴾[1]. بۇ گۇناھكارلار پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە ئۆلۈمنى تىلەپ: ﴿ئى مالىك! رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن!﴾ دەيدۇ.

﴿شەكسىزكى، بىز سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق، لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەقىقەتنى ياقتۇرمايتتىڭلار﴾ يەنى ئى گۇ-ناھكارلار! بېشىڭلارغا كەلگەن بۇ جازالارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۇنيادا سىلەرگە سىلەر ئۈچۈن ئىككى ئالەملىك ياخشىلىقنىڭ ۋە بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتى بولغان ھەق دىننى نازىل قىلغان ئىدۇق، ئەمما سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلمىدىڭلار، چۈنكى، سىلەرنىڭ كۆپىنچىڭلار ھەق دىننى ياقتۇرمايتتىڭلار.

ئۆز ۋاقتىدا مەككىلىك مۇشرىك ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى. ﴿أَمۡ يُرِيدُونَ كَيۡدٗاۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ هُمُ ٱلۡمَكِيدُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار تېخى (ساڭا) تۇزاق قۇرماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ كاپىرلارنىڭ قۇرغان تۇزاقلىرى بەربات بولىدۇ﴾[2]. بۇ ئايەت مەككىلىكلەرنىڭ «دارۇننەدۋە» دەپ ئاتىلىدىغان كېڭەش ئۆيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ تۇزاقلىرىنى بەربات قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سالامەت ساقلايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ: ﴿وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[3] دېگەن.

ئۇ كاپىرلار بىزنى ئۆزلىرىنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ۋە مەخپىي پىلانلىرىنى ئاڭلىمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ ئالەملەرنىڭ رەببى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى قانداقمۇ

---

[1] غافىر سۈرىسى: 49-50-ئايەتلەر.
[2] تۇر سۈرىسى: 42-ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.

بىلمەمسۇن؟! ئۇ قەلبىتىكىلەرنى ئېنىق بىلىدىغان تۇرسا، بۇ كاپىرلارنىڭ مەخپىي پىلانلىرىنى ۋە پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىماي قالامدۇ؟! ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ، بەندىلەرنىڭ نامە-ئەمەلىنى يېزىپ تۇرىدىغان مەخسۇس پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ تولۇق يېزىپ تۇرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن دوستلاشقانلاردىن باشقىلارنىڭ دوستلۇقى قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتمايدۇ، بەزى دوستلۇقلار ئۇ كۈندە دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ.

2. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلانغان ۋە تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگەنلەر ئاخىرەتتە ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئەڭ بەختلىك كىشىلەر بولىدۇ.

3. جەننەت ئەھلى جەننەتكە لايىق بولغان ئەھلى ئەۋلادى بىلەن جەننەتتە بىللە بولىدۇ.

4. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى يېيىش، ئىچىش، قاراپ لەززەتلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە خۇشاللىنىش قاتارلىق ھۇزۇر-ھالاۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان خاپىلىقلار ئومۇمەن ئۇنىڭ قىلمىشى سەۋەبلىك كېلىدۇ. ئاخىرەتتە دوزاخ ئەھلىدىن بولىدىغانلارمۇ ئۆز قىلمىشلىرى سەۋەبتىن بولىدۇ.

6. دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆلۈمنى تىلىشى ئازابىنىڭ ھەقىقەتەن قاتتىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

7. ھەقىقەتنى يامان كۆرۈشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى دۇنيالىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سۆيۈش ۋە بارلىق ھىممىتىنى ھايۋانلاردەك يەپ-ئىچىشكە ۋە ھۇزۇرلىنىشقا بېغىشلاشتىن ئىبارەتتۇر.

## ◄ ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى بالىسى يوق

﴿قُلۡ إِن كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ وَلَدٞ فَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡعَٰبِدِينَ ﴿٨١﴾ سُبۡحَٰنَ رَبِّ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ رَبِّ ٱلۡعَرۡشِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿٨٢﴾ فَذَرۡهُمۡ يَخُوضُواْ
وَيَلۡعَبُواْ حَتَّىٰ يُلَٰقُواْ يَوۡمَهُمُ ٱلَّذِي يُوعَدُونَ ﴿٨٣﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي فِي
ٱلسَّمَآءِ إِلَٰهٞ وَفِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَٰهٞۚ وَهُوَ ٱلۡحَكِيمُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٨٤﴾ وَتَبَارَكَ ٱلَّذِي

لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَا وَعِندَهُۥ عِلۡمُ ٱلسَّاعَةِ
وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ﴿٨٥﴾ وَلَا يَمۡلِكُ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِهِ ٱلشَّفَٰعَةَ
إِلَّا مَن شَهِدَ بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٨٦﴾ وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَهُمۡ
لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٨٧﴾ وَقِيلِهِۦ يَٰرَبِّ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوۡمٞ لَّا
يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾ فَٱصۡفَحۡ عَنۡهُمۡ وَقُلۡ سَلَٰمٞۚ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٨٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

81-(ئى پەيغەمبەر! «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دەيدىغان مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا (يەنى ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم، (ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر)».

82-ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى، ئەرشنىڭ رەببى (ئاللاھ) ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن پاكتۇر.

83-ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (قىيامەت) كۈنگە ئۇچراشقانغا قەدەر (ئۆز باتىللىرىغا) چۆكۈپ ئويناپ تۇرسۇن.

84-(ئاللاھ شۇنداق زاتكى) ئۇ ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، يەردىمۇ ئىلاھتۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

85-ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان زات (ئاللاھ)نىڭ بەرىكىتى كۆپتۇر. قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم پەقەت ئۇنىڭ دەرگاھىدىدۇر. سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغىلا قايتۇرۇلىسىلەر.

86-ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى (ئۇلارغا) شاپائەت قىلالمايدۇ، پەقەت ھەق دىننى بىلىپ، (ئۇنىڭغا) گۇۋاھلىق بەرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلار شاپائەت قىلالايدۇ).

87-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

88-(ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) «ئى رەببىم! بۇلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر» دېگەن (سۆزىنى بىلىپ تۇرىدۇ).

89-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، (ئۇلارغا) «ئامان بولايلى» دېگىن، ئۇلار (قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) پات يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدىغان يالغانچىلىقىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ﴿قُلْ إِن كَانَ لِلرَّحْمَٰنِ وَلَدٌ فَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْعَٰبِدِينَ﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان. مۇپەسسىرلەر ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، مۇجاھىد بۇ ئايەتكە «ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا، مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن. سىلەر خالىغىنىڭلارنى دەۋېرىڭلار› دەپ مەنە ئېيتقان. مۇئاۋىيە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر. مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى» دەپ مەنە ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. سۇددىي «ئەگەر ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن ئاللاھقا ئۇنىڭ بالىسى بار دەپ ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم. ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر» دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىلەر ﴿إِن كَانَ لِلرَّحْمَٰنِ وَلَدٌ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «إِن» ئىنكار مەنىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر، بۇنداق بولۇش ئاللاھقا لايىق ئەمەس» دەپ تەپسىر قىلغان[1]. تەپسىرى مۇيەسسەردە، بۇ ئايەتكە «ئى پەيغەمبەر! ‹پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر› دەيدىغان مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا (يەنى ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم، ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر›»[2] دەپ مەنە ئېيتقان. يەنى ئى مۇشرىكلار! ناۋادا سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ بالىسى بولسا ئىدى، مەن سىلەر گۇمان قىلغان ئاشۇ بالىغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم، ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بالىسى ياكى شېرىكى ۋەياكى ياردەمچىسى بولۇشتىن تامامەن پاك ۋە ئۈستۈندۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ نالايىق سۈپەتلەشلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ئۇ يېگانە ۋە تەڭداشسىز ئىلاھتۇر. ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ، شۇنداقلا، بارچە كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە مەڭگۈ پانىي بولمايدىغان زاتتۇر. ئۇ بالىغا، ئايالغا، شېرىككە ۋە

---

[1] «تفسير الطبري» 21- توم، 652- بەت.

[2] «التفسير الميسر» 495- بەت.

ياردەمچىگە ھاجىتى يوق زات تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭغا بالىنى مەنسۇپ قىلغىلى بولسۇن؟! ھالبۇكى، بالىغا، جورىغا ۋە ياردەمچىگە موھتاج بولۇش مەخلۇقاتنىڭ سۈپىتى بولۇپ، مەخلۇقات بۇلارغا موھتاجدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بارلىق كائىنات دەلىللىرى ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ ئايەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقلۇقىنى، ئىلاھلىقتا يالغۇز ۋە يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلار بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادى بىلەن ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا تېخىمۇ كۆمۈلۈپ كەتسۇن ۋە ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلگۈچىلىك شۇنداق غەپلەتتە يۈرسۇن. ﴿بَلِ ٱلسَّاعَةُ مَوۡعِدُهُمۡ وَٱلسَّاعَةُ أَدۡهَىٰ وَأَمَرُّ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان (ئازابنىڭ ۋاقتى) قىيامەتتۇر. قىيامەت (كۈنىدە ئۇلار تارتىدىغان ئازاب بەدرى ئۇرۇشىدا تارتقانلىرىدىن) تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ قاتتىقتۇر﴾[1].

بىز ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى لايىقىدا سۈپەتلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەلىل-پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ بەردۇق. ئەمما ئۇلار بىزنىڭ بايانلىرىمىزغا دىققەت ئېتىبارىنى بەرمىدى، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇڭا ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا تېخىمۇ چۆمۈپ كەتسۇن.

ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى يوق، بالىسىمۇ يوق، ئۇ ئاسماندىمۇ ئىلاھ، يەر يۈزىدىمۇ ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ۋە ئېتىقاد قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان بىرەر ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىشلىرىدا ھېكمەتلىك، ھەققانىي ۋە ئادالەتلىكتۇر. مۇشرىكلار، خرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلار ھېچقاچان ئاللاھ تائالانى لايىقىدا سۈپەتلىگەن ئەمەس. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا لايىق بولمايدىغان سۈپەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭ بالىسى بار دەپ جۆيلۈگەن. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى دېسە، خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى دەيدۇ، مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ بەزىسى بولسا پەرىشتىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانى

[1] قەمەر سۈرىسى: 46-ئايەت.

بالىسى بار دېيىش ئۇنى مەخلۇقاتقا ئوخشاتقانلىقتۇر. چۈنكى، بالىچاقىسى بولۇش مەخلۇقاتلارنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى، ھۆكۈمرانلىقى ۋە پادىشاھلىقى ئۆز ئىلكىدە بولغان زات قانداقمۇ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىغا ئوخشىسۇن؟! قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرۇلۇق بىلىممۇ ئۇنىڭغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاخىرى ھەممە خالايىق ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

كاپىرلار قانداقلارچە ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالىدۇ؟ ئۇلار بۇ ئېتىقادنى قانداقمۇ كۆڭلىگە ئىگە قىلالايدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ چوقۇنغان بۇتلىرى ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدىغان ۋە ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان نەرسىلەر تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا ئوخشاتقىلى بولسۇن؟! ئەگەر سەن بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بۇ كاپىرلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا «ئاللاھ ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ بۇ ھەقىقەتتىن قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

ئى پەيغەمبەر! ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ: ﴿ئى رەببىم! بۇلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمدۇر﴾ دېگەن سۆزۈڭنى رەببىڭ بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق مۇناجاتنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا سەن ئۇ كاپىرلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلارغا «خوش ئەمىسە» ياكى «ئامان بولايلى» دەپ ئۇلارنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتكىن. ئۇلار كۇفرىلىق بىلەن ئاسىيلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم بىلىپ قالىدۇ. ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى ﴿سَلَٰمٌ﴾ دېگەن سۆز قارشى ئېلىش ياكى سالام قىلىش ۋەياكى ئامانلىق تىلەش مەنىسىدىكى سالام ئەمەس، بەلكى تەرك ئېتىش مەنىسىدىكى سالامدۇر»[1].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىرلاردۇر.

2. ﴿ئەگەر رەھمان ئاللاھنىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم﴾ دېگەن ئايەت «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېگۈچىلەرنىڭ ئەقلىگە ۋە ئۇلارنىڭ مەنتىق ئۆلچىمىگە

[1] «تفسير القرطبي» 16- توم، 115- بەت.

چۈشۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئايەت بولۇپ، مەنىسى: ئەگەر سىلەر دەۋاتقاندەك ئاللاھنىڭ بالىسى بار، دەپ پەرەز قىلىنسا، مەن پەيغەمبەر بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ بالىغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىنقىسى بولاتتىم، ئەمما ئاللاھنىڭ بالىسى يوق. شۇڭا مەنمۇ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايمەن، دېگەنلىكتۇر.

**3.** قىيامەت كۈندىكى شاپائەتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالادۇر، شۇڭا ھېچكىم ئاللاھ تائالانىڭ ئىجازىتىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ. شاپائەتمۇ پەقەت ئەقىدىسى ساغلام بولغان مۇئمىنلەرگە قىلىنىدۇ، ئەمما مۇشرىكلارغا، كاپىرلارغا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

**4.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى، ئەمما ئىبادەت ۋە دۇئالاردا ئاللاھ تائالاغا بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالاتتى.

# دۇخان سۈرىسى

دۇخان سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 59 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى تونۇشتۇرۇش، مۇشرىكلارنى كۇفرىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى تەكىتلەش قاتارلىق ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى مىسال كەلتۈرۈش، مۇشرىكلار بىلەن ئاخىرەت توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىش، مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى، كاپىرلارنىڭ ئالامەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈرە «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى بايانلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ھەق دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى مۇشۇ سۈرىنىڭ 10-ئايىتى بولغان ﴿فَٱرْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي ٱلسَّمَآءُ بِدُخَانٍ مُّبِينٍ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاسمان ئاشكارا تۈتۈننى ئېلىپ كېلىدىغان كۈننى كۈتكىن﴾ دېگەن ئايەتتىكى «تۈتۈن» مەنىسىدە كەلگەن ﴿دُخَان﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە تۈتۈننى كاپىرلارنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر ئالامەت قىلىپ كۆرسەتكەن.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿حمٓ ① وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ② إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةٖ مُّبَٰرَكَةٍۚ إِنَّا كُنَّا مُنذِرِينَ ③ فِيهَا يُفۡرَقُ كُلُّ أَمۡرٍ حَكِيمٍ ④ أَمۡرٗا مِّنۡ عِندِنَآۚ إِنَّا

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 410- بەت.

كُنَّا مُرۡسِلِينَ ٥ رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٦ رَبِّ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا بَيۡنَهُمَآۖ إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ ٧ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ
يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ رَبُّكُمۡ وَرَبُّ ءَابَآئِكُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٨ بَلۡ هُمۡ فِي شَكّٖ
يَلۡعَبُونَ ٩ فَٱرۡتَقِبۡ يَوۡمَ تَأۡتِي ٱلسَّمَآءُ بِدُخَانٖ مُّبِينٖ ١٠ يَغۡشَى
ٱلنَّاسَۖ هَٰذَا عَذَابٌ أَلِيمٞ ١١ رَّبَّنَا ٱكۡشِفۡ عَنَّا ٱلۡعَذَابَ إِنَّا مُؤۡمِنُونَ
١٢ أَنَّىٰ لَهُمُ ٱلذِّكۡرَىٰ وَقَدۡ جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مُّبِينٞ ١٣ ثُمَّ تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ
وَقَالُواْ مُعَلَّمٞ مَّجۡنُونٌ ١٤ إِنَّا كَاشِفُواْ ٱلۡعَذَابِ قَلِيلًاۚ إِنَّكُمۡ عَآئِدُونَ
١٥ يَوۡمَ نَبۡطِشُ ٱلۡبَطۡشَةَ ٱلۡكُبۡرَىٰٓ إِنَّا مُنتَقِمُونَ ١٦

### تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ھامىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ3ـ روشەن كىتاب (قۇرئان) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىر مۇبارەك كېچىدە (قەدىر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، شەكسىزكى، بىز ھەقىقەتەن (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمىز.

4ـ بۇ كېچىدە (بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى قاتارلىق) ھەربىر ھېكمەتلىك ئىش ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ.

5ـ (ھۆكۈم قىلىنىپ بېكىتىلگەن بۇ ئىشلار) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان بۇيرۇقتۇر، بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان ئىدۇق.

6ـ (بۇ) رەببىڭنىڭ رەھمىتىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

7ـ ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار (بىلىڭلاركى، ئاللاھ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر.

8ـ ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ ۋە تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئۇ سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭمۇ رەببىدۇر.

9-(ئۇلار ئاللاھنىڭ رەب ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ) بەلكى ئۇلار شەك ئىچىدە ئويناپ يۈرىدۇ.

10-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاسمان ئاشكارا تۈتۈننى ئېلىپ كېلىدىغان كۈننى كۈتكىن.

11-(ئۇ تۈتۈن) ئىنسانلارنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر.

12-(ئۇ چاغدا ئىنسانلار) «ئى رەببىمىز! بىزدىن بۇ ئازابنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز» (دەيدۇ).

13-14- ھالبۇكى، ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگۈچى پەيغەمبەر كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، (ئۇنى): «(قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەنگەن، مەجنۇن ئادەم» [1] دېگەن تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ئىبرەت ئالسۇن؟

15-بىز ئەلۋەتتە ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنە ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن سىلەر چوقۇم (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر.

16-بىز شىددەت بىلەن تۇتىدىغان كۈندە ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالغۇچىمىز.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ناھايىتى بەرىكەتلىك ۋە ئۇلۇغ كېچە بولغان قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەسەم قىلغانلىقى بۇ كىتابنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىدىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنىڭ كاتتىلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىدە: ﴿شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ هُدٗى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٖ مِّنَ ٱلۡهُدَىٰ وَٱلۡفُرۡقَانِۚ﴾ يەنى ﴿(روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ساناقلىق كۈنلەر) ئىنسانلارغا يېتەكچى، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان نازىل قىلىنىشقا باشلىغان رامىزان ئېيىدۇر﴾[2] دەيدۇ، يەنە قەدر سۈرىسىدە: ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، بىز

---

[1] يەنى مۇھەممەدكە قۇرئاننى كاھىنلار ياكى جىنلار ئۆگەتكەن، ئۇ ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدۇر، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، دېمەكچى.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 185- ئايەت.

قۇرئاننى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق﴾[1] دەيدۇ، بۇ سۈرىدە: ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن بەرىكەتلىك بىر كېچىدە نازىل قىلدۇق﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ رامىزاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ كېچە-قەدىر كېچىسىدە نازىل بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز-ئازدىن نازىل قىلىپ، جەمئىي 23 يىلدا تولۇق نازىل قىلىپ بولغان. ئەمما ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ باشلىنىشى قەدىر كېچىسىدە ئەمەلگە ئاشقان.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشقا باشلىغان مۇبارەك قەدىر كېچىسى بۇ سۈرىدىمۇ خۇددى قەدىر سۈرىسىدە سۈپەتلەنگەندەك سۈپەتلەنگەن. ئاللاھ تائالا ئاشۇ بەرىكەتلىك كېچىدە ئىنسانلارنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئەجىلى، رىزقى قاتارلىق ھەربىر ھېكمەتلىك ئىشنىڭ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئاندىن بۇ ھېكمەتلىك ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن بىر ئەمر ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە تەدبىرى بىلەنلا بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق بىر ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان ئىدۇق، (بۇ) رەببىڭنىڭ رەھمىتىدۇر﴾ دېگەنلىكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى ئىنسانىيەتنى ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ۋە ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا رەھمىتى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ساماۋى دىنىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ ئۇلۇغ كىتاب – «قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىلىك، قىممەتلىك ۋە ئەزىز كىتابتۇر. ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ھەق سۆزگە كەسكىن ئىشىنىدىغان بولساڭلار ۋە راستىنلا ھەقىقەتكە يەتمەكچى بولساڭلار، «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرگە قۇلاق سېلىڭلار.

ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئايەتلەردە ئۇلارغا: سىلەرنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىنىنى ياراتقان زات ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىقرار

[1] قەدر سۈرىسى: 1- ئايەت.

قىلغانلىقىڭلار راست بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىڭلار لازىم دېگەن مەزمۇندا خىتاب قىلىنغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەرگىز چىن ئىشەنمىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى شەك ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئاللاھ ياراتقان» دېگەن سۆزىدە راستچىل بولىدىغان بولسا، ئىبادەتنى شۇ بىر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلغان بولاتتى.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر بۇ مۇشرىكلار تېخىچە سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭدىن ۋە ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدىن شەكلەنسە، ئاسمان ھەممە ئادەم ئۇچۇق كۆرىدىغان تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان ئازابلىق كۈننى كۈتكىن. بۇ ئازابلىق كۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاسمان ئاشكارا تۈتۈننى ئېلىپ كېلىدىغان كۈننى كۈتكىن﴾ دېگەن ئايەتتىكى «كۈن»دىن قايسى كۈن كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە قۇرتۇبىي مۇپەسسىرلەرنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل قارىشىنى بايان قىلغان:

«بىرىنچىسى، بۇ كۈن قىيامەت قايىم بولغىلى ئاز قالغاندا كېلىدىغان كۈن بولۇپ، ئۇ چاغدا قىرىق كېچە-كۈندۈز ئاسماننى تۈتۈن قاپلىغان ھالدا تۇرىدۇ، بۇ ئارىدا مۇئمىنلەرگە زۇكامغا ئوخشايدىغان بىر ھالەت كېلىدۇ، ئەمما كاپىرلارنىڭ ۋە گۇناھكارلارنىڭ بۇرنىغا تۈتۈن كىرىپ قۇلاقلىرىدىن چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ نەپسى تارلىشىپ كېتىدۇ. كاپىرلارغا كەلگەن بۇ ئەھۋال دوزاخنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەلى، ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى ئەمر، ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى ئەلى، ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىككىنچىسى، ئۇ كۈن مۇشرىكلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاچارچىلىق كۈنلەردۇر. ئىمام بۇخارىي، ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن: «قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كەلگەن ئاچارچىلىق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇلار سۆڭەكلەرنى يېيىشكە

مەجبۇر بولغان. بۇ چاغدا قاتتىق ئاچلىقتىن ئاسمانغا قارىغان ئادەم كۆزلىرى تولىشىپ، ئاسماندا بىر دۈۋە تۈتۈننى كۆرگەندەك بولغان.

ئۈچىنچىسى، ئۇ كۈن مەككە ئازاد قىلىنغان كۈن بولۇپ، ئۇ كۈندە چاڭ-توزاندىن ئاسمان يۆگىلىپ قالغاندەك تۇتۇلغان»[1].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاچارچىلىق ۋە قىيامەت قايىم بولغىلى ئاز قالغان ۋاقىتتا كاپىرلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەھۋال دېگەن ئىككى خىل قاراشنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ كۈندىن قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەرگە كەلگەن ئاچارچىلىق كۈنلەر كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى كۈچلەندۈرگەن[2].

كاپىرلارنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، ئۇلار پەيغەمبەرگە يىلىنىپ تۇرۇپ: «ئەگەر ئاللاھ بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈننى بىزدىن كۆتۈرۈۋەتسە، بىز چوقۇم ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەلىپى ئورۇندىلىپ، بېشىغا كەلگەن ئېغىر-چىلىقلار كۆتۈرۈۋېتىلگەن ھامان، ئۇلار بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا قايتىۋالىدۇ ۋە بېشىغا كەلگەنلەرنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ، ھەتتا يالغۇز-غانلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بۇ كاپىرلاردا ئىبرەت ئېلىش نەدە تۇرسۇن؟ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش نەدە تۇرسۇن؟ ئۇلارغا ھەق دىننى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلەيدىغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىز نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىپ، «مۇھەممەدكە بۇ قۇرئاننى باشقىلار ئۆگىتىدۇ، ئۇ راستتىنلا ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدۇر» دەپ تۆھمەت قىلدى. ئى كاپىرلار! بىز ئازابنى سىلەردىن ئازراق كۆتۈرۈۋېتىمىز، ئاندىن سىلەر يەنە بۇرۇنقى كۇفرىلىق ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنى گۇناھىڭلار سەۋەبلىك قاتتىق جازالايمىز.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارنى قىيامەت كۈنىدە جازالايدىغانلىقىمىزنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى، بىز دەھشەتلىك ئازاب بىلەن تۇتىدىغان كۈندە ئۇلارنى قاتتىق جازالايمىز ۋە دەردلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىمىز. چۈنكى، رەببىڭنىڭ تۇتۇشى ھەقىقەتەن دەھشەتلىكتۇر، جازاسى قاتتىقتۇر. مانا بۇلار كاپىرلارغا قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

---

[1] «تفسير القرطبي» 16-توم، 131-130-بەتلەر.

[2] «تفسير الطبري» 22-توم، 18-14-بەتلەر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تۆۋەندىكىچە ئۇلۇغلىغان:

2. ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قەسەم قىلماقچى بولسا، مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك نەرسە بىلەنلا قەسەم قىلىدۇ.

3. ئۇنى شەرەپتە ۋە ساۋابتا مىڭ ئايدىن ئۇلۇغ بولغان قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلغان.

4. ئۇنى ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىرىدىغان ھىدايەت يېتەكچىسى قىلغان.

5. ئۇنىڭ نازىل قىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان كاتتا رەھمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

### پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ئىبرەت ئالىدىغانلار يوقمۇ؟

﴿وَلَقَدْ فَتَنَّا قَبْلَهُمْ قَوْمَ فِرْعَوْنَ وَجَآءَهُمْ رَسُولٌ كَرِيمٌ ﴿١٧﴾ أَنْ أَدُّوٓاْ
إِلَيَّ عِبَادَ ٱللَّهِۖ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ ﴿١٨﴾ وَأَن لَّا تَعْلُواْ عَلَى ٱللَّهِۖ إِنِّيٓ
ءَاتِيكُم بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿١٩﴾ وَإِنِّي عُذْتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُمْ أَن تَرْجُمُونِ
﴿٢٠﴾ وَإِن لَّمْ تُؤْمِنُواْ لِي فَٱعْتَزِلُونِ ﴿٢١﴾ فَدَعَا رَبَّهُۥٓ أَنَّ هَٰٓؤُلَآءِ قَوْمٌ
مُّجْرِمُونَ ﴿٢٢﴾ فَأَسْرِ بِعِبَادِي لَيْلًا إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ ﴿٢٣﴾ وَٱتْرُكِ ٱلْبَحْرَ
رَهْوًاۖ إِنَّهُمْ جُندٌ مُّغْرَقُونَ ﴿٢٤﴾ كَمْ تَرَكُواْ مِن جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٢٥﴾
وَزُرُوعٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ ﴿٢٦﴾ وَنَعْمَةٍ كَانُواْ فِيهَا فَٰكِهِينَ ﴿٢٧﴾ كَذَٰلِكَۖ
وَأَوْرَثْنَٰهَا قَوْمًا ءَاخَرِينَ ﴿٢٨﴾ فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ ٱلسَّمَآءُ وَٱلْأَرْضُ
وَمَا كَانُواْ مُنظَرِينَ ﴿٢٩﴾ وَلَقَدْ نَجَّيْنَا بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنَ ٱلْعَذَابِ
ٱلْمُهِينِ ﴿٣٠﴾ مِن فِرْعَوْنَۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَالِيًا مِّنَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٣١﴾ وَلَقَدِ
ٱخْتَرْنَٰهُمْ عَلَىٰ عِلْمٍ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٢﴾ وَءَاتَيْنَٰهُم مِّنَ ٱلْءَايَٰتِ مَا
فِيهِ بَلَٰٓؤٌاْ مُّبِينٌ ﴿٣٣﴾﴾

### تەرجىمىسى

17-بىز ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)دىن ئىلگىرى پىرئەۋننىڭ قەۋمىنى ھەقىقەتەن سىنىغان ئىدۇق. ئۇلارغا بىر ئېسىل پەيغەمبەر (مۇسا) كەلگەن ئىدى.

18-(مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى) «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى (ئىسرائىل ئەۋلادى)نى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. چۈنكى مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن.

19-ئاللاھقا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار، چۈنكى مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق مۆجىزە بىلەن كەلدىم.

20-مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا سىغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى چالما-كېسەك (قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلار)دىن پاناھ تىلەيمەن.

21-ئەگەر سىلەر ماڭا ئىشەنمىسەڭلار، مېنى (ئۆز ھالىمغا) قويۇۋېتىڭلار».

22-مۇسا: «بۇلار ھەقىقەتەن گۇناھكار قەۋمدۇر» دەپ رەببىگە ئىلتىجا قىلدى.

23-(ئاللاھ ئېيتتى) «مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، چۈنكى قوغلىغۇچىلار ئارقاڭلارغا چۈشىدۇ.

24-دېڭىزنى سۈيى يېرىلغان پېتى قويغىن. چۈنكى ئۇلار غەرق قىلىنىدىغان قوشۇندۇر».

25-27- ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

28-ئىش ئەنە شۇنداقتۇر. ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە باشقىلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ۋارىس قىلدۇق.

29-ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى.

30-31-شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى خار قىلغۇچى ئازابتىن-پىرئەۋندىن قۇتقۇزدۇق. چۈنكى، پىرئەۋن چوڭچىلىق قىلغۇچى ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى.

32-شەكسىزكى، بىز (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ، ئۇلارنى (ئۆز زامانىسىدىكى) جاھان ئەھلىدىن (ئارتۇق قىلىپ) تاللىدۇق.

33-ئۇلارغا روشەن سىناقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن تەكىتلەپ ئېيتىدۇكى، بىز قۇرەيش كاپىرلىرىدىن ئىلگىرى پىرئەۋن قەۋمىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سىنىغان ئىدۇق. ئاۋۋال ئۇلارنى مولچىلىق، سەلتەنەت ئاتا قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن سىنىدۇق. مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك بارلىق ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر ئېسىل پەيغەمبەرنى ئۇلارغا ئەۋەتىشىمىزمۇ شۇ سىناقلاردىن بىرى ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا بېرىپ: ﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى (ئىسرائىل ئەۋلادى)نى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. چۈنكى مەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئىشەنچلىك پەيغەمبەرمەن﴾ يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئېزىلگەن بەندىلىرىنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، مەن ئۇلارنى شام زېمىنىغا ئېلىپ كېتەي. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ قۇللۇڭلار ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا يارىتىلغان بەندىلەردۇر. ئۇلارنى مۇنداق ئېزىشىڭلار، قۇل قىلىشىڭلار زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكتۇر، دېگەن ئىدى.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَنْ أَدُّوٓاْ إِلَىَّ عِبَادَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، ئايەتكە: ‹مەن دەۋەت قىلغان ھەق دىنغا ئەگىشىڭلار› دەپ مەنە ئېيتقان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، ئايەتكە ‹ئىسرائىل ئەۋلادىنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار› دەپ مەنە ئېيتقان. ئەڭ توغرىسى مۇشۇدۇر»[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يوغانچىلىق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ راستچىللا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

---

[1] «تفسير الطبري» 22-توم، 24-بەت.

﴿فَلَا يَصِلُونَ إِلَيۡكُمَا بِـَٔايَٰتِنَآۚ أَنتُمَا وَمَنِ ٱتَّبَعَكُمَا ٱلۡغَٰلِبُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار سىلەرگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. سىلەر ۋە سىلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەر مۆجىزىلىرىمىز ئارقىلىق چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر﴾[1] دېيىشتىن ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ: ﴿مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا سىغىنىپ، سىلەرنىڭ مېنى چالما-كېسەك (قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلار)دىن پاناھ تىلەيمەن﴾ دېگەن ئىدى. دېگەندەك، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن، ئۇلارنى پىرئەۋنىنىڭ بارلىق سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغان ۋە ئاخىرقى غەلىبە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان ئىدى.

دەرۋەقە، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە دەۋىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر ماڭا ئىشەنمىسەڭلار ۋە ماڭا ئەگەشمىسەڭلار، ھېچبولمىغاندا مەندىن يىراق تۇرۇڭلار، مېنى دەۋەت ئىشلىرىمغا قويۇۋېتىڭلار، ماڭا توسقۇنلۇق قىلماڭلار، كىشىلەرنىمۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن توسماڭلار، دەيدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلىشىنى تىلەيدۇ. ﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ﴾ يەنى ﴿دىندا زورلاش يوق﴾[2] دېگەن ئىلاھىي كۆرسەتمىگە ئاساسەن، پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىغاندەك، دۇنيانىڭ ھاكىمۇتلەقلىرىنىڭمۇ كىشىلەرنى دىنغا كىرىشتىن توسۇۋالماسلىقى ۋە ئۇلارنى دىن تاللاش ئەركىنلىكىگە قويۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما پىرئەۋن تەۋەلىرى بۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە، كىشىلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دەۋىتىدىن توستى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە تۈرلۈك تۇزاقلارنى قۇردى، ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتتى، بۇ ئىككىسىنى يالغانچىغا چىقىرىشقا تىرىشتى، بۇلارنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ئى رەببىم! بۇلار مۇشۇنداق گۇناھكار قەۋمدۇر، ئۇلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۇلار كۇفرى-زالالەتكە پېتىپ كەتمەكتە. سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىسەن، ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بەرگىن، دەپ

[1] قەسەس سۈرىسى: 35-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 256- ئايەت.

دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ، ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى ۋە مىسىرلىقلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ئېلىپ كېچىدە مىسىر زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى كېچىدە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇشىدىكى ھېكمەت ئۇلار كۈندۈزدە ماڭسا پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ ئارقىسىدىن قوغلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئىدى.

ئۇلار كېچىدە يۈرۈپ مىسىرنىڭ سۇۋەيش تەرىپىدىن دېڭىزغا كىرىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن يېرىلىپ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇقلۇق ئېچىلغان بۇ دېڭىزدىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا شۇ چاغدا دېڭىزنى يېرىلغان ۋە قۇرۇقلۇق ھاسىل بولغان پېتى قويۇپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ھاسىسىنى قايتا سۇغا ئۇرماسلىقنى ئەمر قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پىرئەۋن قوشۇنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇقنى كۆرۈپ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا كىرىپ بولغاندا، دېڭىز سۈيىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ ئاندىن ئۇلارنى بىراقلا غەرق قىلىۋېتىشنى ئىرادە قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەلىرى دېڭىزدىن سالامەت چىقىپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىزغا كىرگەن پىرئەۋن قوشۇنى دېڭىز سۈيىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن پۈتۈنلەي غەرق بولۇپ تۈگەشتى. ئاللاھ تائالا ئالدىن بېكىتكەن: ﴿چۈنكى، ئۇلار غەرق قىلىنىدىغان قوشۇندۇر﴾ دېگەن ھۆكۈم شۇنداق ئەمەلگە ئاشتى. كاپىر قەۋمنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار ھالاك بولۇش بىلەن ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان مېۋىلىك باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، ئېسىل جايلارنى، ئېگىز قەسىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرى ھۇزۇرلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان نېمەتلەرنى ئارقىسىدا قويۇپ كەتتى.

ئىش ئەنە شۇنداق. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق مۇتەكەببىر زالىمنى خۇددى پىرئەۋننى جازالىغاندەك جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

﴿ئىش ئەنە شۇنداقتۇر. ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەنلىرىگە باشقىلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ۋارىس قىلدۇق﴾ يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ يەر-زېمىنلىرىگە، قەسىرلىرىگە، ئېسىل باغلىرىغا ۋە ھەر نەرسىسىگە ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىگىدار قىلدۇق. ﴿ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى﴾ يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ھالاك قىلىنغاندا، ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى ئۇلارغا ھەسرەت چەكمىدى، غەمكىن بولمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاياتتا كىشىلەر ئەسلىگۈدەك بىرەر ياخشى ئىشلىرى

بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىدى ۋە ئۇلارنى ھېچكىم ئېسىگە ئېلىپ قويمىدى. ئاسمان ئەھلى بولغان پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە ھەسرەت چەكمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىگۈدەك بىرەر ياخشى ئەمەلى بولمىغان ئىدى. مىسىرلىقلارمۇ ئۇلارغا ھەسرەت چەكمىدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مىسىرلىقلارغا سالغان زۇلۇمى ئاز ئەمەس ئىدى.

ئىش ئەنە شۇنداقتۇر. يەنى ئاللاھ تائالا نېمەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئەنە شۇنداق جازالايدۇ، ئۇلارغا بەرگەن نېمەتنى ئەنە شۇنداق ئازابقا ئايلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلدۇردى. پىرئەۋن ھەقىقەتەن مۇتەكەببىر، ئىنتايىن زالىم ئادەم ئىدى، ئۇ زالىملىقتا ھەددىدىن ئاشقانلاردىن ئىدى.

بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ۋە ئىمانى يۈزىسىدىن شۇ زامانلاردىكى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز زامانىسىدىكى بارلىق ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلىپ تاللىغان ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ۋە پادىشاھلارنى چىقارغان ئىدۇق. چۈنكى، ئۇلار شۇ ۋاقىتلاردا بۇ ئىززەت-ئىكراملارغا تېگىشلىك بولغان ئىدى. ئەمما ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن بويىچە ماڭغان ۋە يولدىن ئازمىغان، كىتابلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن زامانلىرىغىلا خاستۇر. چۈنكى، تاقىيامەتكىچە ئەڭ ياخشى ئۈممەت - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدىن چىققاندىن كېيىن بارلىق خارلىقلار ئۇلارغا يۈزلەنگەن ئىدى. ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئوپئوچۇق سىناقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق.

ئى مەككە ئەھلى! سىلەر ئىبرەت ئالامسىلەر؟ ئاللاھ تائالانىڭ سىلەردىنمۇ كۈچلۈك، سىلەردىنمۇ باي پىرئەۋن تەۋەلىرىنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ ھېچقانداق بىر قوشۇنى ياكى سەلتەنىتى بولمىغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق غالىب قىلغانلىقى ۋە ھەيۋەتلىك قوشۇنى، كۈچ-قۇۋۋىتى، نۇرغۇنلىغان مال-دۇنياسى، پادىشاھلىقى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يوغانچىلىق قىلغان پىرئەۋننى قانداق ھالاك قىلغانلىقى كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پىرئەۋن بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرى ئوتتۇرىسىدا كۇفرىلىق، زالىملىق ۋە ھەددىدىن ئېشىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت ئىدى.

2. كائىناتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەردىن ئىبرەت ئېلىش ۋە ياخشىلارنى ئۈلگە قىلىپ، يامانلاردىن ھەزەر ئەيلەش مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىقتۇر.

3. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

4. زالىملارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا بولىدۇ.

شۈكۈر قىلىشنىڭ نېمەتنى زىيادە قىلىدىغانلىقى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقى شەكسىز ھەقتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار ھەر زامان ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ كەلمەكتە.

6. كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ۋە كائىناتتا ھېچبىر قىممىتى يوق. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدا ۋە كائىناتتا قەدىر-قىممىتى يۇقىرىدۇر.

7. چوڭچىلىق قىلغۇچىلار چوقۇم خار بولماي قالمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا بېكىتتۈەتكەن قانۇنىيەتتۇر.

8. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەمىشە ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سىنايدۇ.

### ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

﴿إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ لَيَقُولُونَ ﴿٣٤﴾ إِنْ هِىَ إِلَّا مَوْتَتُنَا ٱلْأُولَىٰ وَمَا نَحْنُ
بِمُنشَرِينَ ﴿٣٥﴾ فَأْتُوا۟ بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٣٦﴾ أَهُمْ خَيْرٌ أَمْ
قَوْمُ تُبَّعٍ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ أَهْلَكْنَٰهُمْ ۖ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ﴿٣٧﴾ وَمَا

خَلَقْنَا ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا لَـٰعِبِينَ ﴿٣٨﴾ مَا خَلَقْنَـٰهُمَآ إِلَّا
بِٱلْحَقِّ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّ يَوْمَ ٱلْفَصْلِ مِيقَـٰتُهُمْ
أَجْمَعِينَ ﴿٤٠﴾ يَوْمَ لَا يُغْنِى مَوْلًى عَن مَّوْلًى شَيْـًٔا وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ
﴿٤١﴾ إِلَّا مَن رَّحِمَ ٱللَّهُ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٢﴾ إِنَّ شَجَرَتَ ٱلزَّقُّومِ
﴿٤٣﴾ طَعَامُ ٱلْأَثِيمِ ﴿٤٤﴾ كَٱلْمُهْلِ يَغْلِى فِى ٱلْبُطُونِ ﴿٤٥﴾ كَغَلْىِ ٱلْحَمِيمِ
﴿٤٦﴾ خُذُوهُ فَٱعْتِلُوهُ إِلَىٰ سَوَآءِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٤٧﴾ ثُمَّ صُبُّوا۟ فَوْقَ رَأْسِهِۦ
مِنْ عَذَابِ ٱلْحَمِيمِ ﴿٤٨﴾ ذُقْ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْكَرِيمُ ﴿٤٩﴾ إِنَّ هَـٰذَا
مَا كُنتُم بِهِۦ تَمْتَرُونَ ﴿٥٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

34-36-بۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) چوقۇم ئېيتىدۇ: «بىز پەقەت بىرلا قېتىم ئۆلىمىز، تىرىلمەيمىز. ئەگەر (ئاخىرەتتە تىرىلىمىز دېگەن) سۆزۈڭلار راست بولىدىغان بولسا، سىلەر بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكېلىپ بېقىڭلار».

37-ئۇلار كۈچلۈكمۇ؟ ياكى تۇببە[1] قەۋمىمۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنى هالاك قىلدۇق. چۈنكى ئۇلار گۇناهكارلار ئىدى.

38-ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى بىكاردىن - بىكار ياراتقىنىمىز يوق.

39-ئۇلارنى بىز پەقەت هېكمەت بىلەن ياراتتۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

40-شەكسىزكى، (هەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان) قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ هەممىسىنى (هېساب ئېلىش ئۈچۈن) توپلاشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتۇر.

41-ئۇ كۈندە دوست دوستقا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.

---

[1] تۇببە- مىلادىيەدىن ئىلگىرى هازىرقى يەمەندە قۇرۇلغان كۈچلۈك بىر پادىشاهلىقنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى سەۋەبلىك تۇببە (باغلىغۇچى) دەپ ئاتالغان. بۇ دۆلەت مىلادىيە 400- يىلىدا ئېپىيپىيەلىكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان.

**42-پەقەت ئاللاھ رەھمەت قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شەكسىز-كى، ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

**43-44- زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن ھەربىر گۇناھكارنىڭ تامىقىدۇر.**

**45-46-ئۇ ئېرىتىلگەن مەدەندەك (قىزىق)تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناق سۇ قاينىغاندەك قايناپدۇ.**

**47-48- (دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار!» (دېيىلىدۇ).**

**49-(ئۇنىڭغا) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بىرى ئىدىڭ.**

**50-شەكسىزكى، بۇ (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن ئازابتۇر» دېيىلىدۇ.**

### تەپسىرى

ئەنە شۇ مەككە كاپىرلىرى ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىپ، بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى بىر قېتىملىق ئۆلۈمىمىزدىن كېيىن ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، بۇ ئۆلۈمدىن كېيىن باشقا ھايات يوق، چۈنكى، بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەيمىز، دەۋاتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەككە كاپىرلىرىغا: سىلەر ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلىسىلەر ۋە ئاخىرەتكە بارغاندا: ﴿رَبَّنَآ أَمَتَّنَا ٱثۡنَتَيۡنِ وَأَحۡيَيۡتَنَا ٱثۡنَتَيۡنِ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۇڭ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۇڭ﴾[1] دەپ ئېتىراپ قىلىسىلەر، دېگەن ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلىپ: ياق، «بىزنىڭ بىر كۈن ئۆلىدىغانلىقىمىز راست، ئەمما تىرىلىش دېگەن نەرسە يوق. شۇڭا بىز قايتا تىرىلمەيمىز، يەنى ھايات پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتتۇر، خالاس» دەيتتى.

كاپىرلار ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە ئىشەنمەسلىك بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن، بۇ ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىنى بازارغا سالماقچى بولۇپ: ئەگەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش راست بولىدىغان بولسا، سىلەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، بىزگە بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈپ، ئالدىمىزغا

[1] غافىر سۈرىسى: 11- ئايەت.

ئەكېلىپ بېقىڭلار، دېگەن ئىدى. بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە بىر سەپسەتە بولغانلىقى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشنى ھاجەتسىز دەپ قارىغان. پەقەت مۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان، ئاز-تولا مال-دۇنياسى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن قەۋم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك بولغان تۇببە قەۋمىنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ ئۆتكەن. زادى مەككە كاپىرلىرى كۈچلۈكمۇ ياكى ئىلگىرى ئۆتكەن تۇببە قەۋمىمۇ؟ تۇببە قەۋمى يەمەندە بايلىق ۋە كۈچ-قۇۋۋەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن، تۇپراقلىرى مۇنبەت، ياپيېشىل ۋە باغۇ-بوستانلىرى بار قەۋم ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتلىق دۇنياسىغا كۆرەڭلەپ كېتىپ ھەددىدىن ئېشىۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىبرەتلىك ھالدا ھالاك قىلىۋەتكەن. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئاد، سەمۇد ۋە پىرئەۋن قەۋملىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى.

كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىدۇ؟ ھالبۇكى، پۈتۈن كائىنات دەلىللىرى ۋە ساماۋى كىتابلار ئاخىرەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئوچۇق دالالەت قىلىپ تۇرماقتا. دۇنيادا ھېچبىر نەرسە بىكاردىن-بىكار يارىتىلغان ئەمەس. ئاللاھ تائالا ھەربىر شەيئىنى بىرەر مەقسەت ۋە بىرەر غايە بىلەن ياراتقان. ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان ھەربىر نەرسىنىڭ ئەلۋەتتە ھېساب كىتابىنى قىلىدۇ. كائىناتتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەخلۇقات ئىنساندۇر. ھەربىر نەرسىنىڭ ھېساب كىتابىنى قىلىدىغان ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ بارلىق ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكار بىلەن ياخشىنى، زالىم بىلەن مەزلۇمنى ئوخشاش قىلىشى ۋە ھېساب ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاخىرەت ئىسىملىك بىر ئالەم بار. ئۇنىڭدا ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. بۇ دۇنيا ئىشلەشنىڭ ئورنى بولۇپ، مۇكاپات ياكى جازا ئورنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئورنى ئاخىرەتتۇر. ﴿وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَٰطِلًاۚ ذَٰلِكَ ظَنُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنَ ٱلنَّارِ﴾ يەنى ﴿بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، بۇ كاپىرلارنىڭ

گۇماندۇر، كاپىرلارنىڭ دوزاختىكى هالىغا ۋاي!﴾ [1]، يەنى بىز هېچبىر نەرسىنى مەقسەتسىز ياراتمىدۇق، ھەممىنى ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق، مەۋجۇداتنى ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش، يامانلارنى جازالاش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ياراتتۇق. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە توختالغان. قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ھۆكۈم كۈنى پۈتۈن خالايىقلارنىڭ ئۈچرىشىدىغان كۈندۇر. بۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى تولۇق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى، ياخشىلار جەننەتكە، گۇناھكارلار دوزاخقا بېرىپ ھەربىرى ئۆز ئورۇنلىرىنى تاپىدۇ. ئۇ كۈندە ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئەسقاتمايدۇ. ﴿لَن تَنفَعَكُمْ أَرْحَامُكُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُكُمْ ۚ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يَفْصِلُ بَيْنَكُمْ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە ئەۋلادلىرىڭلار سىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ سىلەرنى ئايرىۋېتىدۇ﴾[2]، ﴿وَيَوْمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوْمَئِذٍ يَتَفَرَّقُونَ﴾ يەنى ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ﴾[3].

«قۇرئان كەرىم»دە لەنەت قىلىنغان دەرەخ زەققۇم دەرىخى بولۇپ، ئۇ گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ دوزاخنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەخ بولۇپ، دوزاخ ئەھلى ئاچلىقنىڭ دەردىنى قاتتىق تارتقاندىن كېيىن، ئامالسىزلىقتىن شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن باشقا يېمەك يوق. ئۇلار مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، بۇ مېۋە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى قاينىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقى خۇددى مىس قاتارلىق مەدەنلەرنىڭ ئېرىتىلمىسىدەك، قىزىتىلغان مايدەك، يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇدەك قايناydۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا دوزاخقا مەسئۇل ئازاب پەرىشتىلىرىگە ئەمر قىلىپ: «ئۇ گۇناھكارلارنى سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ بېشىغا قايناق

[1] ساد سۈرىسى: 27-ئايەت.
[2] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 3-ئايەتلەر.
[3] رۇم سۈرىسى: 14-ئايەت.

سۇ قويۇپ ئازابلاڭلار» دەيدۇ. شۇ چاغدا كاپىر ئىنسانغا: «ئەمدى بۇ ئازابنى يەتكۈچە تېتىغىن. چۈنكى، سەن دۇنيادىكى چاغلىرىڭدا ئۆزۈڭنى ناھايىتى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بىرى دەپ ساناپتتىڭ» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كاپىرلارنى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ قاتتىق ئازابلاش ۋە دۇنيادىكى چاغلىرىدا ﴿وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّي لَأَجِدَنَّ خَيۡرًا مِّنۡهَا مُنقَلَبًا﴾ يەنى ﴿قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ناۋادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق جاينى تاپالايمەن﴾[1] دېگەن سۆزىنىڭ ھەسرەت-نادامىتىنى چەكتۈرۈش ئۈچۈن دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا يەنە: «سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ ئازاب دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا شەك قىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋە ھېچ ئىشەنمىگەن ئازابنىڭ ئۆزىدۇر» دېيىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش شەكسىز ھەقىقەتتۇر.
2. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەختسىزلىكنىڭ ئامىلىدۇر.
3. ئاللاھ تائالا مەۋجۇداتنى مەقسەتسىز ياراتقان ئەمەس.
4. ھەقىقىي ئادالەت قىيامەت كۈنىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.
5. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانغا ئەسقاتىدىغان نەرسە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر.
6. ئاخىرەتنىڭ ئازابى ھەممىدىن قاتتىقتۇر.
7. زەققۇم دوزاخ ئەھلىنىڭ تائامىدۇر.
8. دوزاخنىڭ ئازابى جىسمانىي ۋە مەنىۋى بولىدۇ.

## تەقۋادارلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى

﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٖ ۝٥١ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٖ ۝٥٢ يَلۡبَسُونَ مِن
سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ۝٥٣ كَذَٰلِكَ وَزَوَّجۡنَٰهُم بِحُورٍ عِينٖ ۝٥٤
يَدۡعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَٰكِهَةٍ ءَامِنِينَ ۝٥٥ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلۡمَوۡتَ إِلَّا
ٱلۡمَوۡتَةَ ٱلۡأُولَىٰۖ وَوَقَىٰهُمۡ عَذَابَ ٱلۡجَحِيمِ ۝٥٦ فَضۡلٗا مِّن رَّبِّكَۚ ذَٰلِكَ

[1] كەھف سۈرىسى: 36- ئايەت.

هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٥٧﴾ فَإِنَّمَا يَسَّرْنَٰهُ بِلِسَانِكَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٥٨﴾
فَٱرْتَقِبْ إِنَّهُم مُّرْتَقِبُونَ ﴿٥٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

51ـ تەقۋادارلار ئەلۋەتتە بىخەتەر جايدا بولىدۇ.

52ـ باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

53ـ ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇ- رۇشىدۇ.

54ـ ئۇلارنى مۇشۇنداق ئىززەتلەيمىز، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز.

55ـ ئۇلار جەننەتتە خاتىرجەم ھالدا (كۆڭلى تارتقان) ھەر خىل مېۋىلەرنى ئە- كەلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

56ـ ئۇلار تۇنجى ئۆلۈمدىن باشقا جەننەتتە ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغاندۇر.

57ـ (بۇلار) رەببىڭ تەرىپىدىن (بېرىلگەن) ئىنئامدۇر، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

58ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭدا (نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ لەۋزىنى ۋە مەنىسىنى) قولايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

59ـ سەن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە كۈتمەكتە.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىنى ۋە ئۇلارغا تەييارلانغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىنى ۋە ئۇلارغا تەييارلانغان مۇكاپاتلارنى بايان قىلغان. ئاندىن بۇ سۈرىنى يەنە «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى بايانلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

### ◄ تەپسىرى

بۇ دۇنيادا ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ياشىغان تەقۋادار كىشىلەر

ئاخىرەتتە جەننەتلەردىكى بىخەتەر جايدا بولىدۇ. ئۇلار ئۇ جايدا ئۆزىگە كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن، خەۋپ-خەتەردىن تامامەن خاتىرجەم بولغان ھالدا، تولۇق ھۇزۇر ئىچىدە نېمەتلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار غالىب، ھەممىگە قادىر ۋە تولىمۇ كەرەملىك رەببىنىڭ يېنىدا نېمەتلىنىۋاتقان بەختلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار ئائىلە ئەزالىرى، دوستلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئېسىل تەختلەردە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، جەننەتنىڭ نېمەتلىرى ئىچىدە ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئۆچلۈك، ئاداۋەت، ھەسەت دېگەنگە ئوخشىغان ئىللەتلەر پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلانغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزۈپ ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام قىلغىنىدەك، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ھۆرلىرىنى جۈپ قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ھۆرلەر ئىنس- جىنىنىڭ قولى تېگىپ باقمىغان، سۈزۈكلۈكتە خۇددى ياقۇتقا ئوخشايدىغان ئاپئاق، پاك جۈپلەردۇر.

جەننەت ئەھلى جەننەتتىكى تۇرالغۇلىرىدا پۈتۈنلەي خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ئىچىدە ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە كۆڭۈللىرى ئىشتىھا قىلغان بارلىق مېۋىلەرنى جەننەتنىڭ مۇلازىمەتچىلىرىدىن تەلەپ قىلىپ ئەكەلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ، ئۇلاردا ئۆلۈم ياكى باشقا جايغا يۆتكىلىش دېگەنلەر بولمايدۇ. ئۇلار مۇنداق ئېسىل جەننەتلەردىن باشقا جايلارغا يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ. ﴿خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يَبۡغُونَ عَنۡهَا حِوَلٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ﴾[1].

ئۇلار جەننەتلەردە ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، يەنى جەننەتتە ئۆلۈم يوق. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بىلەن دوزاختىن يىراق قىلىنغان كىشىلەردۇر. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئۇتۇقتۇر، كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

رامىزان ئېيىدىكى قەدىر كېچىسىدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىشقا باشلانغان بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتەن شانلىق كىتابتۇر. ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە بۇ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگەتكىن، ئۇنىڭ بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. ئىنسانلار ۋەز- نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بىز ئۇنى سېنىڭ تىلىڭدا نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ لەۋزىنى ۋە مەنىسىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق. ﴿وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان

[1] كەھف سۈرىسى: 108-ئايەت.

قىلىدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[1]. ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن ۋەز-نەسىھەت ئېلىپ يولغا كىرىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىن. ئەگەر ئۇلار ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى كۈتكىن، ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە شۇنى كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردۇر. سەن يەنە ساڭا كېلىدىغان نۇسرەتنى كۈتكىن، رەببىڭگە ئىشەنچ بىلەن تايانغىن. رەببىڭ چوقۇم ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە سېنى كاپىرلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغدايدۇ. چۈنكى، رەببىڭ ھەممىگە قادىردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يەتمەكچى بولغان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى تەقۋالىق مەرتىۋىسى بولۇپ، تەقۋالىق - ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ھاياتنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

**2.** جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بايان قىلىش مۆئمىنلەرنى ياخشى ئەمەللەرنى تېخىمۇ كۆپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

**3.** ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئوقۇش، يادلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن تولىمۇ ئاسان بىر كىتابتۇر.

---

[1] قەمەر سۈرىسى: 40-ئايەت.

# جاسىيە سۈرىسى

جاسىيە سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 37 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىمۇ باشقا مەككە سۈرىلىرىگە ئوخشاش تەۋھىد ئەقىدىسىنى، ئاخىرەت كۈنىدىكى تىرىلىشنى ۋە ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە قىيامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا كائىنات دەلىللىرىنى كۆپرەك بايان قىلغان سۈرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[1].

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاخىرەتنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدىغان مۇتەكەببىرلەرنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى مۇشۇ سۈرىنىڭ 28-ئايىتىدە، يەنى ﴿وَتَرَىٰ كُلَّ أُمَّةٍ جَاثِيَةً ۚ كُلُّ أُمَّةٍ تُدْعَىٰ إِلَىٰ كِتَابِهَا الْيَوْمَ تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەن «تىزلانغان» دېگەن مەنىدىكى ﴿جَاثِيَةً﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

﴿حم ۝١ تَنزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ ۝٢ إِنَّ فِي
السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ ۝٣ وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ
مِن دَابَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ۝٤ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا أَنزَلَ

[1] «التفسير الواضح» 3- توم، 422- بەت.

ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن رِّزۡقٖ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَتَصۡرِيفِ
ٱلرِّيَٰحِ ءَايَٰتٞ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ﴿٥﴾ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ نَتۡلُوهَا عَلَيۡكَ
بِٱلۡحَقِّۖ فَبِأَيِّ حَدِيثِۭ بَعۡدَ ٱللَّهِ وَءَايَٰتِهِۦ يُؤۡمِنُونَ ﴿٦﴾

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ھامىيم (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ بۇ كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

3ـ شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

4ـ سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

5ـ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن (ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان) يامغۇرنى ياغدۇرۇپ، (قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.

6ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا ھەقىقەتتى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەي، قانداق سۆزگە ئىشىنىدىغاندۇ؟

## تەپسىرى

بۇ شانلىق «قۇرئان كەرىم» ھەممىگە غالىب، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالادىن ئىسلام ئۇممىتىگە ئەينەن يەتكۈزگەن زاتتۇر. ﴿وَلَوۡ تَقَوَّلَ عَلَيۡنَا بَعۡضَ
ٱلۡأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذۡنَا مِنۡهُ بِٱلۡيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ لَقَطَعۡنَا مِنۡهُ ٱلۡوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا مِنكُم

﴿مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَـٰجِزِينَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن ئازغىنە سۆزنى يالغاندىن توقۇغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى شىددەت بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾[1] دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان پېتى ئەينەن يەتكۈزگەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ ۚ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُوا۟ فِيهِ ٱخْتِلَـٰفًا كَثِيرًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئان كاپىرلار ئويلىغاندەك) ئاللاھتىن باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىتلىقلارنى تاپقان بولاتتى﴾[2] دېگەن. دېمەك، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل، ئۇسلۇبىدا، بايانلىرىدا ۋە پاساھىتىدە ئىنسان سۆزىگە قەتئىي ئوخشىمايدىغان بۇنداق مۆجىزىلىك بىر كىتابنىڭ بىرەر ئىنساننىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرى ئۇپۇقلاردا ۋە زېمىننىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. بۇ ئالامەتلەردىن پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە چىن ئىشىنىدىغان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان مۇئمىنلەرلا مەنپەئەت ئالالايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قەلب كۆزلىرى ئوچۇق، ۋىجدانى ئويغاق كىشىلەردۇر. گەرچە «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي كىتاب بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغان كىشىلەر مۇئمىنلەردۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىسپىرمىدىن ئىبارەت شۇ ئەرزىمەس سۇدىن بارلىققا كېلىپ، ئاندىن ئەلەقكە ئايلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن تەرەققىي قىلىپ ئادەم سۈرىتىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاندىن راۋۇرۇس ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇشۇڭلاردا، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن بارلىق جانلىقلاردا ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئۇنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىللەر ۋە ئالامەتلەر بار.

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ ئۆزگىرىشى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن قاقاس زېمىننىڭ ئاللاھ تائالا بۇلۇتلاردىن ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر بىلەن تىرىلىپ ياپيېشىللىققا

[1] ھاققە سۈرىسى: 47-44-ئايەتلەر.

[2] نىسا سۈرىسى: 82-ئايەت.

ئايلىنىشى، شۇ يامغۇر بىلەن زېمىندىن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ، ئوتياشلارنىڭ ۋە زىرائەتلەرنىڭ چىقىشى، شاماللارنىڭ ئىسسىق بەلۋاغدىن سوغۇق بەلۋاغقا ۋە شىمالدىن جەنۇبقا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلمامدۇ؟!

«بەزىلەر سورىشى مۇمكىن، نېمە ئۈچۈن بۇ ئايەتلەردە ئاۋۋال ﴿مۇئمىنلەر ئۈچۈن...﴾ ، ئاندىن ﴿چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن...﴾ ، ئاندىن يەنە ﴿ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن...﴾ دەپ كەلگەن؟ بۇ توغرىدا ئۆلىمالار ھەر خىل تەپسىر ۋە تەھلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئورۇندا تەپسىر بەيزاۋىينىڭ ھاشىيەسىدىن ئازراق قىسقارتىپ مۇنۇ جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈشنى مۇناسىپ كۆردۇق: ‹ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئۆزىنى ياراتقان زاتقا دالالەت قىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئىنسان بۇ ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئويلاشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا موھتاج بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئىشىنىش تەبىئىي زۆرۈرىيەتتۇر. شۇڭا بۇ بايانلاردىن كېيىن ﴿شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۇئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ دېگەن. ئىنسانلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشى، بۇلارنىڭ بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىشى جەريانىدىكى باسقۇچلار چوڭقۇر تەپەككۇرنى ۋە ئىنچىكە ئىزدىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىنسان بۇ ئىنچىكە ئىزدىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇردىن كېيىن، ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «اليقين» (چىنلىق) مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ بايانلاردىن كېيىن ﴿سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾ دېگەن. بۇ ئىككىسىدىنمۇ (يەنى يارىتىلىش بىلەن تاكامۇللىشىشتىنمۇ) بەكرەك ئىنچىكە بولغىنى كېچە بىلەن كۈندۈز ۋە ئۇلارنىڭ تەرتىپ بىلەن ئورۇن ئالمىشىشى، ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ ئۆزگىرىشى، بۇلۇتلارنىڭ قانداق ھاسىل بولۇشى، يامغۇرنىڭ قانداق يېغىشى، ئۇنىڭ ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا بولغان تەسىرى ۋە پايدىسى، شاماللارنىڭ ھەرخىل يۆنىلىشتە كېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىمنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ؟ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. بۇلارنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كىم شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالا بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، بۇ ئىشلار

ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، ئۇلارنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى بىلىش پەقەت ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ھەقىقەتنى چۈشىنەلەيدىغان ئادەمنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ﴿ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم﴾ دەپ سۈپەتلەنگەن››[1].

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرىنى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ساڭا شۇنداق ئوقۇپ بېرىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنەلەيدىغان كاتتا ئالامەتلەر ۋە روشەن دەلىللەردۇر.

ئى مەككە ئەھلى! سىلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي زادى نېمىگە ۋە قانداق سۆزگە ئىشىنىسىلەر؟ ئاللاھ تائالادىنمۇ راست سۆزلۈك بىرى بارمۇ؟!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەڭ مۇقەددەس كىتابتۇر.

2. ئەقىل ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇنى يولىدا ئىشلىتىشنى بىلگەنلەر ئۆزىنىڭ ئىككىلا ئالەملىك بەخت-سائادەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

3. كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

## ھەربىر يالغانچى گۇناھكارنىڭ ھالىغا ۋاي!

﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ (٧) يَسْمَعُ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ثُمَّ يُصِرُّ
مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا ۖ فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ (٨) وَإِذَا عَلِمَ
مِنْ ءَايَٰتِنَا شَيْـًٔا ٱتَّخَذَهَا هُزُوًا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ (٩) مِّن
وَرَآئِهِمْ جَهَنَّمُ ۖ وَلَا يُغْنِى عَنْهُم مَّا كَسَبُوا۟ شَيْـًٔا وَلَا مَا ٱتَّخَذُوا۟
مِن دُونِ ٱللَّهِ أَوْلِيَآءَ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ (١٠) هَٰذَا هُدًى ۖ وَٱلَّذِينَ

[1] «التفسير الواضح» 3-توم، 424- 425-بەتلەر.

كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ لَهُمۡ عَذَابٌ مِّن رِّجۡزٍ أَلِيمٌ ﴿١١﴾

### تەرجىمىسى

7ـ ھەربىر يالغانچى گۇناھكارنىڭ ھالىغا ۋاي!

8ـ ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا گويا ئۇنى ھېچ ئاڭلىمىغاندەك (كۇفرىدا) چىڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب بىلەن «خۇش خەۋەر» بەرگىن.

9ـ ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى بىلگەن چاغدا، ئۇنى مەسخىرە ماۋزۇسى قىلىۋالىدۇ. ئەنە شۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار.

10ـ ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان) جەھەننەم تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ۋە ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە مەدەتكار قىلىۋالغان نەرسىلىرى ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

11ـ بۇ (قۇرئان) ھىدايەتتۇر. رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا ئەڭ قاتتىق ئازاب بار.

### تەپسىرى

ھەربىر گۇناھكار يالغانچىنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلا ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە ئوپئوچۇق دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاپ تۇرۇپ، گويا ئۇنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغاندەك بولىۋالىدۇ، ئاندىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئى پەيغەمبەر! مۇنداق كاپىرلارغا ئاخىرەتتىكى جەھەننەم ئازابى بىلەن «خۇش خەۋەر» بەرگىن.

تەپسىرى قۇرتۇبىيدا بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ﴿يالغانچى گۇناھكار﴾ نىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بىر قانچە رىۋايەت كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەزر ئىبنى ھارىس دېگەن كاپىر ئادەم ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭ ھارىس ئىبنى كەلەدە دېگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى، سەئلەبي ئۇنىڭ ئەبۇ جەھل ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[1]. مەزكۇر «يالغانچى گۇناھكار» ئادەم

[1] «تفسير القرطبي» 26- توم، 148- بەت.

كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن توسۇش ئۈچۈن، ئەجەملەرنىڭ نەغمە-ناۋالىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئېيتىپ بېرىدىغان ناخشىچى ۋە سازچىلارغا پۇل تۆلەپ، ئۇ نەغمە-ناۋالارنى كىشىلەرگە ئاڭلىتاتتى. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ۋە ئىبنى ئاشۇر قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿يالغانچى گۇناھكار﴾ دىن ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان ھەرقانداق گۇناھكار ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿لِّكُلِّ﴾ دېگەن سۆز ھەرقانداق گۇناھكارنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن بىر شەخسكە خاس ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان رەزىل سۈپەتلەرگە چۈشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە بۇ ئايەت مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن نازىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ مۇتەكەببىرلىك قىلىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى تۇرغان بارلىق كاپىرلارغا قارىتىلغان بولىدۇ.

مۇنداق كاپىر ئىنسان كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئاڭلىغان ھەربىر ئايەتنى مەسخىرە قىلىدۇ. تەپسىرى ئىبنى ئاشۇردا ئەبۇ جەھلنىڭ ﴿إِنَّ شَجَرَتَ ٱلزَّقُّومِ ﴿٤٣﴾ طَعَامُ ٱلۡأَثِيمِ﴾ يەنى ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن ھەربىر گۇناھكارنىڭ تا-ماقىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئاڭلاپ: «زەققۇم دېگەن قايماق بىلەن خور-مىدۇر» دېگەنلىكى ۋە ﴿عَلَيۡهَا تِسۡعَةَ عَشَرَ﴾ يەنى ﴿جەھەننەمگە ئون توققۇز پەرىشتە مەسئۇلدۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئاڭلاپ، «مەن ئۆزۈم يالغۇزلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىمەن» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان[3].

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە قاتتىق ئازابىغا تېگىشلىك بولىدىغان كاپىرلارنىڭ ئىككى چوڭ گۇناھىنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ ۋە چۈشىنىپ تۇرۇپ، تەكەببۇرلۇقتىن گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەكلا بولۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ بۇ ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئىدى.

بۇ كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەتنى بىلگەن چېغىدا، دەرھال ئۇنى مەسخىرە ئوبيېكتى قىلىۋالىدۇ ۋە ئايەتلەرنىڭ

---

[1] دۇخان سۈرىسى: 43-44- ئايەتلەر.
[2] مۇددەسسىر سۈرىسى: 30- ئايەت.
[3] «التحرير والتنوير لطاهر بن عاشور» 25-توم، 333-بەت.

ھەممىسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. شۇنداق كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىغان ھەربىر گۇناھكار يالغانچىغا خار قىلغۇچى ئازابلارنى تەييارلىدۇق. بۇ ئازابلار ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ ئالدىدا جەھەننەم بولۇپ، جەھەننەم ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى جەھەننەمدىن باشقا ھېچ نەرسە كۈتمەيدۇ، ئۇلار جەھەننەمدىن باشقا يەرگىمۇ بارالمايدۇ. جەھەننەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە مەڭگۈلۈك قارارگاھى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا تاپقان مال-دۇنياسى قىلچە ئەسقاتمايدۇ، كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلەنگەن ئوغۇللىرىمۇ ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئۆزلىرىگە مەدەتكار قىلىۋالغان ۋە چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئەسقاتمىغاندەك ئاخىرەتتىمۇ ھەرگىز ئەسقاتمايدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت يېتەكچىسىدۇر، ئۇ سىلەرنى ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارغا ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ دەھشەتلىك ئازاب بىلەن «خۇش خەۋەر» بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ئادەم قەتئىي ئېزىپ كەتمەيدۇ.

2. يالغان ئېيتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانلار ئاخىرەتنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابىغا تېگىشلىك بولىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ھەقىقەتنى باتىل، باتىلنى ھەقىقەت قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغانلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

4. كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلەرگە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئىشەنچ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئەسقاتمايدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرى

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَكُمُ ٱلْبَحْرَ لِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِۦ

وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿١٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُم مَّا
فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا مِّنۡهُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ
يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٣﴾ قُل لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ يَغۡفِرُواْ لِلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ أَيَّامَ ٱللَّهِ
لِيَجۡزِيَ قَوۡمَۢا بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿١٤﴾ مَنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِنَفۡسِهِۦۖ
وَمَنۡ أَسَآءَ فَعَلَيۡهَاۖ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ﴿١٥﴾

### تەرجىمىسى

12ـ ئاللاھ ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئۇنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە (ئۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر.

13ـ ئاللاھ سىلەرگە ئۆز پەزلىدىن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

14ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئىمان ئېيتقانلارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ (مۇكاپات ۋە جازا) كۈنلىرىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايغانلار(نىڭ ئەزىيەتلىرى)نى كەچۈرۈپ تۇرسۇن. چۈنكى، ئاللاھ ھەربىر قەۋمنىڭ ئەمەلىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

15ـ كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر. ئاندىن سىلەر رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەزل-كەرەمى كەڭ، بارلىق مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان زاتتۇر. ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ (ئاتا قىلغان) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر﴾[1]. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزنى كېمىلەر ماڭالايدىغان قىلىپ بەرگەن، شاماللارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق بۇ كېمىلەرنى ئىنسان خالىغان تەرەپكە يۈرىدىغان

[1] نەھل سۈرىسى: 18-ئايەت.

قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەرلەر ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈرۈپ سودا-سېتىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىن رىزقىڭلارنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. مانا بۇ ئىنسان ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، تەپەككۇر قىلىپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرغان، كائىناتتىكى نەرسىلەردىن ئەڭ ياخشى تەرىقىدە پايدىلانغان، سۇدىكى بېلىقنى ۋە ھاۋادىكى قۇشنى ئوۋلاشنى، دېڭىزنىڭ تېگىدىن ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈشنى بىلىدىغان ئەقىللىق مەخلۇقاتتۇر. بۇ ئېيتقانلىرىمىزدا، ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىشنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

ئى پەيغەمبەر! رەببىگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھىدايىتى بىلەن دىللىرى نۇرلانغان ئاشۇ مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقمايدىغان، ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدىغان كاپىرلارنىڭ تۈرلۈك ئەزىيەتلىرىنى ۋە يامانلىقلىرىنى ۋاقىتىنچە كەچۈرۈپ تۇرسۇن. چۈنكى، ھەربىر قەۋم قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغانلىقىنىڭ ساۋابىنى تولۇق بېرىدۇ، كاپىرلارنىڭ قىلغان زالىملىقىنىڭ جازاسىنىمۇ تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر﴾ دېگەن ئۆزگەرمەس قانۇنى بار. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، شۇ يەردە ھەممىڭلار ئۆزۈڭلار تېگىشلىك بولغان مۇكاپاتقا ياكى جازاغا ئېرىشىسىلەر. ئەگەر ئەمەلىڭلار ياخشى بولسا مۇكاپاتقا، يامان بولسا جازاغا تېگىشلىك بولىسىلەر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەقلىقىغا چىن ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىمان دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ

مۇتلەق كۆپ سانلىقى مۇشۇ ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان.

2. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىش لازىم. بۇ نېمەتلەرنى گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۈچۈن ئىشلەتكۈچىلەر چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ.

3. مۇسۇلمانلار ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، كاپىرلارغا كۆچى يەتمەيدىغان شارائىتلاردا، چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق يولىنى تۇتۇپ پۇرسەت كۈتۈشمۇ ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

4. ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ.

## ◄ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ وَرَزَقْنَٰهُم
مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلْنَٰهُمْ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ وَءَاتَيْنَٰهُم بَيِّنَٰتٍ مِّنَ
ٱلْأَمْرِ ۖ فَمَا ٱخْتَلَفُوٓا۟ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلْعِلْمُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّ
رَبَّكَ يَقْضِى بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ﴿١٧﴾ ثُمَّ
جَعَلْنَٰكَ عَلَىٰ شَرِيعَةٍ مِّنَ ٱلْأَمْرِ فَٱتَّبِعْهَا وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَ ٱلَّذِينَ لَا
يَعْلَمُونَ ﴿١٨﴾ إِنَّهُمْ لَن يُغْنُوا۟ عَنكَ مِنَ ٱللَّهِ شَيْـًٔا ۚ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ
بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۖ وَٱللَّهُ وَلِىُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٩﴾ هَٰذَا بَصَٰٓئِرُ لِلنَّاسِ
وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٢٠﴾ أَمْ حَسِبَ ٱلَّذِينَ ٱجْتَرَحُوا۟
ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن نَّجْعَلَهُمْ كَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَوَآءً
مَّحْيَاهُمْ وَمَمَاتُهُمْ ۚ سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ ﴿٢١﴾ وَخَلَقَ ٱللَّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ وَلِتُجْزَىٰ كُلُّ نَفْسٍۭ بِمَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا
يُظْلَمُونَ ﴿٢٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

16-شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتاب، ھۆكۈم ۋە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنى پاك نەرسىلەردىن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى)

جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.

17-بىز ئۇلارغا (ھالال-ھارام) ئىشىدا روشەن شەرىئەت ئاتا قىلدۇق، پەقەت ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. شەكسىزكى، رەببىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

18-ئاندىن كېيىن، (ئى پەيغەمبەر!) بىز سېنى دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، (ھەقىقەتنى) بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خا-ھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن.

19-شەكسىزكى، ئۇلار ئاللاھتىن (كېلىدىغان) ھېچبىر نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايدۇ. شەكسىزكى، زالىملار بىر-بىرىگە دوستتۇر، ئاللاھ تەقۋادار-لارنىڭ دوستىدۇر.

20-بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ بېرىدىغان ) روشەن پاكىتلاردۇر، (ھەق ئىكەنلىكىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

21-يامان ئىشلارنى قىلغانلار بىزنىڭ ئۇلارنى ھاياتلىقىدا ۋە ئۆلگىنىدە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!

22-ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (بۇ) ھەربىر ئىنسانغا زۇلۇم قىلىنماستىن، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر.

## تەپسىرى

شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. ئۇلارغا يەنە ئىلىم-ھېكمەت، ئەقىل-پاراسەت، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساماۋى كىتابنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ۋە نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلغان ئىدۇق.

مەلۇمكى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا كۆپ ئىنئاملارنى قىلغان، ئۇلارنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئىنسانلىرىدىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان، پەيغەمبەرلىك زەنجىرى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگۈچىلىك شۇلاردىن ئايلىنىدىغان قىلغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇلار دىن ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نېمەتلەر بولۇپ، ئۇلارنى پاك نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغانلىق، پىرئەۋننىڭ مال-دۇنياسىغا ئىگىدار قىلغانلىق، ئاسماندىن بۆدۇنە كاۋىپى ۋە تەرەنجىۋىل ھالۋىسى قاتارلىق تائاملارنى چۈشۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى رىزىقلاندۇرغانلىق، ئۇلاردىن پادىشاھلارنى، ھۆكۈمرانلارنى چىقارغانلىق ۋە ئۇلارنى شۇ زامانلاردىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىق قاتارلىق نېمەتلەر ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان دۇنيالىق نېمەتلەردىن سانىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئوپئوچۇق كۆرسەتمىلەرنى ۋە روشەن شەرىئەت دەلىللىرىنى ئاتا قىلغان ئىدى. پەقەت ئۇلارغا كىتاب ۋە ئىلىم كەلگەن، ئۇلار ھەقىقەتنى تولۇق بىلگەندىن كېيىن، ئۆزئارىسىدا ھەسەت قىلىشىپ بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن ۋەسىلە بولۇشقا تېگىشلىك بۇ ئىلىم ئۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىدا ئىختىلاپ قىلىشىغا ۋە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىدا ئىختىلاپ قىلىشى دەلىل-ئىسپاتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ياكى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزلىرىدىكى ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى.

ئىسرائىل ئەۋلادى ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ياخشى بىلەتتى، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەر ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى بولغان «تەۋرات» بىلەن «ئىنجىل»لاردا بار ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى بۇ سۈپەتلەر ۋە بېشارەتلەر ھەققىدە ھېچبىر ئىختىلاپقا چۈشمىگەن ۋە ھەممىسى ئاخىر زاماندا كېلىدىغان پەيغەمبەرنى ئۈمىد بىلەن كۈتكەن ئىدى. پەقەت ئۇلار كۈتكەن پەيغەمبەر ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانىلىپ كەلگەن ئەرەبلەردىن چىقىۋىدى، ئۇلار دىن ئىشلىرىدا رەسمىي ئىختىلاپ قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۆزلىرىدىكى ھەسەتخورلۇق ئىللىتى سەۋەبلىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى. ﴿وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ

عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا قولىدىكى (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) كەلگەن چاغدا (ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)، ئىلگىرى ئۇلار (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان بۇ پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھنىڭ لەنىتى (مۇشۇنداق) كاپىرلارغا بولىدۇ﴾ [1]. ئاللاھ تائالا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە قىيامەت كۈنى چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

دىنىمىزدا شۇنداق بىر قائىدە باركى، نېمەتلەنگۈچىلەر ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنى يامان يولغا ئىشلىتىپ ياكى ناشۈكۈرلۈك قىلىپ، نېمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولمىسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بېرىۋاتقان نېمەتلىرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ۋە نېمەت بېرىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان دىن ۋە دۇنيالىق نېمەتلەرنى يامان يوللارغا ئىشلىتىش ۋە سۈيىئىستېمال قىلىش بىلەن ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بېرىۋاتقان نېمەتلىرىنى توختىتىپ قويدى ۋە ئۇلارنى ئەزىز قىلغىنىدىن كېيىن خار قىلدى، توغرا يولدا قىلغىنىدىن كېيىن ئازغۇن قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىللىتى سەۋەبلىك ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەگەشمەسلىككە، پەقەت ھەقىقەتكىلا ئەگىشىشكە ئەمر قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! سېنى ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭنى توپتوغرا ۋە روشەن بىر يولدا قىلدۇق، سىلەرگە ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئۇلۇغ شەرىئەتنى چۈشۈردۇق، شۇڭا سىلەر شۇنىڭغىلا ئەگىشىڭلار. چۈنكى، ئۇ تاقىيامەتكىچە ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە كېپىللىك قىلىدىغان، كەسكىن دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇكەممەل بىر قانۇندۇر. ساماۋى كىتابلاردىن بىر نەرسە بىلمەيدىغان ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ھەرگىز ئەگەشمەڭلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىن دەپ ئەگەشكەن نەرسىلىرى پەقەت جاھالەت ۋە خۇراپاتتىنلا ئىبارەت نەرسىلەردۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ساڭا كەلگەن ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى قويۇپ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 89-ئايەت.

ئاشۇ نادان مۇشرىكلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىدىغان بولساڭ، ئۇلار سەندىن ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھېچبىر نەرسىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، زالىملار بىر-بىرىگە دوستتۇر، ئۇلار بىر-بىرىگە ئەگە بولۇشىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دوستى ۋە مەدەتكارى پەقەت بىرلا ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كۇفرىنىڭ ۋە جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چىقىرىدۇ، ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قوغدايدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿هَٰذَا بَصَآئِرُ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿بَصَآئِرُ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ-لاشقان بولۇپ، تەپسىرى بەغەۋىيدە «كىشىلەرنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا يول كۆرسەتكۈچى»[1] دەپ مەنە ئېيتىلغان. تەپسىرى تەبەرىيدە «ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىپ بېرىدىغان ۋە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەت»[2] دەپ مەنە ئېيتىلغان. تەپسىرى قۇرتۇبىيدا «دىنىنىڭ چەك- چېگراسى ۋە ئەھكاملىرىدا كىشىلەر ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى ۋە دەلىل- پاكىت»[3] دەپ مەنە ئېيتىلغان. تەپسىرى شىنقىيتىدا «شەك-شۈبھىسىز دەلىل - پاكىتلار»[4] دەپ مەنە ئېيتىلغان. ھەقىقەت شۇكى، «قۇرئان كەرىم» بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىپ بېرىدىغان، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان، ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان، ئەقلىنى ئاچىدىغان مۇكەممەل كىتابتۇر. ئۇ يەنە ھەقىقەتنىڭ پاكىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھىدايەت يېتەكچىسىدۇر، ئۇ ئىنسانلارغا توغرىلىقنى، دۇرۇسلۇقنى ۋە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىشارەتلەرنى، قەلبلەرنى يورۇتىدىغان نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەق كىتاب ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنگەن مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.

يامان ئىشلارنى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلغان گۇناھكار كاپىرلار ھاياتىدا ۋە ئۆلگىنىدە بىزنىڭ ئۇلارنى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى خام خىيال قىلامدۇ؟ مۇنداق

[1] «تفسير البغوي» 7-توم، 244-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 22-توم، 71-بەت.

[3] «تفسير القرطبي» 16-توم، 165-بەت.

[4] «أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن للشنقطي» 7-توم، 201-بەت.

بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنى نە ھاياتىدا، نە ئۆلگىنىدە مۇئمىنلەر بىلەن ھەرگىز ئوخشاش قىلمايمىز. ئەگەر ئۇلار شۇنداق ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇلارنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكمى نېمىدېگەن يامان! نېمىدېگەن ناھەق ھۆكۈم!

يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنمىغان ھەربىر گۇناھكار ئۈچۈن چوڭ بىر ئاگاھلاندۇ-رۇش ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلار بىلەن مەڭگۈگە باراۋەر بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر. چۈنكى، ئاسىي بىلەن ئىتائەتمەن، تەقۋا بىلەن پاسىق، مۇئمىن بىلەن كاپىر ھېچبىر ۋاقىت باراۋەر ئەمەستۇر.

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئادالەت بىلەن، ھېكمەت بىلەن ياراتقان بولۇپ، ئاخىرەت بولمايدىغان بولسا، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلغانلىقىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، دۇنيادا باي-پېقىر، ساق-كېسەل، خۇشال-غەمكىن ھەممىسى بولغىنىدەك، ياخشىمۇ، يامانمۇ بار. بۇ دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ھەقسىزلىققا ئۇچراپ ھەققىنى ئالالماي، نۇرغۇنلىرى زۇلۇمغا ئۇچراپ ئىنتىقامىنى ئالالماي بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ. شۇڭا ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىدىغان، ياخشىلار مۇكاپاتىنى، يامانلار جازاسىنى ئالىدىغان بىرەر ئادالەت كۈنىنىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (بۇ) ھەربىر ئىنسانغا زۇلۇم قىلىنماستىن، قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر﴾ دېگەن سۆزى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلماقتا. چۈنكى، ئەگەر زالىم قىلغان زۇلۇمىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادىمۇ تارتمىسا، ئاندىن ئاخىرەتتىمۇ تارتمىسا، بۇ چاغدا ئاسمان بىلەن زېمىن ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن يارىتىلمىغان بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى پەقەت ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇش، ھەركىمگە قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياراتتى، دېگەنلىك بولىدۇ. ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ھەربىر ئىنسانغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىش قىيامەت بولماستىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى، قىيامەت ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان كۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەتنىڭ بولۇشى ئادالەتنىڭ ۋە ئەقىلنىڭ بىردەك تەقەززاسى بولغانىدەك، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن ساماۋى دىنىنىڭ مەركىزىي ئەقىدىسىدۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلغانلىقى ۋە ئەرەبلەردىن كەلگەن بۇ پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۇلارغا ئېغىر كەلگەنلىكىدىن ئىدى.

2. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۆز ۋاقتىدا ھۆرمەتلىگەن ۋە ئۇلارغا كىتاب، ھېكمەت ئاتا قىلغان، شۇنداقلا ئۇلاردىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى چىقارغان ئىدى.

3. ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

4. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنىڭ ھىمايىچىسىدۇر. ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىدىغانلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى تەقۋادارلاردۇر.

5. «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت يېتەكچىسىدۇر.

6. كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالدانغانلىقى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك غەپلەتتە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى تۇيمايدۇ.

7. ئادالەت ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسىنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى جازاسى

﴿أَفَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَـٰهَهُۥ هَوَىٰهُ وَأَضَلَّهُ ٱللَّهُ عَلَىٰ عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَىٰ سَمْعِهِۦ وَقَلْبِهِۦ وَجَعَلَ عَلَىٰ بَصَرِهِۦ غِشَـٰوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِنۢ بَعْدِ ٱللَّهِ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٣﴾ وَقَالُوا۟ مَا هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَآ إِلَّا ٱلدَّهْرُ ۚ وَمَا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنْ عِلْمٍ ۖ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٢٤﴾ وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتُنَا بَيِّنَـٰتٍ مَّا كَانَ حُجَّتَهُمْ إِلَّآ أَن قَالُوا۟ ٱئْتُوا۟ بِـَٔابَآئِنَآ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ

يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يَجْمَعُكُمْ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ لَا رَيْبَ فِيهِ وَلَـٰكِنَّ
أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢٦﴾ وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَيَوْمَ
تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يَوْمَئِذٍ يَخْسَرُ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿٢٧﴾ وَتَرَىٰ كُلَّ أُمَّةٍ جَاثِيَةً ۚ
كُلُّ أُمَّةٍ تُدْعَىٰٓ إِلَىٰ كِتَـٰبِهَا ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٢٨﴾ هَـٰذَا
كِتَـٰبُنَا يَنطِقُ عَلَيْكُم بِٱلْحَقِّ ۚ إِنَّا كُنَّا نَسْتَنسِخُ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ
﴿٢٩﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ فَيُدْخِلُهُمْ رَبُّهُمْ فِى
رَحْمَتِهِۦ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْمُبِينُ ﴿٣٠﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَفَلَمْ
تَكُنْ ءَايَـٰتِى تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فَٱسْتَكْبَرْتُمْ وَكُنتُمْ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ ﴿٣١﴾
وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَٱلسَّاعَةُ لَا رَيْبَ فِيهَا قُلْتُم مَّا نَدْرِى
مَا ٱلسَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنًّا وَمَا نَحْنُ بِمُسْتَيْقِنِينَ ﴿٣٢﴾ وَبَدَا لَهُمْ
سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُوا۟ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٣٣﴾ وَقِيلَ
ٱلْيَوْمَ نَنسَىٰكُمْ كَمَا نَسِيتُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَـٰذَا وَمَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ
وَمَا لَكُم مِّن نَّـٰصِرِينَ ﴿٣٤﴾ ذَٰلِكُم بِأَنَّكُمُ ٱتَّخَذْتُمْ ءَايَـٰتِ ٱللَّهِ
هُزُوًا وَغَرَّتْكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ فَٱلْيَوْمَ لَا يُخْرَجُونَ مِنْهَا وَلَا هُمْ
يُسْتَعْتَبُونَ ﴿٣٥﴾

### تەرجىمىسى

**23**ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ (ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى) بىلىپ ئازغۇنلۇقتا قويغان، قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ (ئاز-غۇنلۇقىدا قويغان)دىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالمامسىلەر؟

**24**ـئۇلار: «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىزنى پەقەت زامانلا يوق قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت خىيالىغا كەلگەنچە سۆزلەيدۇ.

25ـئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوچۇق ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ پاكىتى پەقەت «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى (تىرىلدۈرۈپ) ئەكىلىپ بېقىڭلار» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى.

26ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن (كېلىدىغانلىقىدا) قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ».

27ـئاسمانلار بىلەن زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەت قايىم بولغان شۇ كۈندە (ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) كاپىرلار زىيان تارتىدۇ.

28ـ(ئۇ كۈندە) ھەربىر ئۈممەتنى تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا چاقىرىلىدۇ، ھەممە (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەر ئەمەلىڭلارغا يارىشا (مۇكاپات ياكى جازادىن) تېگىشلىك بولغاننى ئالىسىلەر» (دېيىلىدۇ).

29ـبۇ (نامە-ئەمەل) سىلەرگە (بارلىق قىلمىشىڭلارنى) راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىدىغان كىتابىمىزدۇر. شەكسىزكى، بىز قىلمىشىڭلارنى (ئۇنىڭغا) يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق.

30ـئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، رەببى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. مانا بۇ ئېنىق مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

31ـكاپىر بولغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا: «مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلگەندە، سىلەر چوڭچىلىق قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟ سىلەر (ئەسلىدە) گۇناھقا چۆمگەن قەۋم ئىدىڭلار.

32ـ(سىلەرگە) ‹ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتنىڭ بولۇشىدا ھېچ شەك يوق› دېيىلسە، سىلەر: ‹قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىز (ئۇنىڭ بولۇشىنى) پەقەتلا گۇمان قىلىمىز، (ئەمما ئۇنىڭغا) بىز چىن ئىشەنمەيمىز› دېدىڭلار» (دېيىلىدۇ).

33ـئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى ئورىۋالىدۇ.

34ـ(ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى ئۇچرىششىنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن بىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (دوزاختا تەرك ئېتىمىز)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرگە ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچىمۇ بولمايدۇ.

35ـبۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە ماۋ- زۇسى قىلىۋالغان ئىدىڭلار ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكى سىلەرنى ئالدىغان ئىدى». بۇ كۈندە ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلاردىن (ئاللاھنى) رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا چوقۇنغان، كۆڭلى خالىغان نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقى ۋە ھىدايەتنى خالىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغان، قۇلىقىنى ھەق سۆزنى ئاڭلاشتىن، دىلىنى ئىمانغا ئېچىلىشتىن پېچەتلىۋەتكەن، كۆزىنى ھەقىقەتنىڭ نۇرىدىن پەردىلىۋەتكەن ئادەمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مۇنداق ئادەم ھىدايەت تاپالامدۇ؟ ئى پەيغەمبەر! ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھە- ۋەسلىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان، ھىدايەتنى ئەسلا خالىمىغان بىر ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىشى مۇمكىنمۇ؟!

نەپس ئىنسانىنى كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، كۆپىنچە كىشىلەر نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ زىيانلىق ۋە يامان ئىشلارنى قىلىپ تاشلايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنى نەپسىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىشتىن توسىدۇ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلەرنى ئەيىبلەيدۇ. ﴿وَلَوۡ شِئۡنَا لَرَفَعۡنَٰهُ بِهَا وَلَٰكِنَّهُۥٓ أَخۡلَدَ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر بىز خالىساق، بۇ ئايەتلەر بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى﴾[1]، ﴿بَلِ ٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَهۡوَآءَهُم بِغَيۡرِ عِلۡمٖۖ فَمَن يَهۡدِي مَنۡ أَضَلَّ ٱللَّهُۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ﴾ يەنى ﴿بەلكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار ئىلىمسىز ھالدا نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى. ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى كىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ؟ ئۇلارغا ھېچبىر ياردەم قىلغۇچى بولمايدۇ﴾[2].

ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بويسۇندىغان، ئۇنىڭغا خۇددى بىر ئىلاھقا باغلانغاندەك باغلىنىپ چوقۇنىدىغان، ئۆزىنىڭ تاللىشى تۈپەيلىدىن ئاز- غۇنلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كەتكەن، شۇڭا قەلبى، قۇلاقلىرى پېچەتلىنىپ، كۆزى پەردىلەنگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا ئاشۇنداق ئازغۇنلۇقتا قالدۇرغاندىن

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 176-ئايەت.

[2] رۇم سۈرىسى: 29-ئايەت.

كېيىن كىممۇ ھىدايەت قىلالىسۇن؟! ئەمەلىيەتتە، مۇنداق بىر ئادەمنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەر مۇنداقلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئالمايۋاتامسىلەر؟ ھىدايەتكە مۇۋەپپەق بولۇش نەپسىنىڭ تەلەپلىرىنى ئەقىل ۋە دىنغا بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىدىن باشقا بارلىق يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ تەلەپلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا ئاللاھ تائالا قەلبلەرنى ۋە كۆزلەرنى ھىدايەتنىڭ نۇرىغا، قۇلاقلارنى ھەقىقەتنىڭ سادالىرىغا ئاچىدۇ. چۈنكى، ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ مۇنۇ سەپسەتىسىگە قارىمامسىلەر؟ ئۇلار مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشقا ھايات يوق دەپ ئويلايدۇ، ئۇلار «بىزنى پەقەتلا زامان يوق قىلىدۇ» يەنى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزمۇ ئۆلۈپ تۈگىشىمىز، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار بۇ دۇنياغا تۇغۇلىدۇ، ئاخىر ئۆلىدۇ، كېيىن قايتا تىرىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە يېشى چوڭىيىپ بەدىنى ئاجىزلاشقانلىقتىن بولىدۇ. مەلۇمكى، بۇ ئويئوچۇق سەپسەتە ۋە چوڭ يالغانچىلىقتۇر. بۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان ھېچقانداق دەلىل-پاكىتى ياكى بىرەر ساماۋى كىتابى يوق. بۇلار پەقەت پەرەزگە تايىنىپلا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان سەپسەتە، بۇزۇق ئەقىدە، خالاس.

مۇشرىكلار ئېتىقاد جەھەتتە ھەر خىل ئىدى، ئۇلاردىن ئاخىرەت ھاياتىغا شەك بىلەن قارايدىغانلىرىمۇ، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاخىرەت ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن روشەن ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، خۇددى ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ ئاجىز سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئەگەر ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش راست بولىدىغان بولسا، بىزگە ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈپ، ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار قېنى!» دېيىشتىن ئىبارەت بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ: ﴿ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن (كېلىدىغانلىقىدا) قىلچە شەك بولمىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى يىغىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ﴾ دېگەن.

كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئوپئوچۇق ھەقىقەتكە قانداقمۇ شەك كەلتۈرىدۇ؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ئىگىدار-چىلىقى ئىلكىدە بولغان، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان، مەخلۇقاتلىرىغا ھايات بېغىشلايدىغان ۋە ئەجىلى توشقانلىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، ئۆزى خالىغان ئىشنى تەقدىر قىلىدىغان يېگانە پادىشاھ ئاللاھ تائالا ئۆزى يوقتىن ياراتقان مەخلۇقاتىنى يەنە ئۆزى تىرىلدۈرەلمەمدۇ؟! شەكسىزكى، باتىل ئېتىقادلارغا ئالدىنىپ توغرا يولدىن ئازغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى بىكار قىلىشقا ئۇرۇنغان كاپىرلار قىيامەت قايىم بولغان كۈنى چوقۇم زىيان تارتىدۇ. ئۇلار ياخشىلار ئۈچۈن جەننەتلەردە تەييارلانغان ئالىي مەرتىۋىلەردىن مەھرۇم قىلىپ، دوزاخقا لايىق بولۇش ئارقىلىق ئاخىرەتلىكىنى زىيانغا ئۇچراتقانلاردۇر. بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان تارتىش بارمۇ؟!

ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنىدە ھەربىر ئۇممەتنى ئۇ جايدىكى سوئال-سوراقتىن قورققان ۋە ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن تىترەپ تۇرغان ھالدا كۆرىسەن. ھەربىر ئۇممەتتىن ھەربىر شەخس ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا چاقىرىلىدۇ. ئۇلارغا شۇنداق جاكارلىنىدۇكى، بۈگۈن سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىڭلارنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسىلەر، ياخشى ئىش قىلغانلىرىڭلار مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر، يامان ئىش قىلغانلىرىڭلار جازاغا ئۇچرايسىلەر، مانا بۇ قولۇڭلارغا بېرىلىۋاتقان نامە-ئەمەل دەپتىرىڭلار بىزنىڭ سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋە سىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىتابىمىزدۇر. چۈنكى، بىز سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا قىلغانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى پەرىشتىلىرىمىزگە بۇيرۇپ بۇ كىتابقا يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق. پەرىشتىلىرىمىز سىلەرنىڭ ياخشى-يامان پۈتۈن ئەمەللىرىڭلارنى كەم-زىيادە قىلماستىن، ئەينەن يېزىپ ماڭغان ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە ئىش مەيداندا ئوپئوچۇق يېيىلىپ تۇرماقتا.

دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىمانىنىڭ تەلپىي بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان مۆئمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى رەببى رەھمىتىنىڭ ئىپادىسى بولغان مەڭگۈلۈك جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە كاتتا ئۇتۇقتۇر.

ئەمما كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققان، ئاللاھ

تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا كايىغان ۋە ئۇلارنى ھەسرەت-نادامەتكە قويغان ھالدا: سىلەرگە پەيغەمبەر كەلمىگەنمىدى؟ ئۇ پەيغەمبەر سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئەمر-پەرمانلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرمىگەنمىدى؟ ئەلۋەتتە كەلگەن ئىدى ۋە سىلەرگە ھەممە ئېنىق ئوقۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئەمما سىلەر مۇتەكەببىرلىك قىلىپ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەن، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟ چۈنكى، سىلەر ئەسلىدە گۇناھكار قەۋم ئىدىڭلار. ئەمدى سىلەر شۇ يامان قىلمىشلىرىڭلار سەۋەبلىك دوزاختا كىرىڭلار. دوزاخ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلار ئۈچۈن يېتەرلىك جازادۇر. سىلەرگە دۇنيادا ﴿ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، قىيامەتنىڭ بولۇشىدا ھېچ شەك يوق﴾ دېيىلگەندە، سىلەر: ﴿قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىز (ئۇنىڭ بولۇشىنى) پەقەتلا گۇمان قىلىمىز، (ئەمما ئۇنىڭغا) بىز چىن ئىشەنمەيمىز﴾ دەيتتىڭلار. مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىسىلەر. دۇنيادا سىلەرنىڭ نەقەدەر خاتا ئويلىغانلىقىڭلار ۋە ھەقىقەتەن ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان بولۇۋاتىدۇ. سىلەر ئەمدى ئۆزۈڭلارنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدىڭلار، ئەمما بۇ ۋاقىتتا بىلگەنىڭ پايدىسى يوق. سىلەر تېگىشلىك جازا-يىڭلارنى تارتىسىلەر، سىلەر دۇنيادا ئۆزۈڭلارنى، ئاخىرەتلىكىڭلارنى ۋە بىزگە ئۇچرىشىشىڭلارنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش بىزمۇ بۈگۈن سىلەرنى دوزاختا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇيمىز، سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلار دوزاختۇر، سىلەرنى ئۇنىڭدىن چىقىرىشقا ياكى شاپائەت قىلىپ گۇنا-ھىڭلارنى تىلىۋېلىشقا ھېچبىر مەدەتكارىڭلار ياكى بىرەر ياردەم قىلغۇ-چىڭلار يوق.

بۇ ئازابلار پەقەت سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىڭلار، دۇنيا ھاياتىغا ئالدىنىپ كېتىپ، ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە تېگىشلىك بولغان جازادۇر. مانا ئەمدى بۈگۈن خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىڭلار، سىلەر بۇ ئازابتىن ۋە سىلەرنى قورشاپ تۇرغان دوزاختىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيسىلەر، سىلەرنىڭ ئۆزرەڭلارمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، سىلەردىن ياخشى ئەمەل قىلىپ ۋە تەۋبە قىلىپ رەببىڭلارنى رازى قىلىشىڭلارمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، سىلەر ھازىر ئەمەل-ئىبادەت قىلىش ۋە تەۋبە قىلىش ئالەمىدە ئەمەس، بەلكى مۇكاپاتلىنىش ياكى جازالىنىش ئالەمىدە تۇرۇۋاتىسىلەر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاخىرەت ھاياتىنى ئىنكار قىلىدىغان دەھرىيلەر ئۆزىنى ئالداۋاتقان ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلار ماددىي ھاياتتىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدۇ ۋە بارلىق بەخت-سائادەتنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۈتىدۇ.

**2.** كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا تايانغان بىرەر دەلىل - پاكىتى يوق، ئۇلار پەقەت خىيالىي پەرەزلەر بىلەنلا ئىش كۆرىدۇ. ئۇلار ئاخىرەت ئىسىملىك بىر ھاياتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايدۇ.

**3.** پەيغەمبەرلەردىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان كاپىرلار مۆجىزە تەلەپ قىلىشتا ھەقىقەتنى ئىزدەشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلار پەيغەمبەر-لەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە خەلقنى ئازدۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىدۇ.

**4.** ئازغۇنلارنىڭ ھىدايەت تاپقانلاردىن كۆپ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەقىقەتتىن غاپىل ھالدا ھايات كەچۈرىدۇ.

**5.** قىيامەت كۈنىدە ھەركىمنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىدىغانلىقى ۋە ھەركىم ئۆزىنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئوقۇيالايدىغان بو-لىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

**6.** ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ نىجاتلىققا، كۇفرى بىلەن گۇناھنىڭ زىيانكارلىققا سەۋەب بولىدىغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر.

**7.** ئەقىدە مەسىلىلىرىگە گۇمان ياكى شەك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كۇفرىلىقتۇر. چۈنكى، ئىمان چىن قەلبتىن جەزم قىلىپ ئىشىنىشكە قويۇلغان ئىسىمدۇر.

**8.** ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلىش كۇفرىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.

### ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر

﴿فَلِلَّهِ ٱلۡحَمۡدُ رَبِّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَرَبِّ ٱلۡأَرۡضِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ٣٦ وَلَهُ
ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ٣٧﴾

## تەرجىمىسى

36ـ جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنىڭ رەببى، زېمىننىڭ رەببى ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!

37ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى (تەڭداشسىز) ئۇلۇغلۇق ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ (ھەممىدىن) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## تەپسىرى

بۇ سۈرە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كۆپلىگەن كائىنات ئالامەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سانسىز ئاتا ـ ئېھسانلىرىنىڭ ۋە كاتتا نېئمەتلىرىنىڭ بايانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى، ئاخىرەت ھاياتىنى، ئاخىرەتتىكى سوئال ـ سوراق، ئەمەللەرنىڭ تارتىلىشى، جەننەت، دوزاخنىڭ تەسۋىرلىرى قاتارلىق ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. سۈرىنىڭ ئاخىرى ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، جىمى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مەدھىيە ئوقۇش بىلەن تاماملانغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى، كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق پەقەت ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بارلىق نۇقسانلاردىن، ھەرقانداق بىر كەمچىلىكتىن تامامەن پاك ۋە ئۈستۈن ئىكەنلىكى، ھەممىگە غالىب ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بارلىق بەلگىلىمىلىرىدە، تەقدىر قىلغان ئىشلىرىدا، ئەمر ـ پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقى تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئى ئىنسانلار! جىمى ھەمدۇسانا ۋە بارلىق مەدھىيە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان ئىكەن، ئۇنى لايىقىدا مەدھىيەلەڭلار. ئاللاھ تائالا يېگانە ئىلاھ بولغان ئىكەن، ئىبادەتنى ئۇنىڭغىلا قىلىڭلار، ئۇنىڭدىنلا قورقۇڭلار، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. بارلىق كاتتىلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان ئىكەن، ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلاڭلار. ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىب ۋە ھەممىگە قادىر بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان ئادەم قانداقلا بىر ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن شۈكۈر قىلىدۇ ۋە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. بۇ مەدھىيە ﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ﴾ دېگەن ئايەتتە ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

2. كائىناتتىكى بارچە گۈزەل سەنئەتلەرنىڭ، بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا پۈتكۈل جانلىقلار ئۈتتۈرىسىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.